
يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

# ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيىسى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئەركىن ئەبەيدۇللا
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مىرئادىل ئابىت

# ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيىسى

ئاپتورى: يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 - نومۇر. پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 12.875
2001 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 5000 — 0001

باھاسى: 17.80 يۇەن
ISBN7—5631—1353—3/G.781

# ئالدىنقىلارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ئەۋلادلارنىڭ داۋاملاشتۇرۇلىشى ئەڭ شەرەپلىك

ئىنسانىيەت تولۇپ تاشقان ئۇمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن 21 - ئەسىرگە قەدەم قويدى. يېڭى ئەسىر پەرزەنتلىرىمىزنى ئىنتايىن كەسكىن ۋە رىقابەت بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. پەرزەنتلىرىمىز تارىخنىڭ هايات - ماماتلىق سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالىشى ئۇلارنىڭ ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشىگە باغلىق مۇھىم ئىش. ئۇيغۇر بالىلىرى ئەقىللىق ۋە جاسارەتلىك، پەقەت ئۇلار ھەر جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بر٧ ـسلا ئۆزىدە تەڭداشسىز ئىقتىدارنى يېتىلدۈرەلەيدۇ، ساپا سېلىشتۇرمىسىدا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتەلەيدۇ. بۇ ئۇلۇغۇار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىر نىيەتتە تىرىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش زۆرۈر. ئائىلە تەربىيىسى تەلىپىدە ئاتا - ئانىلارنىڭ ساپاسى ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار ۋە قىز - يىگىتلەر ئۆزىنى ئەتراپلىق، زامانغا لايىق ئاڭ بىلەن تەربىيىلەش بىلەن بىرگە، پەرزەنت تەربىيىلەش سەنئىتىگە ماھىر بولۇشى، پەرزەنت تەربىيىسىگە دائىر ئىلمي بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك. «ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن بۇ قوللانمىنى ئاپتور يارمۇھەممەت تاھىر خېلى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ يېزىپ چىقىپتۇ. كىتابتا خەلقىمىزنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىگە قويىدىغان مۇھىم ۋە ماھىيەتلىك نۇقتىلار خېلى چوڭقۇر، ئەتراپلىق

يورۇتۇلۇپتۇ. كىتاب سىستېمىلىق ۋە ئاممىباب ئىكەن. مېنىڭچە بۇ كىتاب پەرزەنت تەربىيىسى مەسىلىسى قىزىق نۇقتا بولۇۋاتقان ناھايىتى ياخشى پەيتتە نەشر قىلىندى. ئەسەر، بالا تەربىيىلەش جەھەتتە ياخشى قوللانما بولۇپ، ئاتا - ئانىلار ئىزدىنىۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلەيدۇ دەپ قارايمەن. مەن شۇ مۇناسىۋەت بىلەن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ بۇ ئەسەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن مۇئەللىپكە رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە، خەلقىمىزنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ مۇھىم ئىشىغا بارلىق ساھەلەرنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# يۇقىرى ساپالىق پەرزەنتلەر — ئەتراپلىق تەربىيىلىنىش ئارقىلىق يېتىشىپ چىقىدۇ

ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار مول مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى يارىتىپلا قالماي، ئىلغار پەرزەنت تەربىيىسى ئەنئەنىسىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرگەن؛ تارىختا دۇنياغا مەشھۇر دۆلەت ئەربابلىرى، سىياسىئونلار، مەدەنىيەت پېشىۋالىرى، بۈيۈك ئالىملار ۋە تەڭداشسىز قەھرىمانلارنى تەۋەللۇت قىلىپ، دۇنيا مەدەنىيەت مۇنبىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى جارى قىلدۇرغان.

كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ تەلىم - تەربىيە ھاياتىدا كەسكىن بۇرۇلۇش بولدى. ئۇيغۇر بالىلىرى خۇراپاتلىق، تەركىدۇنيالىق تورىغا بەنت قىلىنىپ، ئۆزىدىن ۋە ئەسلى ماھىيەتتىن زور دەرىجىدە يىراقلاشتۇرۇلدى. بۇنداق فېئوداللىق بويۇنتۇرۇق ۋە خۇراپىي تەرغىباتلار خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستىنى تورمۇزلايدىغان، ياشاش ئىقتىدارىغا قۇلۇپ سالىدىغان، بەخت - سائادەت ۋە گۈزەل ئىستىقبال يولىدا ھالاك پەيدا قىلىدىغان قاباھەتلىك ئېزىتقۇ بولغانىدى. نەتىجىدە قەدىمكى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت سېپىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان بۇ مىللەت بارا- بارا روھىي جەھەتتىن زەئىپلىشىپ، ئۆزىدە بار بولغان ئىجادچانلىق ۋە قەھرىمانلىق روھىنى سۇسلاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتە زور دەرىجىدە چېكىنىپ كەتكەن.

مەلۇمكى، تەلىم - تەربىيە خاراكتېرىنىڭ قانداق بولۇشى پەرزەنتلەرنىڭ تەقدىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى تارىختىكى ھەرقانداق ئۇلۇغ مۆجىزىنىڭ ھەممىسى تەلىم - تەربىيىنىڭ خاسىيىتى، كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ دەھشەتلىك تراگېدىيىلەرنىڭ يىلتىزى نادانلىق. شۇڭا پەرزەنت تەربىيىسى دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ مۇھىم

مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ بىرى.

ھازىر دۇنيا تەرەققىي قىلدى، ئىنسانىيەت ئىنتايىن يۈكسەك مەدەنىيەت بەرپا قىلدى. بىراق بىز دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ساپا سېلىشتۇرمىسىدا كەينىدە تۇرىمىز. نۆۋەتتە جۇڭگو مائارىپى، ئەنئەنىۋى ئىمتىھان مائارىپىنىڭ ئورنىغا ساپا مائارىپىنى دادىللىق بىلەن دەسسەتتى. بۇ ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپ، پەرزەنتلەرنى يۇقىرى ساپالىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن چوقۇم ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى، جەمئىيەت تەربىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ ئورتاق ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. پەرزەنتلىرىمىزنى 21 - ئەسىردە ئۆز ئۈستىگە تىرەلگەن ئۇلۇغۋار مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالالايدىغان ئىقتىدار ئىگىلىرىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئۇلار فېئوداللىق قالاق ئەنئەنىنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىدىن ئۈزۈل - كېسىل ئازاد بولۇپ، خۇراپاتلىق تورىدىن قۇتۇلۇپ، ئەقىل - ئىدرىكى ۋە ئىلىم - پەنگە تايىنىپ دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدىغان، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان زامانىۋى ئاڭغا ئىگە بولغان ھەقىقىي ئىنسانىي تاكامۇللۇققا ئىگە بولسۇن.

تەلىم - تەربىيىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇلىنى ئائىلە سالىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى پەرزەنتلەرنىڭ ساپاسىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتا - ئانىلارنىڭ ساپاسى ھازىرقى زاماننىڭ تەلىپىدىن خېلىلا يىراق. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاتا - ئانىلار مۇنتىزىم، ئەتراپلىق تەربىيىلىنىش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولالمىغان. بۇ ھال ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ تەرەپتىن تەربىيىلىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئاتا - ئانىلار مەكتەپلىرىمۇ دەل مۇشۇنداق زۆرۈرىيەتتىن ئېچىلغان. ۋەھالەنكى، بۇ ساھەدە مۇكەممەلرەك قوللانما يوق. «ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشى بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى مەلۇم جەھەتتە تولدۇردى. كىتابتا جەمئىيەت تەقەززا بولۇۋاتقان، ئاتا - ئانىلار ئىزدىنىۋاتقان، مەكتەپلەر ئۈمىد قىلىۋاتقان ماھىيەتلىك نۇقتىلار ناھايىتى

ئاممىباپ شەكىلدە يورۇتۇلغان. ئاپتور ئىنتايىن ئۆزگىچە ۋە ئىجادىي يول بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى جەھەتتىكى بىلىش نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى زامانىۋى ئالغ ۋە ئىلغار كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بىلەن يۇغۇرۇپ سىستېمىلاشتۇرغان. ئەسەر يالغۇز پەرزەنت تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى بولۇش بىلەنلا چەكلەنمىگەن، مەن ئۇنى تەربىيىلىگۈچى ۋە تەربىيىلەنگۈچىلەر ئۈچۈن ياخشى بىر كىشىلىك تۇرمۇش دەرسخانىسى بولىدىكەن دەپ قارايمەن. مېنىڭچە بۇ ئەسەر ئائىلە بىلەن مەكتەپ ئوتتۇرىسىدا ياخشى بىر كۆۋرۈك بولۇپ رول ئوينايدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ
نازارىتىنىڭ نازىرى:

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە

خەلق ئەڭ ئۇلۇغ ئانا ........................ (1)

**بىرىنچى باب پەرزەنت تەربىيىسىمۇ قانۇنىيەتلىك سەنئەت**

1. پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ........ (9)
2. تەربىيەچى قانداق بولسا، پەرزەنتمۇ شۇنداق بولىدۇ ........................ (12)
3. پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ ئۈچ خىل شەكلى ........ (17)
4. پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ناتوغرا ئۇسۇللار ........ (24)
5. پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى ۋە قەدەم باسقۇچ-لىرى ........................ (31)

**ئىككىنچى باب پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ دەسلەپكى ئامىللىرى**

1. پەرزەنت تەربىيىسى ئۆزىمىزنى تاكامۇللاشتۇرۇشتىن باشلىنىدۇ ........................ (42)
2. ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى كۈتۈنۈشكە ئەھمىيەت بې-رىش كېرەك ........................ (54)

**ئۈچىنچى باب دەسلەپكى تەربىيە ئەڭ ياخشى پۇرسەت**

1. بوۋاقلارنى ھەرگىز «تىلسىز» دەپ قارىماڭ ........ (59)
2. بالىلارنى ياخشى ئويناش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىڭ ...... (66)
3. ئادەتلەندۈرۈش — ئەڭ ياخشى تەربىيە ........ (69)

**تۆتىنچى باب ئائىلە تەربىيىسىنى مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش**

1. پەرزەنتلەردە ئويغانغان دەسلەپكى ئوقۇش قىزغىنلىقى

ئىنتايىن مۇھىم ............................................ (75)
2. پەرزەنتلەردە توغرا رىقابەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش
كېرەك ............................................................ (89)
3. پەرزەنتلىرىمىز «تەقدىر» بويۇنتۇرۇقىغا ئەسىر
بولۇپ قالمىسۇن.................................................. (93)
4. پەرزەنتلەرنى كىتابقا ھېرىسمەن قىلىش كېرەك ...... (97)
5. ئەقىل - پاراسەت تەربىيىسى .............................. (104)

بەشىنچى باب ئەدەپ - ئەخلاق تەربىيىسى

1. ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلماسلىق تەربىيىسى ...... (114)
2. ئەدەپ تەربىيىسى ........................................ (116)

ئالتىنچى باب سالامەتلىك ۋە تازىلىقنى سۆيۈش تەربىيىسى

1. ئوزۇقلىنىش ئادىتى ۋە تازىلىقنى سۆيۈش تەر-
بىيىسى ........................................................ (132)
2. پەرزەنتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى — ئىچىملىك
ۋە چېكىملىككە ئۆگىنىپ قېلىش.......................... (140)

يەتتىنچى باب ھايات ئېڭى ۋە ۋاقىت ئېڭى تەربىيىسى

1. ھايات ئېڭى تەربىيىسى ................................... (149)
2. ۋاقىت ئېڭى تەربىيىسى .................................... (159)

سەككىزىنچى باب تىل مەدەنىيىتى ۋە گەپ - سۆزدىكى ئەدەپ
تەربىيىسى

1. تىل مەدەنىيىتى تەربىيىسى.................................. (166)
2. گەپ - سۆزدىكى ئەدەپ تەربىيىسى ..................... (176)

توققۇزىنچى باب پاك قەلبلىك بولۇشقا يېتەكلەش تەربىيىسى

1. پەرزەنتلەردە ھەققانىيلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش ... (190)
2. پەرزەنتلەر قەلبىدە پاك ۋە مۇستەھكەم ۋىجدان -
غۇرۇر يېتىلدۈرۈش ........................................ (192)
3. پەرزەنتلەر ۋۇجۇدىدا مەردلىك خىسلەتلىرىنى يېتىل-
دۈرۈش ........................................................ (197)

ئونىنچى باب پەرزەنتلەر، ئۆز قىممىتىنى جەمئىيەتتىن تاپسۇن
1. ئالىم بولماق ئوڭاي، ئادەم بولماق تەس ………… (207)
2. پەرزەنتلەر ھەسەتخور، شەخسىيەتچى بولۇپ قال-
مىسۇن ………………………………………… (211)
3. قەدىر - قىممەت ئۆزئارا ھۆرمەتتىن كېلىدۇ …… (217)
ئون بىرىنچى باب پەرزەنتلەردە ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرۈش
1. خاراكتېر دېگەن نېمە؟ ……………………… (224)
2. مەسئۇلىيەتچان بولسۇن، بىپەرۋا بولمىسۇن ……… (235)
ئون ئىككىنچى باب پۇل ئېڭى ۋە ئىقتىسادچىللىق تەربىيىسى
1. پەرزەنتلەرنى پۇلنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىشكە،
ئىقتىسادچىل بولۇشقا ئۆگىتىش كېرەك ………… (241)
2. پەرزەنتلەر سېخىي بولسۇن، خەسىس بولمىسۇن …… (253)
3. مېھماندارچىلىق ساخاۋىتى ۋە مېھماندارچىلىقتىكى
ئەدەپ تەربىيىسى ……………………………… (262)
4. ئەمگەكنى سۆيۈش تەربىيىسى ……………………… (268)
ئون ئۈچىنچى باب ۋاپادارلىق تەربىيىسى
1. پەرزەنتلەر ئەلگە ۋاپادار بولسۇن ………………… (277)
2. ئائىلىگە بولغان ۋاپادارلىق تەربىيىسى ……………… (281)
ئون تۆتىنچى باب مىللىي ئەنئەنە ۋە مىللەتنى سۆيۈش تەربىيىسى
1. مىللىي ئەنئەنە تەربىيىسى ……………………… (292)
2. مىللەتنى سۆيۈش تەربىيىسى ……………………… (301)
ئون بەشىنچى باب دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىك تەربىيىسى
1. دوستلۇقنىڭ تەربىيىۋى رولى ……………………… (308)
2. دۈشمەنلىك ۋە بىخەتەرلىك ……………………… (319)
ئون ئالتىنچى باب قىز پەرزەنتلەرگە بېرىلىدىغان تەربىيە
1. قىزلار دۇنياسىدىكى بۈگۈنكى ئۆزگىرىش ………… (332)
2. پەزىلەت غۇنچىسى چومپەردە ئىچىدە ئەمەس، قەلب
تۆرىدە ئېچىلسۇن ……………………………… (335)

3. قىزلار ئۆي ئىشلىرىغا پىشىشى ............................ (342)
4. يۈرۈش - تۇرۇش ۋە كىيىنىش تەربىيىسى ........ (345)
5. قىزلارنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە ۋە قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك ............... (349)
6. قىزلارنىڭ نىكاھ ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىغا توغرا مەسلىھەت بېرىش كېرەك ............................ (351)
7. قىزلار تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆپ ئارىلىشىۋالماسلىق كېرەك......... (354)
8. ئوغۇللار ھەققىدە ............................ (363)

## ئون يەتتىنچى باب تولۇقلىما تەلىم - تەربىيە

1. بالىسى ئەمەلدار بولغان ئاتا - ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ............................................ (372)
2. خەلق ۋە قانۇن ھەرقانداق ھوقۇقتىن يۇقىرى ...... (377)
3. پەرزەنتىڭىز دوختۇرلۇق كەسپىدە بولسا، مۇنداق مەزمۇندا تەربىيە بېرىڭ ............................ (379)
4. پەرزەنتىڭىز ئوقۇتقۇچىلىق شەرىپىگە ئېرىشكەن بولسا، مۇنداق مەزمۇندا تەربىيە قىلىڭ ............ (384)
5. پەرزەنتىڭىز دېھقان بولسا، مۇنداق مەزمۇندا تەربىيە قىلىڭ ............................................ (390)
6. پەرزەنتىڭىز تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولسا، مۇنداق مەزمۇندا تەربىيە قىلىڭ ..................... (393)
خاتىمە ............................................ (397)

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇقەددىمە

## خەلق ئەڭ ئۇلۇغ ئانا

مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلار قولىدا.

— بالزاك

ئەي «بالا - بالا» دەپ يۈرەك باغرىنى كاۋاپ، ۋۇجۇدىنى خاراب قىلىدىغان، بالا ئۈچۈن كۆز قارىچۇقىدىن يول بېرىپ، كۆز ياشلىرىدىن كۆل ياسايدىغان مېھرى ئاتەش ئاتا - ئانىلار! سىلەر ئۆمۈرلۈك ھايات دەپتىرىڭلارغا ئۈمىد سىياھلىرى بىلەن دەرد - مېھنەت رەقەملىرىدىن «پەرزەنت» دېگەن نەقىشنى چېكىسىلەر. چۈنكى، پەرزەنت سىلەرنىڭ پۇشتۇڭلار، ئىزباسارىڭلار، سىلەر يېتەلمىگەن ئۈمىد مەنزىلىگە تۇغ - ئەلەم قادايدىغان ئۈمىد چىرىغىڭلار. ئەجدادلار ئېچىپ بەرگەن ھاياتلىق يولىنىڭ داۋاملىشىشى ياكى تاماملىنىشى پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلىگەنلىكىڭلارغا باغلىق بولىدۇ. سىلەر ھەركىمنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىنى، ئۇلۇغلىنىشىنى ياكى خارلىنىشىنى، ھىممەتلىك ياكى ھىممەتسىز بولۇشىنى، بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشىنى ھەرگىز ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە مۇتلەق پۈتۈلگەن دېمەڭلار. بۇ ئالەمنى سەۋەب ئالەمى دېيىشىلەرغۇ، ئەگەر پەرزەنتلەردە يامان سۈپەتلەرنى كۆرگىنىڭلاردا ئۆزۈڭلارنىڭ ئەمەل ئەينىكىگە قاراڭلار. پەرزەنت سىلەرنىڭكى، ئۇلارنىڭ كېلەچىكى يەنىلا سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا.

كىشىلىك جەمئىيەتتە ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدەك يېقىن مېھىر - مۇھەببەت بولمايدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرگە بەرگەن مېھىر - مۇھەببىتىنى ئۇ ئىنسانىيەت ئالىمىدىكى يەنە بىر ئادەمدىن

ئالالمايدۇ. پەرزەنت بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپلا سىلەر پەرزەنت ئۈچۈنلا ياشاشقا باشلايسىلەر. كۆزۈڭلار پەرزەنت سەۋەبلىك كۆرىدۇ، يۈرىكىڭلار پەرزەنت ئۈچۈن سوقىدۇ. پۈتۈن ئارزۇ - ئارمىنىڭلار پەرزەنتلەر ئۈستىگە تىرىلىدۇ. يېمەي يېگۈزسىلەر، كىيمەي كىيگۈزسىلەر. پەرزەنت سەۋەبلىك مېھنەت يۈكۈڭلار ئېغىرلايدۇ، غىزايىڭلار پەرزەنت غېمى بولۇشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ جەمئىيەتتە ئۈستۈڭلارغا ناھايىتى ئېغىر مەسئۇلىيەتنىڭ ئارتىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىسىلەر.

شۇنداق قىلىپ ئۆزۈڭلارنىڭ بەخت - سائادەت، ئارزۇيۇڭلار ھەش - پەش دېگۈچە پەرزەنتىڭلارنىڭ ئىستىقبالى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىسىلەر. دەرۋەقە، پەرزەنتىڭلارنىڭ بەختى سىلەرنىڭ بەختىڭلار، پەرزەنتىڭلارنىڭ بەختسىزلىكى سىلەرنىڭ بەختسىزلىكىڭلار، پەرزەنتىڭلارنىڭ شادلىقى سىلەرنىڭ شادلىقىڭلار، پەرزەنتىنىڭ غەم - قايغۇسى سىلەرنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىڭلار بولۇپ قالىدۇ.

يېڭى بىر مېھمان بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ «ئىگە» دېگەن يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن قەلبىڭلارغا تۇتاشقان ئوت تاكى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار مەڭگۈلۈك يۇمۇلمىغىچە ئۆچمەيدۇ. بۇ ئوت بەزىدە ئۆلگىسىپ سىلەرنى كۆيدۈرۈپ كۆڭۈل قىلىشقا يارايدۇ، بەزىدە سۆيۈندۈرۈپ گۈلدەك ئېچىلدۇرىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ ئەقىللىق، ئەخلاقلىق، يارامىلىق ئادەم بولۇپ كىشىلىك جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك ئورۇن تۇتقانلىقىنى كۆرگەن چېغىڭلاردىكى شادلىق ۋە بەخت ھۇزۇرى نەچچە ئون يىللاپ تارتقان مۇشەققەت داغلىرىنى يۇيۇپ ھاردۇقۇڭلارنى چىقىرىدۇ؛ ئەگەر پەرزەنتلەر يارامسىز چىقىپ ئەلنىڭ قارغىشىغا نىشان بولۇپ قالسا قەلبىڭلار ئەلەمدىن داغلىنىدۇ.

دەرۋەقە، ھېچقايسىڭلار پەرزەنتلەرنىڭ يارىماس، ئەقىلسىز، نادان، ئەلگە ئاپەت ئادەم بولۇپ چىقىشىنى خالىمايسىلەر؛ بەلكى ۋەتەن، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالايدىغان، ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلالايدىغان، ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە بىلىمى بىلەن ئەلنىڭ ئالقىشىغا ۋە

ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان پەرزەنتلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز دۇئادا بولىسىلەر. ئەپسۇسكى، مۇنداق ئۇلۇغ ئارزۇ - تىلەك ۋە دۇئانىڭ خاسىيىتى بىلەنلا پەرزەنتلەرنىڭ بېشىغا بەخت قۇشىنىڭ قونمايدىغانلىقىنى كۆرسىلەر. بىرىمىزنىڭ بالىسى شۇنداق ئەقىللىق ۋە پەزىلەتلىك، بىرىمىزنىڭ پەرزەنتى ئىنتايىن پەزىلەتسىز، نادان، دۆت بولۇپ چوڭ بولغانلىقىنى؛ بىرىمىزنىڭ پەرزەنتى ياخشى ئوقۇپ دوكتور، ئالىم بولۇپ ئەلگە تۆھپە قوشۇۋاتقان، بىرىمىزنىڭ پەرزەنتى كېچە - كۈندۈز رېستورانمۇرېستوران، قاۋاقخانىدىن قاۋاقخانا ئارىلاپ يۈرگەن، تەييارغا ھەييار بولۇپ ئىچىپ - چېكىپ ئائىلىنى سورىغان؛ بىرىمىزنىڭ پەرزەنتى گۈلدەك ھۈنىرى بىلەن كىشىلەرنى رازى قىلىپ، ئۆزىنىمۇ، ئائىلىسىنىمۇ رازى قىلىپ بەختلىك ياشاۋاتقان، بەزى پەرزەنتلەر قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەي بىكار تەلەپ، ھورۇنلۇق بىلەن ئۆمۈر بويى ئاتا - ئانىلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ تۇرغان؛ بەزى پەرزەنتلەر ھالالدىن پۇل تېپىپ خەلق ئۈچۈن ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىپ ئەلنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولۇۋاتقان، يەنە بەزى بالىلار چىقىش يولى تاپالماي تېنەپ - تەمتىرەپ ئاخىرى ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قانۇنسىزلىق يولىنى تۇتۇپ قاملىۋاتقان، ئېتىلىۋاتقانلارنى ئۇچۇق كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز.

ئۇنداق بولسا مۇنداق ماھىيەتلىك پەرقنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تۈپ سەۋەب نېمە؟

ھەقىقەتنى ئېيتقاندا، ھېچقايسى ئاتا - ئانا پەرزەنتىمىزنىڭ بەختسىز، ھارام تاماق بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلمايمىز، ھېچقايسىمىز ئۇلارنىڭ يارامسىز بولۇشىنى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ تۈرمىدە يېتىشىنى ئۈمىد قىلمايمىز. ئەپسۇسكى، ئىرادىمىزگە قارشى ھالدا ئۇلارنىڭ تەقدىرىدە يۇقىرىقىدەك ئوخشاشمىغان قىسمەت كېلىپ چىقىدۇ. ھەتتا بىر قورساقتىن تۇغۇلغان، بىر خىل مۇھىتتا چوڭ بولغان، بىر ئاتا - ئانىنىڭ، بىر مۇئەللىمنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان ئىككى بالىنىڭ تەقدىرىدىمۇ ئوخشاشمىغان قىسمەتلەر يۈز بېرىدىكەن. ياخشى بالىلارنى كۆرگەنلەر ئۇلارنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ئاتا - ئانىلارغا بارىكاللا ئېيتىشىدۇ،

يامان، ئەسكى باللارنى كۆرگەنلەر ئاتا ـ ئانىلارغا لەنەت ئوقۇشقا ئالدىرىشىدۇ. ۋەھالەنكى، پەرزەنتلەرنىڭ قانداق ئۆسۈپ يېتىلىشى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى ۋە تەسىرى، مەكتەپ تەربىيىسى، پەرزەنتلەرنىڭ تۇغما ئەقلىي قابىلىيىتى، جەمئىيەتنىڭ تەسىرى، ئىقتىسادىي ئامىل ۋە ئىرسىي خۇسۇسىيەت قاتارلىقلار پەرزەنت تەربىيىسىدە بىر ـ بىرىگە تەسىر قىلىدۇ ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئورنى ۋە رولى ئەڭ مۇھىم. بۇ نۇقتىدا دۇنيادىكى بارلىق پېداگوگ ۋە پسىخولوگلارنىڭ پىكرى بىردەك. كومېنسكىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان تەبىئىتىگە بالىلىقتا سىڭدۇرگەن پەزىلەتلەرلا مۇستەھكەم ۋە ئىشەنچلىك بولىدۇ.» دىرژېنسكىي مۇنداق دەيدۇ: «باللارنىڭ گۇناھىمۇ، خىزمەتلىرىمۇ كۆپ تەرەپتىن ئاتا ـ ئانىلار زىممىسىگە چۈشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ۋىجدانىغا ھاۋالە قىلىنىدۇ.» ①

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانا بولۇش بىر تەرەپتىن بۇرچ، يەنە بىر تەرەپتىن، يۈكسەك مەسئۇلىيەت. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن بۇ خىل بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت خۇددى خۇرجۇننىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشاش بىرىگە ئائىلىنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى، يەنە بىرىگە جەمئىيەتنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن. ئائىلىدە مەسئۇلىيەتتىن ئالغاندا، ھەربىر جۈپ ئەر ـ ئايال ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتماسلىق، ئائىلىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەسلىك ۋە ئۆزلىرىنىڭ نام ـ نىشانىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چوقۇم پەرزەنتلىك بولۇش كېرەك، دەپ بىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى بېقىپ، تەربىيىلەپ جەمئىيەتكە قوشۇش مەسئۇلىيىتىنى چۈشىنىدۇ. ئەمما ئىش بۇنىڭ بىلەن پۈتمەيدۇ. ھەقىقىي مەسئۇلىيەتچان ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدىن ئالغاندا پەقەت ئۆزىگە ياكى ئائىلىسىگىلا تەئەللۇق ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا پەرزەنت ئاتا ـ ئانىلارنىڭ شەخسىي مۈلكى ئەمەسلىكىنى چۈشىنىدۇ.

① «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشرى، 613 ـ ، 615ـ بەتلەر.

ھەقىقىتىنى ئېيتقاندا، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇ بالىغا ئاتا - ئانىلار «مېنىڭ» دەپ ئىگىدارچىلىق قىلىپ چوڭ قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، «مېنىڭ» دېگەن باسقۇچ ئىنتايىن قىسقا مەزگىللىك، ئاساسلىق ھايات قىسمىتىنىڭ جەمئىيەتكە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ.

ئىككىنچى تەرەپتىن قارىغاندا، تۇغۇپ، نان - ئاش بېرىپ، چىرايلىق كىيىندۇرۇپ چوڭ قىلىپ قويۇشنىڭ ئۆزىلا ھەقىقىي مەنىدىكى ئاتا - ئانا بولۇش بۇرچىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغانلىق بولمايدۇ. چۈنكى ھايۋانىمۇ تۇغىدۇ، بالىسىغا شۇنداق مېھرىبانلىق كۆرسىتىدۇ، يالاپ كېتىدۇ، بالىلىرىنى يىرتقۇچلاردىن قوغداش ئۈچۈن ھەتتا ئۆزلىرىنى پىدا قىلىدۇ. ئۇنداق بولسا ھايۋانىنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن ئادەمنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ پەرقى نېمە؟ بالا تۇغۇپ ئۆستۈرۈش ئادەم بىلەن ھايۋانلار ئۈچۈن ئورتاق قانۇنىيەت. بىراق ئىنسان ئانىلىرىنىڭ قىممىتى پەقەت بالا تۇغۇپ، ئېمىتىپ، چوڭ قىلغانلىقى بىلەنلا ئۆلچىنىپ قالىدىغان بولسا، ھايۋانمۇ تۇغۇپ، ئېمىتىپ چوڭ قىلىدىغۇ؟ بۇنىڭدىن قاراشقا بولىدۇكى، ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنساننىڭ ئاتا - ئانىسى بولۇش شەرتى ئىنتايىن بۈيۈك مەسئۇلىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. شۇڭا ئادەم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن پەرزەنتلەرنى مەقسەتلىك، نىشانلىق، ئاڭلىق يوسۇندا ئىنسانىي ئىقتىدارغا، ئىنسانىي قەدىر - قىممەتكە، ئىنسانىي پەزىلەتكە ئىگە بولغان ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش مەسئۇلىيىتىمىز بار. بۇ خىل مەسئۇلىيەت ئۆزىمىزنىڭ بەخت - سائادىتى بىلەنمۇ، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كېلەچىكى بىلەنمۇ، ئەلنىڭ تەقدىرى، ۋەتەننىڭ قۇدرەت تېپىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. بۇنداق يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ھېس قىلغان ئاتا - ئانىلار، شان - شەرەپكە مۇناسىپ ئاتا - ئانا بولماقنىڭ ھەقىقەتەن مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

خەلق ئۇلۇغ، بىراق ئۇلار يەنىلا ئەڭ ئۇلۇغ، پەزىلەتلىك، يارامىلىق ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ چىقىشقا موھتاج. ئۇلۇغ پەرزەنتلەرنىڭ چىقىشى، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئۇلۇغ ئاتا - ئانىلارغا باغلىق. ئۇيغۇر خەلقى

ئىلغار پەرزەنت تەربىيىسى ئەنئەنىسىگە ئىگە. تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر ئانىلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ دۇنياغا داڭلىق ئۇلۇغ شەخسلەرنى جەمئىيەتكە چىقىرىپ، ۋەتەنگە، مىللەتكە تەڭداشسىز شان - شەرەپلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئۇلۇغ ئالىملارنى، تەڭداشسىز سەركەردىلەرنى، تونۇلغان سىياسىئونلارنى، مەشھۇر دۆلەت ئەربابلىرىنى تەۋەللۇت قىلىپ لاياقەتلىك ئاتا - ئانا بولۇش بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ نام - شەرىپىنى، ئۇيغۇر ئانىلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلدى.

ھەربىر تارىخي دەۋر ئانىلار ئۈستىگە شۇ دەۋرگە خاس بولغان مەسئۇلىيەتنى ئارتقان بولىدۇ. ھازىر تارىخ يېڭىلاندى، دەۋر ئۆزگەردى. تۇرمۇش رىتىمى غايەت زور دەرىجىدە تېزلەشتى. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات سۈرئىتى ئۈچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە. ئىنسانىيەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىدا زور يېڭىلىنىش بارلىققا كەلدى. دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرزەنت تەربىيىسىگە قويۇلغان تەلەپ تېخىمۇ ئېغىر، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن مەسئۇلىيەت تېخىمۇ يۇقىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى پەرزەنت تەربىيىلەش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىدا يەنىلا فېئوداللىق قالاق تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ تەسىرى ساقلانماقتا. ھازىرقى دەۋر، ئىلغار ئەنئەنىۋى پەرزەنت تەربىيىسى بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋى ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەتلىك ئىزباسارلارنى تەربىيىلەشنى بىرلەشتۈرۈپ يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بالىلارنىڭ يەنىلا قالاقلىق، نادانلىق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى «تەقدىر» بويۇنتۇرۇقىدا داۋاملىق بەند بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇشقا بولمايدۇ.

ھازىرقى جەمئىيەتتە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئانىلىرى ئويغاندى، كۆزى ئېچىلدى، نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى. شۇڭىمۇ ئۇلار پەرزەنتلەرنى مۇنتىزىم تەربىيىلەپ، ئەقىللىق، ئەخلاقلىق ۋە مەدەنىيەتلىك ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى

ئۇلۇغ خەلق، ئۇلارنىڭ مىڭلىغان، مىليونلىغان ئۇلۇغ ئائىلىرى بار. ئۇلارنىڭ قولىدىن ئەڭ ياراملىق ئەۋلادلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئىشىنىمىز.

بىراق بىز شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرقى زامان ئىلغار پەن - مەدەنىيەت تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشتىن مەھرۇم قالغان. شۇڭا ئۇلاردا پەرزەنتلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەربىيىلەش جەھەتتە تەجرىبە ۋە سەۋىيە كەمچىل. بۇ ھال ئاتا - ئانىلارنىڭ ھازىرقى دەۋرنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجىغا مۇناسىپ ھالدا پەرزەنت تەربىيىلەپ چىقىشىنى بەلگىلىك چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ.

مەن خېلى ئىلغار ۋە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە ئەتراپلىق تەلىم - تەربىيىگە ئىگە بولدۇم. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن ئوزۇق ئالدىم. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە 40 يىل ياشاپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسى بىلەن تەربىيىلەندىم. نۆۋەتتە مەن بىر دادا بولۇش سۈپىتىم بىلەن مىليونلىغان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بىر ياخشى تەربىيىچىسى بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. بۇ مەقسىتىمنى يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ مەسئۇلىيەتچان ئائىلىرىنى تەربىيىلەش يولى بىلەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ھازىرغىچە يەكۈنلىگەن بىر قاتار تەجرىبە - ساۋاقلىرىم، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىلغار تەلىم - تەربىيە ئەنئەنىسى ۋە ھازىرقى زامان ئىلىم - پەننىڭ ئىلمىي ئۇسۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا بۇ قوللانمىنى يېزىپ چىقتىم. قوللانمىدا قۇرۇق نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى سۆزلەشتىن ئىمكان بار ساقلىنىپ، ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەربىر مەسىلىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى چۈشىنىۋېلىشىغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن مۇھىم قانۇنىيەتلىك تەرەپلەرنى كونكرېت بايان قىلدىم. يەنە بىر نىيەتتە تەربىيىنىڭ مۇھىم بىر ئۇسۇلى بولغان نەسىھەتتىن نەمۇنىلەرنى كىرگۈزدۈم. زۆرۈر تېپىلغاندا بىر قىسىم قىممەتلىك ھېكايىلەرنى قىستۇردۇم. ئەگەر بۇ قوللانما ئاتا - ئانىلارنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە پايدىلىنىشىغا ئەرزىپ قالسا، ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختىيار ھېسابلىغان

بولاتتىم.

مېنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچىم شۇكى، بۇ ئەسىرىم پەرزەنتلەرنىڭ ئىككىنچى ئاتا - ئانىسى بولغان ئوقۇتقۇچى، ئۇستازلار بىلەن ئائىلە باشلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغۇسى؛ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كىتابىمنىمۇ ئوقۇتۇپ ئادەمنىمۇ تەربىيىلىشى ئۈچۈن ياردەمچى بولغۇسى؛ يېڭى توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان قىز - يىگىتلىرىمىزمۇ بۇ كىتابتىن تېگىشلىك مەنىۋى ئوزۇق ئالالىسا، كېيىنكى تۇرمۇشى ئۇتۇقلۇق، مەنىلىك ۋە بەختىيار بولغۇسى!

# بىرىنچى باب پەرزەنت تەربىيىسىمۇ قانۇنىيەتلىك سەنئەت

## 1. پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

ئاتا ـ ئانا بالىلارنى تېپىش، ئۇلارغا يېگۈزۈش، ئىچكۈزۈش بىلەن ئۆز مەجبۇرىيىتىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىلا ئورۇندىغان بولىدۇ. مۇھىمى، بالىلارنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ جەمئىيەتكە قوشۇش.

— ژ. ژ. روسسو

ئائىلىنىڭ ۋە ئائىلە ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسىتى ۋە مۇددىئاسى پەرزەنت تەربىيىسىدىن ئىبارەت. چۈنكى پەرزەنت بىر ئائىلىنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق بېغى ۋە قىممەتلىك تۆۋرۈكى، پەرزەنتلەر يارامىلىق تەربىيىلەنسە ئائىلىگە شاد ـ خۇراملىق ۋە شان ـ شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ، يارامسىز پەرزەنت ئائىلىگە كۆپ رىيازەتلەرنى كەلتۈرىدۇ. پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ھەرگىزمۇ يالغۇز ئائىلىنىڭ مەنپەئىتى، ئاتا ـ ئانىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن بولمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە، ئەلگە ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئالدىنقى نىشان قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى پەرزەنت تەربىيىسىدىكى تۈپ مۇددىئاسى پەرزەنتلەرنىڭ ئەل ئۈچۈن پايدىلىق ئادەم بولۇشىنى مەقسەت قىلغان. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى پەرزەنتلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ: «ئەي ئوغۇل، مەندىن ئۆگۈت، نەسىھەت ئال، پەزىلەتلىك بول، ئەل ئارىسىدا ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ بىلىمىڭنى تارقات» دېگەن. يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «ئانا پەرزەنتىدىن ئوغرىلىقچە سۇ ئالسا، ئۇ پەرزەنت ئەلگە ئاپەت بولىدۇ» دەپ ئەسكەرتكەن. كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلقى پەرزەنتلەرنىڭ يېتۈك ئالىم بولۇپ

چىقىشىمۇ ئەلگە بولىدۇ، يارامسىز بولۇپ قېلىشىمۇ يەنىلا ئەلگە بولىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، پەرزەنت تەربىيىسىدە مۇددىئا ۋە مەقسەت ئىنتايىن مۇھىم.

پەرزەنت تەربىيىسى ئەڭ مۇشەققەتلىك ۋە ئەڭ بۈيۈك سەنئەت. بۇ سەنئەتنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بار. ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى مەكتىپى ئائىلە بولغان. مانا شۇ ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدا كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇشتا ئائىلە تەربىيىسىدىن ھەرگىز ئايرىلمىدى. بۇ جەرياندا تەلىم - تەربىيىنىڭ ئۇسۇلى، چارە - تەدبىرلىرى ۋە قەدەم-باسقۇچلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلارنى توپلىدى. شۇنداق بولسىمۇ پەرزەنت تەربىيىسى ئۇچۇن ھەممىگە ئورتاق بولغان ئۆلچەم ۋە قېلىپ بولغان ئەمەس. چۈنكى ياشاش شارائىتى، ئۆرپ- ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، قىممەت قارىشى ۋە ئەنئەنىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى قاتارلىقلارغا مۇناسىپ ھالدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى پەرزەنت تەربىيىلەش ئۇسۇللىرى ۋە مەزمۇنى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئائىلىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە قىممەت قارىشىدا ھەمدە پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنىدا بەلگىلىك ئۆزگىرىش ياساشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ پەرزەنت تەربىيىسى ئىشىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە نازۇك بىر ئىجتىمائىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئىنسانىيەت تۈپىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە XXI ئەسىرنىڭ مۇقەددەس بوسۇغىسىغا قەدەم قويدى. بىراق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھازىرقى ئىنسان ساپاسى سېلىشتۇرمىسىدا تۆۋەن ئورنى ئىنتايىن كەينىدە، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىمۇ تۆۋەن. بۇ بىزنىڭ ياشاش ئىقتىدارىمىزنىڭ تېخى ناھايىتى تۆۋەن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ماھىيەتتىن ئالغاندا، تەلىم - تەربىيىنىڭ تۈپ مەقسىتى پەرزەنتلەرنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە قانداق ياشاشقا ئۆگىتىش. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن پەرزەنتلەر ئۈچۈن تەلىم - تەربىيە شارائىتىنى يارىتىشىمىز ۋە بەرپا قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. تەلىم - تەربىيە شارائىتى

دېگەندە، بىرىنچى باسقۇچ — ئائىلە شارائىتىنى ۋە ئائىلىنىڭ تەلىم - تەربىيە شارائىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچ — مەكتەپ تەربىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچ — جەمئىيەت تەربىيىسى ۋە تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ بىرى يەنە بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بىرى يەنە بىرىگە ئاساس سالىدۇ، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ بىر پۈتۈن مۇكەممەل ئادەمنىڭ جەمئىيەتكە چىقىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. جەمئىيەت ئائىلىنىڭ جەمئىيەتكە، دەۋرگە ماسلىشىشىنى تەقەززا قىلىدۇ، ئائىلىمۇ جەمئىيەتنىڭ كونتروللۇقىنى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى ئادەم جەمئىيەتتە ياشايدۇ، جەمئىيەتتىن قىممىتىنى تاپىدۇ. ھەربىر پەرزەنتنىڭ ياخشى ياكى يامان تەربىيىلىنىشى جەمئىيەتكە ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا پەرزەنت تەربىيىسى پەرزەنتلەرنىڭ تەقدىرى بىلەنمۇ، ئائىلىنىڭ ئىستىقبالى بىلەنمۇ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتى بىلەنمۇ پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن بۈيۈك «قۇرۇلۇش.»

XXI ئەسىر ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلىرىغا مۇھىم ۋە مۇقەددەس مەجبۇرىيەتنى ئارتتى. پەرزەنتلەرنىڭ ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق، پەزىلەتلىك، مەدەنىيەتلىك بىر ئەۋلاد بولۇپ تەربىيىلىنىپ چىقىشىنى ئاساسلىقى ئائىلە ئۈستىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئائىلە بىر تەرەپتىن ئاساسىي ئۇلنى سالغۇچى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەر ئۈچۈن مەڭگۈلۈك تەربىيىچى. بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز بىزدىنمۇ ياخشىراق ياشىشى، بىزدىن مەدەنىيەتلىك بولۇشى، بىزدىنمۇ ئىقتىدارلىق، ياشاش روھىغا باي بولۇشى كېرەك. بىز تەبىئىتىمىز نۇقتىسىدىن مەدەنىيەتلىك مىللەت بولالىلى ياكى كېيىن مەدەنىيەت جەھەتتە چېكىنگەن بولايلى، ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرۇش كۆپ نەتىجە بەرمەس. ئۇنۇملۇك نەتىجە بېرىدىغىنى، ھازىرقى، بۈگۈنكى ھالىمىزغا ئوبدانراق نەزەر سېلىش. بىز ئۆزىمىزنىڭ نەزەرىمىز ۋە كۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى باھالاشتىن كۆرە، تەرەققىي تاپقان خەلقلەرنىڭ بىزگە قانداق نەزەر بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى، قانداق باھا بېرىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمىزنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى قىلايلى. سۆيۈملۈك ئاتا-

ئانىلار، بىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئانىنىڭ قورسىقىدىن قانداق تۇغۇلغان بولسا، يەنە شۇ پېتىچە بۇ دۇنيادىن كېتىشىگە تاقەت قىلساق بولمايدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا كۆپرەك نەرسىلەرنى ئۆگەنسۇن، ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسۇن، بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئۆگەنسۇن؛ ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ۋە زېمىن ئۈچۈن يۈك بولماي، بەلكى ۋەتەننىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بولسۇن. بۇنداق نەتىجە ئۆزلۈكىدىن قولغا كەلمەيدۇ. ئەگەر بىز ھەقىقىي ماھىيەتنى چۈشەنسەك، پەرزەنتلەر ئۈچۈن تەلىم - تەربىيە ئاش - ناندىنمۇ مۇھىمراق. ئاش - نان پەقەت ھاياتىلا كاپالەتلىك قىلىدۇ، تەلىم - تەربىيە تىرىك ئۆلۈك بولۇپ قالماسلىققا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئۇنداق بولسا بۇنداق ئۇلۇغ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئاتا - ئانىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ نېمە؟

## 2. تەربىيىچى قانداق بولسا پەرزەنتمۇ شۇنداق بولىدۇ

بالىلارنىڭ گۇناھىمۇ، خىزمەتلىرىمۇ كۆپ تەرەپتىن ئاتا - ئانىلار زىممىسىگە چۈشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ۋىجدانىغا ھاۋالە قىلىنىدۇ.

— ف. ئە. دىرژىنسكىي

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدە مۇنداق مەزمۇندىكى بىر چۆچەك بار:

بۇرۇنقى زاماندا شەرىئەت قانۇنى بىر ياش بالىنى ئوغرىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن دارغا ئېسىش جازاسىغا ھۆكۈم قىپتۇ. دارغا ئېسىش ئالدىدا قازى، بالىدىن قانداق تەلەپ - ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى سوراپتۇ. بالا قازىغا ئانىسى بىلەن ئاخىرقى قېتىم بىر كۆرۈشۈۋېلىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. قازى بالىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ئانىسىنى بالىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. بۇ «مېھرىبان» ئانا كۆزلىرىدىن

مۆلدۈردەك ياش تۆكۈپ بالىنى باغرىغا باساق بوپتۇ. بالا، ئانىدىن كۆكسىنى چىقىرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بالا ئانىسىنىڭ كۆكسىنى ئېغىزىغا ئېلىپ غەزەپ بىلەن چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ. ئانا «ۋايجان» دەپ پەرياد كۆتۈرۈپتۇ. خالايىق بۇ ئىشتىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقماق بوپتۇ.

— ھەي يىگىت، — دەپتۇ قازى، — ئۆلۈش ئالدىدا نېمە ئۈچۈن ئاناڭغا بۇنداق ئەلەم قىلىسەن، بۇنىڭ نېمە سىرى بار؟

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ئاندىن دەپ بېرىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

مۇلازىملار پادىشاھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ: «بولىدۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باقايلى» دەپتۇ. بالىغا سۆزلەشكە ئىجازەت بېرىپتۇ.

— مېنىڭ مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىمنىڭ بىرىنچى جاۋابكارى مۇشۇ ئانام، — دەپ سۆز باشلاپتۇ يىگىت، — مەن كىچىك بالا ۋاقتىمدا، باشقىلارنىڭ كۆكتاتلىقىدىن بىر تۇتام چامغۇر يۇلۇۋېلىپ ئۆيگە ئېلىپ كىردىم. ئانام بۇنى كۆرۈپ مېنى «يارامىلىق بالام، ئەقىللىق بالام» دەپ ماختاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇنداق ئىشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇردۇم. چوڭ بولغانسېرى باشقىلارنىڭ توخۇلىرىنى، تۇخۇملىرىنى، مېۋىلىرىنى ئوغرىلىدىم. ئانام يەنىلا مېنى ماختايتتى. ئاخىرى مەن ئوغرىلىقنى كەسىپ قىلىۋالدىم. باشقىلارنىڭ قوي، كالىلىرىنى ئوغرىلىدىم. دۇنيادا يېرىلمايدىغان قازان، سۇنمايدىغان كوزا يوق دېگەندەك، بۇدا ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغىنىمدا ئاشكارىلىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ، مال ئىگىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم. ئەگەر مەن بىرىنچى قېتىم باشقىلارنىڭ چامغۇرىنى ئوغرىلاپ كىرگەن چېغىمدا ئانام مېنى «ھۇ ئەقىلسىز، نېمە دېگەن سەت ئىش بۇ، ماڭ، نەدىن ئالغان بولساڭ شۇ يەرگە ئاپىرىپ قوي» دەپ ئەدەپ بەرگەن بولسا، بۈگۈنكى ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىم، — يىگىت بىرئاز تىنىۋېلىپ شۇنداق دەپتۇ، — ئانام ماڭا سۈت بەرگەن بىلەن، ئادەم بولۇش تەربىيىسىنى بەرمىگەن ئىكەن. شۇڭا، ئېمىتكەن سۈتۈڭگە رازى ئەمەسمەن، دەپ

شۇنداق قىلدىم ...

جامائەت يىگىتنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ سۆكۈتكە چۈشۈپتۇ. خالايىق ھېلىقى «مېھرىبان» ئانىغا تىكىلىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، بالىنىڭ خۇنىدىن ئۆتۈشكە ئەمر قىپتۇ ۋە ئانىسىنى جازالاشقا بۇيرۇپتۇ.

پەرزەنتنى سۆيمەيدىغان، پەرزەنت ئۈچۈن كۆيمەيدىغان ئاتا - ئانا يوق. بىراق ئاتا - ئانىلارنىڭ ساپاسى، تەربىيىلەش سەنئىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى پەرزەنتلەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرى، ئەخلاقى، ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە ياشاش ئىقتىدارىغا ئىنتايىن پەرقلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆيۈنۈشى پەرزەنتلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا ئېلىپ بارسا، بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى پەرزەنتلەرگە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. دېمەك، بالىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇش ھەقىقىي مەنىسى بىلەن كۆيۈنۈش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئاتاقلىق پېداگوگلار، پسىخولوگلار بۇ ھەقتە قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىغان: لېرمېنتوفنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: «پەرزەنت تەربىيىسى غايەت مۇشەققەتلىك ئىش، مانا ئەمدى ھەممىسى جايىدا بولدى، دەپ ئويلايسەن. قارىساڭ ئىشلار باشقىچە: ھەممىسى ئەمدى باشلىنىۋاتقان بولىدۇ.» شۇڭا «بالا تەربىيىسى ئۈچۈن دۆلەتنى باشقۇرۇشتىنمۇ ئالاھىدە چوڭقۇرراق كۆز-ئىش، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇرراق دانىشمەنلىك كېرەك» (ئو. جېنىنىڭ) بولىدۇ. شۇنداق، بالىسىنى ياخشى كۆرۈشنى ھەتتا ھايۋانلارمۇ بىلىدۇ، بىراق ئادەم تەربىيىسى ھەرقانداق سەنئەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھەرقانداق مېھرىبانلىقتىن ماھىيەتلىك پەرق قىلىدۇ. چۈنكى بالىلارنى تەربىيىلەپ ياراملىق ئادەم قىلىش ئەتراپلىق بىلىمنى تەلەپ قىلىدىغان ئۇلۇغ، جىددىي ۋە ئالاھىدە مەسئۇلىيەتلىك خىزمەت. شۇڭا يارامسىز ئانىنى بىر بوتۇلكا سۈتكە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. چۈنكى نادان ئانا مېھىر - مۇھەببەتنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىدىن قەتئىينەزەر، يامان تەربىيىچى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

ئەسلىدىن ئالغاندا، ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرگە قالدۇرىدىغان ئەڭ

قىممەتلىك مىراسى — ياخشى تەربىيە بولۇشى كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: پەرزەنتلەرگە قالدىغان ئەڭ قىممەتلىك ۋە مەڭگۈلۈك مىراس — ئۇلارنى ياخشى، يارامىلىق تەربىيىلەش، ئۇلارغا ياخشى نەسىھەتلەرنى مىراس قالدۇرۇش بولسۇن، مال - دۇنيا مىراس قالغان بولسا ئۇ تۈگەيدۇ، ياخشى تەربىيە پەرزەنتلەرگە مەڭگۈ ھەمراھ، تۈگىمەس بايلىق بولىدۇ، دېگەن. ۋاھىز كاشىفىنىڭ «گۈزەل ئەخلاق» دېگەن ئەسىرىدە بۇ خۇسۇستا مۇنداق بىر تىپىك ھېكايە قالدۇرۇلغان.

## قىممەتلىك مىراس

مىسىر پادىشاھى رۇم خەلىپىسى بىلەن بولغان ئاداۋەتنى يۇيۇپ، دوستلۇق تەرتىپىنى تۈزدى ھەمدە قىزىنى ئۇنىڭ ئوغلىغا نىكاھلاپ بەردى. شۇ سەۋەبلىك ئىككى مەملىكەت دوستلىشىپ، گۈللىنىشكە باشلىدى، بۇ ئىككى پادىشاھ چوڭ - كىچىك ھەرقانداق ئىشلاردا بىر - بىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشاتتى. ۋاقىتكى، مىسىر پادىشاھى رۇم پادىشاھىغا:

«پەرزەنتىمىز بىزنىڭ تىرىكلىكىمىزنىڭ ئاساسى ۋە ئۆمرىمىزنىڭ تايانچىسىدۇر. بىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن نامۇنشانىمىز ئۆچىدۇ؛ ھاياتىمىزدىن ھېچنېمە قالمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ بىزدىن كېيىن پاراغەتتە خۇشال- خۇرام ئۆتۈشىنىڭ غېمىنى يېمەك، ئۇلارنىڭ ئۆملۈكى، كېرەكلىك نەرسىلەر ۋە مەئىشەتلەرنىڭ پىكرىنى قىلماق كېرەك. مەن ئاجىزەم ئۇچۇن نۇرغۇن نەپىس ماتالار، ياخشى ئات - تۆگىلەر، قۇل - چۆرىلەر، باغ - ئىمارەتلەر ۋە نۇرغۇن مال - دۇنيالىرىمنى قالدۇردۇم. سىز — جاھاننى بېزىگۈچى ئوغلىڭىزنىڭ مەئىشىتى ئۇچۇن قانداق نەرسىلەرنى تەييار قىلدىڭىز؟» دەپ نامە پۈتۈپ ئەۋەتىپتۇ. رۇم خەلىپىسى بۇ نامەنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ، تەبەسسۇم قىلىپ، مۇنداق جاۋاب نامە يازدى:

«مال بىۋاپا، خىزمەتكار بىباقا نەرسىدۇر. ئۇنىڭ ھېسابىنى قىلماق كېرەك. بۇ پانىي دۇنيانىڭ ماتالىرىغا ئالدانغۇلۇق ئەمەس. مەن ئوغلۇمنى ئەدەپ بېزەكلىرى بىلەن بېزىدىم، ئىلىم - ھىكمەت بىلەن جابدۇندۇردۇم، ئۇنىڭ ئۇچۇن ياخشى سۈپەت ۋە ئەدەپلەرنى قالدۇردۇم. چۈنكى مال - دۇنياغا زاۋاللىق يېتەر، ئىلىم - ھۈنەر، ئەدەپ - ئەخلاق

زاۋالسىزدۇر.»

بۇ ھېكايە بىزگە شۇنداق بىر قانۇنىيەتنى ھېس قىلدۇرىدۇكى، ئۆزىمىزدە نېمە بولسا پەرزەنتلەرگە شۇ مىراس قالىدۇ، ئۇلار سىلەردىن قانداق نەرسىنى قوبۇل قىلغان بولسا، ئۇ ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالى ئۈچۈن ئۈلگە بولىدۇ. «بالىلارنىڭ يۇمران قەلبىگە ھېچ بىر نەرسە ئۈلگىدەك كۈچلۈك تەسىر قىلمايدۇ ۋە ھەممە ئۈلگىلەر ئىچىدە ئاتا ـ ئانا ئۈلگىسىدىنمۇ ئالاھىدە چوڭقۇرراق ۋە مۇستەھكەمرەك ئورۇن ئالغان ئۈلگە يوق» (ن. ئى. نوۋچىكوف). بۇ مەنىدىن ئالغاندا، پەرزەنت تەربىيىسىدە پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەشتىن كۆرە، قانداق ئاتا ـ ئانىنىڭ تەربىيىلىگۈچى بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ئەگەر ساڭا ئاي كەبى قىز ـ ئوغۇل تۇغۇلغان بولسا، ئۇنىڭ تەربىيىچىسى ئۆزۈڭلا بولغىن، ھېچ بولمىغاندا، تەقۋادار، ئىقتىدارلىق، بىلىملىك ئىنىكئانىنى تەربىيىچى قىلىپ تاللىۋال» دېگەن.

ھازىرقى رېئال ئەھۋالدىن قارىغاندا، ياخشى، ئىقتىدارلىق، پەرزەنت تەربىيىسىدە مۇتەخەسسىس ئاتا ـ ئانىلارمۇ كۆپ؛ لېكىن تۇغۇپ قويۇشنىلا بىلىپ تەربىيىلەشنى بىلمەيدىغان، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن، ئىلمىي پەرزەنت تەربىيىلەش سەنئىتىدىن خەۋەرسىز، ئۆزىدىمۇ ئادەمىيلىك ئىقتىدار ۋە ئىنسانىي پەزىلەت يوق نادان ئاتا ـ ئانىلارمۇ ئاز ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار تېخى خۇراپاتلىقنىڭ تورىدىن قۇتۇلالماي، بالىلىرى ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك سەۋەبلىك بېشى قاپاقتەك، بويىنى ساپاقتەك بولۇپ قالسا «جىن چاپلاشقان» دەپ داخانلارغا ئوقۇتۇپ، ئۆپكىسىگە سوغۇق تېگىپ ياللۇغلانسا «ئوت تۇتۇپتۇ» دەپ ئىسرىق سېلىپ ھۆرۈپ ... دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇۋاتقان پاجىئەلەر ناھايىتى كۆپ. ھېچ بولمىغاندا خېلى كۆپ ئاتا ـ ئانىلار ساۋاتسىزلىق سەۋەبلىك كىتاب ـ ماتېرىيال كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، پەرزەنتلەرگە بىرەر ياخشى چۆچەكنى ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق بالىلارنى بەھرىمەن قىلىشقا تېگىشلىك مەنىۋى ئوزۇقنىمۇ قادىر ئەمەسلىكىنى بىلمىز. شۇنچە چىرايلىق، ئوماق بالىلارنىڭ باش ـ قوللىرىنى ھەپتىدە بىرەر قېتىم

بولسىمۇ سوپۇنلاپ يۇيۇپ قويماي توگرىغا باستۇرۇپ قويۇۋاتقان بىغەرەز ئاتا - ئانىلار بىزنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۈرىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنى تەربىيىلەش دەۋر تەقەززا قىلغان مۇھىم خىزمەت بولۇپ قالدى. ئۇنداق بولمايدىكەن، XXI ئەسىرگە مۇۋاپىقلىشالايدىغان ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ چىقىش مۇمكىن بولمايدۇ.

## 3. پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ ئۇچ خىل شەكلى

پەرزەنت تەربىيىسىدە بېسىلغان ھەربىر قەدەم — ئادەتكە، ئادەت — خاراكتېرگە، خاراكتېر بولسا قىسمەتكە ئايلىنىدۇ.
— ئۇ. دېككىربىي

ئەسلىدىن ئالغاندا، پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ شەكىللىرى ناھايىتى كۆپ خىل بولىدۇ، پەرزەنتكە نىسبەتەن ھەربىر سۆز - ھەرىكىتىمىز، پىكىرلىرىمىزدىكى ئازراق ئۆزگىرىشلەر، پوزىتسىيىمىزدىكى ئېگىز - پەسلىكلەر، مىجەز ۋە قاپاق تۈرۈشلىرىمىز، ئۇرۇشىمىز ياكى ئەركىلىتىشىمىز، تىللىشىمىز ياكى نەسىھەت قىلىشىمىزنىڭ ھەممىسى پەرزەنتلەرگە ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق تەربىيە رولىنى ئويناۋېرىدۇ. بىز ئۆزىمىز كۆپ ھاللاردا بۇ خىل تەسىرنى ھېس قىلماي قالىمىز. لېكىن ئومۇملاشتۇرغاندا ئۇ مۇنداق ئۈچ خىل شەكىلگە مەركەزلىشىدۇ:

1) تەسىر كۆرسىتىش تەربىيىسى

تەسىر تەربىيىسى پەرزەنت تەربىيىسىدە ئەڭ ئومۇمىي، لېكىن ئىنتايىن نازۇك بولغان ئۇسۇلدىن بىرى. ئومۇمىي دېگىنىمىز ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئالدى بىلەن پەرزەنت تۇغۇلۇپ ئۆزى ئۇچراشقان، كۆزى كۆرگەن، قۇلىقى ئاڭلىغان بارلىق نەرسىلەر بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ يەنە بىرى، مەقسەتلىك ئېلىپ بېرىلغان تەربىيە ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسى تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، «گەپ ئۆتمىگەن بالىغا تاياقمۇ ئۆتمەيدۇ» دېگەندە

يەنىلا تەسىر مەسىلىسى نەزەردە تۇتۇلغان. نازۇك دېگەندە، ھېچقانداق ئاتا-ئانا ئۆز پەرزەنتىنى يامان بولسىكەن، يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالسىكەن، دېمەيدۇ، لېكىن ئائىلە تەسىرى ۋە جەمئىيەت تەسىرى بالىلارغا ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن تەسىر قىلىپ، ئۇلاردا ئوخشاشمىغان نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بىز بالىلارنى ئەسكى ئىش قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئەسكى تىل بىلەن تىللىساق، ئەسلىدە ئۇ بىزنىڭ ياخشى كۆڭلىمىز ئىدى، لېكىن ئۇمۇ بالىلارغا ئىككى خىل تەسىر بېرىدۇ. بىرى، ئۇلار ئۆزىنىڭ يامان ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى، شۇڭا تىل ئىشىتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ؛ يەنە بىرى، سىز بالىغا «چوشقا، قانجۇق» دېگەندەك ئەسكى تىللار بىلەن ئەدەپ بەرسىڭىز، ئۇلارمۇ باشقىلارنى ئاشۇ تىل بىلەن تىللايدىغان ئەدەپسىز بالا بولۇپ قالىدۇ. سىز «مەن ئۇنداق دە» دەپ ئۆگەتمىگەن دېيەلەمسىز؟ گەرچە سىز ئۇ ئەسكى تىلنى بالىنى ياخشى بولسۇن دەپ ئىشلەتسىڭىز مۇمكىن، لېكىن ئۇسۇل ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يامان تەسىر پەيدا قىلدى. ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ يامان تىل قوللانغانلىقىڭىز، بالىغا «نۆۋەتتى كەلسە سەنمۇ شۇنداق تىللىساڭ بولىدۇ» دېگەندەك رول ئوينايدۇ.

ئومۇمەن، تەسىر تەربىيىسى نازۇك ۋە مۇرەككەپ جەريان، شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ تەسىر تەربىيىسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق بىر ماقال بار: «ئانىسى ھېلىگەر يۇپقا ياپار، بالىسى زېرەك قوشلاپ ئالار»، يەنى ئانىسى ھېلىگەرلىك قىلىپ بالىنى كۆپ يەۋالمىسۇن دەپ ناننى نېپىز ياپىدىكەن، بالىسى زېرەكلىك بىلەن ئىككىنى جۈپلەپ ئېلىپ يەيدىكەن. تەسىرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە قەدىمدىن كېلىۋاتقان مۇنداق بىر تەجرىبە بار: پەيغەمبەرنىڭ بالىسى يامانلارغا قوشۇلۇش بىلەن يامان بولىدۇ، ئىت ياخشىلارغا قوشۇلغانلىقى سەۋەبلىك ياخشىلار قاتارىغا ئۆتىدۇ. ئەسھابۇل كەھبىنىڭ ئىتى ياخشىلارغا ئەگەشكەچ ئىنسان قاتارىغا ئۆتكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەت خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. سىنىكا: «نەسىھەتۋازلىق بىلەن ياخشىلىققا ئېرىشىشتىن ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق ياخشىلىققا ئېرىشىش ئاسانراق» دېگەن. ھەقىقەتەن پەرزەنتلەرگە

نىسبەتەن، قورقۇتۇش، ئۇرۇش، تىللاپ ئەدەپ بېرىشكە قارىغاندا ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق تەربىيىلەش ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. چۈنكى بالىلار كۆپىنچە چوڭلارنىڭ ئىشىغا تەقلىد قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئۆگىنىدۇ. بۇ خىل تەسىر كىچىك، ئاددىي ئىشلاردىن تارتىپ، چوڭ - چوڭ ئىشلارغىچە ئورتاق رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار ئادەتتىكى ئىش - ھەرىكەت، گەپ - سۆزلەرگىمۇ ئىنتايىن دىققەت قىلىشى، ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش تۇتۇشى كېرەك. ئائىلىدىكى ھەرقانداق ئىش، ھەرقانداق سۆز بالىنىڭ كۆزىدىن ۋە قۇلىقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىنتايىن زۆرۈر بولغان بىر قائىدە بار، ئۇ بولسىمۇ ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلسا، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى شۇنداق بولۇشى كېرەك.

تۇرمۇش ئەمەلىيىتى شۇنداق ئىسپاتلاپ بەردىكى، سىز پەرزەنتلەرگە ئىچىملىك ۋە چېكىملىكنى تەشەببۇس قىلمىسىڭىزمۇ، ئاتا ھاراقكەش ۋە بەڭگى بولسا، كەيپىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان بالىلار ئاز بولىدىكەن، ھاراق - شاراپ ئىچمەيدىغان ئائىلىدە چوڭ بولغان بالىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قېلىش نىسبىتى ناھايىتى ئاز بولىدىكەن. ئائىلىسىدە كۆپرەك ئۇرۇش، جېدەل بولۇپ تۇرىدىغان، بىر - بىرىنى ئەسكى تىللار بىلەن تىللايدىغان ئائىلىنىڭ بالىلىرىنىڭ بەزىلىرى جىمغۇر، قورقۇنچاق، چۈشكۈن، بەزىلىرى تەرسا مىجەز، ئېغىزى يامان بولۇپ قالىدىكەن. ئىلمىي، ئەدەپ - قائىدىلىك ئائىلىدە ئۆسكەن بالىلارنىڭ مىجەزى ياخشى، ئەخلاقلىق بولىدىكەن. خۇشخۇي كەيپىياتقا تولغان ئائىلىنىڭ بالىلىرى خۇش چاقچاق، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، جۈرئەتلىك، ئۇچۇق پىكىرلىك بولىدىكەن. بۇ ئەھۋاللار شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ئۆتكۈزگەن تىلسىز سەۋەنلىكلىرى پەرزەنتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە شۇنچىلىك ئەكس تەسىر بېرىدۇ. ئاتا - ئانىلار بەلكىم بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆزىدىن كۆرمەس، بىراق ئائىلە مۇھىتىدىكى ياخشى تەسىر بىلەن يامان تەسىر بىزنىڭ پەرزەنتلەرگە بەرگەن ياخشى - يامان تەربىيىمىزنىڭ تىلسىز ئىپادىلىنىشى خالاس.

2) ئادەتلەندۈرۈش تەربىيىسى

ئۇيغۇرلاردا «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار» دېگەن ماقال بار. بۇ ماقالدا ئادەت كۈچىنىڭ قۇدرىتى خۇلاسىلەنگەن. قانۇنىيەت شۇكى، ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيەتلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، قائىدە - يوسۇنلىرى ۋە تۈرلۈك ئۆلچەملىرىنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن مەزگىللىك تەكرارلىنىش جەريانىدا ئادەتكە ئايلانغان. مەسىلەن، كۈنگە ئۈچ ۋاخ تاماق يېيىش بىر خىل ئادەت كۈچى، چەت ئەللىكلەرنىڭ يېرىم يالىڭاچ يۈرسىمۇ ئەيىبكە بۇيرۇلماسلىقى ئۇلارنىڭ ئادىتى، بىزدە بولسا ئەيىب ھېسابلىنىشى بىزنىڭ ئادىتىمىزگە توغرا كەلمىگەنلىكى. شۇڭا ئۇ «ئادەت» دەپ ئاتالغان.

پەرزەنت تەربىيىسىمۇ چوڭ جەھەتتىن بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئادىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇشىنى نىشان قىلىدۇ، كىچىك نۇقتىدىن مەقسەتلىك ھالدا ياخشى تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئادەتلەندۈرۈلىدۇ. بالىلارغا ئۆزلىشىپ قالغان ياخشى خۇيىمۇ، يامان خۇيىمۇ، ياخشى ھەرىكەتمۇ، يامان ھەرىكەتمۇ، ئەدەپسىزلىكمۇ، ئەدەپمۇ، مەدەنىيەتلىكمۇ، پاكىزلىقمۇ، قىسقىسى كىشىلىك تۇرمۇشتا رىئايە قىلىدىغان بارلىق قائىدە - يوسۇنلار ئاساسەن ئادەتلىنىشتىن بارلىققا كېلىدۇ. ئادەتلىنىپ قالغان ئىش خۇددى بەڭگىلەرنىڭ تاماكىغا ئادەتلىنىپ قېلىپ تاشلىيالمىغىنىغا ئوخشاش، قىمارۋازلارنىڭ قىماردىن مېھرىنى ئۈزەلمىگىنىگە ئوخشاش بىر ئىش. «ئەخلاقۇل - مۇھسىنىن» دېگەن ئەسەردە ئادەتلىنىشنىڭ چاڭگىلىدىن چىقماقنىڭ مۈشكۈللۈكى ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايە مىسال قىلىنغان:

لاي يېيىشكە ئادەتلەنگەن پادىشاھ

بىر شاھزادە كىچىكىدە لاي يېمەكنى ئادەت قىلىۋاپتۇ. چوڭ بولۇپ شاھ بولغاندىمۇ ئۇ ئادىتىنى تاشلىيالماپتۇ. ھۆكۈمالار بۇ ئىشنىڭ تولىمۇ زەرەرلىك ئىكەنلىكىنى ھەرقانچە ئېيتىپ مەنئى قىلغان بولسىمۇ پايدىسى بولماپتۇ. شۇ كۈنلەردە ئۇلۇغلاردىن بىرى شاھنى كۆرگىلى كەپتۇ. پادىشاھنىڭ چېھرىنىڭ تولىمۇ زەئىپ ۋە خاراب، قىزىل رۇخسارىنىڭ زەپىرانىدەك سېرىق ۋە سولغۇنلۇقىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى سوراپتۇ. شاھ:

— ماڭا مۇنداق مەغرۇر (يېقىمسىز) ئىش ئادەت بولۇپ قاپتۇ. ئۇنى تاشلاشقا ئىلاجىم يوق. بۇ ئادىتىم تۈپەيلى ھەسرەت ۋە نادامەتتە قولۇمنى كۆكسۈم ئۈزرە قويۇپ تۇرۇۋېتىمەن، — دەپتۇ.

— زەرەر قىلىشنى بىلىپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئۇ ئادىتىڭىزنى تەرك قىلمايسىز، — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئۇلۇغ كىشى.

— تەرك قىلاي دەپ شۇنچە نىيەت قىلدىم، — دەپتۇ شاھ، — لېكىن نەپسىمنىڭ خاھىشىنى يېڭەلمايۋاتىمەن.

— دۇرۇس نىيەت پادىشاھلارغا خاستۇر. ئۇنىڭ نىيەت قىلغان ئىشىنى ھەرقانداق كىشى مەنئى قىلىپ سۆزلىسىمۇ ھەرگىز قۇلاق سالماس، — دەپتۇ دەرۋىش.

پادىشاھ بۇ سۆزنىڭ تەسىرىدىن تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، لاي يېمەك ئادىتىنى تاشلاشقا ئىرادە قىپتۇ ۋە ئۇ چىڭ ئىرادىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۇ يامان ئادەتنىڭ رەنجىدىن ئاران قۇتۇلۇپتۇ.

بۇ ھېكايە ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن ئىبرەت بولسۇنكى، بالىلارنى كىچىكىدىن ياخشى ئىش - ھەرىكەتكە ئادەتلەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ يامان ئىش-ھەرىكەتكە ئادەتلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. گېيوگو مۇنداق دېگەن: «ئادەمگە بالىلىقتىن سىڭدۈرۈلگەن ئادەتلەر ياش دەرەخ غولىغا ئويۇپ يېزىلغان ھەرپلەرگە ئوخشايدۇ. دەرەخ يوغىنىغانسېرى، دەرەخ غولىدىكى ھەرپلەرمۇ يوغىنايدۇ ۋە ئاخىرى ئۇنىڭ ئاجرالماس قىسمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.» بۇ ھەقىقەتنى ھەممە ئاتا - ئانىلار ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. بىزنىڭ ئۆيدە بىر ئاسلان باققاندۇق، ئۇنى پاكىزلىققا ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بىر يەشىك ھازىرلاپ، ناھايىتى تەسلىكتە شۇنىڭ ئىچىگە تەرەت قىلىشنى ئادەتلەندۈردۇق. يەشىك ئىچىگە بىر ئاز توپا تۆكۈپ قويدۇق، ئاسلان تەرەت قىستىغان چاغدا دەرھال يەشىك ئىچىگە كىرىپ يەشىك ئىچىدىكى توپىنى كولاپ جاي ھازىرلايدۇ، تەرەت قىلىپ بولۇپ توپىدا تەرىتىنى كۆمىدۇ. مەن بىر كۈنى ئۇنى سىرتقا چىقىشقا ئادەتلەنسۇن دەپ يەشىكنى ئېلىۋەتكەنىدىم، ئۇ مىياڭلاپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇيان - بۇيان چاپاتتى. ئاخىرى بولماي يەنىلا يەشىكنى ئېلىپ كىرىپ بېرىشكە مەجبۇر

بولدۇم.

باللارمۇ شۇنداق، مېۋە - چېۋىنى يۇيۇپ يېيىشكە ئۆگىتىلگەن بالا، تاماقتىن بۇرۇن قول يۇيماي، مېۋىنى يۇيماي يېمەيدۇ. كەچتە پۇتىنى يۇيۇپ ئورۇنغا كىرىشكە ئادەتلەندۇرۇلسە، يېتىشتىن بۇرۇن پۇت يۇيۇشقا سۇ راسلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىشلارغا ئادەتلەنمىسە، زورلۇق بىلەن قىلدۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ. بۇ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئومۇمىي بىر قائىدە.

3) نەسىھەت تەربىيىسى

پەرزەنت تەربىيىسىدىكى يۇقىرىقى ئىككى خىل شەكىل، ئاساسەن باللارنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە كۆپرەك رول ئوينايدۇ. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش ئەنئەنىسىدە نەسىھەتنىڭ رولىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا: «هايۋان تۇياقتىن، ئادەم قۇلاقتىن» دېگەن ماقال بار. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىچىدە مەخسۇس دىداكتىك (پەند - نەسىھەت) خاراكتېرىنى ئالغان ئەسەرلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، ئەھمەد يۈگنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» («ھەقىقەت بوسۇغىسى») دېگەن ئەسىرى، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇلقۇلۇب» («كۆڭۈللەر سۆيگۈسى») دېگەن ئەسىرى، خانىش ئامانىنساخاننىڭ «ئەخلاقى جەمىلە» («ئاياللار ئەخلاقى») دېگەن ئەسىرى (بۇ ئەسەر دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن)، مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەبى» ناملىق ئەسىرى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «نەسىھەتى ئامما» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن يېزىلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا «قۇتادغۇبىلىك»، «ھەيرەتۇل ئەبرار» («ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى»)، نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائىنىڭ «مۇھزىنۇل ۋائىزىن» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىمۇ مەخسۇس پەرزەنت تەربىيىسىگە ئائىت نەسىھەتلىك مەزمۇنلار خېلىلا سالماق ئورۇننى ئىگىلىگەن. «قۇتادغۇبىلىك» تە ئورۇن ئالغان نۇرغۇن مەزمۇنلار ۋاستىلىك ھالدا ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە بېغىشلىنىپ قالماي، بەلكى بەزى بابلاردا مەخسۇس پەرزەنتلەرگە ناھايىتى ئەتراپلىق نەسىھەتلەر

قىلىنغان. يۇقىرىقى ئەسەرلەرگە ئەدەپ - ئەخلاق، ئەقىل - پاراسەت، ئىلىم - پەننىڭ ئۇلۇغلۇقى، بەخت - سائادەتنىڭ قەدرىگە يېتىش، ئىچىملىك، چېكىملىككە بېرىلمەسلىك، هايالىق بولۇش، سېخىي، مەرد بولۇش، تېجەشلىك بولۇش، ئىسراپخور بولماسلىق، پىتنە - پاسات ۋە ھەسەتخورلۇقتىن ساقلىنىش، هاياتنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق مەزگىلىدىن ياخشى پايدىلىنىش، ۋەتەنگە، خەلققە كېرەكلىك ئادەم بولۇش، ئەمگەكنى، مېھنەتنى سۆيۈش ... قاتارلىق ئىنتايىن قىممەتلىك مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئىلغار ئەنئەنىلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ۋە ئۇنى دەۋرىمىز ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەشكە نەمۇنە قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيىتىدە يارىتىلغان مىڭلىغان چۆچەك ۋە مەسەللەر، ماقال - تەمسىللەر ۋە شېئىر - قوشاقلارمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك مەزمۇنلارنىڭ ئورۇن ئالغانلىقى بىلەن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ مۇهىم ۋاسىتىسى بولۇپ كەلگەن. يازما ئەدەبىياتتىكى نەمۇنىلەر بولسۇن، خەلق ئەدەبىياتىدىكى نەمۇنىلەر بولسۇن، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەشتىكى ئىلغار تەجرىبە - ساۋاقلىرىنىڭ مۇجەسسەملەشتۇرۇلۇشى ۋە خۇلاسىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نەسەھەت تەربىيىسى ئاساسەن، پەرزەنتلەرنىڭ تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن مۇددىئا - مەقسەتنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ بارا - بارا بېيىتىلىدۇ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ. نەسىھەتنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ بىر مەزگىللىك ئەمەس، بەلكى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مەڭگۈلۈك بولىغىنىغا ئوخشاش مەڭگۈ بولىدۇ. ئۇلگە كۆرسىتىپ تەربىيىلەش بىلەن تەسىر كۆرسىتىش تەربىيىسى پەرزەنتلەر قۇرامىغا يېتىپ جەمئىيەتكە ئارىلاشقاندىن تارتىپ ئاساسەن رولىنى يوقىتىدۇ.

نەسەھەت تەربىيىسىدە ئالدىنقى شەرت — تەربىيىچى نەسەھەتنى بىلىشى كېرەك. چۈنكى نەسەھەت ئارقىلىق پەرزەنتلەرنى قايسى ئىشنىڭ توغرا، قايسى ئىشنىڭ خاتا، نېمە ئىش قىلىش ياخشى، نېمە ئىش قىلىش يامان، قانداق ئىش ھۆرمەتكە ئېلىپ بارىدۇ، قانداق ئىش لەنەتكە ئېلىپ بارىدۇ،

قايسى ئىش ھەق، قايسى ئىش ناھەق ئىكەنلىكى توغرىسىدا بەلگىلىك چۈشەنچىگە ۋە ھايات تەجرىبىسىگە ئىگە قىلىش لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، توغرا نەسىھەت قىلىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ. بۇ تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار ئۆزىنى تەربىيىلەشكە بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆپرەك كىتاب - ماتېرىيال كۆرۈشى، تۇرمۇشتىن ئىبرەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىشى لازىم بولىدۇ.

ئومۇمەن، تەسىر تەربىيىسى بولسۇن، ئادەتلەندۈرۈش تەربىيىسى بولسۇن ۋە نەسىھەت تەربىيىسىگە مۇراجىئەت قىلايلى، ھەممىسىدە ئاتا - ئانىلارنىڭ ساپاسى، بىلىم قابىلىيىتى، ئەخلاقىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

## 4. پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ناتوغرا ئۇسۇللار

پەرزەنتنىڭ خۇيى يامان بولسا، ئۇنى يامان قىلغان ھامان ئاتا.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆز بالىسىنى سۆيمەيدىغان ئاتا - ئانا يوق. ھېچقانداق ئاتا - ئانا پەرزەنتىنى يامان بولسۇن دەپ تەربىيىلىمەيدۇ. ئەپسۇسكى، ئىرادىمىزگە قارشى ھالدا بەزى بالىلار ئەسكى خۇيلۇق بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى نەدە؟ بالىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى ناچارمۇ؟ ياق. ھېچقانداق بالا تۇغۇلۇشىدىن ئەسكى تۇغۇلمايدۇ. بۇ مەسىلە ئاللىبۇرۇن ئىلىم - پەن تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ھەقىقەت، ھەتتا مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ سوئالغا ناھايىتى ئىلمىي جاۋاب بەرگەن. ئۇ: «ئىنسان بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسلىي بۇيۇك، تەربىيىلىنىش ئارقىلىق تېخىمۇ تۈزۈك بولىدۇ. ھېچقانداق بالا تۇغۇلۇپلا بىلىملىك، پەزىلەتلىك بولۇپ قالمايدۇ، ئۇ ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلىم، پەزىلەت تۆرىگە چىقىدۇ. پەقەت ئەقىللا تەبىئىي بولىدۇ، قالغان ھەممىنى يۇرۇپ ئۆگىنىدۇ» دېگەن. ئۇ يەنە پەرزەنتنىڭ يامان خۇي - پەيلىلىك بولۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنى ئاتا-

ئانىسىنىڭ سەۋەنلىكى ئۈستىگە يۈكلىگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تەربىيىلەش مۇددىئاسى بىلەن تەربىيىلەش ئۇسۇلى، بالىلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇنى چۈشىنىش ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلالمىغاندا يامان نەتىجە تەرەپكە سۆرەيدۇ. ھەربىر بالىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكىنى ئانىلار ئىنتايىن ياخشى بىلىدۇ ۋە بىلىشى كېرەك، ئەسلى تەلەپتىن قارىغاندا، ئوخشاشمىغان ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بالىلارغا قوللىنىدىغان تەربىيە ئۇسۇلى ئوخشىماسلىقى كېرەك. بىر ئانىدىن تۇغۇلغان بەش بالىنىڭ مىجەزى ئوخشىمايدۇ، بىرى كىچىكىدىن تەرساراق بولسا، بىرى ئېغىر - بېسىق بولىدۇ، يەنە بىرى، قېيىدىغاق بولسا، يەنە بىرى، رايىش بولىدۇ، بىرى، تەۋاز بولسا، يەنە بىرى، ئاچچىقى يامان بولىدۇ. بۇ خىل مىجەزنىڭ تەربىيە بىلەن كۆپ مۇناسىۋىتى يوق، ئۇ بالىلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكىدىن كېلىپ چىققان پەرق. بۇ دۇنيادا تاشقى كۆرۈنۈشى قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ كېتىدىغان بىرەرمۇ ئادەمنى تاپقىلى بولمىغانغا ئوخشاش، پسىخىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقى پۈتۈنلەي ئوخشاپ كېتىدىغان بىرمۇ بالا يوق. ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزى ناھايىتى مۇرەككەپ بىر دۇنيا.

بىراق، پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە يېزىلغان كىتاب، ماتېرىياللاردا بالىلار تەربىيىسى مۇتەخەسسىسلىرى، بالىلار پسىخولوگلىرى ۋە پېداگوگلار بالىلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مۇنداق بىرقانچە تەربىيىلەش ئۇسۇلىنىڭ نامۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەپ چىققان:

1) بالىلارنى ئۇرۇپ، تىللاپ، ھاقارەتلەپ باشقۇرۇش ئەڭ ئەسكى ۋە ناچار ئۇسۇلدىن بىرى.

بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار پەرزەنت تەربىيىسىدە ئۇرۇش، تىللاش ۋە ھاقارەتلەشنى مۇھىم تەربىيە ۋاستىسى قىلىۋالغان. بىز ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئېغىزغا ئالغۇسىز تىللار بىلەن تىللاۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ھەتتا تىلى چىقمىغان بوۋاق بالىلارنى يىغلاپ خاپا قىلدىڭ دەپ، نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتقانلىقىنى ئۇقماي

قارىغۇلارچە ئۇرىدىغان ئانىلارنىمۇ ئۇچراتتۇق.

بىلىش كېرەككى، ئۇرۇش، تىللاش يولى بىلەن ھەرگىزمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە، بالىلارنىڭ پسىخىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئېغىر زىيانكەشلىك قىلغان بولىمىز. ھاقارەتلەنگەن بالا كۆپىنچە ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان، ئۆزىنى كەمسىتىدىغان، ھېچ ئىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان پسىخىكىنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ؛ ئاز ھاقارەتلەنگەن بالا، سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيىلەنگەن بالا ئۆز قەدىر - قىممىتىنى ياخشى چۈشىنىدىغان، ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان ئادەم بولۇپ يېتىشىدۇ. ئۇرۇپ - تىللاش بىلەن چوڭ قىلغان بالىلار قورقۇنچاق، كەم ئەقىل، تەربىيە تەسىر قىلمايدىغان، قېلىن، ئۆز بېشىمچى، جاھىل خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ، يالغان سۆزلەشكە مەجبۇرلىنىدۇ، چۈشكۈنلىشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتكە تەسىر يېتىدۇ، بالىلار ئۆزىنى يالغۇز، يەككە - يېگانە ھېس قىلىدۇ، ئاتا - ئانىسىدىن نەپرەتلىنىدۇ - يۇ، قورقۇپلا ئىتائەتمەن بولۇۋالىدۇ. ئىزوپ شۇڭا: «قوپال كۈچ ئىشلەتكەنگە قارىغاندا ياخشى گەپ بىلەن ھەر دائىم كۆپرەك نەتىجىگە ئىگە بولىسەن» دېگەن. پىفاگور پەرزەنتلىرىنى ئۇرۇپ - تىللايدىغان ئاتا - ئانىلارغا ئېچىنىپ ئەپسۇسلانغان ھالدا: «قەبرىڭىز ئۈستىدە يىغلاشلىرى ئۈچۈن پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ كۆز يېشىنى تۆكمەڭ» دېگەنىكەن.

بىراق، پەرزەنتلەرنى ھە دېگەندىلا سىلىق سۆز بىلەن، ئالداش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، نۆۋىتى كەلگەندە، بىر قىسىم جازالاش ۋاسىتىلىرىنى، قاتتىق قول بولۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ يەردە تىلغا ئالغان «قاتتىق قول بولۇش» ھەرگىزمۇ ئۇرۇپ - تىللاشنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى تەلەپنىڭ قاتتىقراق بولۇشىنى، ئەتراپلىق بولۇشىنى، قاتتىق قوللۇق قىلىدىغان چاغدا يۇمشاقۋاشلىق قىلماسلىقنى، ئانچە - مۇنچە ھەيۋە قىلىپ چۆچۈتۈپ قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى كىشىلەر ئارىسىدا «بالىلار تومۇرچى كېلىدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىسىنى سۆيۈپلا قالماي، بەلكى ئاتا - ئانىدىن ئەيمىنىدىغان بولۇشى

كېرەك. بەزى زوڭزۇر تېپىلغان چاغلاردا ئانچە - مۇنچە پەش قىقىپ قويۇشنىڭمۇ تەسىرى ياخشى بولىدۇ. ئېسىمدە قېلىشچە، كىچىك ۋاقتىمدا ئانامنى بەك خاپا قىلغان بولسام كېرەك. بۇنىڭ ئۈستىگە دادام كېلىپ قالدى. ئانام ئەھۋالنى ئېيتقانىدى، دادام بىر چىۋىقنى قايرىۋېلىپ مېنى ساۋاشقا تەمشەلدى، ئانام بولسا، «قاچ، بولمىسا تاياق يەيسەن» دېدى، مەن قاچتىم، دادام كەينىمدىن خېلى يەرگىچە قوغلىدى. كۆرگەنلەر «تاھىر ئەمەت بالىسىنى تۇتۇۋالسا بىر يېرىنى چېقىۋېتىدىغان بولدى» دەپ قالاتتى. دادام ماڭا يېتىشۋالدى. بىراق، ئىككى قولتۇقۇمدىن تۇتۇپ، لېۋىنى چىشلەپ دەس كۆتۈرۈپ دىككىدا دەسسىتىپ قويۇپ كەينىگە قارىماي ماڭدى، مەنمۇ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم. بۇنداق ئۇسۇل بەزىدە قاتتىق ئۇرغاندىنمۇ، سىلىق - سىپايە بولغاندىنمۇ ياخشىراق ئۈنۈم بېرىدۇ. شۇنى سەمىگلارغا سېلىپ قويۇش كېرەككى، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆمران قەلبىدە قالدۇرۇلغان كىچىككىنە داغ مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

2) ھەددىدىن ئارتۇق ئەركە قىلىپ قويۇش پەرزەنتلەرنى كېرەكتىن چىقىرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق ئەسكەرتكەن: «قىز - ئوغلۇڭنى ئەركە ئۆگىتىپ قويىدۇڭمۇ، بولدى ئۇنىڭدىن كۆڭلۈڭنى ئۈز.» گېگېل مۇنداق دەيدۇ: «ئومۇمەن، ھەممە ئەخلاقسىز مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە بالىلارغا قۇللارچە مۇناسىۋەتتە بولۇش ئەڭ زور ئەخلاقسىزلىق.»

ئۇنداقتا، بالىلارنى ئەركە ئۆگىتىپ قويۇشنىڭ ئىپادىلىرى نېمە؟

(1) بالىلارغا ھەددىدىن ئارتۇق چوقۇنۇش.

(2) ھەممە ئىشتا بالىلارنىڭ رايىغا بېقىش.

(3) ھەددىدىن زىيادە كۆڭۈلچەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش.

(4) ئورۇنسىز تەلەپلىرىگە يول قويۇش، نېمە دېسە شۇنى ئېلىپ بېرىش.

(5) بالىلارنى ئاسرايمەن دەپ ئىشقا سالماسلىق.

(6) ھە دېگەندە ماختاش ۋە ئەركىلىتىش.

(7) بالىلاردىن گۇناھ ئۆتسىمۇ بالىغا يان بېسىش.

ئەركە تەربىيىلەش پەرزەنتلەرگە قانداق زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ؟
(1) باللار ھەممىدە ئاتا ـ ئانىغىلا تايىنىۋالىدىغان بولۇپ قالىدۇ.
(2) سىز بالىنى تىزگىنلەش ئىختىيارىڭىزنى قولىڭىزدىن بېرىپ قويىسىز، باللار سىزگە ھۆكۈمران بولىدۇ.
(3) پىشىپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ، ھورۇن، ھارام تاماق بولىدۇ، ئازراق قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ھەممىدىن ۋاز كېچىدۇ، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى بولمايدۇ، قىلغان كىچىككىنە ئىشىغا مىننەت قىلىدۇ.
(4) تەرسا، نېرۋا مىجەز بولۇپ قالىدۇ.
(5) تەمەخور، شەخسىيەتچى، ئۆز بېشىمچى بولۇپ قالىدۇ.
3) بالىنى ئىككى ئارىلىق قىلىپ قويۇش يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەك قىلىپ قويىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇنداق دېگەن: «سەن باللىق بولىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ تەربىيىچىسى ئۆزۈڭلا بول.» بۇ تەۋسىيە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، بىرى، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ پەرزەنتىنى ياخشى چۈشىنىدۇ، باشقىلارنىڭ ئۇلارنى تولۇق چۈشىنىشى ناتايىن. يەنە بىرى، باشقىلار باللارغا ئۆزىڭىزدەك كۆيۈنمەيدۇ، كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

باللارنى چوڭ دادا، چوڭ ئانىلىرىغا باقتۇرغاندا، باللار ئىككى يۈزلىمە خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ. ئوتتۇرىدا گەپ توشۇپ نەپ ئالىدىغان چېقىمچى ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ. ئۆيدىن ئازراق كۆڭلى رەنجىسە، تەلىپى قاندۇرۇلمىسا چوڭ ئۆيگە بېرىۋالىدۇ. ئۇلارنى ئۆزىگە پاناھ قىلىۋېلىپ گەپكە كىرمەيدۇ. شۇڭا باللارنى بىر قوللۇق تەربىيىلەش لازىم.

يەنە، تەربىيىدە ئاتا ـ ئانىلار بىردەك بولۇشى لازىم، تەربىيىدە بىردەكلىكنى ساقلاش لازىم. مۇنداق بولمايدىكەن، بىر تەرەپ تەربىيە قىلىۋاتسا، يەنە بىر ئادەم ئارىلىشىۋالسا، بىر تەرەپ بىر نېمە دېسە، يەنە بىر تەرەپ ئەكسىچە بىر نەرسە دېسە، بىر تەرەپ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، يەنە بىر تەرەپ بالىنىڭ ئىختىيارىغا قويۇۋەتسە، باللار ئىككى ئارىدا

گاڭگىراپ قالىدۇ. كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھىيلىگەرلىك، قۇۋلۇقنى ئۆگىنىدۇ. كىم ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلسا شۇنىڭ بېقىنىغا كىرىدۇ، قاتتىق تەلەپ قويغان تەرەپتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بالىلارنى ئاشكارا سورۇنلاردا ئەيىبلەش، باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ بالىنى كەم سۇندۇرۇش، بالىنىڭ تاللىشىغا، پىكرىگە ھۆرمەت قىلماسلىق، بالىلارنى كىچىك دەپ ئېتىبارغا ئالماسلىق، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى ھېس قىلماسلىق، كۆڭلىنى چۈشەنمەسلىك، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرماسلىق، ئۇلارغا زورلۇق ۋە بېسىم ئىشلىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خاتا تەربىيىلەش ئۇسۇلىدۇر.

ئۇنداق بولسا مۇۋاپىق ۋە پايدىلىق ئۇسۇل قايسى؟

(1) نورمال، ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇش ئەڭ ياخشى ئۇسۇل.

(2) ئاددىي، كىچىك سەۋەنلىكلىرىگىمۇ سەل قارىماسلىق.

(3) ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق، سەۋرچان بولۇش.

(4) ئۇلنى دەسلەپكى تەربىيە مەزگىلىدىن چىڭىتىپ مېڭىش.

(5) بالىغا ئۆزىڭىزنىڭ كۆيۈنىدىغانلىقىڭىزنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇش.

(6) ھە دېسە چېچىلىشتىن ۋە غەزەپلىنىشتىن ساقلىنىش.

4) بالىلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆپ ئارىلىشىۋېلىش بالىلارنى مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.

بالىلارنىڭمۇ ياشاش ئۇسۇلى ۋە ياشاش ئادىتى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەم ئۆزىگە خاس قىزىقىشى بولىدۇ، ئۆزى ياخشى دەپ قارىغان يولى بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئۇلارغا زىيان سالمايدىغان بولسا، ئۇلار شۇ ئىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ مەيلىگە قويۇپ بېرىش كېرەك. ھە دېگەندە ئۇلارنى كونترول قىلىپ، ئۆز خاھىشىڭىز بويىچە ئىشقا سالىمەن دېسىڭىز، ئۇ بالىنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى بولۇپ قالىدۇ. بالىڭىزنىڭ شۇ ئىشتىكى مەغلۇبىيىتى ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ مەغلۇبىيىتىڭىز بولىدۇ. پەرزەنت بولسا سىزنىڭ خاھىشىڭىزنىڭ

قۇربانى بولۇپ قالىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى كىچىك چېغىدىلا مۇنداق ئىش قىلدۇرمەن دەپ تون پىچىپ قويىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بالىنىڭ تەبىئىتىگە ماس كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ بۇنى ھېسابقا ئالمايدۇ، بۇ ياخشى تەربىيە ئۇسۇلى ئەمەس.

يەنە بىرى، بالىلارنىڭ تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش كېرەك. بىرەرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ كىرگىدەك بولسا، بالىغا يان بېسىپ ئۇرۇشۇپ بېرىدىغان ئىشلارنى قىلماڭ. بۇ ئىنتايىن خاتا ئۇسۇل. ھېكايە قىلىنىشىچە، ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى دادىسىنىڭ ئالدىغا غەزەپلەنگەن ھالدا كىرىپ كەپتۇ - دە، شۇنداق دەپتۇ: «پالانى لەشكەر بېشىنىڭ بالىسى مېنى قاتتىق تىللىدى.»

ھارۇن رەشىد دۆلەت ئەربابلىرىدىن بۇنداق ئادەملەرگە قانداق جازا بېرىمىز دەپ سورىغانىكەن، بىرى ئۆلتۈرۈشنى، يەنە بىرى تىلىنى كېسىپ تاشلاشنى تەلەپ قىپتۇ.

ھارۇن بولسا: «ئوغلۇم، مەردلىك قىلاي دېسەڭ، ئۇنى ئەپۇ قىل. ئەگەر بۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ، سەنمۇ ئۇنى تىللىۋال، ئەمما ئىنتىقام چەكتىن ئېشىپ كەتمىسۇن. چۈنكى ئۇ چاغدا زورلۇق سەن تەرەپتىن بولۇپ قېلىپ، قارشى تەرەپنىڭ دەۋاسىغا قالىسەن!» دەپتۇ.

مانا بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

5) ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەردائىم ئەيىبلىگۈچى بولۇشى كۆپايە قىلمايدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۇلاردا پەرزەنتلەرگە نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگۈدەك ساپا بولۇشى كېرەك.

بىلىش كېرەككى، بالىلارنىڭ ئۆزى چۈشىنەلمىگەن ۋە ھېس قىلالمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان خاتالىقلىرى، سادىر قىلغان كەمچىلىكى بالىلار ئۈچۈن گۇناھ بولمايدۇ. بۇنداق چاغدا كۆزنى يۇمۇۋېلىپلا كايىپ كېتىش تەربىيە ئەمەس، بەلكى زەربە بولىدۇ. يېڭىلىشىپ قېلىشتىن قورققۇلۇق ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلۇقى ھېچ ئىش قىلماسلىق. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا «يېڭىلمەس مەرگەن يامغۇر، ئازماس

ئالىم ئەكس سادا» دېگەن ھېكمەتلىك ماقال بار. پەقەت ھېچ ئىش قىلمىغان ئادەملا يېڭىلىشىپ قالمايدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا ھېچ ئىش قىلماسلىقنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ يېڭىلىشىش. بالىلارنىڭ خاتالىشىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ھېچ ئىش قىلدۇرماسلىق، ماھىيەتتە ئەڭ چوڭ خاتالىقتا يول قويغانلىق بولىدۇ. شۇڭا بالىلارغا مۇئامىلە قىلغاندا مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىمۇ، ئىلھام بېرىشنىمۇ، تەنقىدلەشنىمۇ بىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم.

## 5. پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى ۋە قەدەم - باسقۇچلىرى

خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى بالىلارنى توغرا تەربىيىلەشكە باغلىق.

— ژ. لوكك

1) تەربىيىنىڭ مەزمۇنى

پەرزەنت تەربىيىسىدە، تەربىيىلەش مەزمۇنى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەقسىتىنىمۇ، تەربىيىلەنگۈچىلەرنىمۇ ۋە تەربىيىلىگۈچىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، تېخى يېزىلىپ بولمىغان ئىنتايىن چوڭ ئەسەر. يىگىت بىلەن قىزنىڭ توي قىلىشى بۇ ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىنىڭ يېزىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشى ئائىلىگە خۇشاللىق، بەخت، ئۈمىد ۋە ئىلھام ئېلىپ كېلىدۇ، جەمئىيەت ئۈچۈن ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ. بۇ خىل خاسىيەتنى ئۇيغۇر خەلقى «بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دەپ خۇلاسىلىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ نىكاھنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن خاسىيىتىنى خۇلاسىلەپ: «ئەگەر ئادەمگە توي قىلىپ پەرزەنتلىك بولۇشتەك ئۇلۇغ مۆجىزە ئاتا قىلىنمىغان بولسا، ئىنسان بالىسىنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇپ، جاھان بوش قالغان بولاتتى» دېگەندى.

ئىنسان تېمىسى ئەڭ بۈيۈك تېما ۋە مەڭگۈلۈك تېما. ئىنسانىيەت ئاپىرىدە بولغان ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە نۇرغۇنلىغان بۈيۈك ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى ئادەملەرنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئىدى. پۈتۈن تەبىئەت ۋە بارلىق مەۋجۇدىيەت ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلىشىنىڭ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇشىنىڭ ئەڭ كەڭ دەرسخانىسى بولۇپ بەردى. بۇ مۇساپە چەكسىزلىكى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلىشىنى ئەڭ ياخشى ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. گەرچە ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئادىمىيلىك ئالاھىدىلىك بىلەن يارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن تەربىيىلىنىش شارائىتى ۋە ئىمكانىيەتلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىك ھەرقايسى ئادەملەر توپىنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسانلىق كامالىتىگە يېتىشىدە روشەن پەرقلەر ھەرقاچان مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. چۈنكى ئىنساندىن ئىبارەت بۇ تېمىنى مۇكەممەل دەرىجىدە قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قۇرغۇچى ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنژېنېر ۋە ئۇلۇغ سەنئەتكار بولۇشى كېرەك ئىدى. مۇكەممەل تەلىم - تەربىيىدىن مەھرۇم بولغان ئادەم بالىسى ئۈچۈن بۇ ئالەم قۇرۇق، مەنىسىز، زېرىكىشلىك قونالغۇ بولۇشتىن باشقا ھېچ نەرسە بېرەلمەيدۇ. تولۇق، ئەتراپلىق تەربىيىگە ئىگە بولالىغان ئادەملا بۇ دۇنيانىڭ قانچىلىك گۈزەل، مەنىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ، بۇ دۇنيانى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرەلەيدۇ ھەم ئۆزىنىمۇ مۇكەممەل ئىنسان سۈپىتىدە كۆرەلەيدۇ.

ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر پەرزەنتنى مۇكەممەل ئادەملىك سۈپەتكە ئىگە قىلىپ جەمئىيەتكە قوشالىشى ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بىراق بۇ نەتىجىگە ئېرىشىش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. چۈنكى پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ، چوڭقۇر ۋە چەكسىز. ئاتا - ئانىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ ئىنتايىن يۇقىرى. ئەگەر پەرزەنت تەربىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى كونكرېت ۋە تەپسىلىي يېزىش توغرا كەلسە، بىرەر يۈز مۇتەخەسسىس نەچچە يىل سەرپ قىلىپمۇ يېزىپ تاماملىيالماسلىقى ۋە بۇ سىرلىق كۆھقاپنىڭ سىرىنى تولۇق ئاچالماسلىقى مۇمكىن. لېكىن ئىنسانىيەت نەچچە مىڭ يىللىق

مەدەنىيەت تارىخى مۇساپىسىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە مول تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئارقىلىق ناھايىتى قىممەتلىك تەلىم - تەربىيە نەتىجىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ پەرزەنت تەربىيىسى ساھەسىگە يەنە قىممەتلىك مەزمۇنلار قوشۇلدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھايات تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخى مۇساپىسىنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلار پەرزەنت تەربىيىسى توغرىسىدا مىللىي خاسلىق ئىپادىلەنگەن ناھايىتى قىممەتلىك مەلۇماتلار، ئۈلگىلەر ۋە تەجرىبە - ساۋاقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، پەرزەنت تەربىيىسى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنلار مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ:

(1) زامانغا ۋە دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ياندىشالايدىغان، ئىسلاھات قەدىمىگە ماسلىشالايدىغان، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن، زامانىۋى پەن-مەدەنىيەت ئېڭىغا ئىگە بولغان ئىزباسار.

(2) ۋەتەننى سۆيىدىغان، ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە ھەرقاچان تەييار تۇرىدىغان، خەلق ئۈچۈن، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ياشاشنى ھايات نىشانى قىلغان شەخسىيەتسىز ئىنسان.

(3) ھەقىقىي مەنىدىكى مىللىي روھقا باي، غۇرۇرلۇق، ۋىجدانلىق، مىللىتىنى سۆيىدىغان، مىللىتىدىن پەخىرلىنىدىغان، مىللىي ئەنئەنىگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىلغار مىللىي ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرالايدىغان چىن ئەقىدىلىك ھەقىقىي ئۇيغۇر قىز - ئوغلانلىرى بولۇش.

(4) ھازىرقى زامان بازار رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان، ئىقتىسادىي ئېڭى يۇقىرى، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئوقۇمۇشلۇق، جاسارەتلىك پەرزەنتلەردىن بولۇش.

(5) ئىجادچانلىق روھىغا باي، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئەمگەكنى، مېھنەتنى سۆيىدىغان، ھالال ياشىيالايدىغان كۈرەشچان باللاردىن بولۇش.

(6) ئەقىللىق، بىلىملىك، پاراسەتلىك، يىراقنى كۆرەر باللاردىن

بولۇش.

(7) ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلىدىغان، كىشىلەرنى سۆيىدىغان، مەنىۋى دۇنياسى ساغلام بولغان باللاردىن بولۇش.

(8) جىسمانىي ساپاسى يۇقىرى، ساغلام، بەردەم ئەۋلادلاردىن بولۇش.

(9) ئەخلاق - پەزىلەت ساپاسى يۇقىرى، كەڭ قورساق، مەرد، دادىل، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئادەم بولۇش.

(10) ھەقىقىي گۈزەللىكنى سۆيىدىغان، ھەق - ناھەق قارىشى ئېنىق، مۇستەقىل دۇنيا قاراشقا ئىگە، ئادالەتنى ياقلايدىغان، ھەققانىيەتسىزلىككە باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئادەم بولۇش.

(11) تىلى بىلەن دىلى بىردەك، دېگىنى بىلەن قىلغىنى بىردەك ئالىيجاناب، ياخشى تەبىئەتلىك ئادەم بولۇش.

(12) ئائىلىسىنى سۆيىدىغان، ئاتا - ئانىسىنى قەدىرلەيدىغان، دوستلارغا سادىق، دۈشمەنگە رەھىمسىز بولغان ئادەم بولۇش.

(13) ھاياتنى قەدىرلەشنى بىلىدىغان، ياشاشنى بىلىدىغان، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويالايدىغان ئادەم بولۇش.

(14) كەيپ - ساپاغا، ئىچىملىك، چېكىملىككە بېرىلمەيدىغان، گاللىڭ قولى بولمىغان ئادەم بولۇش.

ئائىلە تەربىيىسى ھەرگىزمۇ مۇنداق يۇقىرى ساپالىق ئادەمنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمايدۇ. چۈنكى يۇقىرىقى مەزمۇن تەلىپىمۇ تېخى مۇكەممەل ئادەم بولۇش تەلىپىنى تولۇق قاندۇرالمايدۇ. چۈنكى ئىنسان تەبىئىتىدە يەنە «مەن» دىن ئىبارەت مۇقەددەس ئۇقۇم بولىدۇ. چۈنكى ئادەم ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياشاش بىلەن بىرگە ئۆزى ئۈچۈن ياشاشتەك بىر خىل مايىللىق ۋە زىددىيەت ئىچىدە ياشايدۇ. بۇ زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. چۈنكى «مەن» ئۇقۇمى بولمىغان ئادەممۇ ھەقىقىي مۇكەممەل ئادەم ئەمەس.

2) تەربىيىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى

پەرزەنت تەربىيىسى كۆپ قاتلاملىق، دائىرىلىك ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك ئىش. ھازىرقى پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدىكى نەزەرىيىلەردە: پەرزەنت تەربىيىسى 18 ياشقىچە بولىدۇ، دەپ بىر چەك قويۇپ قويۇلغان. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن پەرزەنت تەربىيىسى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆزى يۇمۇلغىچە بولىدۇ، پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇلار مەڭگۈ تەربىيىلەنگۈچى بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى پەرزەنت تەربىيىسى يالغۇزلا ئائىلىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ۋەزىپىسى ئەمەس. پەرزەنت تەربىيىسى ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ گەۋدىنىڭ بىرلىشىشى ئارقىلىقلا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ. جەمئىيەت ئائىلىگە پەرزەنتنى ھەرگىز ئۆزىنىڭ شەخسىي مۈلكى قاتارىدا كۆرمەسلىك تەلىپىنى قويۇش بىلەن، پەرزەنتلەرنى ھەرگىزمۇ بىرەر ئاتا ـ ئانىغىلا تەئەللۇق دەپ قارىمايدۇ. پەرزەنتلەرگە نىسبەتەن ئاتا ـ ئانا بىرىنچى تەربىيىچى بولسا، مەكتەپ ئىككىنچى تەربىيىچى، خەلق مەڭگۈلۈك تەربىيىچى بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتتە ئائىلە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە مەكتەپلەرگە ماسلىشىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىشى، جەمئىيەتنىڭ نازارىتىنى، تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. ھەرگىزمۇ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا، ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش تۇتۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئاتا ـ ئانىلارمۇ، پەرزەنتلەرمۇ ئۆز قىممىتىنى جەمئىيەتتىن تاپالايدۇ. مەكتەپلەرگە نىسبەتەن پۈتكۈل مائارىپ فۇنكسىيىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچى، ئۇستازلار پەرزەنتلەرنى ئۆزىنىڭ پەرزەنتى دەپ بىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىشى، ئۇلار ئۈچۈن جان قېقىشى، پەرزەنتلەرگە كۆيۈنۈشى كېرەك. پەرزەنتلەر ئۈچۈن مەكتەپلەرنى ھەقىقىي مەرىپەت باغچىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى، پەرزەنتلەر مەكتەپتىن ئۆزىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى تاپالايدىغان نۇرلۇق مەشئەلگە ئىگە بولۇشلىرى كېرەك. جەمئىيەتمۇ چوڭ ئائىلە، خەلق ئۇلۇغ ئانا. جەمئىيەت ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىنى يوقىتىپ قويماسلىقى، خەلق ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازلىق رولىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىم. خەلق ئۆزىنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيەتچانلىق ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مەكتەپلەرگە،

ئوقۇتقۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئاتا - ئانىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئائىلىلەرگە بولغان تەسىر كۆرسىتىش، يېتەكلەش ۋە مەسئۇل بولۇش روھىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. «خەقنىڭ بالىسى نېمە بولسا بولمامدۇ، ئۆزۈمنىڭ بالىسىنىلا ئويلاي» دېيىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىسىگە يات ئىش. «ئۆزۈمنىڭ بالىسىنى قانداق باشقۇرسام ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى» دېيىش تولىمۇ نادانلىق بولىدۇ.

دېمەك، ئۈچ قاتلامنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ۋە كۆيۈنۈشى بىلەنلا پەرزەنتلىرىمىز ياخشى تەربىيىلىنىش شارائىتىغا ۋە ياخشى، يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

ئائىلە تەربىيىسىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىدىن ئالغاندا، تەربىيىلەش مەزمۇنى مۇنداق بىرقانچە باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ:

(1) ئەر - ئايالنىڭ توي قىلىشتىن بۇرۇنقى ئۆزىنى تەربىيىلىشى.

(2) ئاياللارنىڭ ئېغىر ئاياغ مەزگىلىدىكى كۈتۈنۈشى.

(3) دەسلەپكى تەربىيە باسقۇچى.

دەسلەپكى تەربىيە باسقۇچى پۈتكۈل تەلىم - تەربىيە باسقۇچلىرى ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان باسقۇچ. بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى داۋامىدا ئۇلارنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك تەرەققىياتى قانۇنىيەتلىك بولىدۇ. دەسلەپكى تەربىيە دېگەندە ئاساسەن بالىلار تۇغۇلۇپ مەكتەپكە كىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى تەلىم - تەربىيە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى تەربىيە ناھايىتى نازۇك ۋە ئىنچىكە بولىدۇ، بۇ مەزگىل بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم. بۇ باسقۇچ يەنە ئۆز ئىچىدىن ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: نۆل ياشتىن بىر ياشقىچە بىر باسقۇچ، بىر ياشتىن ئۈچ ياشقىچە بىر باسقۇچ، ئۈچ ياشتىن مەكتەپكە كىرگىچە بىر باسقۇچ.

(4) باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچى.

(5) ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچى.

(6) ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىكى ئائىلە تەربىيىسى.

(7) تۇرمۇشلۇق بولۇشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى تەربىيە.

(8) ئۆي - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىنكى تەربىيە.

(9) ئاخىرقى تولۇقلىما تەربىيە.

يۇقىرىقى نىسپىي جەھەتتە بۆلۈنگەن تەربىيە باسقۇچلىرىدا، پەرزەنتلەرنىڭ پسىخىك تەرەققىياتى، جىسمانىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشى، جەمئىيەت بىلەن ئارىلىشىشى، مەكتەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلە مۇناسىۋەتلىرىدە دەۋر خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ. ئۆي - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن، پەرزەنتلەر ھاياتىدىكى يەنە بىر مۇھىم بۇرۇلۇش دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. دەسلەپكى تەلىم - تەربىيە باسقۇچىدا ئاساسەن بېقىش بىلەن تەربىيىلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، تەربىيە ئۇسۇلىدا تەسىر كۆرسىتىش بىلەن ئادەتلەندۈرۈش ئاساس بولىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە باللار يېرىم ئائىلە، يېرىم جەمئىيەت ئىلكىدە بولغان بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئەقلىي، جىسمانىي تەربىيىگە ۋە ئەدەپ - ئەخلاق تەربىيىسىگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە، ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە ئادەتلەندۈرۈش بىلەن نەسىھەت قىلىش ماسلاشتۇرۇلىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا پەرزەنتلەر يېتەكلەشنى، تۇرمۇشنى چۈشىنىشنى بەكرەك تەقەززا قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە باللار جەمئىيەتنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاتا - ئانىلار تېخىمۇ سەگەك بولۇشى، باللارغا سىڭگەن ياخشى - يامان تەسىرلەرنى كۆزىتىپ تۇرۇشى، يامان تەسىرلەرنى نەسىھەت قىلىش، چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق تازىلىشى لازىم بولىدۇ. قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، باللاردا ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە تەمەننا قويۇش خاھىشى ئېغىرراق بولىدۇ. ئەمما ئۇلار تېخى پىشىپ يېتىلمىگەچكە، تۇرمۇشقا ھېسسىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەۋەسكە كۆپرەك بېرىلىدۇ. شۇڭا، بۇ ۋاقىتتا پەرزەنتلەرگە داۋاملىق تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىدىن تەربىيە بېرىپ، ھاياتنى چۈشىنىشى ۋە پىشىپ يېتىلىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئاخىرقى تولۇقلىما تەربىيە دېگەندە، گەرچە پەرزەنتلەر بۇ چاغدا مۇستەقىل ياشاشقا باشلىغان،

تۇرمۇشتا پىشقان، يېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئائىلە مۇناسىۋىتى، كىشىلىك مۇناسىۋەت، خىزمەت مۇناسىۋىتى ۋە مەنپەئەت مۇناسىۋىتى جەريانىدا ناھايىتى كۆپ زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايدۇ، چۈشكۈنلىشىش ئىپادىلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇ چاغدا يەنىلا ئاتا - ئانىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ پەرزەنتلەرگە توغرا نەسىھەت، ياخشى مەسلىھەتلەرنى قىلىپ ئۇلارنى يېتەكلەش تەقەززاسى تۇغۇلىدۇ.

ئومۇمەن، بۇنداق باسقۇچلارنى ھەرقانداق بىر ئاتا - ئانا ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ، ئۇلار پەرزەنتلەرنى قانداق شارائىتتا قانداق يېتەكلەشنىڭ لازىملىقىنى بىلىدۇ. بىز پەقەت پەرزەنت تەربىيىسىدە ھەرقانداق بىر ئاتا - ئانا دۇچ كېلىۋاتقان ئومۇمراق ۋە خاراكتېرلىكراق مەسىلىلەر ھەققىدە توختالدۇق. مەقسەت، ئاتا - ئانىلار بىلەن ئەنئەنىۋى پەرزەنت تەربىيىسى بىلەن ئىلمىي پەرزەنت تەربىيىسىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۈستىمىزدىكى مەسئۇلىيەت ھەققىدە ئورتاق كېڭىشىش.

# ئىككىنچى باب پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ دەسلەپكى ئامىللىرى

قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ.

— ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

سىز ئادەمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى ۋە قۇدرىتىنى چۈشىنەمسىز؟ مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن ئادەم بىلەن تەربىيە كۆرمىگەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ قانچىلىك زور بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانمۇ؟

ئادەم — غايەت قۇدرەتلىك كۈچ، بۇ دۇنيانىڭ روھى ۋە بېزىكى. ئۇ ئەقلىي بۈيۈكلۈكى بىلەنلا دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلاردىن يۇقىرى تۇرىدۇ. دۇنيا پەقەت ئادەم بىلەنلا گۈزەللىشەلەيدۇ ۋە ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا يۈز بەرگەن بارلىق مۆجىزىلەر، بارلىق ئىختىرالار ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۈكسىلىشلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسان ئەقلىنىڭ كامالىتى.

ئەلىشىر نەۋائىي ئىنسان ئەقلىنىڭ قۇدرىتىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق بايان بەرگەن:

«ھېكمەت دۇنياسىنىڭ غەۋۋاسى ماڭا گۆھەر مەسەللىك مۇنداق بىر ھېكمەتنى ئېيتىپ بەردى:

بىر دەريادا نۇرغۇن بېلىقلار توپى بار ئىدى. ئۇلار ھەمىشە سۇ ئىچىش ئۈچۈن تەشنا بولۇپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار سۇغا ئېرىشىشنىڭ ئارزۇسىدا: سۇنىڭ رەڭگى ۋە تەمى قانداقتۇر؟ ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىنى بەكمۇ كۆرگىمىز بار، دېيىشەتتى. ھەممە بېلىقلارنىڭ جىسمى ئاشۇ ئارزۇ -

ئارمان ئوتلىرىدا كۆيەتتى - يۇ، لېكىن ھېچبىرى سۇغا ئېرىشكەندەك ئەمەس ئىدى. ئاخىر بىر بېلىق ئۆكۈنگەن ھالدا: دېڭىز دولقۇنىدا بىر چوڭ ياشلىق لەھەڭ بار، ئۇمىدىم شۇكى، ئۇ بىزگە سۇ بار جاينى ئېيتىپ بېرىپ، بىزنىڭ مۇشكۇللىرىمىزنى ئاسان قىلغۇسى، دېدى. بېلىقلار سۇغا يېتىش ئارزۇسىدا كۆلدىن دېڭىز تەرەپكە قاراپ يول ئالدى، ئۇلار دولقۇن ئەتراپىغا يېقىنلىغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى پىرقىراۋاتقان پەلەكتەك قاينامنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۇ يەردىكى دولقۇن ۋە قاينامنىڭ تىك كۆتۈرۈلۈشلىرى سەۋەبلىك، بېلىقلار تەرەپ - تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى. شۇ چاغدا ھېلىقى لەھەڭ پەيدا بولۇپ، بۇ يەردىكى بىر - بىرىدىن جۇدا بولغان بېلىقلارنى يالماپ يۇتۇپ، قورسىقىغا تىقتى. بېلىقلار شۇ چاغدىلا ئاندىن ئىلگىرى ئۆز ئۆمرىنىڭ پۇتۇنلەي سۇ ئىچىدە ئۆتكەنلىكىنى بىلدى، لېكىن ھەسرەت - نادامەت كار قىلمىدى.»

— شۇنى بىلگىنكى، — دەيدۇ نەۋائىي يۇقىرىقى مىسالدىن كېيىن، — «ھەربىر ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا بىر يوشۇرۇن خەزىنە بار. سېنىڭ تەبىئىتىڭ ئۆزۈڭدىكى بۇ خەزىنىنى بىلىشكە ئاجىزدۇر. ئۇ خەزىنە سەندە پىنھان ئەمەس، بەلكى سەن ئۇ خەزىنە ئىچىدە يوقالغاندۇرسەن. لېكىن نادانلىقىڭ تۇپەيلىدىن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ چۈشىنەلمەيسەن. سەن ئاجايىپ - غارايىباتلارغا يول تاپمەن دەپ ئارزۇ قىلىسەن؟! ئاگاھ بولغىنكى، ئاجايىپ - غارايىباتلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭدە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بىلگىن - دە، توغرا يولغا قەدەم قويغىن، ئۇنداق قىلماي كېيىن نادامەت چەككىنىڭ بىھۇدە.»

شۇنداق، ھەممە نەرسىنى ئارىيەت ئالغىلى ۋە ئۆگەنگىلى بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئەقىلنى ئارىيەت ئالغىلى ۋە ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەقىل ئىنساندىكى تەبىئىي، لېكىن يوشۇرۇن خەزىنە. بۇ خەزىنىنى پەقەت تەربىيىلىنىش ئارقىلىقلا ئاچقىلى ھەم ئۇنىڭ قۇدرىتىدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ. بۇ سۆزىمىزنى يەنىلا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرى بىلەن تولۇقلايمىز:

«ئىسكەندەر، ئەرەستۇدىن:

— ئىنسان پۈتكۈل مەخلۇقلاردىن شەرەپلىك ۋە ئەلادۇر. چۈنكى ئۇنىڭ زاتى ۋۇجۇدىدا تەڭرىنىڭ سىرلىرى يوشۇرۇنغاندۇر. بىراق نۇردىن ئىنسانىنىڭ كۆزى روشەنلەشمىگەن بولغاچقا ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدىكى خەزىنىلەرنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇنى بىلمەيدۇ. شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن ماھىيەت جەھەتتە ئىنسانلار يەنىلا باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ؟

— دەپ سورىدى.

— ئىنسان ئەگەر ئىزدىنىدىغان بولسا، ھەرقانداق نەرسىنىڭ تېگى-ماھىيىتىگە يېتەلەيدۇ، — دېدى ئەرەستو جاۋاب بېرىپ، — شۇڭا ئۇ باشقا مەخلۇقلاردىن ئەزىز ۋە شەرەپلىك. ئەمما باشقا ھايۋانلار مۇنداق سۈپەتلەردىن خالىيدۇر. بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنغان سىرلار پۈتكۈل جاھان ئەھلىنىڭ بىلەلەيدىغانلىرىدىنمۇ كۆپرەكتۇر. بىراق كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ھەققىدە بىلەلىگىنىنى بىلىدۇ، بىلەلمىگىنى توغرىسىدا ئارتۇقچە ئىزدەنمەيدۇ. ئىنسانلار گەرچە ئۆزىنى ئوبدان بىلمىسىمۇ، لېكىن تاشقى دۇنيا ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىكى بىلىمىمۇ ئۇلارنى باشقا جانلىقلاردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدۇ. ئېرىشەلمەسلىك شىددىتى ۋە تەلەپكارلىق رەنج - مۇشەققەتلىرى ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن ئەزىز ۋە شەۋكەتلىك بولۇشىغا سەۋەب بولغان. چۈنكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئارزۇ - ئىستەكلىرى ۋە ئىنتىلىشلىرى تېپىلغۇسىز گۆھەردۇر.»

ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنى ئىسپاتلىغان، ئادەم ئەقلىنىڭ فۇنكسىيىسى بولغان مېڭىنىڭ ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىش ۋە ساقلاش ئىقتىدارى بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئامېرىكىلىق بىر پسىخولوگنىڭ قارىشىچە، ئادەم مېڭىسى ئامېرىكا دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلارنىڭ 50 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدىغان ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىش ۋە ساقلاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن.

رېئال تۇرمۇش بىزگە يەنە شۇنداق بىر سېلىشتۇرمىنى بېرىدۇكى، كىشىلىك جەمئىيەتتە ئىقتىدارلىق، ئەقىللىق ئادەم بىلەن ئىقتىدارسىز، ئەقىلسىز ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بولىدۇ. يۇسۇپ خاس

ھاجىپ بۇ خىل پەرقنى: ئەقلى يېتىلمىگەن مىڭ ئادەم ئەقلى يېتىلگەن قابىلىيەتلىك بىر ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلالمايدۇ، شۇڭا ئەقىللىق ئادەم بىلەن ئەقىلسىز ئادەم تىرىك بىلەن ئۆلۈكتەك پەرقتە ئىگە، دېگەن.

ھۆرمەتلىك ئاتا - ئانىلارغا ئادەم توغرىسىدا ئەسكەرتمە بېرىشىمىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ چۈشەنچىلەر بىزگە پەرزەنت تەربىيىلەشتە ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىل بولىقىنى ئېچىشتا، ئۇلارنى ھەقىقىي ئادەملىك ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىشىمىزدا قانچىلىك زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئەگەر بىز پەرزەنت تەربىيىسىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلمىسەك، پەرزەنتلىرىمىز سەئىدى:

ئۆز - ئۆزۈمگە مەن يېقىن، دوستۇم ئۆزۈمدىنمۇ يېقىن،
شۇنىسى قىزىق ۋە لېكىن مەن ئۇنىڭدىن بەك يىراق؛
نە قىلاي، كىملەرگە ئېيتاي ئۇشبۇ ھالىمنى كۆرۈڭ:
يار قۇچاغىدا تۇرۇپ، ھىجراندا يۈرگەيمەن يىراق!

دېگەندەك ئەھۋالدا ئەڭ زور مەھرۇملۇقلار ئىچىدە ھاياتىنى ئۆتكۈزۈشكە مەھكۇم بولىدۇ. ئەقىل بىھۇدىچىلىكىدىنمۇ ئارتۇق يوقىتىش بولماس!

## 1. پەرزەنت تەربىيىسى ئۆزىمىزنى تاكامۇللاشتۇرۇشتىن باشلىنىدۇ

ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق.
— ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

ئىلىم - پەن يۈكسەك تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى دەۋردە، ئىنسانلار پەرزەنتلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، سۈپەتلىك، تالانتلىق، يارامىلىق پەرزەنتلەرنى دۇنياغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈزۈلۈكسىز ئىزدەنمەكتە. قانۇنىيەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، قانداق ئۇرۇق سېلىنسا شۇنداق مېۋە

بېرىدۇ. ياخشى مەھسۇلاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇقنىڭ سورتىنى ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئادەم نەسلىمۇ ھەرگىز بۇ قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ ئىرسىيەت مەسىلىسىگە، يەنى ئەسلى نەسلىگە تارتىش قانۇنىيىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. شۇڭا پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە پسخىك خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ نىسپىي ھالدا ئاتا - ئانىسىنى تارتىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئادەم تاللاشتا ئەسلىي ئۇرۇققا قاراش كېرەك، ئۇرۇق ساپ بولسا پەرزەنت ياراملىق بولىدۇ، ئۇرۇق ياخشى بولمىغان پەرزەنتتىن ۋاپا كەلمەيدۇ، دەپ قارىغان. پسخىك ئوخشاشلىق چىراي - شەكلى، بوي - تۇرقى، يۈرۈش - تۇرۇشىدىكىگە ئوخشاش روشەن كۆرۈنۈپ تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى بايقىماق ئاسان ئەمەس. رېئال تۇرمۇشتىن قارىغاندا، ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتىكى سېلىشتۇرمىدا پەرزەنتلەرنىڭ تۇنجىسى، يەنى ئەر - ئايال ياش، گۆدەك، ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە جىسمانىيىتى تېخى تولۇق يېتىلمىگەن مەزگىلدە تۇغۇلغان باللار بىلەن ئۈچىنچى پەرزەنت، يەنى ئاتا - ئانىلار تولۇق يېتىلگەن، ئەقلى توشقان، تۇرمۇش تەجرىبىسى موللاشقان چاغدا كۆرگەن پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى كەنجى ئوغۇلنىڭ، ئالدىدىكى ئىككى ئاكىسىغا قارىغاندا ئەقىللىق ۋە قابىلىيەتلىك بولىدىغانلىقىنىڭمۇ مەلۇم ئىلمىي ئاساسى بار.

ئىككىنچى نۇقتىدىن قارىغاندا، ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، تەربىيە كۆرگەن ئاتا - ئانىلاردىن تۇغۇلغان باللار بىلەن تەربىيىلەنمىگەن، دۆت، نادان، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن ئاتا - ئانىلاردىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىدا بەلگىلىك پەرق بولىدۇ.

ئۈچىنچى نۇقتىدىن كۆزەتكەندە، ئەر - خوتۇننىڭ مۇھەببىتى، شۇ چاغدىكى روھىي كەيپىياتى، روھىي جەھەتتىكى ساغلاملىقى، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، بىر - بىرىگە بولغان ئىنتىلىش ۋە تەقەززالىق قاتارلىق ئامىللارمۇ پەرزەنتلەرنىڭ تۇغما مىجەز - خاراكتېرىگە زور تەسىر

كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتىمۇ مەخسۇس بۇ تېمىغا مۇراجىئەت قىلىنغان كىتابلاردا ياخشى ئىسپاتلىنىپ كۆرسىتىلگەن.

## شاھتىن تۆرەلگەن يارامسىز ئوغۇل

بىر ئەقىللىق پادىشاھ ناھايىتى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانىكەن. نۇرغۇن تېۋىپلارمۇ داۋا قىلالماپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ شەھەرگە بىر تېۋىپ كېلىپ شاھنى دورىسىز داۋالاپ ساقايتىپتۇ. بىر كۈنى شاھ ھېلىقى تېۋىپنى يەنە چاقىرتىپ:

— نۇرغۇن تېۋىپلار تاپالمىغان دەردلىرىمدىن مېنى سەن قۇتۇلدۇردۇڭ، ئەمما مېنىڭ قەلبىمدە يەنە بىر دەرد باركى، ئۇنىڭ دەستىدىن كېچىلىرى ئۇخلىيالمايمەن، ئوغلۇمنىڭ قىلغان قىلمىشلىرىدىن يۈرىكىمگە ئورنىغان داغ ھېچ يوقىمىدى. ناھايەتكى، ماڭا ئوخشاش بىر پادىشاھنىڭ پۇشتىدىن يارىماس ۋە يۈزسىز پەرزەنتنىڭ تۇغۇلغىنى نېمىسى؟

— ئوغۇللىرى پادىشاھلىق تەختىنى ئىگىلىمەك ئۈچۈن سىلىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. سىلى ئۇنى زىندانغا تاشلىدىلا، ھەقىقەتتىنى ئېيتقاندا، بۇ چوڭ مۇسىبەتنىڭ سەۋەبچىسى ئۆزلىرى.

— بۇنداق سۆزنى قىلىشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ قايسى ئاتا ئوغلىنى يىرگىنچلىك يولغا باشلايدۇ؟ — دەپ كايىپتۇ پادىشاھ.

— مەسلىنىڭ باشقا تەرىپىنى نەزەردە تۇتۇۋاتىمەن شاھىم. گەپنى يىراقتىن باشلايلى، شۇ چاغدا ھەممىنى ئاسان چۈشىنىلا. مەلۇمكى، كۆكتاتلاردىن، ھەر تۈرلۈك زىرائەتلەردىن ۋە مېۋىلىك دەرەخلەردىن ياخشى ھەم مول ھوسۇل ئېلىش ئۇرۇقلارنىڭ سۈپىتىگە باغلىق. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭمۇ نەسلىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى كۆپ جەھەتتە پەرزەنت يۈزى كۆرۈۋاتقان كىشىنىڭ شەھۋەت چىقىرىۋاتقان چاغدىكى روھىي ھالىتىگىمۇ بېرىپ تاقىلىدۇ. ئادەم بىرەر دەردكە (كېسەلگە) دۇچار بولغاندا، بۇ ئەھۋال قان ۋە سۈيدۈكتە مەلۇم بولغاندەك، ئادەمنىڭ مىجەزى، مەنىۋى ۋە ماددىي ھالىتى شەھۋەتنىڭ سۈپىتىگە تەسىر قىلىدۇ. شەھۋەتنىڭ سۈپىتى كەيپىيات ۋە شارائىتقا قاراپ بىر - بىرىگە ئوخشاشمىغان خۇسۇسىيەت بىلەن شەكىللىنىدۇ. شۇڭا بىر ئاتا - ئانىدىن

تۇغۇلغان پەرزەنتلەرنىڭ ئەقىل - ئىدراكى، بوي - تۇرقى ۋە مىجەزى جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۆزلىرى پۇقرالاردىنمۇ كۆپرەك بىلىدۇ. بىر ۋاقىتتا ۋە بىر خىلدىكى شەھۋەتتىن تۇغۇلغان قوشكېزەك باللارلا كۆپ ھاللاردا بىر - بىرىگە بەكرەك ئوخشاش بولىدۇ.

— پاكىتلىرىڭىزغۇ قايىل قىلارلىق، بىراق بۇنىڭ ماڭا ۋە ھازىر ساڭا ئېيتقان دەرد - ھەسرىتىمگە نېمە ئالاقىسى بار؟

— شاھىم، بۇنىڭ چوڭ ئالاقىسى بار. ئېيتقىنىمدەك، ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر، غەزەپ - نەپرەت، يۈرەكسىزلىك، قالاقلىق، بىلىمسىزلىك نەسلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئوغۇللىرىنىڭ قورساقتا قارار تاپقان ۋاقتىنى ئەسلەپ كۆرسىلە. شۇ چاغدا سىلى تاغىلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، تەخت ئىگىلىدىلە، بۇ قاتىللىق كەيپىيات خوتۇنلىرى بىلەن بىللە ياتقان پەيتتىكى شەھۋەت ئارقىلىق بولغۇسى پەرزەنتلىرىگە ئۆتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغۇللىرىمۇ سىلىگە ئوخشاش قاتىللىق يولى بىلەن تەختنى ئىگىلىمەكچى بولغان.

— تېۋىپ، بۇ قاملاشمىغان گەپ! مېنى كولدۇرلىتىپ، مەسخىرە قىلىۋاتقان ئوخشايسەن؟

— ياق ئالىيلىرى، — دەپ يەنە بىر مىسال كەلتۈرۈپتۇ تېۋىپ، — بىر قىمارۋاز چايخانىدا ئۈلپەتلىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ ئولتۇرغاندا، قوشنىسى ئالاقزادە بولغان ھالدا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۆيىڭىزگە تېزرەك بېرىڭ، ئوغلىڭىز ئىككى كىشىگە پىچاق تىقىۋەتتى، دەپ خەۋەر قىپتۇ. قىمارۋاز پەرۋا قىلمىغان ھالدا:

— ئوغلۇمنىڭ بۇنداق ئىشنى قىلىشى تەبىئىي، چۈنكى مەن ئۆزۈم ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئۆيۈمگە كەلگەن كۈنۈم خوتۇنۇم ئوغلۇمغا ھامىلدار بولغانىدى ··· شۇ چاغدىكى مېنىڭدىكى قاتىللىق ھېسسىيات شەھۋەت ئارقىلىق بالىمىزغا ئۆتكەن، — دەپتۇ.

— تېۋىپ، بىر - ئىككى مىسال ئارقىلىق ھۆكۈم - خۇلاسە چىقىرىش ئانچە توغرا ئەمەس، — دەپتۇ پادشاھ.

— مېنىڭ ئالدىمغا يېقىندا بىر ئادەم ئوغلىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ بالا

ئورۇق، قورقۇنچاق، تارتىنچاق ۋە كۆرۈمسىز ئىدى. ئۇ كىشىدىن بالىنىڭ قانداق شارائىتتا تۇغۇلغانلىقىنى سورىدىم. مەلۇم بولۇشىچە، ئانىسى بۇ بالىغا ھامىلدار مەزگىلىدە زامان تولىمۇ تىنچسىز ۋە مالىمان ئىكەن. شەھەر بەزىدە ئۇ خاننىڭ، بەزىدە بۇ خاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ، يۇزلەپ كىشىلەرنىڭ ياستۇقى بوش قالغان. ئەر - خوتۇن ھەممىشە يوقسۇزلۇقتا ياشىغان. بۇ ئەھۋاللار نەسلىگە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئادەمنىڭ بەش پەرزەنتى بولۇپ، ئۇلار مىجەز - خۇلق، قابىلىيەت جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خۇرسەنجان ئىسىملىك ئوغلى ناھايىتى قابىلىيەتلىك، ئەدەپلىك ئىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئوغلى زامان تىنچىغاندا تۇغۇلغانىكەن. ئۇ كىشىنىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم ئامەتتى كېلىپ، خوتۇنى بىلەن بىرگە ساياھەتكە چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپتۇ. ئۇلار ئاجايىپ گۈزەل جايلارنى كۆرۈپتۇ. توي - تۆكۈن تاماشىلىرىدا بولۇپتۇ. سەيلى - ساياھەتلەر قىلىپتۇ. روھىي خاتىرجەملىك، ھۇزۇر - ھالاۋەت ئېغىر كۆڭلەردىكى جاپا - مۇشەققەتلەرنى ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ. نەتىجىدە ئاستا - ئاستا ئەر - خوتۇننىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە مېھرىبانلىقى كۈچىيىپتۇ. مانا شۇنداق ياخشى كەيپىيات ئىچىدە يۈرۈشكەندە خوتۇنى ھامىلدار بوپتۇ ۋە ھېلىقى ئەقىللىق ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. بۇ ئوغۇل خۇرسەنچىلىك ئىچىدە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا خۇرسەنجان دەپ ئىسىم قويۇشقانىكەن.

— ھەي تېۋىپ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ پادىشاھ، — بىر قېتىملىق ساياھەت مەزگىلىدىكى روھىي شادلىق نەتىجىسىدە ياخشى پەرزەنت دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قانچە - قانچە ساياھەتلەردىمۇ بولدۇق. لېكىن، بىزنىڭ پەرزەنتىمىز خۇرسەنجانغا ئوخشىمايدىغۇ؟

— ئى شاھىم، نازۇك بىر مەسىلىگە دىققەت - ئېتىبارلىرىنى بۇرۇشمىغا ئىجازەت بەرگەيلا. گەپ شۇنىڭدىكى، خۇرسەنجاندەك خۇش پېئىل ياخشى ئوغۇل بىر - بىرىنى ھەقىقىي مېھرى بىلەن سۆيىدىغان ئەر-خوتۇندىن دۇنياغا كېلىدۇ. ساياھەت جەريانىدا ئەر - خوتۇنلارنىڭ مۇھەببىتى تېخىمۇ كۈچەيگەن. بۇ ئەر - خوتۇنلار ھەم روھىي جەھەتتە،

ھەم جىسمانىي جەھەتتىن بىر - بىرىگە كۈچلۈك تەلپۈنگەن، بىر - بىرىنى تولدۇرغان. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ نەسلى ھەم تولۇق، ھەم سۈپەتلىك بولغان. سىلىنىڭ ئوغۇللىرى ھامىلە بولغان پەيتلەردە سىلەر ئەر - خوتۇندا ئەنە شۇنداق سەمىمىي مۇھەببەت ۋە كۆيۈمچانلىق بولمىغاندەك قىلىدۇ.

— بۇنداق دېيىشكە قانداقمۇ تىلىڭ باردى؟ بىر - بىرىمىزنى سۆيىمىز، — دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ شاھ.

— شاھىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا، توغرا، دەسلەپ شۇنداق بولغانتى. كېيىن ئەھۋال ئۆزگەرگەن. ئۆزلىرى ئويلاپ كۆرسىلە، سىلى ھەرەملىرىدىكى گۈزەل كېنىزەكلەر بىلەن مەئىشەت قىلغان تۇرۇقلۇق قانداق قىلىپ خوتۇنۇمنى سۆيىمەن دېيەلەيدىلا؟ خوتۇنلىرىنىڭمۇ سىلىنى سۆيمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل، بولمىسا خوتۇنلىرىدىن سوراپ باققايلا.

شاھ خوتۇنىدىن سەمىمىي جاۋاب بېرىشنى ئۆتۈنۈپ سوراپتۇ:

— مېنى سۆيەمسەن؟ يوشۇرماي راستلىق بىلەن جاۋاب بەرگىن.

— بولىدۇ، مەن ئېيتاي، سىلى بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويغاندا مۇھەببىتىم ئوتىدىن ئۆزۈممۇ قورققاندىم. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي مۇھەببىتىمنى ھەرەمدىكىلەرگە ئاياغ ئاستى قىلىپ بەردىلە. مۇھەببىتىمنىڭ يالقۇنىدا ئىسسىنىشقا ئۈلگۈرمەيلا، ئۇنىڭ تۈتۈنى كۆزۈمنى كور قىلدى، پادىشاھىم. ئەمما مەن سىلى سوراۋاتقان يۇرتنىڭ بىر قۇلىمەن، گەرچە سىلى خانىش دەپ ئاتاپ كەلگەن بولسىلىمۇ، سىلىگە بولغان مۇھەببىتىم ئەمەس، نەپرىتىم ئۇچۇن سىلى مېنى دارغا ئېسىشقا ھەقلىق.

بۇ ساۋاقتىن پادىشاھ شۇنچە قايىل بوپتۇ ۋە:

— مەن مۇشۇ كۈنگىچە كۆپلىگەن ھايات سىرلىرىدىن خەۋەرسىز بولغىنىمدەك، خوتۇنۇمنىڭ نەپرىتىدىن خەۋەرسىز ئىكەنمەن، ئەپسۇس، — دەپتۇ.

— بۇ بىز چۈشەنگەن ۋە چۈشىنىپ بولالمىغان پانىي دۇنيا، شاھىم. سەۋر - تاقەتلىك، قانائەتچان ئاياللار ئاز ئەمەس. ئۇلار ئائىلىنىڭ

مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئەرلىرىنىڭ ناتوغرا ھەرىكەتلىرىنى بىلسىمۇ بىلمەسلىككە سالىدۇ، كۆڭلىدىكى نارازىلىقلىرىنى مەخپىي تۇتىدۇ. ئۇلارغا سادىق بولۇش، ئىززەت - ھۆرمەت بىلدۈرۈش، كۆڭۈللىرىنى ئېلىش ۋە ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ھەربىر ئەر كىشىنىڭ بۇرچىدۇر. شۇ چاغدا ئاندىن خوتۇن كىشىدە ئەرگە بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت جۇش ئۇرىدۇ. ئائىلىنىڭ ئېرىگە بولغان مۇھەببىتى كۈچەيگەن پەيتتە تۇغۇلغان بالىنىڭ تەبىئىتىدە ئاتا - ئانىغا بولغان مېھرىبانلىقمۇ كۈچلۈك بولىدۇ ۋە ئاتا - ئانىنى قەدىرلەيدىغان بالا بولىدۇ. تۇغما خۇسۇسىيەتلەر مەيلى ئىجابىي بولۇشىدىن، مەيلى سەلبىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق شارائىتتا دۇچ كەلسىمۇ، كۆپ ھاللاردا ئەسلىي ماھىيىتىدىن ئۆزگەرمەيدۇ. شۇنداقمۇ كىشىلەر بولغانكى، ياشلىقىدا قۇل ياكى كەمبەغەل بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا چوڭ ئەمەلدار ۋە دۆلەتمەن بولۇپ داڭ چىقارغان. شارائىتنىڭ يوقلۇقىدىن ساۋاتسىز قالغان ئاددىي كىشىلەر ئارىسىدىنمۇ داڭلىق شەخسلەر چىققان. بەزىلەر زىيالىي ئائىلىدىن، يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان تۇرۇقلۇق ئۆزىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى تۈپەيلى ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. ئۆز تەبىئىتىگە نىسبەتەن ئىرادىسى بىر قەدەر كۈچلۈك قىسمەن كىشىلەر تۇغما نۇقسانلىرىنى زورىغا سىر تۇتۇشى مۇمكىن. بىراق ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭ بۇ نۇقسانلىرى ئىختىيارسىز ھالدا پارتلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ خىلدىكى ئادەملەر ئۈستىدىن: «بۇنچىلىك ناچار، يامان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەجەبمۇ بىلمەي يۈرگەنىكەنمىز» ، دېيىشىدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ تۇغما نۇقسانلىرى ھەسەتخورلۇق، جاھىللىق، كۆرەلمەسلىك، ئاچ كۆزلۈك، زىناخورلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، مەنسەپپەرەسلىك، شەپقەتسىزلىك، قورقۇنچاقلىق، خۇشامەتچىلىك، ھىيلىگەرلىك ۋە باشقا سەلبىي ئامىللار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ناچار ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بىرلا ئادەمدە بولۇشى ناتايىن، بولغان تەقدىردىمۇ بىر - ئىككى خىل ئالامەت مەلۇم بولۇپ قالىدۇ. ياخشى خىسلەتلەردىن پاراسەتلىك، جاسارەتلىك، سېخىيلىق، مېھرىبانلىق، ئىنساپلىق، تەدبىرلىك، ھوشيارلىق، مېھماندوستلۇق،

خۇش مۇئامىلىلىك قاتارلىق پەزىلەتلەرمۇ ھالقىلىق پەيتلەردە ئىپادىلىنىدۇ ۋە سىنىلىدۇ. پەرزەنتلەردە بۇنداق ئىجابىي خىسلەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى، راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كۆرۈش، پۇراش، ئاڭلاش، تەبىئىي ۋە مەنىۋى ئوزۇقلىنىش ۋە زوقلىنىشنى بىلىش قاتارلىقلارنىڭ رولىنىڭ چوڭلۇقىنى ئەلۋەتتە بىلىمىز شاھىم، — دەپ سۆزىنى خۇلاسىلەپتۇ تېۋىپ.

يۇقىرىقى بايانلارنىڭ ئىلمىي ئاساسى خېلى چوڭقۇر. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا توپلىغان رېئال تۇرمۇش پاكىتلىرىنىڭ خۇلاسىسى. شۇنداق ئىكەن، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، پاراسەتلىك، ئەدەپ - قائىدىلىك، مېھرىبان، جۈرئەتلىك ئادەم بولۇشى ئۈچۈن ئۆزى قانداق جىسمانىي ۋە مەنىۋى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك؟

بىرىنچىدىن، ئاتا - ئانىلار ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن كەلگۈسىنىڭ ئاتا - ئانىلىرى كىچىكىدىن باشلاپلا ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشى، كاللىسىنى ئىلىم - پەن بىلىملىرى، تۇرمۇش چۈشەنچىلىرى بىلەن قوراللاندۇرۇشى، تەپەككۇرىنى چېنىقتۇرۇشى كېرەك. ئىمكان بار مۇنتىزىم ئوقۇپ پىسخىك تەرەققىياتىدا يۇكسىلىشنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. پىسخىك ساپاسى ساغلام، ئىلىم-پەن بىلەن كاللىسىنى قوراللاندۇرغان، ھەق - ناھەقنى، ياخشى - ياماننى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى يۇقىرى ئاتا - ئانىلاردىن تۆرەلگەن پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى ۋە مىجەز - خۇلقى بىلەن بىلىمسىز، نادان، ھايات توغرىسىدا تولۇق ئۇقۇمى يوق، پىسخىك تەرەققىياتى ۋە جىسمانىي ساپاسى تولۇق يېتىلمىگەن، يەپ - ئىچىشنىلا بىلىدىغان، قورسىقىنى تويغۇزۇپ كۈن ئۆتكۈزسىلا قانائەت قىلىدىغان ئاتا - ئانىلاردىن تۆرەلگەن پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى ۋە قابىلىيەت جەھەتتىكى پەرقى خېلى گەۋدىلىك بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتمىگەندىمۇ، لېكىن ياخشى، ساپالىق ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلمىسىمۇ، تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ساپاسىز،

ناچار ئائىلىنىڭ بالىلىرىنى تەربىيىلەشكە ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىرسىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى خاراكتېرلىك ۋە يامان خاراكتېرلىك بولۇشىدا ئاتا - ئانىلارنىڭ خاراكتېرى پەرزەنتلەرگە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە تەسىر قالدۇرىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. ئىرسىيەت مەسىلىسىدە يەنە مۇنداق بىر تېپىك ھېكايىنى مىسال ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## تېگىشىلگەن بالىلارنىڭ ھېكايىسى

بىر پادىشاھنىڭ تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن ئوغلى ئوردا ناۋايخانىسىغا تولا بارىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ.

— ئاشۇ يەرگە بىر بېرىۋالسام كەيپىياتىم بەكمۇ ياخشىلىنىدۇ، باشقا ۋاقىتتا ئۆزۈمنى بەكمۇ پەرىشان، روھسىز ھېس قىلىمەن، — دەپتۇ ئوغلىمۇ. پادىشاھ «ئوغلۇم بىرەر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، مەشھۇر تېۋىپلارغا كۆرسەتكەن بولسىمۇ ھېچ بىر ئۈنۈمى بولماپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بىر دانىشمەن پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا، مەن ئۆز پىكرىمنى ئېيتسام، مېنىڭچە ئوغلىلىرىنىڭ ئانا جەھەتتىن بىرەرسى ناۋايلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئاننىڭ پۇرىقىدىن ھوزۇرلىنىش ئوغلىلىرىغا قاندىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن.

پادىشاھ دانىشمەنىنىڭ بۇ سۆزىدىن غەزەپكە كەپتۇ ۋە بۇ سۆزگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي تېڭىرقاپ قاپتۇ. ئاخىرى دانىشمەنىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن خوتۇنىدىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئارىسىدا ناۋاينىڭ بار - يوقلۇقىنى سورۇشتە قىلغانىكەن، خوتۇنى:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىپ، گۇناھىمدىن ئۆتكەيلا، ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، كۆپ يىللاردىن بېرى تەخت ۋارىسىنىڭ يوقلۇقىدىن تولىمۇ قايغۇرغانتىلە، خۇدايىتائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن يەنىلا قىز تۇغقانتىم. ئالەم كۆزۈمگە قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈندى. شۇ چاغدا قىزىمغا تۇغۇت ئانىسى بولغان موماينىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىپ، دەل شۇ كۈنى ناۋاينىڭ خوتۇنىنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا قىزىمىزنى ئالماشتۇرۇشنى ئېيتتى.

باشقا ئىلاجىم بولمىغانلىقتىن، تەختنىڭ كېيىنكى ۋارىسىنىڭ غېمىدە، سىرنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىق شەرتى بىلەن بىر خالتا تىللا بېرىپ بالىنى ئالماشتۇردۇم. ئالدىلىرىدا تۇرغان ناۋاينىڭ ئوغلى شەخسەن شاھنىڭ تەربىيىسىدە يۈكسەك ئەدەپ - ئەخلاقتا ئىگە بولۇپ ئۆستى. ھەممە گەپ مانا شۇ، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ خانىش.

پادىشاھ بىردەم خىيالغا چۆمۈپ، ئاندىن مۇنداق دەپتۇ:

— تەخت، دۆلىتىمىزنى شۇنچىلىك ئويلىغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا رەھمەت. ئەمدى بولىدىغان ئىش بولدى. ھەقىقەتەنمۇ ئوغلىمىز ھەر جەھەتتىن ماختاشقا ئەرزىيدۇ. خۇدايىتائالا بۇ ئوغۇلنىڭ پېشانىسىگە ھۆكۈمدارلىقنى يازغانىكەن. خانىدانىمىزدا ئۇ ۋايىغا يەتتى. مەن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي ئوغلۇم ۋە مىراسخورۇم، دەپ ھېسابلايمەن.

ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھ تەختتىن ۋاز كېچىپ، ئوغلىنى مەملىكەتكە ھۆكۈمدار دەپ ئېلان قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ ھۆكۈمدار خۇمارى تۇتقاندا ئىسسىق ناننى پۇراشنى ۋە ئۇنىڭغا قاراشنى تاشلىماپتۇ.

رىۋايەت پاكىتلارمۇ بىزگە شۇنى تەۋسىيە قىلىدۇكى، ئىرسىيەت بىلەن تەلىم - تەربىيىنىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلاپ بىر گەۋدىلىشىشى پەرزەنتلىرىمىزدىن بۈيۈك شەخسلەرنىڭ چىقىشىغا ئاساس بولىدۇ. ھۈنەرنىڭ ۋە باشقا قابىلىيەتنىڭ ئاتىدىن بالىغا ئىرسىيەت ئارقىلىق مىراس قالدۇرۇلغانلىقىنى ئۇيغۇرلار «ئۇدۇم قالغان» دەپ ئاتايدۇ.

رىۋايەت پاكىتلاردىن يەنە بىر قىزىقارلىق مىسال ئېلىپ ئۆتەيلى:

كىلار سېرۋىيە ئىسىملىك بىر ئۇسسۇلچى يۈرەك، ئۆپكە كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغان. ئۇنىڭغا قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىغان 13 ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنىڭ يۈرىكى بىلەن ئۆپكىسىنى كۆچۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇسسۇلچىنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادىتىدە ئاجايىپ ئۆزگىرىش بولغان. ئۇ ئەزەلدىن پىۋا ئىچمەيدىكەن. ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ئۈچىنچى كۈنى ئۇنىڭ بىرىنچى ئارزۇسى پىۋا ئىچىش بولغان. ئىلگىرى يېيىشنى ياخشى كۆرمەيدىغان يېمەكلىكلەرنى يېگۈسى كېلىدىغان بولغان. بولۇپمۇ توخۇ كاۋىپىغا تولىمۇ ئامراق بولۇپ قالغان. كېيىن مەلۇم

بولغانكى، تىن ئىسسىقلىق ھېلىقى بالا پىۋىغا ۋە توخۇ كاۋىپىغا شۇنداق ئامراق ئىكەنتۇق، ھەتتا ئۆلگەن چاغدا يانچۇقىدىن توخۇ كاۋىپى چىققانىكەن.

بۇنىڭدىن شۇنداق بىر قانۇنىيەتلىك باغلىنىشنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، بىر ـ ئىككى ئەزانىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى بىلەن بىر ئادەمدە شۇنچىلىك زور ئۆزگىرىش بولغان يەردە، بىر پۈتۈن ۋۇجۇدنى، بىر پۈتۈن ئادەمنى پەيدا قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان شەھۋەتنىڭ پەرزەنتكە كۆرسىتىدىغان ئىرسىي تەسىرىنىڭ قانچىلىك زور بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس.

ئىككىنچىدىن، قىز ـ يىگىتلەر جورا تاللاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بىرى، ياخشى، تەربىيە كۆرگەن ئادەمنى تاللاش، ئىككىنچىدىن، ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، ئوقۇمۇشلۇق ئادەمنى تاللاش، ئۈچىنچىدىن، قەددى ـ قامىتى راۋۇرۇس، بېجىرىم ئادەمنى تاللاش، تۆتىنچىدىن، پەزىلەتلىك، خۇش چىراي، ئەدەپلىك ئادەمنى تاللاش كېرەك. XI ئەسىرنىڭ بۈيۈك جەمئىيەتشۇناسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قانداق خوتۇنغا ئۆيلىنىش كېرەك؟» دېگەن نۇقتىدا پىكىر قىلىپ: «ئالدى بىلەن بىلىملىك، ئەقىللىق، تەقۋادار قىزلارنى تاللاش كېرەك. چىرايلا قوغلىشىپ، ئەقىل ـ پاراسەت قوغلاشمىساڭ ئاخىرى ھەممىدىن مەھرۇم بولىسەن» دېگەن. ئۇ يەنە تەجرىبىسىگە ئاساسەن «ئۆزۈڭ قانداق بولساڭ، پەرزەنتىڭ شۇنداق بولىدۇ» دېگەن.

ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياخشى بولمىغان بىر خىل خاھىش پەرزەنتلەرنىڭ سۈپىتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەكتە، بۇنىڭدا ئالاھىدە دىققىتىمىزنى قوزغايدىغان بىر ئىش، ساختا ئانكىت تولدۇرۇپ نەۋرىنى نەۋرىگە چاتىدىغان، ئىلمىي قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلماي، «پېشانىسىدىن كۆرىدۇ» دەپ ئېمىلداشلارنىڭ ئۆزئارا توي قىلىشىغا يول قويىدىغان ئەھۋاللار بار. بۇ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قەستەن زىيانكەشلىك قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىرى، جىسمانىي ساپاغا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. يىگىت پاكار بولسا، ئۆزىدىنمۇ پاكار قىزنى تاللاپ توي قىلىۋاتىدۇ. بۇ

خىل ئەھۋال بارا - بارا مىللەتنىڭ جىسمانىي ساپاسىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ، پاكارلار مىللىتىگە ئايلىنىپ قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئەر - ئاياللار بىرگە بولغان چاغلىرىدا روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىغا دىققەت قىلىشى، بولۇپمۇ بالا ئېلىش ئۈچۈن بىرگە بولغان مەزگىللەردە ئەر - ئايال بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى ۋە كەيپىياتىنى كۆتۈرۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى كېرەك. ئۆزئگە بولغان ھۆرمەت، مېھىر - شەپقەت ۋە سۆيگۈنى كۆرگەن ئايالنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، چىرايى گۈلدەك ئېچىلىدۇ. چىرايى ۋە لەۋلىرىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدۇ. بۇ خىل روھىي كەيپىيات ئەر ئۈچۈنمۇ بەخت ھۇزۇرىنى بېرىدۇ. ئىككى ياشنىڭ ياشناۋاتقان بەخت ھارارىتىدىن پەيدا بولغان پەرزەنتلەر پەرىشتىدەك ئەقىللىق، ئىستېداتلىق، چىرايلىق، مېھرىبان بولۇپ تۇغۇلىدۇ.

ئەر - خوتۇنلار روھىي تەييارلىقسىز، خاتىرجەمسىز ۋە ئەندىشە ئىچىدە پەلپەتىش، پەۋقۇلئاددە ياكى مەست ھالدا ئىش تۇتۇش، ئەر - ئايال بىر - بىرىنىڭ روھىي كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھېسابقا ئالماي زورلۇق بىلەن ئىش تۇتۇش، پەسىللەرنى ياخشى تاللىماي تومۇز ئىسسىقلاردا، قەھرىتان سوغۇقلاردا، ھېرىپ - چارچىغان، روھى سولغۇن، جىسمانىيىتى كېسەل ۋە زەئىپ چاغلاردا ئۆزىنى تۇتماي ئىش تۇتۇش پەرزەنتلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نۇقسانلار بىلەن تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان مۇھىم ئامىللار بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا پەرزەنت كۆرمەكچى بولغان ئادەم ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىش تۇتۇشى، بىر - بىرىگە چىن مېھىر - مۇھەببەت بىلەن سادىق بولۇپ، كۆڭلىنى چىگىدىغان، روھىي زەربە بولىدىغان ئەھۋاللاردىن پەرھىز قىلىپ يارامىلىق پەرزەنت ئۈچۈن ئاساس سېلىشى كېرەك.

## 2. ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىكى كۈتۈنۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

ئاياللار ئۈچۈن ئېيتقاندا، تۇغۇت بىر ئۆلۈپ، بىر تىرىلىش دېگەن گەپ.

— خاتىرەمدىن

پەرزەنتىنىڭ قورساقتا قارار تېپىشى ئەر - خوتۇن مۇھەببىتىنىڭ شېرىن مەھسۇلاتى. بۇ مۆجىزە ئەر - خوتۇننى بىر - بىرىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدىغان، ئەۋلادنى ئەۋلادقا تۇتاشتۇرىدىغان روھىي زەنجىر. بىراق بۇ بالىنىڭ ساغلام، بېجىرىم ھالدا بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىشى ئەر - ئايال ئۈچۈن چوڭ بىر سىناق.

ئاياللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھامىلىدار بولۇپ بوشىنىشقىچە بولغان 9 ئاي، 9 كۈن، 9 سائەت بىر قېتىملىق ھايات - ماماتلىق كۈرەش جەريانى. بۇ، ئانىلارنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىغا قوشىدىغان ئۇلۇغ ئەجرى-مېھنىتىدىن بىرى. ھېچ بولمىغاندا ئانىلار مۇشۇ خالىس تۆھپىسى ئۈچۈنمۇ ھۆرمەتلىنىشكە ۋە قەدىرلىنىشكە ھەقلىق. بىراق ئەرلەر ۋە جەمئىيەت شۇنى ئاڭلىق ھالدا ئېتىراپ قىلىشى كېرەككى، ھامىلىدارلىق مەزگىلى ئاياللارنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە قىل ئۈستىدىكى مەزگىلى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلار ئادەتتىكىدىن بىر ھەسسە كۆپرەك كۈتۈنۈشكە ۋە ھۆرمەتكە موھتاج. چۈنكى ئۇلار بۇ 9 ئايدا يېڭىدىن تۆرەلگەن يېڭى مېھماننى ئۆزىنىڭ قارنى ئارقىلىق تەربىيىلەپ ئۆستۈرىدۇ. بۇ بىر يېڭى پەرزەنتنىڭ مۇكەممەل، ساغلام ئادەم بولۇپ تۇغۇلۇشى ئائىلىنىڭ بەخت - سائادىتى، زېمىننىڭ خۇشاللىقى، شۇ بالىغا نىسبەتەن ياشاشتىن ئىبارەت بىر قېتىملىق ئۇلۇغ پۇرسەتنى بېرىدۇ.

بۇ زېمىنغا يېڭى كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان بۇ ئەزىز مېھماننىڭ تولۇق يېتىلگەن فىزىئولوگىيىلىك ئورگانغا، ئەقىل - پاراسەت ۋە تالانت بالقىپ تۇرغان پسىخىك ئاساسقا ئىگە بولۇپ تۇغۇلۇشى ئۈچۈن ئاتا - ئانىلارنىڭ يەنىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى

ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىكى كۆتۈنۈش يالغۇز ئانىلارنى ئاسراشنىڭ ئېھتىياجى ئەمەس، بەلكى پەرزەنتنىڭ پسىخىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك تەربىيىسىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يەنە بىر تەرەپتىن، بوۋاقلارنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تەلىم - تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈمىنى ناھايىتى ياخشى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. «تۇغما تالانت» دېگەن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ تولۇق يېتىلگەنلىكى بىلەن قورساقتىكى مەزگىلدىكى تەربىيىنىڭ ئۆلچەملىك بولۇشىدىن ھاسىل بولغان مۇكەممەللىكنىڭ نەتىجىسى. شورلۇق يەرگە تىكىلگەن دەرەخ بىلەن چىلان تۇپراققا تىكىلگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى، ياخشى بېقىلغان دەرەخ بىلەن بېقىش تاپمىغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ خىلىلا پەرقلىق بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتنى ھەممە ئاتا - ئانىلار ياخشى بىلىدۇ. گەرچە ئادەم بىلەن دەرەخ ئوخشاشمىغان تەبىئىي جانلىقلار بولسىمۇ، لېكىن ئىككى شەيئى تەقەززا قىلىدىغان قانۇنىيەت ئانچە پەرق قىلمايدۇ. شۇڭا ئانىلارغا ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىكى كۆتۈنۈش ھەققىدە مۇنداق بىرقانچە تەرەپتىن مەسلىھەت بېرىمىز:

بىرىنچى، ئوزۇقلىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

ئاياللار ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە نورمال ۋاقتىدىكىگە قارىغاندا ئوزۇقلۇققا بەكرەك موھتاج بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىلدىكى ئوزۇقلىنىش تەلىپى ۋە ئېھتىياجى ئالاھىدىرەك بولىدۇ. ھامىلىدار بولۇپ 40 كۈندىن كېيىن لەختە قانغا جان كىرىدۇ. دەل مۇشۇ مەزگىلدىن باشلاپ ئاياللار سېزىك بولىدۇ. سېزىكلىكنىڭ ئۆزى قورساقتىكى بوۋاقنىڭ ئوزۇقلۇق تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنىڭ بىر خىل ئىنكاسى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا ئاياللارنىڭ سېزىككە قېنىشى (سېزىكلىكتىن چىقىشى) ئىنتايىن مۇھىم. ئانىلار سېزىكلىككە قانمىغاندا پەرزەنتنىڭ پسىخولوگىيىلىك يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاچ كۆز، تويماس، كۆزى كىچىك بولۇشتەك ئەھۋاللارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. گەرچە يۇقىرىقىدەك قاراشلارنىڭ كونكرېت ئىلمىي ئاساسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ قاراشلار ئۇزۇن يىللىق تەجرىبە - ساۋاقلار جەريانىدا

كىشىلەرنىڭ بىلىشىگە ئايلانغان ئورتاق چۈشەنچە.

ئىلمىي نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، «سۈپەتلىك تۇغۇش» دېگەندە پەرزەنتلەرنىڭ ھامىلە مەزگىلىدىكى يېتىلىشى ناھايىتى مۇھىم. تېببىي ئىلىمنىڭ تەلىپىگە ئاساسلانغاندا، ھامىلىنىڭ نورمال تەرەققىياتى ئاقسىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدىكەن. ھامىلىدار ئاياللار كۈنىگە قوبۇل قىلىدىغان ئاقسىلنىڭ مىقدارى 60g دىن تۆۋەن بولماسلىقى تەلەپ قىلىنىدىكەن. شۇڭا، كالا گۆشى، گۇرۇچ قاتارلىقلاردا ئاقسىل كۆپ بولىدۇ، گۇرۇچتە گەرچە ئاقسىل مىقدارى تۆۋەنرەك بولسىمۇ، لېكىن پايدىلىق تەرىپى %50 - 40 بولىدىكەن. ئانا تېنىگە لازىم بولىدىغان مۇھىم مىنېرال ماددىلارنىڭ بىرى كالتسىي ئىكەن. ھامىلە تۇغۇلۇشنىڭ ئالدىنقى ئېيىدا ئانا تېنىدىن كالتسىي قوبۇل قىلىدىكەن. ئەگەر ئانىدا كالتسىي كەملىك قىلىپ ھامىلە مۇۋاپىق مىقداردا كالتسىي قوبۇل قىلالمىسا، تۇغۇلغان بالىدا راخت - سۆڭەك يۇمشاقلىق كېسىلى پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. شۇڭا ئانىلار بۇ مەزگىلدە ۋىتامىن D كۆپرەك بولغان بېلىققا ئوخشاش يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشى، كۈن نۇرىغا قاقلىنىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك ئىكەن. ئادەتتە ھامىلىدار ئاياللار كۈندە 150 گىرام كالتسىي قوبۇل قىلىشى كېرەك. تۆمۈر ماددىسىمۇ ھامىلىدار ئاياللارغا مۇھىم بولغان ئوزۇقلۇق ماددىدۇر. ھامىلىنىڭ قان ئىشلەشكە بولغان ئېھتىياجى ھەمدە ھامىلىدارلىقنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ھامىلە جىگىرىنىڭ تۆمۈر ماددىسىنى ساقلاش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھامىلىدار ئايالنىڭ قىزىل قان ئاقسىلى كۆپىيىدۇ. ھامىلىدار ئاياللاردا يەنە ۋىتامىن C كەم بولسا بولمايدۇ. چۈنكى ۋىتامىن C نىڭ تۆمۈر ماددىسىنى سۈمۈرۈشكە پايدىسى بولىدىكەن. ھامىلىدار ئاياللاردا ۋىتامىن E كەمچىل بولسا تۇغۇتتىن كېيىنكى سۈت يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. شۇڭا ھامىلىدار ئاياللار يېمەكلىكنى كۆپ خىللاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، گۆش، تۇخۇم، سۈت، پۇرچاق تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر، يېڭى مېۋە، يېڭى كۆكتاتلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشى كېرەك ئىكەن، تاماقنى بەك مايلىق قىلىپ يېيىشتىن پەرز تۇتۇشى كېرەك ئىكەن.

ئىككىنچى، ھامىلە ساپ ئوكسىگېنغا، خۇش پۇراقلارغا، خۇش ئاۋازلارغا، گۈزەل نەرسىلەرگە تولىمۇ موھتاج بولىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار بەلكىم قورساقتىكى بوۋاق قانداقىسىگە خۇش پۇراقنى، يېقىملىق ئاۋازغا موھتاج بولىدۇ، قانداق پۇرىيالايدۇ، قانداق ئاڭلايدۇ، ئۇلار گۈزەل نەرسىلەرنى قانداق كۆرەلەيدۇ، دەپ قارىشى مۇمكىن. ياق، ئۇلار ئانىنىڭ ۋۇجۇدى ئارقىلىق كۆرىدۇ، ئاڭلايدۇ، پۇرايدۇ. سەت، كۆرۈمسىز نەرسىلەر، يىرگىنچلىك نەرسىلەر ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك يېتىلىشى ۋە گۈزەللىكىگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى، يەنى دەريالار، چىرايلىق چوققىلار، ۋادىلاردىكى رەڭمۇرەڭ گۈل - چېچەكلەر، ياپيېشىل مايسىلار ئانىلارنىڭ كۆزىنى قۇۋۋەتلەش، روھىنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ھامىلىگە ئەڭ كېرەكلىك ئوزۇقلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئانىلار ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ئىمكان بار يېقىمسىز، شاۋقۇنلۇق، قورقۇنچلۇق ئاۋازلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى كېرەك. بۇ خىل نورمالسىزلىق ئانىلارنىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇپلا قالماي، ھامىلىنىڭ ساغلام ئۆسۈشىگە ھەم تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئانىلارنىڭ باغلاردا قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۇلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى، لەرزان، يېقىملىق مۇزىكىلارنى ئاڭلاپ تۇرۇشى تولىمۇ پايدىلىق. ئانىلار ئۈچۈن يەنە بۇرۇن ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ئوزۇقنىڭمۇ ئەھمىيىتى بىباھادۇر. ھاۋالىق جايلارغا بېرىپ تۇرۇش، ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، خۇش پۇراق گۈللەرنى پۇراش، ئالما، قوغۇن، شاپتۇل، بېيە ۋە باشقا يېمەك - ئىچمەك، نازۇ نېمەتلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن ئوزۇقلىنىش، نەپەس يوللىرى پائالىيىتىنى ياخشىلاش، نەپەس يوللىرىنى تازىلاش، روھنى تېتىكلەشتۈرۈش، كەيپىياتنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ھامىلىگە ياخشى يېتىلىش ئىمكانىيىتىنى ھازىرلاپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئاياللار ھامىلدارلىق مەزگىلىدە روھىي بېسىمغا ئۇچرىماسلىقى، خاپىلىق تارتماسلىقى، غەزەپ - ئاچچىقتىن نېرى بولۇشى، تەشۋىش ۋە قورقۇتۇشتەك روھىي ھالەتلەردىن ئىمكان بار ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشقا تىرىشىشى لازىم. چۈنكى بۇ مەزگىلدە ھەرقانداق روھىي زەربە ۋە

ئازاب - ئوقۇبەت ھامىلىنىڭ ساغلام دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ مەزگىلدە ئانىلارمۇ ئۆزىنى ئوبدان ئاسرىشى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھەم جەمئىيەتمۇ ھامىلىدار ئاياللارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشى كېرەك. ھەرقانداق ئىش يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ ئەرلەر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بەزى تەرەپلەردە يول قويۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشى لازىم. ئاياللار ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ئەرلەر ئىمكان بار ئۆيدىن ئايرىلماي، ئايالىغا كۆيۈنۈپ، مېھىر - مۇھەببىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ ئايالىدا ئىشەنچ، ئۈمىد ھاسىل قىلىشى كېرەك. بۇمۇ يەنىلا ئانىلار ئۈچۈنلا ئەمەس، پەرزەنتلەرنىڭ پسىخىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك ساغلاملىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق لازىم.

ئۈچىنچى، ئاياللار ھامىلدارلىق مەزگىلىدە قالايمىقان دورا ئىستېمال قىلماسلىقى، ھاراق - شاراب، ئىچىملىككە ھەرگىز يېقىن يولاپ قالماسلىقى كېرەك. جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ئىمكان بار بالدۇرراق ئۆزىنى تارتىش لازىم. ئۇيغۇرلاردا ھامىلىدار ئاياللارنى بىر ئاي بۇرۇن ئەرنىڭ ئۆيىدىن يۆتكەپ كېتىش ئادىتىمۇ شۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتقان.

# ئۈچىنچى باب دەسلەپكى تەربىيە ئەڭ ياخشى پۇرسەت

كىچىكلىكتە ئۆگەنگەن تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، چوڭ بولغاندا ئۆگەنگەن قومغا خەت يازغاندەك.

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

يېڭى بىر مېھمان كىشىلىك دۇنياسىغا كۆز ئاچتى. ئاتا - ئانىسىنىڭ قەلبىگە ئۈمىد شامىنى ياقتى. ئاتا - ئانا پەرزەنتىدىن ئۇلۇغ ئارزۇلارنى كۈتۈپ بۇ مېھمانغا ئاجايىپ چىرايلىق، مەنىلىك ئىسىملارنى قويدى. 40 كۈن بولغاندا قىرىق سۈيىنى قۇيۇپ پەرزەنتىنىڭ بەخت - تەلىيىنى تىلىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ بوۋاق ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ھاياتلىق سەپىرىنى باشلىدى. بۇ بالىنى قانداق قىسمەتلەر، قانداق تەقدىرلەر كۈتۈۋاتقاندۇ؟ بوۋاق تەلمۈرۈپ ئاتا - ئانىسىدىن ۋە بۇ دۇنيادىن نېمىلەرنى ئۈمىد قىلىۋاتقاندۇ؟

## 1. بوۋاقلارنى ھەرگىز «تىلسىز» دەپ قارىماڭ

بوۋاقلارنىڭ يىغىسىدىمۇ ئاجايىپ چوڭقۇر مەنە بار.

— خاتىرەمدىن

بوۋاقنىڭ «ئىڭگە» دەپ بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىر خاسىيەتلىك ئىش. يىغلىماي تۇغۇلغان بالىلاردا ھاياتلىقتىن ئۈمىد يوق. شۇڭا مەجبۇرىي ئۇرۇپ يىغلىتىلىدۇ. بىر ئالىم بوۋاقلارنىڭ يىغىسىدىنمۇ ئۇلۇغ ۋە جاراڭلىق كىمىن يوق، دېگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ پەرزەنتنىڭ خېلى بىر مەزگىللىك قىسمىتى ئاتا - ئانىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بەزى بالىلار ياخشى

تەربىيىلىنىپ جەمئىيەتكە قوشۇلۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ، بەزى بالىلار ئەمدى دۇنياغا كېلىپ تېخى بىر نەرسىنى ئۇقۇپ - ئۇقمايلا ھاياتلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاتا - ئانىلار قەلبىگە تۈگىمەس ھەسرەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئاتا - ئانىلار بۇنداق پاجىئەنىڭ بولۇشىنى كۈتمىگەنىدى، بۇنداق بولۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلمايتتى، بىراق بەزى بالىلار ياخشى پەرۋىش قىلىنمىغانلىقى، بېقىش تاپمىغانلىقى ئۈچۈنلا ياشاش پۇرسىتىدىن ۋاقىتسىز مەھرۇم قىلىندى. بەزى بالىلار ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن بولىدىغان كېسەللەر سەۋەبلىك دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىلماي، داخانىلارغا ئوقۇتۇش بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ نادانلىقى ۋە دۆتلۈكىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. يېشى سەل چوڭ بەزى بالىلار سۇغا چۈشۈپ تۇنجۇقۇپ ۋە ھەر خىل قاتناش ھادىسىلىرىدە ئۆلۈپ قالدى. قىسقىسى، ئاتا - ئانىلارنىڭ بىخۇدلۇقى سەۋەبلىك ئۇ بالىلار جېنىدىن ئايرىلدى. ئەپسۇس، شۇنداق بولسىمۇ بەزى خۇراپىي ئاتا - ئانىلار ئۇ پاجىئەنى ئۆزىدىن كۆرمەي تەقدىردىن كۆرۈشتى، «بۇ بالىنىڭ ئۆمرى شۇنچىلىك بولسا كېرەك» دەپ ئۆزىنى بەزلەشتى. بەزى بالىلار گەرچە ھايات ياشاۋاتقان بولسىمۇ ئاتا - ئانا تەربىيىسىنىڭ ناچارلىقى، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك سەۋەبلىك فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىك جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئىنتايىن تۆۋەن بولماقتا. شۇڭا ھازىر كىشىلەر «ئۇيغۇرلار پاكارلار مىللىتى بولۇپ قالدى» دېيىشىۋاتىدۇ. شۇڭا دەسلەپكى تەربىيىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى پەرزەنتلەرنىڭ ساغلام، ئەقىللىق ئۆسۈپ چوڭ بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئالدىنقى شەرتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئوقۇمۇشلۇق ۋە پەرزەنت تەربىيىلەش تەجرىبىسى يۇقىرى بولغان ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتە ھەرگىز ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ چىقىپ نەسىھەت ئاڭلىغۇدەك بولۇشىنى كۈتمەيدۇ. ئۇلار دەل پەرزەنتلەر ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپ زۆرۈر تەلىم - تەربىيىنى باشلىۋېتىدۇ.

ئۇيغۇر ئانىلىرى بوۋاقلارنى ھەرگىز تىلسىز دەپ قارىمايدۇ، ئۇلار بوۋاقلارنىڭ كەيپىياتىدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەردىن، يەنى

ئىنتىلىشلىرى، قوللىرىنى ئېمىشلىرى، ئىنجىقلاشلىرى، كۈلۈشلىرى ۋە باشقا ئىپادىلىرىدىن بوۋاقنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقى، ئەمگۈسى كەلگەنلىكى، بىرەر يېرىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقى قاتارلىقلارنى بىلىدۇ، ھەتتا بوۋاقنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنۈشىنى، ئۆزىگە كۆپرەك گەپ قىلىپ بېرىشىنى، ئەركىلىتىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا، بوۋاقلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە ئىمكان بار بوۋاقنىڭ ھەر خىل ئوزۇقلىنىش تەلىپى ۋە مەنىۋى تەلىپىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

بوۋاقلارنىڭ قىزىقىدىغىنى، ھەيرانلىقى ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. ئۇ كۆز ئالدىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىگە قىزىقىدۇ، بۇ يېڭى دۇنيادىكى ھەربىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. سىز بوۋاقلارنىڭ كۆز ئالدىغا قانداق بىر نەرسىنى ئېلىپ كەلسىڭىز ئۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ. بوۋاقلارنى دائىم ئۆيگە سولاپ قويۇپ باققاندا يىغلاپ سىرتقا ئېلىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنى سىرتلارغا ئېلىپ چىققاندا دەرھال يىغىسى توختاپ ئەتراپتىكى نەرسىلەرگە قىزىقىپ قارايدۇ. بۇ ھەرگىز ئادەتتىكى ئىنتىلىش ۋە ئادەتتىكى گوللىنىش ئەمەس، بەلكى باللار تېخى ئاڭسىز بولسىمۇ ئۇلار تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئۇچرىشىشقا تەقەززا بولىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار بوۋاقلارنىڭ بۇ تىلسىز ئىنتىلىشىنى ھەر دائىم قاندۇرۇشقا تىرىشىشى كېرەك. بۇ، بوۋاقلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى، زېھنىي كۈچى، شەيئىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. كۆزىتىش ۋە تەتقىقات تەجرىبىلىرىگە قارىغاندا، ئۆيدىلا بېقىلغان باللارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى بىلەن سىرتلارغا كۆپرەك ئېلىپ چىققان، سىرتلاردا ئوينىتىلغان باللارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ پەرقى خېلى روشەن بولىدىكەن. شۇنداقلا، ئۆيدە قېرى مومايلار بېقىپ چوڭ قىلغان باللارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىدىن يەسلىدە چوڭ بولغان باللارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدىكەن.

بوۋاقلارنىڭ تىلىنىڭ بۇرۇن چىقىشى ۋە كېيىن چىقىشى ھەم بوۋاقلارنى بېقىش سەنئىتىدىكى ئوخشىماسلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدىكەن. ئۇيغۇر ئانىلىرى ئەمدى تۇغۇلغان بوۋاققا «ئەركىلىتىش» يولى

بىلەن ئۇلارنى ئانا تىل بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. كۆپلىگەن ئانا بوۋاقلارنى ماختايدۇ، ھەر خىل سۆزلەر بىلەن ئەركىلىتىدۇ ھەم ئۆزى گەپ قىلىپ ئۆزى جاۋاب بېرىش يولى بىلەن بوۋاق بىلەن سۆزلىشىدۇ. بوۋاقلار ئازراق ئۇقۇمغا ئىگە بولغاندىن باشلاپ، ئانىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە، ھەربىر سۆزىگە دىققەت قىلىدۇ ۋە كۆزلىرى ۋە ئۇماق كۈلۈشلىرى بىلەن ئانىغا ئىنكاس قايتۇرىدۇ. كۆپرەك گەپ قىلىپ بەرگەن بالىلارنىڭ تىلى خېلى ئوڭاي چىقىدۇ. كۆپ گەپ قىلىپ بەرمەي بۆلەپ قويغان، ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئانچە كارى بولمىغان بالىلارنىڭ تىلى ھەم ئايىغىمۇ كېيىنرەك چىقىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر ئانىلىرىنىڭ بوۋاقلارغا توختىماي گەپ قىلىپ بەرگەنلىكى، ئۇلار بىلەن پىكىر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرغانلىقى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ياكى مېھىر - مۇھەببەتنىڭلا ئىپادىسى ئەمەس، بەلكى بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ رولىنىڭ ئىنتايىن زور ئىكەنلىكىنى ئانىلار ئوبدان بىلگەنلىكىدە. بەزى ئانىلار بوۋاقلاردىكى ئازراق ئۆزگىرىشتىن بالىلارنىڭ مىجەزىدە قانداق ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى، يەنى تاماقنىڭ ئېغىر كەلگەنلىكى ياكى ئورنىنىڭ ھۆل بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىدۇ - دە، دەرھال ئۇنىڭ تەدبىرىنى قىلىدۇ. بەزى تەجرىبىسىز ئانىلار بولسا بوۋاق يىغلىسا نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتقانلىقىنى ئۇقماي ئاچچىقلاپ كېتىدۇ ۋە ھەتتا ئۇرىدۇ.

بوۋاقلار گەرچە تىلى بىلەن سۆزلەشنى ئۇقمىغان بىلەن ئانىلارنىڭ كەيپىياتىدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرنى ناھايىتى ياخشى سېزەلەيدۇ. ئۇلار ھەتتا ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ھېس قىلىشقا ماھىر. ئازراق قاپاق تۈرسەڭلا قاپاق تۈرىدۇ، تەبەسسۇم قىلساڭلا يايراپ كېتىدۇ ۋە ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ، خاپا بولساڭلا يىغلايدۇ. تىللاپ ۋارقىراش ۋە ئاچچىقلاش بوۋاقلارنىڭ روھىغا ئېغىر تەسىر قىلىدۇ، كۆپ چۆچۈيدىغان، ئازراق قاتتىق ئاۋاز ئاڭلىسا قورقۇپ يىغلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ بوۋاقلارنىڭ ئاتا - ئانىلارغا بولغان «مېنى ئۇنچە قورقۇتما، ئاچچىقىڭنى مەندىن ئالما، مېنىڭمۇ دەردىمگە يەت» دېگەن ئىنكاسى ئەمەسمۇ؟!

بوۋاقلارنىڭ تىلى چىقىشقا باشلىغاندا، يەنى «مەممە، ئاپا، نان»

دىگەندەك پەقەت بىر سۆزلۈك مەقسەتلىرىنى ئىپادىلەشكە باشلىغاندا ئۇلارغا بولغان يېتەكلەشنى تېخىمۇ كېڭەيتىش كېرەك. ئۇلارنى «ئۇ نېمە، بۇ نېمە، دادا دە، نان يەيمەن دە، مەن ئاپامنى ياخشى كۆرىمەن دە، مېنى سۆيۈپ قويۇڭ» دىگەندەك ئۇسۇللار بىلەن يېتەكلەش لازىم. ئۇلار تولۇق گەپ قىلالمىغان بىلەن بۇنداق ئاددىي گەپلەرنى ئىچكى تۇيغۇسى ئارقىلىق بىلەلەيدۇ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ھەرگىز ئەركىلىتىپ ياكى بالىلارنىڭ سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلالمايدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ: «مەممە دە، بايمەن دە، ئىممە دەپ قوي» دىگەندەك بالىلار تىلى بىلەن سۆزلىمەسلىك كېرەك. ئۇنىڭ ئورنىغا «سۇ دە، بارىمەن دە، سۆيۈپ قوي» دەپ تولۇق تەلەپپۇز بىلەن يېتەكلەش كېرەك. ئۇنداق بولمىسا بالىلارنىڭ تىلى خېلى ۋاقىتقىچە كەمتۈك بولۇپ چىقىدۇ، يەنى نەرسىلەرنىڭ نامىنى تولۇق ئاتىيالمايدۇ. بۇ ناھايىتى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

يەنە بىرى، بوۋاقلارنى كۆپ ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ قولىغا بىرەر نەرسىنى تۇتقۇزۇپ قويۇش، ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنى ئالدىغا قويۇپ بېرىش، ھېچ بولمىغاندا سىرتلارغا ئېلىپ چىقىپ توپا ئويناشقىمۇ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش لازىم. ئۇلار توپا يەۋالمىسىلا، ئۇلارنىڭ توپا ئوينىشىمۇ ئۇلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى ۋە فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىياتىغا پايدىسى بار. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئامېرىكىدا بىر خىل رەسىملىك كىتاب چىققان، ئۇنى بالىلار ئوينىسىمۇ بولىدىكەن، يەۋەتسىمۇ ئوزۇق بولۇش رولىنى ئوينايدىكەن. بۇنى ئامېرىكىلىقلار بالىلارنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ كىتابقا بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرۇشقىمۇ پايدىلىق، دەپ قارىغان.

بىزنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈشىمىزگە قارىغاندا، بالىلارنىڭ ئايىغى چىقىشىنىڭ خېلى زور پەرقى بار ئىكەن. بەزى بالىلار 3 ياشقا كىرگىچىلىكمۇ ئايىغى چىقمايدىكەن. بەزى بالىلار تېخى تولۇق ئۆملىمەي تۇرۇپ 7 - 8 ئايلىق بولۇپلا ئايىغى چىقىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى ئىكەن، بىرى، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك سەۋەبلىك، بوۋاقلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىياتى نورمال بولمىغانلىقىدىن ئىكەن. يەنە بىرى،

بالىلارنى مېڭىشقا يېتەكلەپ كۆپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ بەرمىگەنلىكى سەۋەبلىك قان نورمال ئايلىنالماي، پۇتىدا ئانچە جان بولمايدىكەن، بىرەر قېتىم يىقىلىپ قورقۇپ كەتسە دەسسىگىلى ئۇنىمايدىكەن. شۇڭا بالىلارنىڭ ئايىغىنىڭ تېزرەك چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بالىلار ئاتا-ئانىلاردىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلىدۇ:

ئۇزۇقلۇقىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە، كۆپرەك دەسسىتىپ بېرىش كېرەك. تەجرىبىلىك ئانىلار بالىنى بۆشۈكتىن يەشكەندە، ئالدى بىلەن ھەرنېمە قىلىپ بالىنى دەسسەپ تۇرۇشقا ئىشتىراك قىلىدۇ. ئايىغى چىقىش مەزگىلىگە كەلگەندە پات-پات ماڭدۇرۇپ بېرىش، سىيپاپ ئۆمىلەتمەي، تىزلاپ ئۆمىلەشكە ئۆگىتىش لازىم. سىيپاپ ئۆمىلىگەن بالىلاردىن تىزلىنىپ ئۆمىلىگەن بالىلارنىڭ ئايىغى تېزرەك چىقىدۇ. بۇنداق كۆپ ھەرىكەت قىلدۇرۇپ بالدۇرراق مېڭىشقا، گەپ قىلىشقا ئۆگىتىش يالغۇز بالىلارنىڭ مېڭىشىنى ئۆگىنىشىگە بېرىلگەن ياردەم ۋە غەمخورلۇق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ھەم مۇناسىۋەتلىك، ئايىغى ۋە تىلى بالدۇر چىققان بالىلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىك تەرەققىياتى بىلەن ئايىغى تەستە چىققان، تىلى كېيىن چىققان بالىلارنىڭ پەرقى خېلى روشەن بولىدىكەن.

بوۋاق بالىلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئىممۇنىتېت (كېسەلگە قارشى تۇرۇش) كۈچى ئاجىز بولىدۇ. شۇڭا ئازراق نورمالسىز تەسىرمۇ بالىلارنى ئوڭاي كېسەل قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىلار ئەمگىلى ئۇنىمايدۇ، تاماق يېمەيدۇ، يىغلايدۇ. ئۇلارنىڭ يىغىسى ھەرگىزمۇ بىكاردىن-بىكار سىزنى خاپا قىلىش ئۈچۈن، تېرىكتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قورسىقى ئاغرىۋاتقان بولۇشى، قورسىقى ئاچقان بولۇشى، ئۇسسىغان بولۇشى، بۆشۈكنىڭ ھۆل بولۇپ كېتىشى، قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن بولۇشى ۋە باشقا كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان بولۇشى مۇمكىن. بالىلارنىڭ يىغلىغان ۋاقتى ئۇنىڭ سىزدىن بىرەر نەرسىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقى، ئېمىت دەۋاتقانلىقى، داۋالات دەۋاتقانلىقى، سۇ بەر دەۋاتقانلىقى بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ھەققانىي تەلىپىنى ئورۇندىماي ئۇرسىڭىز، بۆشۈكنى

جالداقشتىپ تەرۋەتسىڭىز، سىلكىشلىسىڭىز بۇ سىزنىڭ رەھىمسىز، تاش يۈرەك، ئەقىلسىز ئىكەنلىكىڭىزنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. شۇڭا، بوۋاقلارنى پەرۋىش قىلىشتا مۇنداق بىرقانچە تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىلىڭ:

(1) بوۋاق يىغلىدى دەپلا ھە دېگەندە كۆتۈرۈۋالماڭ. بۇ ئۇلارنىڭ ئومۇرتقىسىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىپ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

(2) نەپەسلىنىشىگە دىققەت قىلىڭ. قىش كۈنلىرى بەك قېلىن يېپىۋەتمەسلىك، باش - كۆزلىرىنى مەھكەم چۈمكەپ قويماسلىق كېرەك. ئۆرۈلۈۋالغۇدەك بولغاندا دۈم بولۇۋېلىپ تۇنجۇقۇپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىڭ.

(3) بولسا بالىڭىزغا ھېچ بولمىغاندا ئالتە ئايلىق بولغۇچە ئۆزىڭىزنىڭ سۈتىنى ئېمىتىڭ. بۇ سىزنىڭ ئانىلىق بۇرچىڭىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمى، ھەرگىز «بالا ئېمىتسە ئىتتىك قېرىپ كېتىمىز» دېگەن ئۆسەك سۆزلەرگە ئىشەنمەڭ. بولمىسا بالا چوڭ بولغاندا سىزنى ئىككى ھەسسە قېرىتىدۇ.

(4) بوۋاققا ئېغىر كېلىدىغان تاماقلارنى بەرمەڭ. چۈنكى بوۋاقلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى تولۇق يېتىلمىگەن بولىدۇ.

(5) بالىغا سوغۇق ئۆتكۈزۈپ قويماڭ، بالىنىڭ ئۆپكىسى ئىتتىك ياللۇغلىنىپ قالىدۇ. پات - پات يۇيۇپ تۇرۇڭ، لېكىن ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ياخشى تەڭشەپ ئاندىن يۇيۇڭ. بوۋاق گەرچە قىزىمىسىمۇ، يۆتەلمىسىمۇ ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇش ئېھتىمالى ناھايىتى يۇقىرى.

(6) پاكىزلىققا دىققەت قىلىڭ. ئۇيغۇرلاردا «مەينەتچىلىك ئەقىلنى بۇلغايدۇ» دېگەن ھېكمەت بار. بوۋاقلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈنمۇ پاكىز بېقىش ناھايىتى مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بالىلار بوۋاق چاغدا تۇرۇپ قالغان يېمەكلىكلەرنى، چىۋىن تېگىپ قويغان يېمەكلىكنى بېرىپ قالماڭ. بالىنى ئېمىتكەندە ياكى ئوزۇقلۇق بەرگەندە قولىڭىزنى ۋە كۆكسىڭىزنى پاكىز يۇيۇۋېتىپ ئاندىن بېرىڭ. بالىلارنىڭ تېرىسى ئىنتايىن يۇمران، سەزگۈر، شۇڭا تۇتقاندا ئاۋايلاش، يۇغاندا، تېقىمىنى، قولاق كەينىلىرىنى يۇغاندا ياكى ئۇپىلىغاندا بەك ئېھتىيات قىلىش كېرەك.

(7) بوۋاقلاردا باشقا ئەھۋاللار كۆرۈلسە بەزى تەجرىبىلىك ئاياللارغا

كۆرسىتىش، بولمىسا دەرھال دوختۇرغا ئاپىرىش، ھەرگىز كەينىگە سۈرمەسلىك.

## 2. باللارنى ياخشى ئويناش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش

باللار گۈزەللىك، ئويۇن، چۆچەك، مۇزىكا، رەسىم، خىيال، ئىجادىيەت ئالىمىدە ياشاشلىرى كېرەك.
— ۋ. ئا. سوخوملىنسكىي

ئۇيغۇر باللىرى ئۇچۇن قەدىمدىن تارتىپ «ئويۇن» ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى يەسلىسى بولۇش رولىنى ئۆتەپ كەلگەن. ئۇلار ئويۇن جەريانىدا دۇنيانى چۈشىنىش، ئۆزىنى چۈشىنىش، ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى سالغان. بىز تارىختىن بۇنىڭدىن مىڭ ھەتتا ئىككى مىڭ يىللار بۇرۇنلا نەچچە يۈزلىگەن قېلىپلاشقان، قائىدىلەشكەن باللار ئويۇنلىرىنىڭ بولغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ ئويۇنلار بىلەن ئۇلار ھايات بىلەن ئۇچراشقان، چوڭلارغا تەقلىد قىلىپ تۇرمۇشنى ئۆگەنگەن، ئويۇن جەريانىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ياساپ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن.

ھازىرقى دەۋرىمىزدە يېزا باللىرى يەسلى كۆرمەيدۇ. پۈتۈن تەبىئەت — يېزىلاردىكى كەڭرى دالا، ئات - ھارۋا، قوي - كالىلار، دەل - دەرەخلەر ۋە باللىق ئويۇنلىرى ئۇلارنىڭ يەسلىسى. بىز كىچىك چاغلىرىمىزدا ئوينايدىغان ئويۇنلىرىمىز ناھايىتى كۆپ خىل، مەزمۇنىمۇ مول بولىدىغان. يەسلى كۆرمىگەن بولساقمۇ ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى بىلەتتۇق. بۇ ئويۇنلار بىزنى تەربىيىلەيتتى. بىز كەكە ياساپ ئوتۇن ياراتتۇق، ئۇنى كەتمەن قىلىپ تېرىقچىلىق قىلاتتۇق. تاپانچا، مىلتىق قاتارلىق نەرسىلەرنى ياساپ ئىككى تەرەپ بولۇپ ئۇرۇشۇپ ئوينايتتۇق. ئۆي تۇتۇپ ئوينايتتۇق. قىزلار لايدىن خېمىر قىلىپ تاماقلارنى ئېتەتتى، قونچاق ياسىغىنىمىز بىزنىڭ ئېڭىمىزدا ئادەم ياسىغىنىمىز ئىدى. ئويۇنغا شۇنچىلىك مەپتۇن

بولۇپ كېتەتتۇقكى، قورسىقىمىزنىڭ ئاچقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتۇق. تونۇر بېشىدا خېلى كەچكىچە ئولتۇرۇپ چۆچەك ئېيتىشاتتۇق، تېپىشماق ئېيتىشاتتۇق. شۇنداق قىلىپ بالىلىق چاغلىرىمىزدا شۇنداق ئەركىن، شوخ ئىدۇق ۋە بەختىيار ئىدۇق. ئۇ ئويۇنلار بىزگە ناھايىتى كۆپ ئەقىل ۋە پاراسەت بەرگەنلىكىنى كېيىن ھېس قىلدۇق. ئاددىيسى بىز مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنلا بىزدە ئالىبۇرۇن سانلار ئۇقۇمى شەكىللىنىپ بولغان. نەچچە يۈز، نەچچە مىڭغىچە بولغان سانلارنى سانىيالايتتۇق، قوشۇپ، ئالالايتتۇق. بۇنداق ئەقەللىي ئۇقۇم ھازىر بەزى مەكتەپلەردە ئىككىنچى سىنىپلاردا ئاندىن ئورۇندىلىدۇ.

شۇنداق، بالىلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش مانا شۇنداق ئۇچرىشىشلاردىن كېلىدۇ، تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. شۇڭا بالىلارغا كىچىك چېغىدىلا پىشىپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىنى ھازىرلاپ بېرىش لازىم. ژ. ژ. روسسو مۇنداق دېگەن: «بالىنى ئەقىللىق ۋە پىكىرلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇنى قۇۋۋەتلىك ۋە ساغلام ئۆستۈرۈڭ؛ مەيلى ئۇ ئىشلىسۇن، تىنىم تاپمىسۇن، يۈگۈرۈپ چاپسۇن، ۋارقىراپ - جارقىرىسۇن، قانداقلا بولسۇن، دائىم ھەرىكەتتە بولسۇن.» بىلىش كېرەككى، ھەرىكەت تەپەككۇر قىلىشقا ئۆگىتىدۇ، پىكىر قىلىشنى ئۆگىتىدۇ، كاللا ئىشلىتىشنى ئۆگىتىدۇ، ئاخىرى ئادەمنى ئۆتكۈر، پاراسەتلىك، ئەقىللىق قىلىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار مۇنداق بىرقانچە پرىنسىپقا ئەمەل قىلىشى كېرەك:

(1) بالىلار كىچىككىدىن ئەركىن، شوخ بولسۇن، ئۇلارنىڭ كەپسىزلىكىگە يول قويۇڭ. ئەگەر بىز بالىلارنىڭ شوخلۇقلىرىغا يول قويماي، ھە دېسە ھەممە ئىشتىن چەكلەۋەرسەك، ئۇنداق بالىلاردىن ھەقىقىي يارامىلىق دانىشمەن بالىلارنىڭ چىقىشى ناتايىن، چۈنكى شوخلۇقمۇ مەلۇم جەھەتتە شۇ بالىنىڭ بىر قابىلىيىتى. شۇڭا شوخلۇقنى بوغۇش بالىلارنىڭ تەپەككۇرىنى، قابىلىيىتىنى بوغۇشتۇر.

(2) بالىلار پۈتۈن زېھنى بىلەن ئويناۋاتقان چاغدا، ئۇلارغا دەخلى-تەرۇز قىلماڭ، ھەتتا ھەرقانچە مۇھىم ئىشىڭىز بولسىمۇ، بەلكىم بۇ

پۇرسەت ئۇلارغا سىزنىڭ ئەھمىيەتلىك تەربىيىڭىزدىنمۇ، بەزىدە ئۇلارغا بەرگەن گۇش - يېغىڭىزدىنمۇ ئەھمىيەتلىك رول ئوينىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇنداق چاغدا ئۇلارنىڭ كاللىسى ھەرىكەتتە بولىدۇ. بولسا سىز ئۇلار ئوينايدىغان ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بېرىڭ، ھەتتا بىرگە ئوينىسىڭىز بولىدۇ.

(3) باللار كىچىكىدە رەسىم سىزىشقا قىزىقسۇن، توپ ئويناشقا قىزىقسۇن، مۇزىكىغا قىزىقسۇن، ھەممىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىڭ. بۇمۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر ئويۇن ھېسابلىنىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار باللار بىرەر ئىشقا قىزىقسا كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. ياق، بالا ۋاقتىدىكى تاللاش ئۇلارنىڭ ھەقىقىي تاللىشى ۋە قىزىقىشى ئەمەس، بەلكى ئۇ تېخى ئۇلارنىڭ ئۇ مەشغۇلىيەتنى ئويۇن ئورنىدىلا كۆرگەنلىكى. بۇ مەشغۇلىيەتنىڭ ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھەقىقىي تاللىشىغا پايدىسى بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىق ئەمەس.

(4) باللار يەككە - يېگانە يالغۇز ئوينىسا، بىر تەرەپتىن پايدىلىق بولغاندىمۇ، بىر تەرەپتىن زىيانلىق. ئۇلارنىڭ باللار بىلەن بىرگە ئورتاق ئويۇنغا قاتنىشىشى ئۇلارنىڭ باللارنى چۈشىنىشى، ئۆزىگە ئىشىنىشى ئۈچۈنلا پايدىلىق بولۇپ قالماي، ئۇلار بۇ ئارقىلىق خۇشاللىقتىن ۋە قايغۇدىن باشقا باللار بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولالايدۇ، ئۆزئارا ئەقىل ئالماشتۇرالايدۇ، پىكىر ئالماشتۇرىدۇ، تەپەككۇرى چېنىقىدۇ.

(5) باللار تېلېۋىزورنى ئويۇن قاتارىدا كۆرگەندەك، ھېكايە ئاڭلاش، تېپىشماق ئېيتىشىش قاتارلىقلارنىمۇ ئويۇن ئورنىدا كۆرىدۇ. باللار مەكتەپ يېشىغا توشمىغان چاغلاردا كۆپىنچە ياخشى، ئەھمىيەتلىك، قىزىقارلىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىش ئۇلارغا نەسىھەت قىلغاندىن كۆپرەك رول ئوينايدۇ. ئۇلار چۆچەكتىكى پېرسوناژلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ياخشى، ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ باتۇرلۇقى، ئاق كۆڭۈللۈكى، قورقماس يۈرەكلىكلىكى، ئەقىللىق، پاراسەتلىكلىكى باللارغا تەسىر قىلىدۇ. ئۇلار ئۇلارغا ھەۋەس قىلىدۇ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ، قەبىھ، ياۋۇز، ئاچ كۆز، ساختىپەز ئوبرازلارنىڭ قىلمىشىدىن باللارچە ئىبرەت ئالىدۇ؛

دوستلۇق، ئەدەپ - ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت قائىدىلىرىنىمۇ ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ. بولسا ئۇلاردىن چۆچەكتىكى ئوبرازلار ھەققىدە ھەر خىل سوئاللارنى سوراش، پىكىرلىشىش لازىم. بۇ ۋاستە ھەرقانداق نوقۇل نەسىھەتتىنمۇ ياخشى رول ئوينايدۇ.

## 3. ئادەتلەندۈرۈش — ئەڭ ياخشى تەربىيە

ياخشى ئادەت — ئۆمۈرلۈك بايلىق.

— خاتىرەمدىن

كۆيگەن يامانمۇ - كۆنگەنمۇ؟ دېسە، كۆنگەن يامان دەپتىكەن. ئەسلىدىن ئالغاندا كىشىلەرنىڭ ھەر خىل ياشاش ئادەتلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ئادەتلىنىشتىن كېلىپ چىققان، ھەتتا تىلمۇ شۇ ئادەتلىنىشتىن: ئەگەر بىر ئۇيغۇر بالىسى خەنزۇ بالىلار بىلەن ئويناپ چوڭ بولسا تىلى خەنزۇچە چىقىدۇ، بىر خەنزۇ بالىسى ئۇيغۇر بالىلىرى بىلەن ئويناپ چوڭ بولسا تىلى ئۇيغۇرچە چىقىدۇ. بىرەر ھۈنەر ئۆگەنگەن ئادەممۇ ناھايىتى كۆپ مەشىق قىلىش، تەكرار - تەكرار بىر ئىشنى قىلىش ئارقىلىق قولىنى كۆندۈرىدۇ، كۆزىنى كۆندۈرىدۇ، ئەقلىنى، تەپەككۇرىنى كۆندۈرىدۇ. ئادەملەر ئۆزى كۆنۈپ قالغان تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن ئۆمۈر بويى ئايرىلالمايدۇ.

پەرزەنت تەربىيىسىدىمۇ بالا كىچىكىدىن نېمىگە، قانداق ئىشقا ئادەتلەندۈرۈلسە، ئۇ دائىم ئۇ بالا ئۇچۇن كۈنىگە ئۈچ ۋاخ تاماق يېگەندەكلا بىر ئادەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. خۇددى ئېمىزگىگە ئۆگىنىپ قالغان بالىنى ئايرىماق ناھايىتى تەس بولغاندەك، بىرەر يامان ئىشقا ئادەتلىنىپ قالسا، ئۇنى تەربىيە بىلەن تۈزىتىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. كىچىك چاغدا بۇرنىنى كولاشقا، ياقىسىنى چىشلەشكە ئادەتلىنىپ قالغان بالىلار قۇرامىغا يەتكەندىمۇ بۇ ئادىتىنى تاشلىيالمايدىكەن. ياخشى ئىشقا ئادەتلەنگەن بالا ھەرقاچان بۇ ئادىتىنى ئۇنتۇپ قالمايدىكەن. شۇڭا، پەرزەنت تەربىيىسىدىكى

مۇھىم بىر ئىش بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپلا ياخشى ئىشلارغا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك.

1) ياخشى تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش

ئۇيغۇر خەلقى تازىلىقنى سۆيىدىغان خەلق. شۇڭا، ئۇيغۇرلار تازىلىقنى «ئامەت، بەرىكەت، سالامەت» لىكنىڭ ئاچقۇچى، دەپ قارايدۇ. قىز - چوكانلىرىمىزنىڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى — ھويلا - ئارامنى پاكىز تازىلاپ سۇ چېچىش، ھەتتا دەرۋازا ئالدى ۋە كوچىلارنىمۇ سۈپۈرۈپ تازىلاش. چۈنكى تازىلىق قىلىشقا كۆپ دەسمى كەتمەيدۇ، تازىلىققا بايلىق، كەمبەغەللىك كەتمەيدۇ. ئاق يەرنى سۈپۈرۈپ ئولتۇرسىمۇ كۆڭۈل روشەن بولىدۇ. شۇڭا، ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە بالىلاردا كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ناھايىتى مۇھىم. بولۇپمۇ ئۇلارنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - قوللىرىنى پاكىز يۇيۇش، چىشىنى چوتكىلاش، ھەپتىدە بىر قېتىم يۇيۇنۇش، ھاجەتخانىغا كىرىپ - چىقىپ ياكى باشقا ئىشلارنى قىلىپ تاماققا ئولتۇرغاندا ئالدى بىلەن چوقۇم قولىنى يۇيۇش، قولىنى يۇيماي تاماققا ئولتۇرماسلىققا ئادەتلەندۈرۈش لازىم. بۇنداق ئادەتنى يېتىلدۈرۈشكە ئانچە كۈچ كەتمەيدۇ. ئۆزىڭىزدىمۇ شۇ ئادەت بولسا، ھەر قېتىم تاماققا ئولتۇرۇش ئالدىدا «يۈزۈڭنى يۇيدۇڭمۇ، قولۇڭنى يۇيدۇڭمۇ، چىشىڭنى چوتكىلىدىڭمۇ» دەپ سورۇشتە قىلىپ سۆيلەپ قويىسىڭىزلا، ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، «بوپتۇ، بۇدا يەۋەرگىن» دېسىڭىزمۇ، بالىڭىز «ياق، قولنى يۇيماي تاماق يېسە قانداق بولىدۇ» دەپ ئېتىراز بىلدۈرىدىغان بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشلارغا ئادەتلەنمىسە بالىلار ئۇچۇن قولىنى، يۈزىنى يۇيۇش خۇددى قولىنى ئوتقا تىقىدىغاندەك ئېغىر كېلىدۇ.

2) ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش

ئەگەر بالىلارغا ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى، يەنى ئورۇن - كۆرپىسىنى ئۆزى يىغىپ قاتلاش، پايپىقىنى ئۆزى يۇيۇش، ئېشىنى ئۆزى يېيىش، كىيىملىرىنى ئۆزى كىيىش قاتارلىققا ئوخشاش ئىشلارنى ئۆزىگە قىلدۇرۇپ ئادەتلەندۈرمىسىڭىز، بالىڭىز ئۆي - ئوچاقلىق بولغۇچە ئۇنىڭ

ئورنىنى ئۆزىڭىز يىغىسىز، پايپىقىنىمۇ ئۆزىڭىز يۇيىسىز، خېلى چوڭ بولغۇچە سىز يىگۈزۈپ قويمىسىڭىز ئۆزى تاماق يېيەلمەيدۇ، كىيىمنى كىيدۈرۈپ قويمىسىڭىز ئۆزى كىيىمنى كىيەلمەيدۇ ياكى ئۆزى كىيىشنى ئېغىر ئالىدۇ. ئاددىيسى ئويناۋېتىپ يىقىلىپ كەتكەن بولسا، دەرھال بېرىپ قوپۇرۇپ قويىسىڭىز، يەنە بىر قېتىم يىقىلغاندا بىرەرسى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويارمىكىن، دەپ ئورنىدىن قوپماي ياتىدۇ، تۇرغۇزۇپ قويىدىغان ئادەم بولمىغاندا، ئەتراپىغا قارىۋېتىپ ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بالىڭىز بىرەر بالا بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ يىغلاپ ئالدىڭىزغا كىرگەندە، كۆكۈرۈپ، تاتىرىپ چىقىپ بالىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ قويسىڭىز، ئۇ خاتا ئىشىڭىزنىڭ دەردىنى خېلى ئۇزۇنغىچە تارتىسىز. ئازراق ئىشقىمۇ يىغلاپ كىرىپ سىزدىن پاناھلىق تىلەيدۇ. ئەگەر توغرا تەدبىر قوللىنىپ: بالام، ھېچ ئىش بولمايدۇ، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ يىغلامدۇ، ئويۇنغا چىدىمىغان ئادەم چىدىماس ئادەم بولىدۇ دېسىڭىز، ئىككىنچى ئالدىڭىزغا يىغلاپ كەلمەيدۇ، ھەتتا يىغلىغان بولسا، كۆز ياشلىرىنى ئېرتىۋېتىپ ئاندىن ئالدىڭىزغا كىرىدۇ. دېمەك، دەسلەپكى تەربىيىدە ئەڭ كىچىك ئاددىي ئىشلارغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ياخشى ئىشتا كىچىك ئىشلارغىمۇ ئادەتلەندۈرۈش، يامان ئىشتا كىچىككىنە ئىشقىمۇ يول قويماسلىق لازىم.

3) ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق ئادەتلەندۈرۈش

بالىلار كۆپىنچە ئىشلارنى چوڭلارنىڭ ئىشىغا تەقلىد قىلىش ئارقىلىق ئۆگىنىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتى، تۇۋلاپ ۋارقىراشلىرى، ئەدەپ ـ ئەخلاقى، كىيىنىش ئادەتلىرى، ئولتۇرۇش، قوپۇش، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەت قىلىش، سالاملىشىش، سۆھبەتلىشىش ئادەتلىرى بالىلارغا ئۈزلۈكسىز سىڭىپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن ئائىلىۋى تۇرمۇش ئادىتى قانداق بولسا، بالىلار شۇنداق تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزلەشتۈرىدۇ. مەسىلەن، سىز تۇرمۇشتا چېچىلاڭغۇ بولسىڭىز بالىلارمۇ چېچىلاڭغۇ بولىدۇ. تەرتىپلىك بولسىڭىز بالىلارمۇ تەرتىپلىك بولۇشقا ئادەتلىنىدۇ. كەچتە ۋاقتىدا يېتىپ ئەتىگەن تۇرسىڭىز، بالىلارمۇ شۇنىڭغا ئادەتلىنىدۇ. كەچ يېتىپ چۈش بولغۇچە ئۇخلىسىڭىز، بالىلارمۇ لايغەزەل

بولۇپ ئۇخلايدۇ. تېلېۋىزور كۆرۈشكە مەپتۇن بولۇپ كەتسىڭىز بالىلارمۇ تېلېۋىزور مەستانىسى بولۇپ كېتىدۇ. كۆپرەك كىتاب ئوقۇش ئادىتىڭىز بولسا، بالىلارمۇ كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلىنىدۇ. شۇڭا ئائىلىدە مۇئەييەن قائىدە - تەرتىپ ئورنىتىش لازىم. بالىلارنىڭ ياش قۇرامىغا قاراپ ھەربىرسىنىڭ ئائىلىدە ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى بولسۇن، سۇ ئېلىپ كىرىش، يۇندىنى تۆكۈش، ئەينەكنى سۈرتۈش، ھاجەتخانىنى تازىلاش، قاچا- قۇچىلارنى يۇيۇش قاتارلىق كونكرېت ئىشلارنى قۇربىتى يېتىشىگە يارىشا قىلسۇن، ئۇنداق تەرتىپ ئورنىتىلمايدىكەن، بىر - بىرىگە بەس سېلىپ ئارىدا جېدەل - ماجىرا چىقىدىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ. يەنە بىرى، ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش لازىم. مەسىلەن، مەكتەپكە ئۆز ۋاقتىدا بېرىش، ئۆز ۋاقتىدا قايتىش، تاپشۇرۇقنى ئەستايىدىل ۋە ۋاقتىدا ئورۇنداپ بولۇپ ئاندىن ئويناش، تاپشۇرغان ئىشلارنى «كېيىن، ئەتە» دېمەسلىك، ۋاقتىدا قىلىش قاتارلىقلار.

4) ئىلھام بېرىش — ئادەتلەندۈرۈشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى

بالىلار كۆپ ئىشلارغا قىزىقىدۇ. نۇرغۇن ئىشلار ئۇلارغا يېڭىلىق تۇيۇلىدۇ، بەزى ئىشلارنى قىلىپ باقماقچى بولىدۇ. ئۇلار بۇ خىل ئېھتىياجىنى سىلەردىن «بۇ نېمە ئۈچۈن، بۇ نېمە ئۈچۈن» دەپ قاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ، ئويۇنچۇقلىرىنى بۇزۇپ ئۇنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولىدۇ، ئاكتىپلىق بىلەن ئۆيىنىڭ بەزى ئىشلىرىنى قىلماقچى بولىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپمەي، بەلكى قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارنى قوللاش، ئىلھام بېرىش ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئىشنى جايىدا قىلالماسلىقى گۇناھ ئەمەس، بەلكى ھېچ نەرسىگە قىزىقماسلىقى ئۇلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنى بوغىدۇ.

ئومۇمەن، ئائىلىدىكى ئەخلاقىي ئادەتلەرمۇ، ئەخلاقسىز قىلمىشلارمۇ، ياخشى، چىرايلىق گەپلەرمۇ، قوپال، يىرىك، ئەسكى گەپ - سۆزلەرمۇ بالىلارغا ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار سەزگۈرلۈك بىلەن بالىلارنى ياخشى ئادەتكە يېتەكلىشى كېرەك.

# تۆتىنچى باب ئائىلە تەربىيىسىنى مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش

ئەقىلسىز ۋۇجۇد قاراڭغۇ تۈنگە ئوخشاش؛ ئەقىل قاراڭغۇ تۈندىكى چىراغ، بىراق ئەقىل چىرىغى بىلىمسىز ھەرگىز يورۇماس.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بىلىش ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگىنىش ئىنسان ئۈچۈن مەڭگۈلۈك زۆرۈرىيەت. چۈنكى بىلىمسىز ئادەم ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسان بولۇش شەرتىنى ئورۇندىيالمايدۇ. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئىنسانغا بىلىمنىڭ ئاتا قىلىنىشى، ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك بۈيۈكلۈككە يېتىشىنىڭ ئاساسى بولدى» دېگەنىدى. ئادەمنىڭ بىلىشى ئىككى مەنبەگە تايىنىدۇ، بىرى كىشىلىك تۇرمۇش دەرسخانىسى، يەنە بىرى مەكتەپ دەرسخانىسى.

مەكتەپنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئادەمنىڭ ئادەمنى تەربىيىلىشىنىڭ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتىرى بولغانىدى. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر قۇدرەتلىك كۈچ مەكتەپتەك ئۇلۇغ تۆھپە يارىتىپ باقمىغاندۇر. چۈنكى ئۇ ئىپتىدائىي ئادەمنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈپ ھازىرقى زامانىۋى ئادەمگە ئايلاندۇرۇشتا، ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تونۇشى ۋە ئۆزىنى ئۆزى يارىتىشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغان. ئەگەر ئەمگەك ئىنساننى ياراتتى دېسەك، ئۇنداقتا مەكتەپ ئۇنى تاكامۇللاشتۇردى.

ئۇيغۇرلاردا مۇنتىزىم مەكتەپلەرنىڭ تارىخىمىزدىكى قايسى دەۋرلەردە ئېچىلغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ، ئىلمىي پەرەزگە ئاساسەن، ئۇيغۇرلاردا

يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشى بىر دەۋرگە توغرا كېلىدۇ، دېيەلەيمىز. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئىپتىدائىي مەكتەپلەرنىڭ ئورنىنى پەننىي مەكتەپلەر ئىگىلىگەن، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئەڭ دەسلەپكى پەننىي مەكتەپلەر ئېچىلغان ئىككى مىڭ يىلدىن ئۇزاق مائارىپ تارىخىمىزدا، مەكتەپلەر مەدەنىيەت تارىخىمىزدا پارلىغان ئۇلۇغ يۇلتۇزلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مۇنبىرىدىكى مۆتىۋەر ئورۇنغا چىقارغانىدى. ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن تارىخىي دەۋرى قوچۇ دەۋرى بىلەن قاراخانىيلار دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭدەك، مەھمۇد قەشقەرىدەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئۇلۇغ مەدەنىيەت سەركەردىلىرى مانا شۇ ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ شانلىق مېۋىسى ئىدى. بۇ ئىككى شانلىق مۇنەۋۋەر بولغاندىن تارتىپ تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئۇيغۇر مائارىپى زور دەرىجىدە چېكىنىپ تار دائىرىدىكى دىنىي مائارىپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانىدى. مائارىپنىڭ چېكىنىشى مەدەنىيەت جەھەتتە، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە چېكىنىشىمىزنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى.

شۇنداق، ھەرقانداق مىللەتنىڭ مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى ئۇلارنىڭ مائارىپىنىڭ ساپاسىغا باغلىق. مائارىپ تەرەققىي قىلمىغان مىللەت مەڭگۈ مەدەنىيەتلىك مىللەت بولۇپ ئۆزىنى نامايان قىلالمايدۇ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىمۇ، ئىستىقبالىمۇ بولمايدۇ. «مەكتەپ — ۋايىغا يېتىۋاتقان ئەۋلادلار تەپەككۇرىنى شەكىللەندۈرۈش دەرسخانىسىدۇر، — دەيدۇ باربيۇس، — ئەگەر كېلەچەكنى قولدىن بېرىشنى خالىمىساڭ، مەكتەپنى قولدا مەھكەم تۇتۇشۇڭ كېرەك.»

شۇنداق ئىكەن، ھازىرقى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان دۇنيا مائارىپ سەۋىيىسىگە ياندىشىش، ئەۋلادلىرىمىزنى ئەخلاقلىق، ئەقىللىق ۋە مەدەنىيەتلىك ئادەملەردىن قىلىپ تەربىيىلەشتە ئاتا ـ ئانىلار بىلەن مەكتەپلەر قانداق رول ئويىنىشى ۋە قانداق ماسلىشىشى لازىم؟

## 1. پەرزەنتلەردە ئويغانغان دەسلەپكى ئوقۇش قىزغىنلىقى ئىنتايىن مۇھىم

ئۆزى خالاپ كۆتۈرگەن يۈكنىڭ ئېغىرى بولمايدۇ.

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

پەرزەنتلەرنىڭ مەكتەپ يېشىغا توشۇپ، مەكتەپ دەرۋازىسىغا قەدەم قويۇشى ئۇلار ئۈچۈن ھاياتىدىكى يېڭى بىر قەدەمنىڭ باشلانغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاتا - ئانىلار ناھايىتى بۈيۈك ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن پەرزەنتىنى مەكتەپكە بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشى ئوقۇپ ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. چۈنكى ئوقۇش پەرزەنتلەرنىڭ ئۆمۈرلۈك تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش.

ئۇيغۇر خەلقى مائارىپنى سۆيىدۇ، مائارىپنى قوللايدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلاردا «بىلىم» بىلەن «ئوقۇش» ئۇقۇمى ناھايىتى قىممەتلىك ئۇقۇم سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بىز ھازىر قوللىنىۋاتقان «ئەقىل» ئۇقۇمى «ئوقۇش» دەپمۇ ئېلىنغان. «بىلىم» نى ئادەم بىلەن ھايۋاننى ئايرىشنىڭ گىر تېشى دەپ قارىغان. شۇڭىمۇ پەرزەنتلەرنى ئوقۇتۇش ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەر ئۈستىدىكى ئەڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى بولۇپ كەلدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئەربابلىرى پەرزەنت تەربىيىسىدە «ھەرقانداق نەسەب ۋە بايلىقتىن ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگىنىش قىممەتلىك مىراس، نەسەبكە قورساق تويمايدۇ، مال - دۇنيا بولسا خەجلىسە تۈگەيدۇ، ئىلىم ۋە ھۈنەر مەڭگۈ تۈگىمەس بايلىقتۇر» دېگەن. دادام ماڭا «بالام، مېنىڭ ساڭا قالدۇرىدىغان باشقا مىراسىم يوق، سېنى ياخشى ئوقۇتۇپ قويسام، شۇ ساڭا مەڭگۈ ئەسقاتىدۇ. ئوقۇغان ئادەم خار بولمايدۇ» دېگەن. كېيىن مەن دادامنىڭ بۇ نەسىھەتىنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشەندىم. بۇ خۇسۇستا قەدىمكى دانىشمەنلەر قالدۇرۇپ كەتكەن ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرمۇ بار:

— بىر بۇرادىرىمنىڭ ئايالى ھامىلدار ئىدى، — دەپ ھېكايە قىلىدۇ

دانىشمەن كىشى، — ئاي - كۈنى توشۇپ، كۆزى يورۇشقا ئاز قالغانتى. ئۇ بۇرادىرىم ئۆمرىدە تېخى بالا يۈزى كۆرمىگەنىدى. ئۇ بىر كۈنى ماڭا: ئەگەر ماڭا خۇدايىتائالا ئوغۇل ئاتا قىلىدىغان بولسا ئۇچامدىكى مۇشۇ جەندەمدىن باشقا بارلىق مال - مۈلكۈمنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىمەن، دېگەنتى. بىرقانچە يىلدىن كېيىن مەن شامغا قىلغان سەپىرىمدىن قايتىپ كېلىپ شۇ بۇرادىرىمنىڭ مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ قالدىم. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھېلىقى بۇرادىرىمنىڭ ئايالى ئوغۇل تۇغقانىكەن، كېيىن ئوغلى ھاراق ئىچىپ جېدەل چىقىرىپتۇ ۋە بىر ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بوپتۇ. ئارقىدىن بىر ياقىلارغا يوقىلىپ كېتىپتۇ. شۇ ئوغۇلنىڭ كاساپىتى بىلەن دادىسىنىڭ بويىنىغا زەنجىر، پۇتىغا ئېغىر كىشەن چۈشۈپ گۇندىخانىغا قامىلىپ قاپتۇ. مەن دېدىمكى، بۇ بالا - قازانى ئۇ ئادەم ئۆزى تاپقان.

بۇ بايانلارنى قىلىشىمىزدىكى مەقسەت شۇكى، ئاتا - ئانىلار ئاۋۋال پەرزەنتلەرنى ئوقۇتۇشنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇشى ۋە ئۇلاردا قىزغىنلىق بولۇشى لازىم. كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن پەرزەنتلەرنى مەكتەپكە بېرىدۇ. مەكتەپلەر بىلەن يېقىندىن ماسلىشىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بىراق بىر قىسىم ئاتا - ئانىلارمۇ باركى، ئۇلار كۆڭلىدە، بىز دېگەن دېھقان، ھازىر ئوقۇش چىقىمى ئېشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەت تاپماق تېخىمۇ مۈشكۈل، ئەپلەپ ساۋاتى چىقىپ قالسىلا بولدى، دەپ پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىدۇ. بۇ خىل قاراش ئىنتايىن خاتا ۋە نادان، قالاق كىشىلەرنىڭ تونۇشى. بىلىش كېرەككى، جەمئىيەتتە نۇرغۇن قابىلىيەتلىك بالىلار ئوقۇپ جەمئىيەتكە چىقىپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، بەزىلىرى ئۆز ئالدىغا شىركەت قۇرۇپ چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كادىرنىڭ بالىلىرى ئەمەس. شۇلارنىڭ ئارىسىدا دېھقاننىڭ بالىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. بەزى جۈرئەتلىك، ئىشچان بالىلار ئوقۇۋېتىپ بىر تەرەپتىن شىركەتلەردە ئىشلەپ، بەزىلىرى ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ پۇل تېپىپ ئوقۇش چىقىمىنى ئۆزى كۆتۈرۈۋاتىدۇ. شۇڭا گەپ سىلەرنىڭ

كادىر بولغانلىقىڭلار ياكى دېھقان بولغانلىقىڭلاردا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئاۋۋال پەرزەنتلەر ئوقۇپ ئۆزىنىڭ ياشاش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. ھازىرقى دۇنيادا ئوقۇماي تۇرۇپ ياخشى تۇرمۇش بەرپا قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ياخشى ئوقۇپ مەلۇم كەسىپتە نەتىجە ياراتسا خىزمەتكە ئورۇنلىشالماي قالغان تەقدىردىمۇ، باشقا ھەرقانداق ئىشنى قىلىش ئۈچۈنمۇ بىلىم كېرەكقۇ؟ ھازىرقى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيادا بىلىم ۋە قابىلىيەت بولمىسا ياخشى، يارامىلىق دېھقان بولۇشمۇ تەس. شۇڭا ئاڭلىق ھالدا پەرزەنتلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش، ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇش، ئۆزىمىزمۇ قىزغىن بولۇشىمىز لازىم.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، پەرزەنتلەردە دەسلەپكى قىزغىنلىقنى قوزغاش ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق بىرقانچە تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم:

(1) بالىلار مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنلا ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس ئۆگىنىش قىلىدىغان ئورۇندۇق، شىرە ۋە باشقا ئوقۇش لازىمەتلىكلىرىنى ھازىرلاپ بېرىش كېرەك. بۇ خىل ئىلھام ئۇلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش تەييارلىقى ئۈچۈن روھىي جەھەتتە تەقەززالىقنى قوزغايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ چوڭ بولغانلىقى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولىدىغانلىقى ئۇلاردا ھاياجان پەيدا قىلىدۇ. بىر بۇرادىرىم ماڭا مۇنداق بىر ساۋاقنى دەپ بەرگەن: ئۇ سۆھبەتدىشىمنىڭ ئوغلى ئۆگىنىش قىلىدىغان مەخسۇس شىرە ۋە ئورۇندۇقى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. بىراق ئۇ تەلىپى قاندۇرۇلمىغاندىن كېيىن، ئىچىدە غۇم ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى بىر ساۋاقداشىغا «دادام ئۇلۇپ كەتكەندە شىرە ۋە ئورۇندۇقنى مەن ئىشلىتىمەن» دەۋاتقىدەك. بۇ تۇرمۇشىمىزدا كۆرۈنگەن ئەھۋال.

(2) پەرزەنتلەردە دەسلەپكى قەدەمدە مەكتەپ ھەققىدە ياخشى چۈشەنچە ھاسىل قىلىشقا تىرىشىش لازىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىدا دەسلەپتە قورۇنۇش، قىسىلىش، ئىزا تارتىش ھەتتا مۇئەللىملەر ئۇرامدىغاندۇ، دېگەندەك ئەندىشىلەر بولىدۇ. بۇ خىل ئەندىشىنى تۈگىتىش ئۈچۈن «قارا بالام، مەكتەپ بالىلىرى نېمە دېگەن رەتلىك، پاكىز - ھە؟ سىنىپلارغا

قارىساڭ شۇنداق چىرايلىق، يورۇق، ئازادە. مۇئەللىملەر شۇنداق ئىللىق، كۆيۈمچان، مېھرىبان. ئۇلار شۇنداق قىزىقارلىق دەرسلەرنى ئۆگىتىدۇ. بىزمۇ بىلمەيدىغان نۇرغۇن بىلىملەرنى سىلەر بىلىۋالىسىلەر. ياخشى ئوقۇساڭ بىزگە قىزىقارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ بېرىسەن. تېخى ياخشى ئوقۇپ ئالىم بولۇپ، چەت ئەللەردە ئوقۇمسەن تېخى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇلاردا مەكتەپكە نىسبەتەن دەسلەپكى قىزغىنلىقنى ئويغىتىش لازىم.

(3) بالىلارنى مەكتەپكە بەرگەندە ئۆزىڭىز بىرگە ئېلىپ بېرىڭ. سىنىپ مەسئۇلى بىلەن كۆرۈشۈپ، پەرزەنتىڭىزنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، ئادىتى توغرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەنچە بېرىڭ. بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پەرزەنتىڭىزنى چۈشىنىش ۋە مىجەز ـ خاراكتېرىگە قاراپ يېتەكلىشى ئۈچۈن پايدىلىق. يەنە بىرى، بالىڭىزنىڭ ئوقۇشتىكى ئەھۋالىنى، تاپشۇرۇق ئىشلەش ئەھۋالىنى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ تۇرۇشىڭىز لازىم. ئائىلە باشلىقلىرى يىغىنلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىڭ. بۇ سىزنىڭ تەلەپچانلىقىڭىزنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ مۇئەللىمگە بىر خىل، سىلەرگە بىر خىل گەپ قىلىدىغان يامان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

(4) پەرزەنتىڭىز مەكتەپتىن كەلگەندە ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئۇنى كۈتۈۋېلىڭ. «قايتىپ كەلدىڭمۇ بالام، بۈگۈن نېمىلەرنى ئوقۇدۇڭ، چۈشەنەلىدىڭمۇ، چۈشەنمىگەن بولساڭ سەممىيلىك بىلەن مۇئەللىمىڭدىن سورىۋالغىن. ساۋاقداشلاردىن سوراپ بىلىۋالساڭمۇ بولىدۇ. (بىلمىگەننى سوراپ بىلىۋالغان ئالىم، سوراپ بىلىشنى ھار ئالغان ئۆزىگە زالىم) دېگەن گەپ بار بالام. مۇئەللىملەر جۇرئەتلىك بىلەن سوئال سورىغان بالىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. سورىمىساڭ چۈشەنگەن ئوخشايدۇ، دەيدۇ. شۇ يەر بوش قالىدۇ. بۇنداق بوشلۇق كۆپىيىۋەرسە ئاخىرىدا ئارقىدا قالىسەن» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىش لازىم. يەنە ئۇلارغا «ساۋاقداشلىرىڭ ياخشىمۇكەن، مۇئەللىمىڭ ساڭا كۆيۈنەمدۇ، ياخشى ئوقۇغۇچىغا ساۋاقداشلارمۇ، مۇئەللىملەرمۇ ئامراق بولىدۇ، بالام. ئەسكى، چۇۋالچاق بولسا ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈش

كېرەك.

(5) بالىلار مەكتەپكە كىرگەن دەسلەپكى چاغلاردا ئۇلار بالىلىق ئويۇنلىرىغا تېخى قانمىغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇلاردا ئويۇن ئويناش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇلار مەكتەپتە ئالتە سائەت ئوقۇپ كەلسە، ئائىلىدە يەنە بىرقانچە سائەتلەپ ئۆگىنىش قىلىشقا، تاپشۇرۇق ئىشلەشكە زورلانسا، بالىلاردا بارا - بارا بىزىمم پەيدا بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئوقۇشتىن زېرىكىدۇ. شۇڭا بالىلاردا كۆڭۈل ئازادىلىكىمۇ بولۇشى، ئويۇن ئويناشقىمۇ يول قويۇلۇشى، تاپشۇرۇق ئىشلەشنىمۇ ماسلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھازىر مەكتەپلەرمۇ كۆپ تاپشۇرۇق بېرىپ بالىلارنىڭ جۇلىقىنى چىقىرىۋېتىدىغان ئادەتكە چەك قويىدى. بىر سائەت قېتىرقىنىپ ئولتۇرسا تاپشۇرۇقلار تولۇق ئىشلىنىپ بولىدۇ. شۇڭا، بالىلارغا «بالام، تاپشۇرۇق بارمۇ، كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ بولۇپ ئاندىن ئوينىغىن، بولمىسا ئەتە مۇئەللىمىڭ سوراپ قالسا يەرگە قاراپ قالىسەن، ساۋاقداشلىرىڭ ئالدىدا ئىزا تارتىسەن» دەپ، ئۇلارنى تاپشۇرۇق ئىشلەش، ئۆگىنىش قىلىشنى كۈندىلىك قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىم دەپ بىلىدىغانغا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. ئەگەر ئۇلار ئۇنى پەقەت بىر ۋەزىپە دەپ قاراپ قالسا، ئۇنۇمى ياخشى بولمايدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بالىغا «ماڭا دەپ ئىشلەپ باققىنا» دەپ، ئويۇن - چاقچاق بىلەن، خۇشاللىق بىلەن جانلىق ھالدا تاپشۇرۇق ئىشلەشكە شارائىت ھازىرلاپ بېرىش لازىم.

(6) ئەگەر بالىڭىز مەكتەپتىن مۇئەللىمىنىڭ خاپا بولغانلىقى ياكى تەنقىدلىگەنلىكى توغرىسىدا ئەرزىيەت ئېيتىپ كەلسە، ھەرگىز بالىلار ئالدىدا مۇئەللىمىنىڭ يامان گېپىنى قىلماڭ. بالىدىن ئىشنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ: «بالام، مۇئەللىمىڭنىڭ دېگىنى توغرا، ئۇلارمۇ ساڭا ياخشى بولسۇن، دەپ تەنقىدلەيدۇ. ئۇلارنىڭ خاپا بولغىنىنى بىزنىڭ خاپا بولغىنىمىز دەپ بىلگىن» دەپ نەسىھەت قىلىش كېرەك.

(7) بالىلارنى مەكتەپتىكى كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە، مەكتەپتىكى ھەر خىل كۇرۇژۇكلارغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم. «بالام، سىنىپتا جۇرئەتلىك، جۇشقۇن بول، بىلگەنلىرىڭنى خىجىل بولۇپ

دېيەلمەسلىكتىن خىجىل بولساڭ بولىدۇ. سىنىپتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مەكتەپتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ ئۆزۈڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلە، قابىلىيىتىڭنى نامايان قىل» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك.

(8) بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن بەزىدە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، بەزىدە چېكىنىدۇ، بەزىدە يۇقىرى نومۇر ئالىدۇ، بەزىدە تۆۋەن نومۇر ئېلىپ قالىدۇ. يۇقىرى نومۇر ئالغاندا ھەددىدىن ئارتۇق ئۇچۇرۇپ، تۆۋەن نومۇر ئالغاندا بېسىم ئىشلىتىپ، تىللاپ، ھەتتا ئۇرۇپ زەربە بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، بەلكى سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈش، چېكىنىپ كېتىشكە سەۋەب بولغان ئامىللارنى بايقاپ، شۇنىڭغا ئاساسەن يېتەكلەش كېرەك. بالىلارنى ھەددىدىن ئارتۇق ماختاپ ئۇچۇرغاندا، ئۇلار ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان بولۇپ قالىدۇ. دەرستە چېكىنىپ كېتىشتىكى سەۋەب مۇنداق بىرقانچە ئامىلغا باغلىق بولۇشى مۇمكىن: ① ئوقۇتقۇچى ئالماشقان، بالا يېڭى ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس ئۆتۈش مېتودىغا ماسلىشالمىغان بولۇشى ياكى يېڭى ئالماشقان ئوقۇتقۇچىنىڭ چۈشەندۈرۈش، يېتەكلەش ئىقتىدارى تۆۋەنرەك بولۇشى مۇمكىن. ② دەرسلىكنىڭ مەزمۇنى ۋە قىيىنلىق دەرىجىسى بالىنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىدىن يۇقىرىراق بولغان بولۇشى مۇمكىن. ③ ئويۇنپەرەس بولۇپ قالغان، سىنىپتا دەرسكە كۆڭۈل قويمايدىغان بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ④ ئۆگىنىش ئۇسۇلى جانلىق ئەمەس، ئۆلۈك، رەسمىيەت ئۇچۇنلا ئۆگىنىدىغان ھورۇن بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ⑤ مەلۇم دەرسكە نىسبەتەن قىزغىنلىقى بوشاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ⑥ ئۆلۈكلا يادا ئالىدىغان، تېگى - ماھىيىتىنى چۈشىنمۇالماي ئاساسى پۇختا بولمىغان بولۇشى مۇمكىن.

شۇنىمۇ ئېتىباردىن نېرى قىلماسلىق كېرەككى، ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ 90 بولۇشى بىلەن 100 بولۇشى ئوتتۇرىسىدا ئانچە چوڭ پەرق يوق. ناھايىتى ياخشى بالىلارمۇ بەزىدە 80 - 90 نومۇر ئېلىپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا بالىلارنى «سەن دۆت»، «كالۋا»، «ھارام تاماق» دەپ زىتىغا تېگىدىغان تىللار بىلەن تىللاپ روھىغا زەربە بېرىشكە

بولمايدۇ. نەتىجە يالغۇزلا بالىنىڭ تىرىشچانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ئەقىللىق، ھوشيار بولۇشىغىلا باغلىق ئاددىي ئىش ئەمەس. بەزى بالىلار دەرستە ياخشى تۇرۇقلۇق، ئىمتىھان ۋاقتىدا جىددىيلىشىپ قېلىپ بىلىدىغىنىنىمۇ توغرا يازالماي چىقىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ، يەنە بالا ئىمتىھان ۋاقتىدا بېشى قېيىش، كۆڭلى ئېلىشىش، روھىي ھالىتى نورمال بولماسلىقتەك سەۋەبلەر تۈپەيلى كۆڭۈلدىكىدەك ئىمتىھان بېرەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا سوئالنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، يۇقىرىقىدەك ھەر خىل ئامىللارنىڭ قايسىسى تەسىر كۆرسەتكەن بولسا، شۇنىڭغا يارىشا يېتەكلەش كېرەك.

(9) تەلىم - تەربىيە ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن بالىلارنىڭ تەبىئىتى ھەر خىل بولىدۇ. شۇڭا ئاخىرقى نەتىجىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى، ياخشى ئوقۇيالمىغانلىقىنى ئوقۇتقۇچىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدىن كۆرىدۇ. شۇڭا، مەكتەپ تاللايدۇ، ياخشى ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىغا تۇتۇپ بەرسەم دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ، مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. شۇنداق، مەكتەپنىڭ شەرت - شارائىتىدىكى ئوخشىماسلىق ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇئەللىملەرنىڭ ياراملىق، تەلەپچان بولۇشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئىنتايىن زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. يارامسىز ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى بۇزىدۇ. گيۆتى مۇنداق دېگەن: «بىزگە تەلىم بېرىۋاتقانلار ھەقلىق ھالدا بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ھېسابلىنىدۇ، ئەمما بىزنى ئوقۇتۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىلا بۇ نامغا لايىق ئەمەس.» شۇڭا مەكتەپنى تاللاش، ئوقۇتقۇچىنى تاللاش ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەقلىق تەلىپى. بىراق ئىنتايىن ياراملىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدىنمۇ يارامسىز ئوقۇغۇچىلار چىقىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ھېكايە قىلىنىشىچە:

بىر پادىشاھ ئۆز ئوغلىنى بىر داموللىغا ئوقۇشقا بېرىپ مۇنداق دېدى: «بۇ بالا سېنىڭ بولسۇن، ئۇنىڭغا ئۆز بالاڭدەك تەربىيە بەرگىن!» داموللا: «خوپ، پەرمانبەردارمەن» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن داموللا بىرنەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئۇ شاھزادىگە تەربىيە يۇقتۇرالمىدى. داموللىنىڭ باشقا ئوقۇغۇچىلىرى بولسا بىلىم ۋە بالاغەتتە، ئىلىمدا كامالەتكە ئېرىشتى. پادىشاھ داموللىنى جاۋابكارلىققا تارتىپ كايىپ كەتتى: «سەن ۋەدىگە خىلاپلىق قىلدىڭ، سۆزۈڭنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدىڭ!»

داموللا دېدىكى: «يەر يۈزىنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھىنىڭ رايىغا مەخپىي ئەمەسكى، تەربىيە بىر خىل بولىدۇ، ئەمما مىجەز - تەبىئەت ھەر خىل!»

مۇنداق مىساللار رېئال تۇرمۇشىمىزدىمۇ ناھايىتى كۆپتۇر. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى، ئالدى بىلەن ئائىلە تەربىيىسىدىن ئىبارەت ئۇلىنىڭ پۇختا سېلىنمىغانلىقى، يەنە بىرى، پەرزەنتلەرنىڭ تەبىئىتىدىكى ئوخشىماسلىق ۋە ئۆزىگە بولغان تەلەپچانلىقىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىدىن بولىدۇ.

(10) پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتە مەبلەغنى ئورۇنلۇق يەرگە سېلىش كېرەك. نۆۋەتتە ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنىڭ سانى كۆپەيدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇشقا كىرىش ئوڭاي، پۈتتۈرمەك قىيىن، پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەتكە ئورۇنلىشىش تېخىمۇ قىيىن بولىدۇ. شەخسىي شىركەتلەر كۆپىيىدۇ. مۇقىم، ئۆمۈرلۈك خىزمەت ئۆتەيدىغان تۆمۈر تامغىنىڭ ئورنىنى توختام تۈزۈمى بىلەن ئىشلەش ئىگىلەيدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش، ئاتا - ئانىلارغا خېلى زور باش قېتىنچىلىق ئېلىپ كەلدى. ئوقۇش چىقىمىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكى بىلەن نۇرغۇن باللار ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولدى. بەزى ئائىلىلەر ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق قىلىپ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇۋاتىدۇ. بەزى باللار نەچچە تۈمەنلەپ چىقىم بىلەن ئوقۇپ چىقىپ نەچچە يىلغىچە خىزمەت ئورنى تاپالماي تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرىدۇ ياكى ئۆزى مۇستەقىل بىرەر ئىشنى تۇتۇپ قىلىشقا قۇربىتى يەتمەيدۇ. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ توغرىدا خېلى كۆپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ باقتىم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار ئۆگەنگەن بەزى كەسپلەر ئۇچۇن

جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى يوق ئىكەن، بەزىلىرى ئۈچۈن ئورۇن يوقكەن. ئۇلارنى پەقەت خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرمىسىلا، ئۆگەنگەن كەسپى بىلەن مۇستەقىل بىر ئىش تۇتۇپ جان باقالمايدىكەن. بۇنىڭدا مۇھىم مەسىلە، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇشتا كەسىپنى توغرا تاللاش كېرەك. ئىمكان بار ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىتىدىغان، جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولغان كەسىپلەردە ئوقۇتۇش مۇھىم. بۇنداق بولغاندا، ئەگەر خىزمەتكە ئورۇنلىشالماي قالغان تەقدىردىمۇ ئۆزلىرى ئىش تېپىپ قىلالايدۇ. ھەرگىز باشقىلارنى دوراش بىلەنلا بالىلارنى زورلاپ ئۆزى خالىمايدىغان كەسىپلەرگە بېرىشكە بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش پەرزەنتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىنى تاقاش ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇغان كەسىپىدىن ئايرىۋېتىپ باشقا ئىشلارغا سېلىشمۇ پەرزەنتلەرنى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىش ھېسابلىنىدۇ.

(11) پەرزەنتلەرگە ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئىلىم - پەننىڭ قىممىتىنى تونۇتۇشقا، ئىلىم - پەنگە مۇھەببەت باغلاشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. پەرزەنتلەردە ئۆگىنىش ئىشتىياقىنى قوزغىتىش ئىنتايىن مۇھىم. ھەرگىز ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىدىغان گەپ - سۆزلەرنى قىلماسلىق كېرەك.

### نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، سەن مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدىڭ. بۇ ئەمدى سېنىڭ چوڭ بولۇپ بىلىم ئۆگىنىدىغان ۋاقتىڭ بولغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەكتەپ دېگەن ساڭا بىلىم ئۆگىتىدىغان باغچا، مۇئەللىم بولسا مېھرىبان ئۇستاز. سەن مەكتەپ ئارقىلىقلا ئۆزۈڭنى ھەقىقىي تونۇيالايسەن، مۇكەممەل ئادەم بولۇش شەرتىنى ھازىرلىيالايسەن. سەن قانچىلىك بىلىملىكسەن، ئەلگە شۇنچىلىك پايدىلىقسەن، قانچىلىك نادانسەن، ئەلگە شۇنچىلىك ئېغىر يۈكسەن، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ھەم ئاپەتسەن. سەن بۇ دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە قانچىلىك كۆپ بىلىشكە ئىگە بولالىساڭ، شۇنچىلىك ئەركىنلىشىسەن، ئۆزۈڭ توغرىسىدىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ھاسىل قىلالايسەن. سەن نېمىنى چۈشەنمىسەڭ، شۇ نەرسە مەڭگۈ يەتكىلى*

بولمايدىغان قىرغاق بولۇپ قېلىشۋېرىدۇ.

بالام، دۇنيادا بىلگىلى بولمايدىغان نەرسە يوق، بىز تېخى بىلەلمىگەن نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ. ئادەم دېگەن ھېچ بولمىغاندا ئۆزىنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى، ئەخلاق - پەزىلەت تارىخى، مىللىي ئەنئەنىسى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى ئىلىم - پەننىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى توغرىسىدا بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولمىسا، ئۇنى مۇكەممەل ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. بىلىم دېڭىزىغا كىرىشنىڭ ۋە مۇۋەپپەقىيەت قىرغىقىغا چىقىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ۋە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشتۇر. بىلىم دېگەن چايناپ يېگۈزۈپ قويىدىغان نان ئەمەس، ئۇ زور مۇشەققەت بىلەن ئېگىلەيدىغان بايلىق. ئۆگىنىش ۋە بىلىش ئادەم ئۈچۈن مەجبۇرىيەت ئەمەس، بەلكى ئۇ زۆرۈرىيەت. سەن ھەرگىزمۇ بىز ئۈچۈن، مۇئەللىمىڭ ئۈچۈن ئۆگەنمەيسەن، ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئۆگىنىسەن. سەن بىلسەڭ بىلىم ئۆگىنىش كۆڭۈللۈك ئاش - تاماقتىنمۇ مۇھىم، چۈنكى تاماق يېيىش پەقەت سېنىڭ ھايات تۇرۇشۇڭغىلا كاپالەتلىك قىلىدۇ، بىلىم بولسا سېنىڭ تىرىك ئۆلۈك بولۇپ قالماسلىقىڭغا، ئادىمىيلىكىڭدىن مەھرۇم بولماسلىقىڭغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئادەمنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بىلىش، پىكىر قىلىش، ئىزدىنىش. بىلىش، ئىزدىنىش، پىكىر قىلىش بار يەردە تەرەققىيات بار، پىكىر ۋە ئىزدىنىش بار يەردە ھەم ئادەم بار. ئەگەر پىكىر قىلىش، ئىزدىنىش ۋە بىلىشتىن مەھرۇم بولساڭ ئىنسانىي ئالاھىدىلىكىڭدىن مەھرۇم بولىسەن، بالام.

بالام، سېنىڭ كۆزۈڭ ئېچىلىپ، ئەقلىڭگە كېلىپ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىڭنى تونۇش بولسۇن. ئادەم پەقەت ئۆزىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەندىن باشلاپلا ھەقىقىي ھاياتقا قەدەم قويالايدۇ. بىلسەڭ ئىنسان بالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەسلىي بۈيۈك بولىدۇ، پەقەت ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان بىرلا نەرسە بار، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ ئەمەل، مەنسەپمۇ ئەمەس، پۇلمۇ ئەمەس، بەلكى ئىلىم. بىلىملىك بولساڭ ھەممە يەردە ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك سانىلىسەن، بىلىمسىز بولساڭ خار ۋە ئېتىبارسىز قارىلىسەن. نادانلىقنىڭ يىلتىزى شۇنچىلىك قاباھەتلىككى،

ئۇ يوقىلىش، ھالاكەت مەنبەسىدىن سۇ ئىچىدۇ. بىلىملا سېنى يۈكسەكلىككە يەتكۈزىدۇ. بالام، سەن ئىنسانىيەت تارىخىدا ياشاپ ئۆتكەن شۇنچە ساناقسىز ئادەملەرنىڭ قايسى بىرسىنىڭ باي بولغانلىقى ياكى چوڭ ئەمەلدار بولغانلىقى ئۈچۈن كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قەلب خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئۇلارنىڭ مال - دۇنياسى ۋە ئەمەلدارلىقى ئۇلارنى بۇ دۇنيادىن ئىز - دېرەكسىز يەر يۇتۇپ كېتىشىنى توسۇيالىدىمۇ؟ ياق! بالام، مال - دۇنيا، ئەمەل - مەنسەپ ئۆتكۈنچى نەرسە، ئىلىم - مەرىپەت مەڭگۈلۈك. كۆرمىدىڭمۇ، تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن ئىلىم ئىگىلىرى ئۆزلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك تۆھپىلىرى بىلەن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئەل قەلبىدە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك كەشپىياتلار ۋە ئۇلۇغ ئەسەرلەر كىشىلەرگە مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ يول باشلىماقتا. شۇڭا، ئۇلارنىڭ جىسمى توپىغا ئايلانغان بولسىمۇ، روھى مەڭگۈ ھايات، ئۇ ئەل بىلەن بىرگە مەڭگۈ ياشايدۇ. ھاياتنىڭ قىممىتى دېگەن مانا شۇ، بەخت دېگەن مانا شۇ بالام. شۇڭا، مەھمۇد قەشقەرى بوۋىمىز: «قۇت بەلگىسى — بىلىم» (بىلىم — بەخت - سائادەتلىك بولۇشنىڭ بەلگىسى) دېگەن. ئەقىللىق بولىدىغان بولسا، ھەرقانداق نەرسىدىن ۋاز كەچسەڭ كەچكىنكى، ئىلىم ئۆگىنىشتىن ۋاز كەچمە. سەن ھەرقانچە تۆۋەن ئورۇندا بولساڭمۇ باشقىلار بىلەن ئوخشاشلا بىر ئىنسان ئىكەنلىكىڭنى چۈشىنىشىڭ كېرەك، دەۋرداشلىرىڭدىن ئەقىل ۋە پاراسەتتە، بىلىم - كامالەتتە تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇش نومۇسلۇق ئىش. سەن يۈكسىلىشنى، ئادەمدەك ياشاشنى بىلىشىڭ كېرەك. بۇنىڭ بىردىنبىر يولى بىلىمنى قەدىرلەش، ئوقۇشنى ئۇلۇغلاش ۋە بۇ يولدا جان پىدا قىلىش. پەقەت سېنى شۇلا ئۇلۇغلۇق شۆھرىتى بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

بالام، ئىنسانلار ھاياتلىق دۇنياسىغا قەدەم قويۇش بىلەن ئۇلار ئارزۇ-ئۈمىد مەشۇتلىرىغا ئېسىلغان. ئۇلار شۇ مەشۇتلارغا ئېسىلىپ ئۇزاق مەزگىل كۈرەش قىلدى. بىراق ئۇلارغا سايىدەكلا ھەمراھ بولغان قاباھەتلىك زۇلۇم زەنجىرى ئۇلارنى قانتى يوق قۇشقا ئايلاندۇرغانىدى.

ئۇلار كۈرەش داۋامىدا ئاخىرى ئۇ قاباھەت زەنجىرىنى پاچاقلاشنىڭ گاڭ قانىتىغىمۇ ئىگە بولدى. ياشاش ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال ئىلىمنى يولباشچى قىلىشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندى. چۈنكى ئىلىملا ئەڭ توغرا يولباشچى ۋە يېتەكچى بولالايتتى. ئىلىمنى قورال قىلغان ئادەم ھەرقانداق مۇشكۈللۈك ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ. بىلىم قەسەم قىلىشقان قېرىنداشلىرىڭدەك ھەردائىم ساڭا ھەمراھ بولىدۇ، ساڭا توغرا مەسلىھەت بېرىدۇ، نىجادلىق يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋىمىز دېگەنكى: «بىلىم گادايلاشمايدىغان ۋە ئوغرى، قاراقچى ئالالمايدىغان بايلىق.» شۇڭا، بالام، دوست تۇتۇش توغرا كەلسە ئالدى بىلەن ئىلىم - پەننى دوست تۇت. ھەرقانداق دوست ساڭا ئىلىم - پەندەك مېھرىبان بولالمايدۇ. سەن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمىسەڭلا، ئۇ سەندىن مەڭگۈ يۈز ئۆرۈمەيدۇ. ئۇ سەندىن ياخشىلىق كۆرمىسىمۇ يامانلىق قولىنى سۇنمايدۇ.

بالام، ئادەم كىيىم - كېچەك، چىراي - تۇرق بىلەنلا ئادەم ھېسابلانمايدۇ. بايلىقمۇ شۆھرەتكە ئىگە قىلالمايدۇ. ھەرقانداق شان - شەرەپ، ئابروي ئىلىم ئارقىلىق تىكلەنگەن شانۇ شۆھرەتتىن ئۇلۇغ بولمايدۇ. سەن ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى بولغانلىقىڭ ئۈچۈنلا قەدىرلىك بولۇپ قالمايسەن. سەن ئاتا - ئاناڭدىن قالغان نام - نەسەب بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەقىل - پاراستىڭ ۋە ئىلىم - ھۈنىرىڭ بىلەن ئىپتىخارلىنىشنى بىل. ئۈچاڭدىكى كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت قۇرۇق سۆلەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ سېنىڭ ئالىيلىقىڭغا گۇۋاھ بولالمايدۇ. ئەگەر ئۈستىۋېشىڭ كاتتا بولۇپ، ئىچىڭ كاۋاك بولسا قۇرۇق ھەيكەلدىن پەرقلەنمەيسەن. ئىلىمسىز نادان ئادەمنىڭ ھېچبىر كىشىگە پايدىسى تەگمەيدۇ، ئىلىم - ھۈنەرسىز كىشى قۇرۇق خادىغا ئوخشايدۇ. قۇرۇق خادا ھەتتا ئۆزىگىمۇ سايە چۈشۈرەلمەيدىغۇ. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، بىلىمسىزلىك بەئەينى ساقايماس كېسەللىكتۇر. بۇ كېسەل ساڭا ھەرخىل ھاقارەت تامغىسىنى بېسىشقا قابىل. ئۇنىڭغا ھەرقانداق دوختۇرمۇ داۋا قىلالمايدۇ. بۇ كېسەلنىڭ بىردىنبىر شىپاسى يەنىلا بىلىم ئىگىلەش. بالام،

تۇرمۇشتا مەينەتچىلىك كۆپ، كىرمۇ تولا، نادانلىق يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىردۇر. بىلىمسىزلىك ھەم ئەڭ ياۋۇز دۈشمەنكى، ھەرقانداق بىر قەبىھ دۈشمەنمۇ ساڭا نادانلىقىڭدەك زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇۋىمىز بىلىملىك بىلەن نادانلىقنىڭ پەرقىنى تىرىك بىلەن ئۆلۈككە ئوخشاتقان. ئەلىشىر نەۋائىي بۇۋىمىز: «نادان — ئېشەككىمۇ يەتمەيدۇ» دېگەن.

بالام، ئالدىڭغا قارا، ئىزىڭدا تەمتىرەپ قايمۇقۇپ يۈرمە. يىراققا نەزەر سال، ئورنۇڭغا قارا، دەۋرىڭگە قارا! بىر دەۋردە، بىر ئەسىردە ياشاپ تۇرۇپ تۇرمۇشۇڭ، تەسەۋۋۇرۇڭ، مەقسىتىڭ ۋە غايەڭنىڭ قايسى سەھرايى كەبىرلەردە قالغانلىقىنى ئويلا. سەنمۇ دەۋرداشلىرىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇشقا تىرىشقىن. كېيىنكى ھەسرەت - نادامەت، يىغا - زار سېنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. دۇنيادىكى ھەرقانداق تەس تۈگۈننى ئىلىم - پەن ئارقىلىق يەشكىلى بولىدۇ. قارىغۇلارچە ئاڭسىز ياشاش ئادەم بالىسىغا خاس خۇسۇسىيەت ئەمەس. ئەقىل ئىنسانغا بىكار ئاتا قىلىنمىغان. شۇ مۇقەددەس ئەقىلنى ئىلىم بىلەن سۇغۇرساڭ بۇ دۇنيادىمۇ جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىلى بولىدۇ. سەن باشقىلار شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى، قىممەتلىك مۆجىزىلەرنى ئىختىرا قىلىپ مەدەنىيەت جەھەتتە كۆپ ئىلگىرىلەپ كەتكەن تۇرسا، مېنىڭ قولۇمدىن نىمە كېلەتتى، دەپ قاراپ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ كىشەنلەپ قويما. ئىنسانلار قانچىلىك يېڭى قانۇنىيەتلەرنى بايقىغانسېرى، ئېچىشقا تېگىشلىك سىر تېخىمۇ كۆپ، بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار تېخىمۇ زور، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر بولماقتا. ھېچ بولمىغاندا يېڭى كەشپىيات يارىتالمىساڭمۇ باشقىلار ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغان قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىپ بىلەلىشىڭمۇ ناھايىتى چوڭ ئىش. فارابى بۇۋىمىز مۇنداق دېگەن: «بۇ ۋۇجۇت ۋە ئالەم سىرلىرى پىشۇرۇلماي ئۆز پېتى خام قالدى، ئۇ قىممەت، دۇر يىپلىرىغا تىزىلماي قالدى، گەرچە ھەركىم ئۆز ئەقلىچە مەنە ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئەسلى سىر ئۆز پېتى ئېچىلماي قالدى.» بۇ دۇنيانىڭ ئۆزى بىر بۈيۈك ھېكمەت بالام، ئىزدەنگەن ھەرقانداق ئادەمگە ئۆزىنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەر بېرىپ

تۇرىدۇ، نادان ئادەم ئۈچۈن ئۆزىمۇ مەڭگۈ سىر بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

بىلىم دېگىنىمىزگە كىرىشنىڭ بىردىنبىر يول خېتى ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، بالام. ئادەم ئۆزىنى مەڭگۈ ئوقۇغۇچى ھېسابلىشى كېرەك. كامالەتكە يەتتىم دەپ غادىيىش ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن باراۋەر. دۇنيادا تولۇق كامالەت دېگەن نەرسە يوق، پەقەت كامالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش مەڭگۈلۈك. بالام، ئۇستازلىرىڭنى ۋە ئىلىم - ئەھلىنى ھۆرمەتلىگەيسەن. ئۇلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمە، ئۇلارغا تىل تەگكۈزمە. ئۇستازىڭنى ھۆرمەتلىسەڭ سەنمۇ ھۆرمەتلىك بولۇپ قالىسەن. ئەلىشىر نەۋائىي بوۋىمىز: «ساڭا ئەقىدە قىلىپ بىر ئىلىم ئۆگەتكەن ئۇستازىڭنىڭ ھەققىنى مىڭ تىللا بېرىپمۇ ئادا قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن.

بالام، مەكتەپ ساڭا نېمىنى ئۆگىنىش، قانداق ئۆگىنىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بىر قىسىم قانۇنىيەتلەرنى چۈشەندۈرىدۇ. مەكتەپتىكى ئۆگەنگەن بىلىمگىلا تايىنىپ ھەممە نەرسىنى بىلىپ كەتتىم دېيىش ئازغۇنلۇق. ئادەمنىڭ بىلىمدە كامالەتكە يېتىشى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق. چۈنكى مەكتەپ ھاياتى ناھايىتى قىسقا، ئەمما سەن ئۈچۈن ئۆگىنىش مەڭگۈلۈك. سەن ئۆزۈڭگە ھەقىقىي ئىشىنەلىگەن چاغدىلا ئۇستازىڭدىن ھالقىپ كېتەلەيسەن. سەن قانچىلىك ئاز نەرسىنى بىلسەڭ بىلگەنلىرىڭ ئۆزۈڭگە بەك كەڭ بىلىنىدۇ، قانچىلىك كۆپ نەرسىنى بىلگەنسېرى سەن بىلمىگەن ۋە بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن.

بالام، ئادەم بىلىم ئىگىلەشتە نېمىنى ئۆگىنىش، نېمىنى ئۆگەنمەسلىك، قانداق ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى بىلىۋېلىشى لازىم. قارىغۇلارچە نېمە ئالدىغا كەلسە شۇنىڭغا كۆڭۈل بېرىۋەرسە بولمايدۇ. بىلىم دېگەن كۆپ خىل بولىدۇ، بەزى بىلىملەر يارىكى، سېنىڭ پۇت - قولۇڭنى چۈشەپ قويىدۇ، يەنە بەزى بىلىملەر سېنى قاناتلاندۇرىدۇ. شۇڭا، ھەممىنىلا بىلىم دەپ ئۆگىنىۋېرىش كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ ھاسىغا تايانغان ئادەمدەك سېنى ئۈچ پۇتلۇق قىلىپ قويىدۇ، سەندە مەۋقە ۋە مەيدان بولمايدۇ، دۇنيا قارىشىڭ مۇجمەللىشىدۇ، تەپەككۇرىڭنى تورمۇزلايدۇ،

*ئىرادىسىنى بوشاشتۇرىدۇ. شۇڭا ئىلغار، تەرەققىياتقا، ئىستىقبالغا، ئۈمىدكە ئىشتىراك قىلمىدىغان، كۈرەش قىلىشقا، ئۆزۈڭنى قەدىرلەشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان ئىلىملەرنى ئۆگەنگىن. چۈشكۈن، زەئىپ ئىدىيىدىكى ئىلىمنى ھەرگىز ئۆگەنمە. بالام، ئىلىم - پەننىڭ بىرىنچى دۈشمىنى تەكەببۇرلۇق.*

*بالام، ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەن ئىكەنسەن، ئۆگەنگەن بىلىملىرىڭنى جايىدا ئورۇنلۇق ئىشلىتىشنى بىلگەيسەن. ئۆگەنمەك تولا مۈشكۈل، ئەمدى ئۆگەنگەننى ئەل ئۈچۈن سەرپ قىلىپ چىقىرىش تېخىمۇ مۈشەققەتلىك. خەزىنىدە دۇر - گۆھەرلەر تولۇپ ياتقىنى بىلەن ئۇنى ئىشلەتمىسە نېمە پايدا؟ دانىشمەنلەر ئېيتقانكى، ئىلىم ئۆگىنىشتىكى مەقسەت يامان يولدىن يىراق بولماق ئۈچۈندۇر، ھەرگىزمۇ دۇنيا يىغىش ياكى يامان يولغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئەمەس. ئىلىم ئۆگىنىپ، ئۇنى ئەمەلدە ئىشلەتمىگەن كىشى قوش ھەيدەپ ئورۇق سالمىغان ياكى ئورۇق سېلىپ ھوسۇل ئالمىغان كىشىگە ئوخشاشتۇر. ئۆز ئىلمىنى ئىشلەتمىگەن ئالىم كىتاب ئارتىلغان ئۇلاغدۇر، دېگەن دانالار. بىر ئادەمدىن: «ئەمەلسىز ئالىم نېمىگە ئوخشايدۇ» دەپ سورىغانىكەن، ئۇ: «ھەسەلسىز ھەرىگە» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.*

## 2. پەرزەنتلەردە توغرا رىقابەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك

توغرا رىقابەت — ئىلگىرىلەش يولىدىكى پەلەمپەي.

— خاتىرەمدىن

ئىنساننىڭ تۇغما ئالاھىدىلىكىدىن بىرى مەنپەئەتپەرەسلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن كىچىك باللاردا بولسۇن، چوڭلاردا بولسۇن، مەنپەئەت ئېڭى بولىدۇ. بۇۋاق باللارمۇ ھەتتا ئۆزىگە تەۋە دەپ قارىغان نەرسىنى باشقىلارغا بېرىشكە كۆنمەيدۇ، باشقىلار قولىدىكى نەرسىنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالسا

يىغلايدۇ. مەكتەپ يېشىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆگىنىش داۋامىدا ساۋاقداشلار ئارا رىقابەت ئېڭى ئۆسۈپ بارىدۇ. بىراق يەنە بەزى باللاردا رىقابەت ئېڭى تۆۋەنرەك بولىدۇ. ئۇنداق باللارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش روھى ۋە ئىرادىسى تۆۋەنرەك بولىدۇ. نەتىجىدە ئۆزى ئارقىدا قالامدۇ، باشقىلار ئۆزىدىن ئېشىپ كېتەمدۇ، پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ بالا تەربىيىلەش ئەنئەنىسىدە بوۋاق چېغىدىن تارتىپ شەخسىيەتچىلىك ئېڭىنى يوقىتىشقا تىرىشىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بوۋاقلارنىڭ قولىدا بىرەر نەرسە بولسا «ئەكىلىڭ، قولىڭىزدىكىنى ماڭا بېرىڭ» دەپ ئەركىلىتىدۇ. بەزى باللار دەرھال تەڭلەيدۇ، بەزى باللار باشقىلار ئېلىۋالمىسۇن دېگەندەك دەرھال قولىنى تارتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئانا «بېرىڭ، ئۇ ئاداش ئەمەسمۇ، ئاچاش ئەمەسمۇ، ئۇكاش ئەمەسمۇ، مېنىڭ بالام ياخشى، بېرىدۇ» دەپ باللارنىڭ قولىدىكى نەرسىنى باشقىلارغا بېرىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئاندىن بالا قولىدىكى نەرسىلەرنى باشقىلارغا سۇنىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى پەرزەنت تەربىيىسى داۋامىدا شەكىللەنگەن بىر ياخشى سەنئەت. ئەگەر ئاتا - ئانىسى «قولۇڭدىكى نەرسىنى ھەرگىز بىركىمگە بەرمە جۇمۇ» دەپ تاپىلىغان بولسا، ئۇ بالا ھەرگىزمۇ قولىدىكى نەرسىنى باشقىلارغا بەرمەيدۇ.

خوش، مۇشۇنداق پىسخىك جەريان تەدرىجىي ھالدا باللاردا رىقابەت ئېڭى ۋە مەنپەئەتپەرەسلىك ئېڭىدىن ئىبارەت ئىككى خىل خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ. ئەگەر بۇ جەھەتتىن توغرا ۋە ئىلمىي يېتەكلەش بولمىغاندا، باللاردىكى مەنپەئەتپەرەسلىك ئېڭى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ساۋاقداشلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالىدىغان، چىقىشالمايدىغان، خۇيلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا بەزى ئىچى كۆچلۈك باللار دەرستە كەينىدە قالسا، باشقىلارغا يېتىشەلمىسە، ئۆزىچىلا مەكتەپتىن قاچىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ. ئۆگىنىشتە ياخشى، ئالدىدا ماڭغان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە بېرىشقا ئالدىرايدۇ. مەكتەپتىن قاچقان باللار باشقىلارنىڭ كەينىدە قالغانلىقى، شۇ سەۋەبلىك كۆپرەك تەنقىد ئاڭلاپ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا غۇرۇرى ئازار

يېگەنلىكى ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئاتا - ئانىلار بالىلارغا كىچىكىدىن تارتىپ ئىككى ياقلىما تەربىيە بېرىشكە ئادەتلىنىشى كېرەك. بىرى، ئۇلاردا كەڭ قورساقلىق، سەرۋىچانلىق ۋە چىدامچانلىق بولسۇن، يەنە بىرى، كۈچلۈك رىقابەت ئېڭى بولسۇن.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ روھىي ھالىتىدىكى زىددىيەتنىڭ تۈپ سەۋەبىنى سەۋرچانلىق بىلەن بىلىشى، شۇنىڭغا ئاساسەن نەسىھەت قىلىپ بالىلارنى قايىل قىلىشى كېرەك. يەنە باشقىلار بىلەن دۈشمەنلىشىش ۋە باشقىلار بىلەن زىددىيەتلىشىشكە سەۋەب بولىدىغان گەپلەر بىلەن بالىلارنىڭ سەبىي قەلبىگە زىددىيەت ئۇرۇقىنى چېچىپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر پەرزەنتلەرنى توغرا، ئادىل بولغان رىقابەت ئېڭىغا يېتەكلىمىگەندە، ئاخىرقى ھېسابتا بالىلار چوڭ بولۇپ، شەخسىيەتچىلىك ۋە قارا نىيەتلىكنى توغرا رىقابەت ئورنىغا دەسسىتىدۇ - دە، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى ئۆزى قاشالاپ قويىدۇ، كۆرەلمەسلىك، ھەسەت ۋە پىتنە - پاساتقا ئادەتلىنىپ قالىدۇ.

بالىلار گۆدەك چاغلاردا: «بالام، ئۆزۈڭدىن ئۈمىدسىزلەنمە، ئازراق تىرىشچانلىق كۆرسەتسەڭ، سەنمۇ باشقا ساۋاقداشلىرىڭغا ئوخشاش ئىلغارلار قاتارىغا كىرەلەيسەن. ئىلغار بالىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۇلاردىن ئۆگەنگىن. ئەگەر ئۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلساڭ، كۆزى كىچىك، كۆرەلمەس، ئىچى تار، ئىقتىدارسىز ئادەم قاتارىغا كىرىپ قالىسەن. ساۋاقداشلىرىڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن بولسا، ئۇلاردىن خۇشال بولغىن. ئۇ سىلەرنىڭ سىنىپىڭلارنىڭ شان - شەرىپى بولغانىكەن، ئۇ ھەم سېنىڭ شان - شەرىپىڭ» دېگىلار.

ئەگەر نەمۇنىچى بالىلار چېكىنىپ كېتىپ روھسىزلىنىپ قالسا: «بالام، بىر ئادەم مەڭگۈ ئىلغار بولىدىغان، يەنە بىرى مەڭگۈ ئارقىدا قالىدىغان ئىش بولمايدۇ. ئۇلارمۇ ئىلغارلار قاتارىغا كىرىش ئۈچۈن

تىرىشىدۇ ئەمەسمۇ. ئىلگىرىلەش دېگەن شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن مەيۇسلىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ. ساۋاقداشلىرىڭنىڭ سەندىن ئېشىپ كەتكەنلىكى بۇ ساڭا تېخىمۇ زور ئىلھام ۋە تۈرتكە بولىدۇ. سەن بولساڭ سەندىن ئېشىپ كەتكەن ساۋاقداشلىرىڭنى ئالقىشلا ۋە چىن كۆڭلۈڭدىن تەبرىكلە» دەڭلار.

پەرزەنتىڭلار قۇرامىغا يېتىپ قالغاندا: «بالام، بىزدە «ئېشەك - ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس»، دېگەن گەپ بار. سەن ئۆزۈڭگە قاتتىقراق تەلەپ قويغىن. سەندىمۇ باشقىلارغا ئوخشا ئەقىل - پاراسەت بار. تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلا بولساڭ ھەرگىز مەغلۇپ بولمايسەن. باشقىلار بىلەن دۈشمەنلەشمە ھەم پۇت تېپىشمە، باشقىلارغا ئورا كولاش خىيالىدىمۇ بولما. ئۆزۈڭگە ئىشەنچىڭ بولسا، شان - شەرەپ ۋە نام - ئابرۇينى باشقىلارنىڭ مۇرىسىگە دەسسەپ ياكى ئۇلارنىڭ پۇتىغا پۇت قويۇپ تۇرۇپ ئەمەس، بەلكى يۈرىكىڭنى ئالىقىنىڭغا ئېلىپ قويۇپ تىكلىگىن. كەڭ قورساقلىق ئىنسان ئۈچۈن بىر بايلىق، ئەقىللىقلارنىڭ قەلبى مانا شۇنداق بولىدۇ. ھەرقانداق ئىشقا غەيرەت، شىجائىتىڭگە تايىنىپ تۇتۇش قىلمىساڭ، ھەر قاچان تەپەككۇر كەمرىڭ ئۆزۈڭ بولۇپ قېلىپ، تىترىگەن سۇدا ئەكسىڭنى كۆرەلمىگەندەك، ياخشى تەدبىر خاتىرەڭ ئەيىنىكىدە كۆرۈنمەيدۇ. ھەرقانداق ئىشقا كىرىشىشتە ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ، دەپ ئىككى خىيال بولۇپ تۇرۇۋەرسەڭ، ھەرقانچە قارىغىنىڭ بىلەنمۇ تەلەپ، مەقسەت دىدارىنى كۆرەلمەيسەن، ئەقىل لەۋھەسىگە ھەرقانچە قارىغىنىڭ بىلەنمۇ، ئۇنىڭغا مەقسەت رەقىمىنى ئويالمايسەن؛ ئەگەر ئۆزۈڭدە باشقىلاردىن ئۆتۈپ كەتكۈدەك مادار ۋە ئىقتىدار بولمىسا، ئۇلارنى قوللاپ، ئۇلارغا كەڭ يول ئېچىپ بەر بالام» دەپ نەسىھەت قىلىڭلار.

## 3. پەرزەنتلىرىمىز «تەقدىر» بويۇنتۇرۇقىغا ئەسىر بولۇپ قالمىسۇن

> ھەرقانداق بىر قوۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.
>
> — سۇرە رەئد 11 - ئايەت

«تەقدىر» — سىرلىق ھەم مۇتلەق نەرسىمۇ؟ ئۇنداقتا سىز ئۇنى قانداق چۈشىنىسىز؟

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا ياكى پۈتۈن ھاياتىمىزغا «تەقدىر» ھەققىدىكى قاراش، چۈشەنچە مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. نۇرغۇنلىغان ۋەقە، ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تۈگەللىنىشىنى بىز كۆپىنچە «تەقدىر» گە باغلاپ چۈشىنىمىز ۋە چۈشەندۈرىمىز.

سەگەك مېڭە، ئۆتكۈر كۆز بىلەن نەزەر سالىدىغان بولساق، بىزنىڭ «تەقدىر» ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز يۈزە ۋە بىر تەرەپلىمە بولغانلىقتىن، ئۇ بىزنىڭ ئېڭىمىزنى، روھىمىزنى، ئەركىمىزنى ۋە ئىستىقبالىمىزنى قامال قىلىپ قويغان.

«تەقدىرگە تەن بەرگۈلۈك»، «تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەيدۇ»، «ئىختىيارىمىز تەقدىرنىڭ قولىدا»، «پېشانىمىزگە شۇنداق پۈتۈلگەن» دېگەنگە ئوخشاش بىر يۈرۈش ئۇقۇملار زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلدى ۋە روھىمىزغا سىڭىپ كەتتى. ئەۋلادلارنى رايىش قىلىپ تەربىيىلەش، شۈكۈر - قانائەت قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭ چوڭ دەسمايىسى بولغان بۇ خىل قاراشلار نۇرغۇن ئائىلىلەردە پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتىكى، بەزلەشتىكى مىزان بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق تەرغىب قىلىش ۋە تەربىيە بېرىش ئۇسۇلى ئىلمىي ۋە توغرا بولامدۇ؟

شۇنى بىلىش كېرەككى، دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلار مۇئەييەن باغلىنىش ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنى تەبىئىي قانۇنىيەت دەيمىز.

مەسىلەن، تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش، كۈننىڭ ئەتىگەندە شەرقتىن چىقىپ غەربكە پاتقانلىقى، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ قانۇنىيەتلىك تەرتىپتە ئالمىشىپ تۇرۇشى بىر خىل تەبىئىي قانۇنىيەت. ھېچقانداق قۇدرەتلىك كۈچنىڭمۇ بۇنى ئۆزگەرتىشكە قۇربى يەتمەيدۇ. جەمئىيەتمۇ مۇئەييەن قانۇنىيەت بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈپ نېگىزى ئادەمنىڭ پائالىيەتچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقى ئارقىلىقلا ئورۇنلىنىدۇ. ئىنسانلار تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ھاياتنىڭ، ئىجتىمائىيەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ۋە تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى بايقايدۇ ياكى تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىش تەجرىبىسى دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. مەسىلەن، نەم يەرگە ئۇرۇق چاچسا زىرائەت ئۈنىدىغانلىقى بىر تەبىئىي قانۇنىيەت، ئادەمنىڭ ئۆگىنىش ۋە تىرىشچانلىق ئارقىلىق كامالەتكە يېتىشى بۇ بىر ئىجتىمائىي قانۇنىيەت. ئىنسانلار بۇ قانۇنىيەتلىك باغلىنىشلارنى بايقىغاندىن كېيىن ئاندىن تېرىقچىلىق قىلغان ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى بارا - بارا قۇدرەتلىك قىلالىغان. «ئادەم بۇ دۇنياغا قانداق ئۇرۇق چاچسا شۇنىلا ئورىدۇ، تېرىق تېرىسا تېرىق ئالىدۇ، بۇغداي تېرىسا بۇغداي ئۈنىدۇ، تېرىمىسا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ؛ ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چاچقان ئادەم ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ، يامانلىق ئۇرۇقىنى چاچقان ئادەم يامانلىققا ئېرىشىدۇ» دېگەن. مانا بۇ تەقدىرنىڭ ئىجتىمائىي قانۇنىيىتىنىڭ ئىلمىي يېشىمى. بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ، ئاتا - ئانىلار ئالدى بىلەن «تەقدىر» توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى ئىلمىي ئاساستا تونۇۋېلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن پەرزەنتلەرنى توغرا دۇنيا قاراش، ئىلمىي «تەقدىر» قارىشى بىلەن تەربىيىلەش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز.

مەلۇمكى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق مەئىشەت ئىنسانلار ئۈچۈن ئورتاق يارىتىلغان. ھەرگىزمۇ بىرىمىزگە كۆپرەك، مولراق تەقسىم قىلىنىپ، يەنە بىرىمىزگە ئازراق تەقسىم قىلىنغان ئەمەس. قانداقتۇر بىرىمىزنىڭ «زوۋۇلىسى يوغان ئۈزۈلۈپ، يەنە بىرىمىزنىڭ زوۋۇلىسى كىچىك ئۈزۈلگەنمۇ ئەمەس. بارلىق ئىنسانلارغا ئەقىل - ئىدراك، ئىشلەشكە قول، مېڭىشقا پۇت، كۆرۈشكە كۆز، ئاڭلاشقا قۇلاق، يېيىشكە

ئېغىز ئوخشاش ئاتا قىلىنغان، شۇنداق تۇرۇقلۇق بىزنىڭ ئاتالمىش «تەقدىر» دىن نالە قىلىشقا نېمە ئاساسىمىز بولسۇن؟ ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ بەختسىزلىكىنى، ئىقتىدارسىزلىقىمىزنى، نامراتلىقىمىزنى ياكى بايلىقىمىزنى، بەختىمىزنى «تەقدىر» دىن كۆرسەك، ئۇنداقتا ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا بايلىق تاجىنى كىيىپ چۈشۈشى ياكى كەمبەغەللىك كۇلاسىنى كىيىپ چۈشۈشى كېرەك بولىدۇ. بۇنداق ئىبارىنى كىم قايسى مۇقەددەس كىتابلاردىن ئوقۇغان؟ يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلايلى: مەلۇم ئادەم دەسلەپتە ئىنتايىن باي ياكى كەمبەغەل ئىدى، كېيىن ئۇ بىردىنلا كەمبەغەل ياكى باي بولۇپ كەتتى. ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ هاياتى يېرىم يولغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەقدىرى ھەققىدە يېڭىۋاشتىن ھۆكۈم چىقىرىلغان بولامدۇ؟

ياق! تەقدىرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلىدۇ. چۈنكى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چاچقان ئادەم ياخشى تەقدىرگە ئۇچرايدۇ، يامانلىق قىلغانلار يامان تەقدىرنىڭ قىسمىتىگە يولۇقىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ دۇنيادا ياخشىلىقمۇ بار، يامانلىقمۇ مەۋجۇت، بايلىقمۇ بار ھەم كەمبەغەللىكمۇ بار. بەختمۇ بار، بەختسىزلىكمۇ ھەر دائىم بەختكە ھەمراھ. لېكىن باي قىلىپ قويغان ياكى كەمبەغەل قىلىپ قويغان، ساق قىلىپ قويغان ياكى ئاغرىق قىلىپ قويغان، ياخشى قىلىپ قويغان ياكى يامان قىلىپ قويغان، بەختلىك قىلىپ قويغان ياكى بەختسىزلىككە دۇچار قىلىپ قويغان قانداقتۇر «تەقدىر» بولماستىن، بەلكى ئۆزىمىز قىلغان سەۋەبىمىزدە. شۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، «تەقدىر» دېگەن ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ئىلكىدە بولىدۇ.

بۇ ھەقىقەتكە قايىل بولغۇچى ھەرقانداق كىشى ئەتراپلىق تەھلىل قىلغاندا بۇلارنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىشى مۇمكىن. پەرزەنتلەرگە توغرا ئەقىدە، ئىلمىي تەقدىر قارىشىنى سىڭدۈرۈش، ھەرگىزمۇ خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك.

نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، بۇ دۇنيا سەۋەب ئالەمى، شۇڭا كونىلار «سەۋەب قىلساڭ*

سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن. سەۋەبسىز، ئەجىر - مېھنەتسىز ھېچقانداق مەنزىلگە يېتەلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس. سەن ئۆزۈڭگە نېمىنى راۋا كۆرگەن بولساڭ ۋە بۇ يولدا قانداق تەقدىر توغىنىنى قوپۇرغان بولساڭ، تەقدىرىڭ شۇ يەردە بولىدۇ. سەن ئۆزۈڭگە مەردلىك يولىنى مەقسەت قىلغان بولساڭ، سېنى ھېچكىم نامەردلىك بەتنامى بىلەن قارىلىيالمايدۇ؛ نۇرغۇن ئادەم ئۆزىنىڭ رەزىللىكى، زەئىپلىكى ۋە ئىقتىدارسىزلىقى سەۋەبلىك ئۆزىنى خارلىق ۋە ئازابلىق كويلارغا مۇپتىلا قىلىدۇ. شۇڭا دانىشمەنلەرنىڭ «تەقدىردىن كۆرمەي ئۆزۈڭدىن كۆر» دېگەن ھېكمىتى يادىڭدا بولسۇن. بىر چىشلەم ناننىڭ تەمەسىدە ئۆزىنى ئۆزى باغرى تاش مەلئۇنلارنىڭ ئايىغىغا باش قويغۇزۇپ، ھاقارەت تەستەكلىرى، خورلۇق تېپىكلىرىنى يەپمۇ ئۆزىگە شەرەپ بىلىپ يۈرىدىغان تەبىئەتسىز ئادەملەرنىڭ ھېكايىسى كۆپقۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي، ھارام تاماق، پەس تەبىئەتلىك بىر كىشى ھەققىدە مۇنداق ھېكايە قىلغان:

خەلق ئارىسىدا بىر غەيرەتسىز كىشى بار ئىدى. خالايىق ئۇنىڭ ئۆلۈمتۈك ۋە غەيرەتسىزلىكىنى كۆرۈپ، ھەربىرى بىردىن مۇشت ياكى تەستەكلىرىنى ئۇراتتى. شۇ ئارقىلىق ئۇ كىشىلەردىن بىر لوقمىدىن نان ئېلىپ يەيتتى، كىشىلەر قانچە قوغلىسىمۇ كەتمەيتتى؛ بەلكى ئۇ باغرى تاش زالىملارنىڭ ئۆيىدىن چىقمايتتى. كىشىلەر ئۇنى بۇ جاپالارغا ئۆگىتىۋالغانىدى. ئۇنى خالىغان بىر كىشى كېلىپ تەپسە، بىر چۆرگىلەپ توختايتتى. ئۇ غەيرەتسىز، پەس كىشى ئۇنىڭ بەدىنىگە تەپكۈچى كىشىدىن بىر نەرسە ئالاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ نەرخى شۇنىڭغا توختىمغانىدى. ھەر كىشى ئۇنىڭغا بىر پارچە نان بەرسە، نەپسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئۇنى ئېلىپ ئاغزىغا سالاتتى. نان بەرگۈچى شۇ ھامان بىر مۇشت سالاتتى - دە، ئۇ كىشى يەرگە يىقىلاتتى. گەرچە ناننى يەپ قورسىقى تويسىمۇ، لېكىن مۇشتنى يەپ ھېچ نەرسە يېمىگەندەك يۈرەتتى ...

دېمەك، بىلىش لازىمكى، ئۇنداق يامان قىسمەتنى ھەرگىز ئۇلارغا تەقدىر ئېلىپ كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆز رازىلىقى بىلەن ئاشۇ

*تەقدىرگە ئۆزلىرىنى بەخشەندە قىلغان؛ ئۆز تەبىئىتىنىڭ سىنى قانداق تەقدىرگە ئىشتىراك قىلسا سەن شۇنداق تەقدىرنىڭ ئىلكىدە بولىسەن.*

شۇڭا بىز پەرزەنتلىرىمىزگە تەربىيە قىلغاندا، ئىلمىي، ئەتراپلىق، توغرا چۈشەنچىلەرنى ئۇلار ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرۇپ، تىرىشچان، ئەخلاقلىق، پاراسەتلىك، قەيسەر كىشىلەردىن بولۇشقا يېتەكلەيلى. ئۇلار ھەرگىزمۇ «تەقدىر» بويۇنتۇرۇقىنىڭ رايىش ئەسىرلىرىدىن بولۇپ قالمىسۇن!

## 4. پەرزەنتلەرنى كىتابقا ھېرىسمەن قىلىش كېرەك

كىتاب — ئەقىل پەرزەنتىدۇر.

— ژ. سىفىت

پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن باشلاپ كىتاب دۇنياسىغا باشلاپ كىرىش، ئۇلاردا كىتابقا مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئورنىتىش پەرزەنت تەربىيىسىدە قەتئىي ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تەربىيىلەش ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىلار كىتابنىڭ قىممىتى، ئۇنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى رولىنى توغرا تونۇشى كېرەك.

بىلىش كېرەككى، كىتابنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي بايلىقلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك مىراس قېلىشىنى زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتتى. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت مۇساپىسىنى يورۇتقۇچى جاھاننەما بولۇپ خىزمەت قىلدى. شۇڭا يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشىدىن بۇرۇنقى تارىخنى قاراڭغۇ تارىخ دەيمىز. كىتاب ئىنسانلارنىڭ بىلىش نەتىجىلىرى، ئەقلىي جەۋھەرلىرىنى يورۇتقۇچى مەشئەل بولدى، شۇنداقلا ئۆتمۈشنى بۈگۈنگە، بۈگۈننى كېلەچەككە تۇتاشتۇرىدىغان قۇدرەتلىك كۆۋرۈككە ئايلاندى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھايات مۇساپىسىدە دۇچ كەلگەن قاراڭغۇلۇقلىرىنى يورۇتقۇچى چىراغ، يۇقىرى ئۆرلەش يولىدىكى شوتا، ئەقىل - پاراستى ئۈچۈن ئاچقۇچ، بىلىم قورۇلمىسى ئۈچۈن چەكسىز خەزىنە بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىر ئەمەسكى، تارىختا بارلىققا كەلگەن ھەرقانداق بىر

ئالىم كىتابقا تايانماي تۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغان ئەمەس. ئۇلار ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرىدىن مول ئوزۇق ئېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسى ۋە ئەقىل - پاراستى بىلەن يۇغۇرۇپ تاكامۇللاشتۇرغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان. «كىتابخانىلىق لەززىتى ۋە سەنئىتى» دېگەن ئەسەردە يېزىلىشىچە، ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن سۇلايمان پادىشاھ مۇنداق چاقىرىق قىلغانىكەن: «كىتابنىڭ پەيدا بولۇشى مەڭگۈلۈك چەكسىزلىك.» ① «باسما ماتېرىيال بىزنىڭ ھەقىقەت دۆلىتىگە كىرىشىمىزنىڭ يول خېتى، دۆلىتىمىزدە ئەڭ كىچىك كۇتۇپخانىلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەزىنە، بىلىم دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خاسىيەتلىك تەرجىمىھالى.» يۇقىرىقى كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېيىلگەن: «كىتاب بولمىغان دۇنيا ھېچقانداق بوستانلىق بولمىغان قۇملۇققا ئوخشاش، بۇنداق دۇنيادا ئىنساننىڭ گەۋدىسى بەلكىم ساقلىنىپ قالار، لېكىن ئۇنىڭ روھىنى ھەرگىز سۇغىرالمايدۇ. تەربىيىلىنىش يوق مۇھىتتا ناھايىتى تېزلا قۇرۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ.» يۇقىرىقى بايانلار ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، يەر شارىدا ساقلىنىۋاتقان ھەرقانداق قىممەتلىك خەزىنىمۇ كىتاب ئارقىلىق ساقلىنىۋاتقان بىلىم خەزىنىسىدىن قىممەتلىك بولالمايدۇ.

ئۇنداق بولسا كىتابنىڭ پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتىكى رولى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

بىرىنچى، كىتاب پەرزەنتلەرگە سىلەر بېرىشكە قادىر بولالمىغان ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى بېرىدۇ، ھەتتا مەكتەپ بېرەلمەيدىغان بىلىملەرنى بېرەلەيدۇ. كىتاب ئارقىلىق بالىلار دۇنيانى چۈشىنىدۇ، ئادەملەرنى چۈشىنىدۇ، ياشاشنى ئۆگىنىدۇ.

ئىككىنچى، كىتابنىڭ رولى نەزەرىيە جەھەتتىن ئەمەس، مۇھىمى ئەمەلىيەت جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. كىتاب بىلىش قىممىتىگە،

---

① ئاۋدىن: «كىتاب ياراتقان دۇنيا»، بېكون قاتارلىقلار تۈزگەن «كىتابخانىلىق لەززىتى ۋە سەنئىتى»، جۇڭگو دوستلۇق نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى، 14 - بەت.

تەربىيىلىنىش قىممىتىگە ۋە تەپەككۇرنى چېنىقتۇرۇش قىممىتىگە ئىگە. پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى چېنىقتۇرۇشتا كىتابتىن ياخشى قورال يوق. چۈنكى كىتاب ئوقۇش جەريانى ماھىيەتتە تەپەككۇر قىلىش جەريانى. بالىلار كىتاب ئوقۇۋاتقاندا توختىماستىن پىكىر قىلىدۇ، تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، ھۆكۈم قىلىدۇ، باھالايدۇ، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىدۇ. شۇڭا، ئامېرىكىلىق ئوقۇتۇش مۇتەخەسسىسى C . R. شىرۇف «ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تەرمىلەر» ژۇرنىلىدا كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرغان كىتابچىنى ئېلان قىلغان. ئۇنى «ئوقۇش — بىر تەپەككۇر جەريانىدۇر» دەپ ئاتىغان. كىتابنى كۆپ ئوقۇغان بالىلارنىڭ مەنتىقىي تەپەككۇرى ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. كىتاب ئوقۇمايدىغان بالىلارنىڭ تەپەككۇرى بارا ـ بارا دات باغلاپ قاتماللىشىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، مۇلاھىزە قىلىش، ئۇنىڭغا باھا بېرىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ ـ دە، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى بولمايدۇ، نەتىجىدە ئۇلار «ماقۇل» دەيدىغان ياغاچ قونچاققا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى، كىتاب — ئىجاد قىلىش ۋە يېڭى بىلىملەرنى مەيدانغا چىقىرىشنىڭ بۆشۈكى.

تۆتىنچى، كىتاب — بۇرۇقتۇرمىلىق مۇھىتتىن سىرتلارغا ئېلىپ چىقىپ ساياھەت قىلدۇرىدىغان ئۇچقۇر كېمە. ئۇ ئۇلارنى باشقىلارنىڭ قەلب دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ، قەدىمكى دەۋرلەرگە باشلاپ بېرىپ دانالار بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ، دۇنيا بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. دۇنيادا ھېچقانداق ئادەم كىتاب سەير قىلدۇرغان دۇنيانى ئەمەلىيەتتە سەير قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. كىتاب پەرزەنتلەرنىڭ ئالەمنىڭ ئىچكى ماھىيەتلىرىنى چۈشىنىشىگە ھەم زېمىن ھازىرلايدۇ.

بەشىنچى، كىتاب پەرزەنتلەرنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇش، ئەخلاقىي كەيپىياتىنى ساغلاملاشتۇرۇش، روھىنى ئۇرغۇتۇش، ئېغىر كۈنلەرگە قالغاندا ئۇلارغا سىرداش بولۇش رولىنىمۇ ئوينايدۇ.

ئالتىنچى، ياخشى كىتاب بالىلارنى بۇرۇقتۇرمىلىقتىن،

ئۈمىدسىزلىكتىن، زېرىكىشتىن ئازاد قىلىدۇ.

يەتتىنچى، كىتاب ھاردۇق چىقىرىش، ئېستېتىك زوق بېرىش، ھاياجانغا چۆمدۈرۈش رولىغا ئىگە.

سەككىزىنچى، كىتابقا بېرىلگەن بالىلار ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك بولۇپ، تەمكىن خاراكتېرنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. ئۇلار بىكار ۋاقتىنى مەنىسىز ئويۇنلار بىلەن ئەمەس، بەلكى كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ يامان يولغا كىرىپ قېلىشىنى زور دەرىجىدە تىزگىنلەيدۇ.

شۇڭا ھۆرمەتلىك ئاتا ـ ئانىلارغا تەۋسىيىمىز شۇكى، گەرچە ئۆزىڭىز كىتاب ئوقۇمىسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىز چۈشەنمىسىڭىزمۇ، پەرزەنتىڭىزنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى بوغماڭ، ئىمكانىيەت بولسىلا ئۇلار ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىڭ. ئۆيىڭىزدە زىننەت ئۈچۈن تىزىپ قويۇلغان خرۇستال قاچىلار، گىلەم ۋە باشقا ھەشەمەتلەر ئەمەلىيەتتە بىر كىتابنىڭ زىننىتىچىلىك قىممەتكە ئىگە ئەمەس. دانىشمەنلەر «كىتابسىز ئۆي ــ جانسىز تەن»، «قايسى ئائىلىدە كىتاب ئوقۇلمىسا ئۇ مەزمۇنەن مۇكەممەل ئائىلە بولالمايدۇ» دېگەن. بالىلارنى ياخشى كۆرسىڭىز ئۇلارنى كىتاب ئوقۇش بەختىدىن مەھرۇم قىلماڭ. بېت. سىرف مۇنداق دېگەن: «دۇنيادا ئەڭ بەختسىز ئادەم ئاشۇ ياخشى كىتابنى ئوقۇپ ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك روھنى قاندۇرىدىغان لەززەتتىن بەھرىمەن بولالمىغان ئادەمدۇر.» سىز كىتاب ئارقىلىق ئىگە بولىدىغان بەختتىن قانچىلىك بەھرىمەن بولالىدىڭىز؟ ئۆيىڭىزدە بىرەر كىتاب جاھازىسى بارمۇ؟ جاھازىڭىزدا قانچىلىك كىتاب بار؟ بۇ ئۆزىڭىزنىڭ مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىڭىزنى، ئىلىم ـ پەنگە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىڭىزنى، پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىلىنىشىگە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىزنى ئۆلچەپ كۆرۈشىڭىز ئۈچۈن مۇھىم سىناق. سىز ھېچ بولمىغاندا بالىلارغا كىتابنىڭ رولىنى ۋە قىممىتىنى چۈشەندۈرگىدەك چۈشەنچىگە ئىگە بولۇڭ.

### نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەنگىن. كىتاب دېگەن بەك ئۇلۇغ نەرسە. ئۇ مەنبۇى نازۇ نېمەتلەر توپلانغان سېھىرلىك «ئېچىلىڭ داستىخان» دۇر.*

ئۇيغۇر خەلقى كىتابخۇمار خەلق. ئۇيغۇرلاردا كىتابنىڭ دۇنياغا كېلىشى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇر خەلقى كىتاب ئارقىلىق دۇنيانى چۈشەندى، كىتاب ئارقىلىق دۇنياغا ئۆزلىرىنى نامايان قىلدى. كىتابنى تارقىتىش، كىشىلەرنى كىتاب ئوقۇشقا ئىشتىراك قىلىش ۋە كىتاب ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن مەرىپەتپەرۋەر بايلار يېنىدىن پۇل چىقىرىپ كىتابلارنى كۆچۈرۈپ تارقىتاتتى. شۇنداقتىمۇ بىر كىتاب پەقەت بىر ياكى بىرقانچە نۇسخا تارقىتىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولاتتى. ئۇ چاغلاردا پەقەت بەگ - غوجاملارلا كىتاب ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايتتى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇنلا مىغ مەتبەئە ئارقىلىق كىتابنىڭ تېز ۋە كەڭرى تارقىلىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. خەلقىمىزنىڭ كىتابخۇمارلىقىدىن بۇنىڭدىن مىڭ، مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇن يېزىلغان كىتابلار شۇنداق ياخشى ساقلانغان. شۇ كىتابلار بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ نۇرغۇن ئۇردا - سارايلار ۋەيران بولدى، بىراق ئۇ كىتابلار يەنىلا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. ھازىر مانا قانداق كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇيمەن دېسەڭ شۇنداق كىتابلار تېپىلىدۇ. دۇنيادا ھازىر 40 مىليون خىلدىن ئارتۇق كىتاب ساقلانماقتا. شۇ كىتابلاردىن تاللاپ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش جەمئىيەت ساڭا ئاتا قىلغان ئاجايىپ بۈيۈك ھوقۇق، بالام. بۇ ھوقۇقۇڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمىساڭ ئەڭ چوڭ مەھرۇملۇق ۋە بەختسىزلىك.

بالام، كىتاب ئوڭايلا يېزىلىپ قالىدىغان نەرسە ئەمەس، بىلسەڭ كىتاب قەلەمدىن تۆكۈلگەن سىياھ ئەمەس، ئۇ دانىشمەنلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆكۈلگەن قان بىلەن ئىنسانىيەتكە سوۋغا قىلىنغان جاندىن پۈتىدۇ. ئۇنىڭغا قانچىلىغان مۇشەققەتلىك كۈنلەر، قانچە - قانچە ئۇيقۇسىز تۈنلەر سەرپ قىلىنىدۇ، نۇرغۇن ئەقىل ۋە زېھنىي كۈچ سەرپ بولىدۇ، ئۇ ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ. كىتاب يازغان ئاقىللار نېمە دېگەن كەڭ قورساق، نېمە دېگەن ئالىيجاناب ئىنسانلار - ھە! ئۇلار قەتئىي ئىككىلەنمەي بىر ئۆمۈر جاپا - مۇشەققەت بىلەن توپلىغان بىلىم بايلىقلىرىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى، بىلىش نەتىجىلىرىنى، تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى جەمئىيەتكە

سوۋغا قىلدى. بىز ئۇنى ئوقۇپ قويۇشقىمۇ قادىر بولالمىساق تولىمۇ ئېچىنىشلىق هال ئەمەسمۇ؟

بالام، ياخشى بىر كىتابنى ئوقۇساڭ ئەڭ گۈزەل، ياسىداق بىر شەهەرنى ساياهەت قىلغاندىمۇ ئارتۇقراق هوزۇرغا چۆمىسەن. بەزى هاللاردا ئۇ تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولىدۇ. كىتاب قەلبىڭنى ئالىيجاناب قەلبلەرگە تۇتاشتۇرۇپ، ئۈمىدسىزلىك ئازگىلىدىن تارتىپ چىقىشقا قابىل، سەن ئۆزۈڭنى بۇ كەڭرى دۇنيادا بىچارە ۋە غېرىب هېس قىلغان، ئازاب كېچىكلىرىدە ئۆزگەن چاغلىرىڭدا ساڭا مەنۋى ئوزۇق ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىدۇ. كىتاب ساڭا مەڭگۈلۈك ئۇستاز. ئۇ ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق، ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان كاتتا ئەربابلارنىڭ ئەقلىي مۈلكى. كىتاب بەرگەن قىممەتلىك بىلىملەرنى ئەڭ يارامىلىق ئۇستازلارمۇ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. سەن كىتاب ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتىلا تەپەككۇرۇڭ خۇش ناۋالىق، ئىللىق هاۋالىق باغقا كىرىپ قالغاندەك يايراپ كېتىدۇ. بۇ مەنىدە كىتاب تەپەككۇرىڭنىڭ، ئەقلىڭنىڭ ئوزۇقى بالام، هېچ كىمگە ئادەملەرنىڭ روهىي دۇنياسىنى ساياهەت قىلىش پۇرسىتى نېسىپ بولمىغان. كىتاب بىزنى روهىي دۇنيانىڭ مەنزىرىسىنى، ئەقىل خەزىنىسىدىكى جاۋاهىراتلارنى سەيلى - ساياهەت قىلدۇرىدىغان تەپەككۇر كېمىسى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆتمۈشىلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسى توغرىسىدىكى گۈزەل تەسەۋۋۇرلار بىلەن ئورتاقلاشتۇرىدۇ.

بالام، كىتابنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلىسەم، نەچچە كىتاب يازسامۇ تۈگىمەيدۇ. بولمىسا سەن جەمئىيەتنى كىتاب، ئوقۇش بولمىغان هالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىپ باققىن. ئىنسانىيەت دەرهال ئىپتىدائىي دەۋرگە قايتىدۇ. شۇڭا، كىتاب ئىنسانىيەتنى مەدەنىيەتلىك ئادەمگە ئايلاندۇرغان خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر. بىرەر ئادەمنىڭ، هەربىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئاتموسفېراسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەممۇ ئۇ ئادەمنىڭ قانداق كىتابلارنى ئوقۇۋاتقانلىقى، قانچىلىك كىتاب ئوقۇغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەتراپىڭغا قارا، توپىدا ئولتۇرۇپ قارتا ئويناۋاتقان، كۈن بويى تاشنى تاشقا سوقۇپ بىرلىيارت ئويناۋاتقان، كۈنلىرىنى قاۋاقخانىدا ئۆتكۈزۈۋاتقان

زامانداشلىرىدىن ئىبرەت ئالغىن. ئۇلار ئەگەر كىتابتىن ئىبارەت بۇ سېھىرلىك دۇنيانى سەير قىلىشنىڭ قانچىلىك لەززەتلىك ۋە مەنىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئەھمىيەتسىز، مەنىسىز ئۆتكۈزگەن ياشلىق ھاياتى ئۈچۈن بېشىنى تاشقا ئۇرغان بولاتتى. كىتاب ئوقۇمايدىغان ساۋاتلىق ئادەم، گويا تۇرۇپ مىنمەي پىيادە قالغان يولۇچىغا ئوخشايدۇ. دېمەك، كىتاب ئوقۇمايدىغان ئادەم خەت تونۇسىمۇ ساۋاتسىز، ئەقلىي جەھەتتە تولىمۇ بىچارە ئادەمدۇر.

بالام، ھەربىر قەدەمنى مەقسەتسىز، نىشانسىز ئالسا مەنزىلگە يېتىپ بارغىلى بولمايدىغانغا ئوخشاش، كىتابنىمۇ مەقسەتلىك، نىشانلىق ئوقۇمىساڭ، تاللاپ ئوقۇمىساڭ ساڭا كۆپ نەپ بەرمەيدۇ. كىتابنى تاللاپ كۆرۈشنى بىلىشمۇ بىر خىل مۇھىم قابىلىيەت. چۈنكى يېزىلغانلىكى كىتابنىڭ ھەممىسى ياخشى، ساغلام بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى، يامىنى، ئىجابىيسى ۋە سەلبىيسى، قىممەتلىكى ۋە قىممەتسىزلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەشردىن چىقىۋاتقان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ ئۈلگۈرۈپ بولالمايسەن، ئىقتىسادىي ئەھۋالمۇ يار بەرمەيدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت ئورنىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1800 - يىللاردىن باشلاپ نەشر قىلىنىۋاتقان ئىلىم - پەن، تېخنىكا ژۇرناللىرىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مۇنداق بولغان: 1800 - يىلى 100 خىل ئەتراپىدا بولغان، 1850 - يىلى 1000 خىلغا يەتكەن، 1900 - يىلى 10000 خىلغا، 1950 - يىلى 100000 خىلغا يەتكەن. شۇ تەرەققىيات بويىچە 2000 - يىلغا كەلگەندە دۇنيادا نەشر قىلىنىدىغان پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرىنىڭ سانى مىليون خىلدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن. ھەر يىلى چىقىۋاتقان كىتابلارنى قوشقاندا تېخىمۇ زور سان بولىدۇ. شۇڭا بىلىم ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كىتاب ئوقۇش مۇنداق ئۈچ خىل رىقابەتكە دۇچ كەلدى: بىرىنچى، چەكسىز كىتاب دۇنياسىنىڭ چەكلىك ۋاقىتقا بولغان رىقابىتى؛ ئىككىنچى، كومپيۇتېرلىق پروگراممىسىيە بويىچە كۆپىيىۋاتقان ئۇچۇرنىڭ كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا قىلغان رىقابىتى؛ ئۈچىنچى، ئۈزلۈكسىز

*كۆپىيىشۋاتقان يېڭى بىلىملەرنىڭ كىشىلەرنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئېلىپ قىلغان رىقابىتى. شۇڭا بالام، ناچار كىتابلار ئۈچۈن پۇل بۇزما، ۋاقتىڭنى زايە قىلما. شوپېنخاۋېر «كىتاب ئوقۇش نەزەرىيىسى» دېگەن ماقالىسىدا: «يامان كىتابلارنى ئاز ئوقۇساڭمۇ ئاز ھېسابلانمايدۇ، ياخشى كىتابلارنى ھەرقانچە كۆپ ئوقۇساڭمۇ كۆپلۈك قىلمايدۇ» دېگەن. يامان كىتاب شېكەر يالىتىلغان زەھەرگە ئوخشاش ئاستا - ئاستا سېنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ، دۇنيا قارىشىڭنى، ئېتىقادىڭنى، ۋىجدانىڭنى بۇلغايدۇ. بۇ نۇقتىنى ھەرگىز نەزەرىڭدىن ساقىت قىلمىغايسەن.*

*بالام، ساڭا يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قوياي، كىتابقا ھەددىدىن ئارتۇق چوقۇنما، بۇ دېگىنىم، كىتابقا يېزىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىۋەرمە. كىتابنىمۇ ئادەم يازىدۇ. بىلىم دېگەن ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. بۈگۈن ھەقىقەت دەپ تونۇلغان نەرسىلەر ۋە نەزەرىيىلەر ئەتە سەپسەتىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بۈگۈن سەپسەتە دەپ ئېتىراپ قىلىنمىغان چۈشەنچىلەر ئەتە ھەقىقەتكە ئايلىنىشى مۇمكىن. شۇڭا كىتابقا ئىجادىي، ئىلمىي مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋالغىن.*

## 5. ئەقىل - پاراسەت تەربىيىسى

ئەقىللىق ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئالدىنقى بابتا پەرزەنتلەرنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنىڭ دەسلەپكى ئاساسلىرى توغرىسىدا قىسقىچە ئەسكەرتمە بېرىلگەنىدى. بۇ ماۋزۇدا بىز تەلىم - تەربىيە شەكلى ئارقىلىق ئەقىلنىڭ رولىنى قانداق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ ئەقىل بىلەن ئوقۇشنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ بۇ مۇناسىۋەتنى ئاتا - ئانىلار قانداق چۈشىنىشى ۋە پەرزەنتلەرگە قانداق ئۇقتۇرۇشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدىلا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىش

بىلەن كۆپايلىنىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ: ئەقىل تەبىئىي بولىدۇ، ئۇنى ئۆگەنگىلى بولمايدۇ، دېگەن. ئۇ: ئەقىل ۋۇجۇد ئۆيىدىكى چىراغ، ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان تەبىئىي بايلىق، بۇ چىراغنى پەقەت بىلىش ئارقىلىقلا يورۇتقىلى بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈرگەن. يەنە بىر قىسىم ئالىملار ئەقىلنى ئىككى خىلغا ئايرىغان: بىرى، پۈتۈن ئەقىل، يەنە بىرى، كەمتۈك ئەقىل. پۈتۈن ئەقىلنى سەھەر چىققان قۇياشقا، كەمتۈك ئەقىلنى پىلىلداپ كۆرۈنگەن يۇلتۇزغا ئوخشاتقان. توشقان ئەقىلنى دەريادىكى سۇغا، كەمتۈك ئەقىلنى بىر قەترە سۇغا سېلىشتۇرغان. ياخشى ئائىلە تەربىيىسى ئەقىل بىناسىنىڭ ئۇلى ياكى ئەقىل بۇلىقىنىڭ مەنبەسى. مەكتەپ تەربىيىسى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسى ئەقىلنى تاكامۇللاشتۇرغۇچى ۋاستە، بۇنىڭ قايسى تەرىپى ئاجىز بولۇپ قالغان بولسا ئەقىل چىرىغى قۇياشتەك يورۇشتىن مەھرۇم بولىدۇ. مەكتەپ تەربىيىسى بىر مەزگىللىك، تۇرمۇش تەجرىبىسى مەڭگۈلۈك بولىدۇ. پەرزەنتلەردە ئەقىلنىڭ تاكامۇللىششى مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملەر ئارقىلىق، كېيىنكى راۋاجى تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بولىدۇ.

ئۇنداق بولسا پەرزەنتلەرنىڭ كېيىنكى ئەقلىي كامالىتى ئۈچۈن ئائىلە تەربىيىسى قايسى تەرەپتىن رول ئوينىيالايدۇ؟

ئەقىلنى ھەرگىزمۇ پەرزەنتلەرگە بىلىمنى ئۆگىنىشكە ئىشتىراك قىلغاندەك ئۆگەتكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، لېكىن ئىنسانىيەت ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ھېس قىلغان، يەكۈنلىگەن بارلىق قانۇنىيەتلەر ئەقىلنىڭ مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەقىل مېۋىسىدىن يېتەرلىك ئوزۇقلىنىش يېڭى - يېڭى ئەقىل بايلىقىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن، يەرگە ئۇرۇق چېچىش ئارقىلىق نېمەتلەرگە ئېرىشىش مۇمكىنلىكى ئىنسانلارنىڭ بىلىشى بىلەن ئەقلىي كۈچىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن ھېس قىلىنغان مۆجىزە. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا بىر دانىشمەن بولىدىكەن، ئۇ دائىم شەھەردە، رەستىلەردە، يېزا - قىشلاقلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ كىشىلەرگە: «ھەي ئۇيغۇر، ‹ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن

كەس، تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس،» دېگەنگە ئوخشاش بىلىشتىن ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن ھېكمەتلەرنى ئۆگىتىدىكەن. بىز بۇنى ئەمەلىيەتتە ئەقىل ئۆگىتىش دەيمىز. ئەقىل ئەقىلنى تاپىدۇ، ئەقىلدىن ئەقىل تۇغۇلىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرگە ئالدى بىلەن ئەقىلنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا بىلىمنىڭ قانچىلىك رول ئوينايدىغانلىقى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىشى، ئاندىن ئەقىللىق ئادەم بىلەن ئەقىلسىز ئادەمنىڭ ياشاشتىكى پەرقى ھەققىدە سېلىشتۇرما قىلىپ بېرىشى، ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنى ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشنىڭ تۇرمۇشتىكى ئىپادىلىرىنى چۈشىنىش يۈرىستىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىردىنبىر ئالاھىدىلىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئادەم پەقەت ئەقىل مۇقەددەسلىكى بىلەنلا دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلاردىن ماھىيەتلىك ھالدا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەقىل دېگەن ئىنسانغا بېرىلگەن ئەڭ قىممەتلىك بايلىق. ئۇ بىزگە ئاتا قىلىنغان تەڭداشسىز كۈچ ۋە نۇر. ئادەمدە ئەقىل مۇقەددەسلىكى بولمىغاندا ئىدى، ئىككى پۇتلۇق ھايۋاندىن پەرق قىلماس ئىدى. ئادەم ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا ئۇنى بىلىم بىلەن باشلايدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئەقىل بىلەن قوماندانلىق قىلىدۇ. چۈنكى بىلىم ئەقىل ئاتا قىلغان بىلەن نۆۋەتتە كەلگەندە ئەقىلنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىندۇ. ئەقىل بىلەن قىلغان ئىش بۇزۇلماستۇر. ئەقىل كىشىگە ئەقىل ئۆگىتىدۇ، ئەقىل يەنە ئەقىلگە يولباشچى بولىدۇ. كۆڭۈل بولمىسا كۆزمۇ تام تۆشۈكىگە ئوخشاش رولىنى يوقاتقاندەك، ئەقىل بولمىسا كۆڭۈلمۇ ئۆز رولىنى يوقىتىدۇ. كۆزۈڭنى كۆڭۈل باشقۇرسا، كۆڭۈلنى ئەقىل باشقۇرىدۇ. ئەقىل دېگەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭنىڭ، بارلىق ھەرىكەت-پائالىيەتلىرىڭنىڭ قوماندانلىقىنى ئۆتەيدۇ، قوماندان توشقان، يارامىلىق بولسا، ھەرقانداق ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسى سەن ئۈچۈن ھەر دائىم ئوچۇق بولىدۇ، ئەگەر قوماندان يارامسىز بولسا، ئۇ ھېسسىياتىڭنىڭ، كۆڭلۈڭنىڭ ۋە نەپسىڭنىڭ ئېزىقتۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدۇ - دە، ساڭا*

ھەرگىز مەقسەت دىدارىنى كۆرسەتمەيدۇ. كونىلار ئەقىللىق ئادەمنى تىرىك ھېسابلىسا، ئەقىلسىز ئادەمنى ئۆلۈك ھېسابلىغان. شۇڭا بالام، ئۆزۈڭگە ئاتا قىلىنغان ئەقىلدىن ئىبارەت مۇقەددەس بايلىقتىن پايدىلىنالمىساڭ، ھاياتىڭدىنمۇ توغرا پايدىلىنالمايسەن. ئەقىل دېگەن كۆزى يوققا كۆز، تىلى يوققا تىل، «ئۆلۈك» تەنگە جان بەخش ئېتىدۇ ئەمەسمۇ. شۇنچە قىممەتلىك بايلىقتىن جايىدا پايدىلىنالماسلىق، شۇنچە نۇرلۇق مەشئەلنى يورۇتماي قاراڭغۇ زۇلمەتكە پاتتۇرۇپ قويۇش ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ جىنايىتى بولمامدۇ؟! ئەسلىدىن ئالغاندا دۇنيادىكى ھەرقانداق مەھرۇملۇقتىنمۇ كۆرە ئەقىل بايلىقىنى نابۇت قىلىشتىنمۇ ئارتۇق مەھرۇملۇق بولمايدۇ. بالام، ئەقىل مۇنداق ئۈچ ئىشتىن نابۇت بولۇپ كېتىدۇ: بىرىنچى، ئەقىلنى يامان، ئەسكى ئىشلارنى قىلىشقا، قۇۋلۇق-شۇملۇق قىلىشقا ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇ نابۇت بولىدۇ. بۇ خۇددى قىممەتلىك گۆھەرنى تاشقا ئۇرغان بىلەن ئوخشاش ئەقىلسىزلىق. ئەقىل دېگەن ئىنسانغا يامان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ياخشى، خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن. ئىككىنچى، ئەقىلنى نەپسىنىڭ ئىلكىگە تۇتۇپ بېرىش ئەقىلنى بۇلغايدىغان ئەڭ يامان كۇشەندىدۇر. ئۈچىنچى، خۇددى پىچاقنى بىلەپ تۇرمىسا گاللىشىپ قالغىنىغا ئوخشاش، ئەقىلنىڭ بىلىيى بىلىش ۋە پىكىر قىلىش، ھەرىكەتمۇ پىكىر قىلىش بىلەن بولىدۇ، پىكىر قىلىش، ئىزدىنىش ۋە ئىلىم - مەرىپەتنىڭ يورۇتۇشىدىن مەھرۇم قالغان ئەقىل قۇرۇق قاپاققا ئوخشاپ قالىدۇ. سەن ئۈچۈن بىر سائەتلىك پىكىر قىلىش ۋە ھەرىكەت بىر سائەتلىك چۈشەندۈرۈشتىن كۆپرەك نەرسە بېرىدۇ. بالام، ھەرقاچان ھەرىكەتتىن، پىكىر قىلىشتىن توختاپ قالمىغايسەن، ھەرقانداق قۇدرەتلىك كۈچمۇ سېنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش، مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ھوقۇقىڭغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزەلمەيدۇ. پىكىردە ۋە روھتىمۇ ئەركىن بولالمىساڭ ھېچقانداق ئەركىنلىك قولۇڭدا بولمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئەقلى ئۆزىگە تەن، ئۆزۈڭنىڭ ئەقلى گەرچە ئاز بولسىمۇ ئۆزۈڭگە تەن. باشقىلارنىڭ ئەقلى بىلەن قىلغان ئىشتىن ھېچقانچە چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا

چىقىرالمايسەن. ھەرقانداق نەرسىنى ئارىيەت ئالغىلى بولغان بىلەن ئەقىل بىلەن بىلىمنى ئارىيەت ئالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۆزۈڭنىڭ ئەقلى بىلەن ياشاشنى ئۆگەنگىن. ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئەقىلنى ئادىل ھاكىم ۋە كامىل مەسلىھەتچى بىلىپ، كۆپرەك ئويلاپ ئىش قىلىش كېرەك. ئەقىل مۇقەددەسلىكى سېنىڭ ئەڭ قىيىن ئەھۋاللاردىن ئوڭۇشلۇق قۇتۇلۇپ چىقىشىڭغا يول باشچى ۋە مەسلىھەتچى بولىدۇ. ئەقىلسىزلىق سېنى ھەرقەدەمدە پالاكەت ۋە ئاپەت بىلەن ھالاك قىلىش پېيىدە بولىدۇ. مەن ساڭا بۇ خۇسۇستا مۇكەممەل ئاقىل، يېرىم ئاقىل، ئەقىلسىز جاھىل ئۈچ بېلىقنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرەي.

## ئۈچ بېلىقنىڭ ھېكايىسى

يولدىن چەت بىر جايدا بىر كۆل بار ئىكەن. يولدىن يىراق بولغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ كۆزى بۇ كۆلگە ئانچە چۈشمەيدىكەن. بۇ كۆلدە ئۈچ بېلىق بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭلۇقى ۋە سېمىزلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىكەن. بۇ ئۈچ بېلىقنىڭ بىرى مۇكەممەل ئاقىل، يەنە بىرى يېرىم ئاقىل، ئۈچىنچىسى ئەقىلسىز جاھىل ئىكەن. بىر يىلى باھار مەزگىلىدە بۇ كۆلدىكى بېلىقلار ئىككى - ئۈچ بېلىقچىنىڭ نەزەرىنى تارتىپتۇ. ئۇلار بۇ كۆلدە بېلىق بارلىقىنى بىلىپ ئۆزئارا سۆزلىشىپ، ئەتىسى تور ئەپكېلىپ بېلىقلارنى تۇتماقچى بولۇپ ۋەدىلىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. بېلىقلار بۇ ئاپەت خەۋىرىدىن ۋاقىپ بولۇپ، كۆل ئىچىدە ھەسرەت ۋە غەم ئوتى بىلەن كۆيۈشكە باشلاپتۇ. كەچ كىرىپتۇ. ھېلىقى مۇكەممەل ئاقىل — ۋەھىمىدىن ھوشىيارراق بېلىق جاپاكار زاماننىڭ كۈلپەتلىرى ۋە ئىككى يۈزلىمە پەلەكنىڭ مۇشەققەتلىرىنى كۆپ كۆرۈپ، نۇرغۇن تەجرىبە ھاسىل قىلغاچقا، ئوۋچىلارنىڭ توردىن قۇتۇلۇشنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ. دانالار ھەر ئىشقا قەدەم قويسا ئىش بىناسىنىڭ ئۇلىنى مەھكەم سالىدۇ، ئەقىلسىزلار سالغان ئىش بىناسى ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ مۇكەممەل ئاقىل قارىسا كۆلنىڭ بىر ئېرىقى بار بولۇپ، ئېرىق ئارقىلىق كەلگەن سۇ دەرياغا يېنىشما بولۇپ تۇرغانىكەن. قالغان ئىككى بېلىق پەرىشانلىق ۋە ئىزتىراپ بىلەن ئۆزىنى قىرغاقلارغا ئۇرۇپ تۇرۇۋېرىپتۇ، مۇكەممەل ئاقىل ئېرىق

ئارقىلىق دەرياغا كېتىپ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپتۇ. تاڭ ئاتقاندا ئۇۋچىلار كېلىپ ھېلىقى ئېرىقنى چىڭ باغلىۋېتىپتۇ، يېرىم ئاقىلنىڭ بىر ئاز ئەقىل-ھوشى بولسىمۇ تەجرىبە كۆرمىگەن بولغاچقا، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن كۆپ پۇشايمان يەپتۇ ۋە ئۆز-ئۆزىگە: «ۋاھ دەرىخا، غەپلەتتە قاپتىمەن، غاپىللارنىڭ ئىشى مانا شۇنداق بولىدىكەندە! مەنمۇ مۇكەممەل ئاقىلدەك بالا كېلىشتىن بۇرۇن ئۆز غېمىمنى يېگەن بولسام، بۇ بالا توردىن قۇتۇلۇپ كەتمەسمىدىم. ئاقىللارنىڭ ‹تەدبىرنى ئىشتىن بۇرۇن قىلماق لازىم. ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنكى ھەسرەت - نادامەت قىلچە پايدا بەرمەيدۇ› دېگىنى راست ئىكەن ئەمەسمۇ» دەپتۇ. ئۇ يەنە ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ مۇنداق پىكىر يۈرگۈزۈپتۇ: «گەرچە پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسامۇ، لېكىن ھىيلە - مىكىر ئۈچۈن يەنە بىر پۇرسەت بارغۇ. ‹بالا كەلگەندە تەدبىرمۇ ئارا تۇرالمايدۇ› دېيىلگەن بولسىمۇ، ئاقىل كىشى ئۆز ئىدراكىنىڭ مەنپەئىتىدىن ھېچ ۋاقىت نائۈمىد بولماسلىقى كېرەك ۋە دۈشمەننىڭ يامانلىقىدىن مۇداپىئە كۆرۈشتە ھەرگىز تەخىر قىلىپ قاراپ تۇرماسلىقى كېرەك.» ئۇ شۇلارنى خىيال قىپتۇ - دە، ئۆزىنى ئۆلگەندەك قىلىپ كۆرسىتىپ قورسىقىنى ئاسمانغا قىلىپ، ئېرىقنىڭ باغلانغان يېرىگە يېقىن بېرىپ تۇرۇپتۇ. بېلىقچىدىن بىرى ئۇنى كۆرۈپ «ئۆلگەن بېلىق ئوخشايدۇ» دەپ قولىغا ئېلىپ قىرغاققا تاشلاپتۇ. بېلىق ئىككى ئېغىناپلا ئۆزىنى ئېرىققا تاشلاپ، جېنىنى ساق - سالامەت قۇتقۇزۇپ دەرياغا بېرىۋاپتۇ.

ئەمما غەپلەتتە ياتقان ئەقىلسىز جاھىل ھەيران ۋە سەرسانلىق بىلەن ئوڭ ۋە سول تەرەپكە قېچىپ مۆكۈپ بېقىپتۇ، تىپىرلاپ يۇقىرى - تۆۋەن چۆكۈپ يۈرگەن بولسىمۇ ئاخىرى ھېچ پايدا بەرمەي بېلىقچىلارنىڭ تورىغا چۈشۈپتۇ.

يۇقىرىقى ھېكايىدىن قىياس قىلغىنىكى، كىم ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۆزلىمەيدىكەن، ئۇ ئادەمنىڭ كۆزى كۆرمەس، ئەقلى ئىشلىمەس دېيىش كېرەك. ئەقىللىق ئادەملەر ئۆتۈپ كەتكەن ۋە ئورنىغا كەلمەيدىغان ئىش

ئۇچۇن پەرياد چەكمەي، كەلگۈسى ئىشلار ئۈچۈن تەدبىر ئىزدەيدۇ. ئەقىلسىز ئادەملەر تۈنۈگۈن ئۈچۈن پەرياد چېكىپ، بۈگۈنكى پۇرسەتنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

بالام، مەن ساڭا ئەقىللىق ۋە ئەقىلسىزلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرقانچە كەلىمە سۆزلەپ بېرەي، ئىبرەت قىلغايسەن.

ئەقىللىق ئادەم ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدۇ، ئەقىلسىز ئادەم بىر ئىشنى يەتتە قېتىم ئىشلەيدۇ. بىرەر ئىشنى ئۇتۇقلۇق قىلىشنىڭ ئۆلچىمى قانداق ئىش قىلىۋاتقانلىقىدا ئەمەس، بەلكى شۇ ئىشنىڭ قانداق قىلىنغانلىقىغا باغلىق. ئەقىللىق ئادەم ئۆزى قىلغان ئىشلار ئەۋلادلارغا ئاچچىق ساۋاق بولۇشتىن ئىلگىرى، بۇرۇنقىلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىدىن ئىبرەت ئالىدۇ. بىر قېتىم سىنالغان، تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئاچچىق ساۋاقنى قايتا ئۆزىگە سىناق قىلىش ئەڭ چوڭ ئەقىلسىزلىق بالام. ئەقىللىق ئادەمنىڭ يەنە بىر نىشانى، دۈشمەنگە ھەرگىز رەھىم - شەپقەت قىلمايدۇ. ئەقىلسىز ئادەم ئەرزىمىگەن ئىش ئۈچۈن دوستىنى دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. ئەقىل ئىگىسى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپىغا، ئوڭ - سولغا پاراسەت بىلەن بېقىپ ياشايدۇ، ئەقىلسىز ئادەم غاپىللىق بىلەن ئۆزىنى نابۇت قىلىدۇ. ئەقىللىق ئادەم تەمە بىلەن باسماقتىكى دانغا ئۆزىنى ئۇرمايدۇ، دانغا ئۆزىنى ئۇرغانىكەن، ئەقىللىق ھېسابلانمايدۇ. ھۆكۈمالار: «ئۈچ خىل كىشى ھېكمەت دەۋاسىدىن يىراق، ئەقىل يولىدىن تاشقىرىدۇر» دېگەن. «بۇنىڭ بىرىنچىسى، ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە ئىشىنىپ ھەرقانداق بالا كەلسە قارشى كېتىۋېرىدىغانلار. ئىككىنچىسى، تائام ۋە شارابنىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك مىقدارىنى بىلمەيدىغانلار ۋە مەيدىسىنىڭ ھەزىم قىلىشقا ئاجىز كېلىشىنى، ھەددىدىن ئارتۇق شارابنىڭ ئۆز جېنىغا ئېكەك سېلىش ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئىچىۋېرىدىغان، يەۋېرىدىغانلار. ئۈچىنچىسى، ئۇنداق كىشىلەر ئۆز جېنىنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئۈچىنچىسى، ئاداۋەت ئەھلىنىڭ سۆزىگە مەغرۇر بولۇپ،

ئۇلارنىڭ خۇشامەتلىرىگە ئالدانغانلار. بۇنداق كىشىنىڭ ئىشى ئاخىرى ھەسرەت - نادامەت ۋە پۇشايمان كەلتۈرىدۇ.» ①

بالام، ئەقىللىق ئادەم باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈچۈن خۇشال بولالايدۇ. ئەقىلسىز ئادەم بولسا ھەسەت ئوتىدا كۆيۈپ ئۆزىنى ئۆرتەيدۇ. ئەقىللىق ئادەم دوست - دۈشمەننى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەقىلسىز ئادەم دوستىنىڭ ئاغرىتىپ ئېيتقان سەممىي سۆزىدىن ئاغرىنىپ ئۇنى دۈشمەن تۇتىدۇ، دۈشمەنىنىڭ قۇرۇق ماختاپ ئۇچۇرۇشىغا گول بولۇپ ئۆزىنى چاغلىماي ئۇچىدۇ، چۈشۈشىنى بىلمەيدۇ. ئەقىللىق ئادەمگە نىسبەتەن ھەربىر كۈن يېڭى بىر ھاياتلىقتۇر، ئەقىلسىز ئادەم ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتى ئېرىقتا ئاققان لاي سۇدەك مەنىسىز ۋە ئەھمىيەتسىزدۇر. ئەقىللىق ئادەم لېيىغاننى سۈزۈلدۈرىدۇ، بۇزۇلغاننى تۈزىتىدۇ، تۈگۈنلەرنى يېشەلەيدۇ. ئۇ ھەرگىز ئالدىراقسانلىق بىلەن ئىش تۇتمايدۇ، پۈتۈن ئىشقا چارە بىلەن مۇۋاپىق پەيت تاپىدۇ. ئەقىل ھەر ئىشنى ئوڭ قىلىدۇ، تەتۈر قىلمايدۇ.

بالام، ئەقىل بىلەن ئەقىلسىزلىق توغرىسىدىكى يۇقىرىقى ئالامەتلەرنى ئاڭلىدىڭ. بۇ دۇنيادا ئەقىل بىلەن ياشاشنى، دۇنيانى ئەقىل بىلەن كۆزىتىشنى ئۆگەنگىن. ئەقلىنى ئىلىم بىلەن نۇرلاندۇرغىن. بىراق بالام، ئوقۇغان بىلەنلا ئەقىللىق، پاراسەتلىك بولۇپ كەتكىلى بولمايدۇ. تۇرمۇشتا خېلى كۆپ يۇقىرى مەلۇماتلىق، بىلىملىك ئادەملەر بار، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىلا ئەقىللىق دېگىلى بولمايدۇ. بىر قىسىم ئادەملەر گەرچە تولۇق ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ ناھايىتى ئەقىللىق ۋە پاراسەتلىك. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەقىلنىڭ كۆپرەكىنى ئەمەلىيەتتىن، تەجرىبە ۋە پىكىر قىلىشتىن ئالغىلى بولىدۇ. بىلىملا بولۇپ، ئەقلىي تەربىيىلىنىشى تۆۋەن بولسا،

① «كەلىلە ۋە دىمنە»، 636 - بەت.

هالقىلىق پەيتلەردە يەنىلا ئەقىلسىزلىقنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

بالام، ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئەقلىڭدىن ئازمىساڭلا، ھەرقانداق ئېزىتقۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقالايسەن. ئەقىلنى ئوغرىلايدىغان ئەڭ يامان ئېزىتقۇ ئالدىراڭغۇلۇق ۋە غەزەپ. ئۇيغۇرلاردا «ئادەم غەزەپلەنگەندە ئەقلىدىن ئازىدۇ» دېگەن گەپ بار. ھەددىدىن ئارتۇق غەم - قايغۇمۇ تەپەككۇرىمىزنى توسۇپ، تەدبىر ئىختىيارىمىزغا كىشەن سالىدۇ، زېھنىمىزنى تېرىقتەك چاچىدۇ. شۇڭا ھەر ئىشنى قىلغاندا تەمكىن بول، قىزىققانلىقنى قوي. ئەقلىڭ ئۆزۈڭ بىلەن بولسۇن، بالام.

# بەشىنچى باب ئەدەپ - ئەخلاق تەربىيىسى

پەزىلەتلىك كىشى گۆھەرگە ئوخشايدۇ، پەزىلەتسىز كىشى
ئۆتۈك ئىچىدىكى پىتەككە ئوخشايدۇ.
— قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن

پەرزەنتلەرگە بېرىلىدىغان ئەدەپ - ئەخلاق تەربىيىسى ئائىلە ئۇستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك تەلىم - تەربىيە مەزمۇنىنىڭ ئەڭ مۇھىم سالمىقىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيە كۆرگەن ياكى تەربىيە كۆرمىگەنلىكىنى ئۆلچەشتە، بىلىملىك ياكى بىلىمسىز بولۇشىدىنمۇ كۆرە ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتىكى تەلەپنى يۇقىرىراق ئورۇنغا قويىدۇ، چۈنكى، كىشىلىك مۇناسىۋەت جەريانىدا ئەڭ روشەن ۋە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغىنى ھەربىر ئادەمنىڭ پەزىلىتى. ھازىرقى جەمئىيەتتە كىشىلەر پەزىلەتلىك بالىلارنىڭمۇ، پەزىلەتسىز بالىلارنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىنى ئائىلە بىلەن مەكتەپكە يۈكلەيدۇ. پەزىلەتلىك بالىلار ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار بىلەن مۇئەللىمگە رەھمەت ئېيتسا، پەزىلەتسىز بالىلار ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار ۋە مەكتەپتىن ئاغرىنىشىدۇ.

ئەدەپ - ئەخلاق تەربىيىسى پەقەت تەربىيىلەشكە باغلىق، ئەدەپ - ئەخلاق جەھەتتە ياخشى تەربىيە كۆرگەن بالىلار «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار» دېگەندەك ئۆمۈرلۈك گۈزەللىك «لىباس» نى كىيىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى كىچىك چاغدىن تارتىپلا پەرزەنتلەرنى ئەدەپكە ئۆگىتىش، ئۇلاردا پەزىلەت يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ھەربىر ئىش - ھەرىكىتى، ھەربىر سۆزىگە دىققەت قىلىشى، ھەربىر ئىشقا توغرا كەلگەندە تەربىيە قىلىپ تۇرۇشى لازىم. ئەدەپ - ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ. ئۇ ئادەمنىڭ بارلىق ھەرىكەت پائالىيەتلىرى ۋە ئوي - خىياللىرىدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بىز بۇ بابتا كىشىلىك مۇناسىۋەت جەھەتتە ئىپادىلىنىدىغان بىر قىسىم ئەدەپ - ئەخلاق

مەسىلىلىرى ئۈستىدىلا مەسلىھەت بېرىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

## 1. ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلماسلىق تەربىيىسى

ياخشىلىق قىلالمىساڭ، يامانلىق قىلما، ياخشىلىقنى بىلمىسەڭ، ياخشىلارغا قوشۇل.

— ئەلىشىر نەۋائىي

پەرزەنتلەرگە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى ئۆگىتىش، يامانلىق قىلىشنىڭ زىيىنىنى چۈشەندۈرۈش پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا: «ياخشىلىق قىلساڭمۇ ئۆزۈڭگە قىلىسەن، يامانلىق قىلساڭمۇ ئۆزۈڭگە قىلىسەن» دېگەن ئەقىدە بار. بۇ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلەنگەن تەجرىبە.

پەرزەنتلەردە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش خىسلىتى قانداق شەكىللىنىدۇ؟

بىرىنچى، پەرزەنتلەرگە كىچىكىدىن باشلاپ مېھرىبانلىق، باشقىلارغا كۆيۈنۈش، كىشىلەرنى سۆيۈش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئۇلار ياخشىلىق قىلىش ئادىمىيلىكنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەنسۇن. ئۇلارنى ساۋاقداشلىرى قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئۇلارغا ئاكتىپلىق بىلەن ياردەم قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ.

ئىككىنچى، پەرزەنتلەر شەخسىيەتچى، مەنپەئەتپەرەس بولۇپ قالمىسۇن. پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ئادەملەر باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى راۋا كۆرمەيدۇ.

ئۈچىنچى، ياخشىلىق قىلىشتا ئاتا ـ ئانىلار ئۆزى ئۈلگە بولۇشى، تەسىر ئارقىلىق ياخشىلىق قىلىشنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ھېس قىلدۇرۇشى لازىم.

تۆتىنچى، پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى ئىش، ياخشى ھەرىكەتلىرىگە ئىلھام بېرىش، ئۇلارنى قوللاش كېرەك. ھەرگىز «خەق بىلەن كارىڭ نېمىتى،

ئۇنىڭ بالىسىغا نېمىشقا ياردەم قىلانتىڭ، ئۇ ساڭا قانچىلىك ياخشىلىق قىلغان» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ ساغلام، ئالىيجاناب روھىغا ھەرگىز سوغۇق سۇ سەپمەسلىك كېرەك، ھەتتا سىلەر ئەسكى دەپ قارايدىغان ۋە سىلەر ئۇچۇن دۈشمەن دەپ تونۇلغان بىر ئادەمگە ياردەم قىلغان بولسىمۇ، «ئۇبدان قىپسەن بالام» دېيىش سىلەرنىڭ ياخشى، پەزىلەتلىك ئاتا - ئانا ئىكەنلىكىڭلارنى ئىپادىلەيدۇ. شۇندىلا پەرزەنتلىرىمىز ياخشىلىقنىڭ خاسىيىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايدۇ.

نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، ياخشى ئادەم بولۇشقا تىرىشقىن، ياخشى بالا بولۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆلچىمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ قانداق بالىنىڭ يامان، ئەسكى سانىلىدىغانلىقىنى ئۇقامسەن؟ شۇنى بىلگىنكى، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان، ياخشىلىق قىلىشنى ئويلايدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدىغان بالا ياخشى، ئەخلاقلىق، ئەقىللىق بالا سانىلىدۇ. باشقىلارغا يامانلىق قىلىدىغان، يامانلىق كۆزلەيدىغان، يامانلىق قىلىشنى ئويلايدىغان بالا ئەڭ يامان، ئەسكى بالا، ئەقىلسىز، پەزىلەتسىز بالا دەپ قارىلىدۇ.*

*ئادەم بۇ دۇنياغا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن، ھەرگىزمۇ يامانلىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس. سەن ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن، يامانلىقتىن قول ئۈزۈش ئۈچۈن نېمىنىڭ ۋە قانداق ئىشنىڭ ياخشى ئىش، قانداق ئىشنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭ لازىم. ياخشىلىق قىلىشنىڭمۇ، يامانلىق قىلىشنىڭمۇ دەرىجىسى بولىدۇ. بىر قىسىم يامانلىقلار بار، ئۇنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەي قىلىپ قالساڭ ئۇ يامانلىق ھېسابلانمايدۇ، كېيىن ئۇنداق ئىشنى قىلمىساڭلا سەن ياخشى ئادەم بولىسەن، ئەگەر بىلىپ تۇرۇپ يامان ئىش قىلساڭ ئەقىلسىز، ئەسكى بالا بولۇپ قالىسەن. بالام، باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلما، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋالما، كوللېكتىپنىڭ نەرسىلىرى بولسۇن، شەخسلەرنىڭ نەرسىلىرى بولسۇن، ئۆزۈڭنىڭ نەرسىرىدەك بىلىپ ئاسرا. باشقىلارغا تاش - چالما ئاتىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىگە تاش ئاتىدىغان ئىشلارنى قىلىپ سالما. ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرنى بوزەك قىلىپ ئۇرۇشساڭ*

*بولمايدۇ. ئاجىزلارنى باشقىلار بوزەك قىلغان بولسا، ئاجىزلارغا ياردەم بەرسەڭ ياخشىلىق قىلغان بولىسەن. يامان ئادەملەر باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسا، جۇرئەتلىك هالدا يامان ئادەملەرگە قارشى تۇرۇش ياكى ساقچىغا مەلۇم قىلىشمۇ ياخشى ئىش قىلغانلىقىڭ بولىدۇ، باشقىلارنىڭ يامان ئىش قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كارىڭ بولمىسا، يامانلارغا يانتاياق بولغان بولىسەن، بالام. قېرى ئادەملەرگە، ئاجىز كىشىلەرگە ياردەملىشىپ ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرگىن. ياخشى سۆز، ياخشى هەرىكەت، ياخشى ئوي ـ خىياللارنىڭ هەممىسى ياخشىلىق بولىدۇ. يامان ئىش، يامان سۆز ۋە يامان خىياللارنىڭ هەممىسى يامانلىق بولىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي بوۋىمىز شۇنداق دېگەن بالام: «ياخشىلىق قىلالمىساڭمۇ يامانلىق قىلما، يامانلىق قىلمىغانلىقىڭ ياخشىلىق قىلغانچە بار.»*

پەرزەنتلەر سەل قۇرامىغا يېتىپ قالغاندا، تەلەپنى تېخىمۇ قاتتىقراق قويۇشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ، جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتلىرى قويۇقلىشىدۇ. بۇ توغرىدا كېيىنكى بابلاردا يەنە كونكرېت توختىلىمىز.

## 2. ئەدەپ تەربىيىسى

بىر قوۋمدىن بىر ئادەم يامان ئىش قىلسا،
چوڭ ـ كىچىك هەممىنىڭ قويماس قەدرىنى.
كۆرمىدىڭمۇ بىر كالا ئېكىنگە كىرسە،
يېزىدىكى كالىنىڭ بۇلغار بەرىنى.

— شەيخ سەئدى

بىر دانىشمەن «ئەدەپسىز ئادەم مىڭ ئادەمنىڭ ئارىسىدىمۇ يالغۇز قالىدۇ» دېگەنىكەن. چۈنكى ئەدەپسىز، پەزىلەتسىز ئادەمنىڭ قىلىقلىرى ئىنتايىن سەت بولىدۇ. ئەدەپسىزلىك نادانلىق ۋە مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ بىر ئالامىتى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنداق ئادەمدىن قاچىدۇ. پەزىلەتلىك ئادەمگە

كىشىلەر يېپىشىدۇ، چۈنكى پەزىلەتلىك ئادەمنى ھەرقانداق سورۇننىڭ گۈلى قىلغىلى بولىدۇ. كونىلار: ئەدەپسىز ئادەم چوڭ ئىشلارغا يارىمايدۇ، پىشقان ئىشنى خېمىغا ياندۇرىدۇ، دېيىشىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر خەلقى پەرزەنتلەرگە تېخى تىلى چىقمىغان چاغدىن باشلاپلا ئەدەپ تەربىيىسىنى باشلىۋېتىدۇ، ئەدەپ سۆزلىرىنى دەپ قۇلىقىنى پىشۇرىدۇ. مەسىلەن، «ياخشىمۇسىز دە، خوش دە، ئاچاشنى ياكى ئاكاشنى سۆيۈپ قوي، تاغا تىنچلىقمۇ دە، هاما خوش دە، رەھمەت دە، ھەشقاللا دە، چوڭ ئاپام، چوڭ دادام ياخشىمۇ دە» دېگەنگە ئوخشاش ھۆرمەت ۋە ئەدەپ سۆزلىرىنى ئۇيغۇر بوۋاقلىرى چۈشىنىدۇ ۋە قول ئىشارىسى بىلەن مەقسەتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ئادەتلەندۈرۈش پەرزەنتلەرگە بېرىلىدىغان پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى سالىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ گۆدەك قەلبىدە كىشىلەرنى سۆيۈش ۋە ھۆرمەت قىلىش تۇيغۇسى ئويغىنىدۇ. ئاتا-ئانىلار قەتئىي دىققەت قىلىشى كېرەككى، بالىلار گۆدەك، بوۋاق چاغدا ھەرگىز چاقچاق قىلىپ بولسىمۇ ئۇلارغا «ئاناڭنى دە، تىللا، ئۇنداق دە، مۇنداق دە، تۇفى دە» دېگەندەك ئەدەپسىز ئىشلارنى ۋە ئەدەپسىز سۆزلەرنى ئۆگىتىشكە بولمايدۇ.

### نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، بىز ئۇيغۇرلار ئەدەپ - قائىدىگە بەك ئەھمىيەت بېرىمىز. بىزدە ئەدەپلىك، پەزىلەتلىك كىشىلەر ئۇلۇغلىنىدۇ، ئەدەپسىز، پەزىلەتسىز كىشىلەر ھەر ۋاقىت پەس كۆرۈلىدۇ. ئەدەپسىز ئادەم ھايۋان قاتارىدا سانىلىدۇ. چۈنكى ئەدەپ - ئەخلاق ئادىمىيلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى، ھەرقانچە سالاپەتلىك ئادەممۇ پەزىلەتسىز بولسا كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئەڭ سەت كۆرۈنىدۇ، ھەرقانچە سەت ئادەم گۈزەل پەزىلەتلىك بولسا، كىشىلەرنىڭ سۆيۈشىگە ئېرىشىدۇ. سەن ئۆزۈڭنى قانچىلىك ھۆرمەت قىلساڭ، باشقىلارنىمۇ شۇنداق ھۆرمەت قىل. ئەدەپ - ئەخلاق ئۆزۈڭنى قەدىرلەش بىلەن باشقىلارنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت گۈزەل قەلبتىن پەيدا بولىدۇ. باشقىلارنى ھۆرمەت قىلساڭ، سەنمۇ ھۆرمەتكە لايىق ئادەم بولىسەن.*

بالام، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقىغا ئۇيغۇن كونكرېت تەلەپلىرى مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك:

(1) كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ۋە سالاملىشىشتىكى ئەدەپ:

بالام، سېنىڭ پەزىلىتىڭ كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش، كۆرۈشۈش، ئۇچرىشىش جەريانىدا روشەن كۆرۈنىدۇ. چۈنكى كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ۋە كۆرۈشۈشنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئەدەپ - قائىدىسى بار. بۇ بىزدىكى ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك ئەنئەنىنىڭ بىرى. مۇبادا سەن بىركىم بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۆيىگە كەلگەن بولساڭ، ئالدى بىلەن ئىشىكنى ئاستا چېكىپ (قاتتىق ئۇرۇشمۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ) ئىزنى (رۇخسەت) سورايسەن. ئۆي ئىچىدىن «كىم» دەپ سورىسا «مەن پوكسۇنى» دەپ ئىسمىڭنى ئېيتىسەن. «مەن» دەپلا قويۇش ئەدەپسىزلىككە ياتىدۇ. ئۆي ئىگىسى ئىچىدە تۇرۇپ «كىمنى ئىزدەيسىز» دېسە ئىزدىمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئىسمىنى دەيسەن، ئەگەر كىرىشكە ئىجازەت بەرسە كىرىسەن، ئەگەر باشقا جاۋاب بولمىسا كېتىپ قالغىنىڭ تۈزۈك.

ئۆزئارا سالاملاشقاندا، ئومۇمىي قائىدە «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىش، سالامنى «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ ئىلىك ئېلىش. سالامنىڭمۇ مۇنداق ئەدەپ تەلەپلىرى بار، دىققەت قىلغىن:

ئۇيغۇرلاردا ئىككى مۆمىن ئۆزئارا ئۇچراشقاندا بىر - بىرىگە سالام قىلىدۇ. سالام قىلماسلىق ۋە سالامنى ئىلىك ئالماسلىق ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. سالام بەرگەندە ۋە جاۋاب قايتۇرغاندىمۇ قارشى تەرەپ ئاڭلىغۇدەك بولسۇن. ئەگەر سەن جامائەتنىڭ ئالدىغا كىرسەڭ، چوڭلار بىلەن ئۇچراشساڭ، ئالدى بىلەن سالام قىلىسەن، ھەرگىز جامائەت ئارىسىدىكى بىرەر ئادەمنىڭ نامىنى ئاتاپ تۇرۇپ سالام قىلىشقا، خوشلاشقاندىمۇ بىرەر ئادەمنىڭ نامىنى ئاتاپ خوشلىشىشقا بولمايدۇ. چوڭ كوچىدا ۋە بازاردا تونۇشتىن باشقا ئادەمگە سالام قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىدىن ساڭا سالام ئېيتقان بولسا ياكى خەت ئارقىلىق سالام ئەۋەتكەن بولسا، دەرھال جاۋابىنى قايتۇر، بولمىسا ئەدەپسىزلىك سەن

تەرەپتىن بولۇپ، رىشتىنى ئۈزۈشكە سەۋەب بولۇپ قالىسەن. سالام - سەھەتنىڭ يەنە بىر قائىدىسى، مەرتىۋەڭ ھەرقانچە چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ كىچىكلەرگە ئاۋۋال سالام بېرىسەن، ھارۋىدا، ئاتتا ياكى موتسىكلىتتا بولساڭ تۇرغان ياكى ئولتۇرغانلارغا سالام بېرىسەن. جامائەتنىڭ ئالدىدىن ھەرقانداق قاتناش قوراللىرىنى تېز چاپتۇرۇپ ھەيدەپ، توپا توزۇتۇپ ئۆتۈش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. بولسا سۈرئەتنى ئاستىلىتىپ سالام قىلىپ ئاندىن تېزلەتسەڭ ئەدەپسىزلىك بولمايدۇ. ماڭغان بولساڭ ئولتۇرغانلارغا سالام بېرىسەن، ھەرگىز ئولتۇرغانلاردىن سالام كۈتمەيسەن. ئازچىلىق كۆپچىلىككە، باشلىق پۇقراغا سالام قىلىدۇ، بولمىسا قائىدىگە خىلاپ.

تۆۋەندىكى ئەھۋالدا سالاملىشىش تەلەپ قىلىنمايدۇ: ئەگەر ماشىنىلىق كىشىگە، ھاجەتخانىدىكى كىشىگە، ئۇخلاۋاتقان كىشىگە، يۇيۇنۇۋاتقان كىشىگە، تائام يەپ تۇرغان كىشىگە سالام قىلمىسىمۇ بولىدۇ، جاۋابمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ.

مۇنداق كىشىلەر بىلەن ئۇچراشساڭ سالاممۇ قىلما، سالىمىنىمۇ ئىلىك ئالما: پىتنە - پاسات تارقاتقۇچى، سۇخەنچى، پاسىق، ناپاك، زالىم، ئۆكتەم، قارا نىيەت، بۇزۇق ئادەملەر.

سالاملىشىش شەكلىدىمۇ تۈرلۈك ئەدەپ - قائىدە بار.

كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا قول ئېلىشىپ كۆرۈشىسەن. بىر قول بىلەن كۆرۈشۈش ياكى قولنىڭ ئۇچىنىلا بېرىپ كۆرۈشۈش ئەدەپسىزلىك ۋە تەكەببۇرلۇق بولىدۇ. شۇڭا، ئىككى قول بىلەن ئالىقاننى ئالىقانغا تەگكۈزۈپ كۆرۈشسەڭ يېقىنلىق پەيدا قىلىدۇ. قول ئېلىشقاندا قاتتىق سىلكىپمۇ، قاتتىق سىقىپمۇ كۆرۈشمەسلىكىڭ، نورمال كۆرۈشۈشۈڭ كېرەك. بەك يېقىن كىشىلەر، دوستلىرىڭ ۋە ئۇزۇن زامان كۆرۈشمىگەن تۇغقانلار بىلەن قاتتىق سىقىشىپ كۆرۈشسەڭ ئەدەپسىزلىك بولمايدۇ. قىزلار كۆرۈشكەندە قول ئېلىشىپ كۆرۈشسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئادەت بويىچە بولغاندا يۈزىنى يۈزگە يېقىپ كۆرۈشكەندە تېخىمۇ نازاكەتلىك ۋە يېقىنلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشتە مۇنداق بىرقانچە شەرت بار: سەپەردىن كەلگەن يېقىن تۇغقانلار ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەر

بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، مۇھەببەتنى، سېغىنىشنى ئىپادىلەيدۇ، قـۇرامىغا يەتمىگەن ئوغۇل ۋە قىزلارنى قۇچاقلاپ ھەم يۈزىدىن سۆيۈپ كـۆرۈشـسـە بـولـىـدۇ. يات ئـەر ـ خوتۇنلار ھەرقانچە يېقىن بولسىمۇ قـۇچـاقـلـىشىپ كۆرۈشۈش چەكلىنىدۇ. ئەر ـ ئاياللارنىڭ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشىدە ئانا ـ بالا، ئەر ـ خوتۇن (ئەر ـ خوتۇن كۆپچىلىكنىڭ يېنىدا ئۆزىنى تۇتۇپ قۇچاقلىشىشتىن ھايا قىلىشى كېرەك) بىر تۇغقان ۋە بىر نـەۋرىـلـەر قـۇچاقلىشىپ كۆرۈشسە بولىدۇ. بالام، بۇرۇن ئۇيغۇرلاردا مۆتىۋەر، ئۇلۇغ كىشىلەرنى كۆرسە قولىنى سۆيۈپ كۆرۈشۈش ئادىتى بار ئىدى. ھازىر قولىنى سۆيۈپ كۆرۈشۈش توغرا ئەمەس.

خـوشـلـىـشىـشـمـۇ كـۆرۈشـۈشـكـە ئـوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم. خـوشـلـىـشىشتىمۇ قول ئېلىشىپ، قۇچاقلىشىپ خوشلىشىش قائىدىسى كـۆرۈشـۈش تـەلەپلىرىگە ئوخشاش. ئامانلىق تىلىگەندە مۇنداق سۆزلەر قـولـلـىـنىلىدۇ: «خۇدا ساقلىسۇن، خۇداغا ئامانەت، سالامەت بولۇڭ، ئـامـانلىق تىلەيمەن، سالامەت كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلسۇن، ئىشلىرىڭ كـۆڭـۈلدىكىدەك بولسۇن.» ئەگەر بىرەر كۈنلۈك ئايرىلىدىغان بولسا: «خەير ـ خوش، ئەتە كۆرۈشەرمىز»، ئەگەر كەچ ۋاقىت بولسا: «ياخشى چۈش كۆرۈڭ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن خوشلىشىش ياخشى. كۆرۈشكەندە بـولسۇن، خوشلاشقاندا بولسۇن ئوچۇق ـ يورۇق، خۇش چىراي بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

(2) ياسىنىش ۋە كىيىنىش ئەدەپلىرى:

بالام، ياسىنىش ۋە كـىيىنىشنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ئەدەپ ـ قائىدىسى بار. ئالدى بىلەن كىيىم ـ كېچەكلىرىڭ پاكىز، تازا بولسۇن، رەتلىك كىيىنگىن، بولۇپمۇ ئاممىۋى سورۇنلارغا بارغاندا كىيىم ـ كېچەككە بەكمۇ ئـەھـمـىيەت بىلەن قارىشىڭ كېرەك، ئۇ سېنىڭ شۇ سورۇندىكىلەرنى ھۆرمەت قىلغانلىقىڭ بولىدۇ. ئاممىۋى سورۇنغا ساڭگىل ـ سۇڭگۇل، مـەيـنـەت، قـاسماق كىيىملەرنى كىيىپ بارساڭ ئۆزۈڭنىڭمۇ ئېتىبارى بـولـمايدۇ، دۈشمەنلىرىڭ بولسا كۈلىدۇ، سورۇنىمۇ كۆزگە ئىلمىغان بـولـۇپ قـالـىـسـەن. ئـوغـۇل بالا قۇرامىغا يېتىپ قالغاندىن كېيىن،

مويسىپىتلەرنىڭ ئالدىدا ۋە قىز - ئاياللارنىڭ ئالدىدا يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە تۇرۇشى ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. قىزلار ئائىلىدە بولسۇن، ئاممىۋى سورۇنلاردا بولسۇن يەڭسىز، قولتىقى ئوچۇق مايكىلارنى كىيىشى، تىزىدىن يۇقىرى تار، مېڭىشتا قىينىلىدىغان يوپكىلارنى كىيىشى ھاياسىزلىق سانىلىدۇ. ئوغۇل بالا كىيىم - كېچەككە ئارتۇق ھەۋەس قىلماسلىقى، قىزىل - تۈزۈل كىيىملەرنى كىيمەسلىكى، قولىغا ئۈزۈك، بويىنىغا زەنجىر ۋە باشقا زەرلىك نەرسىلەرنى زىننەت ئۈچۈن ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. بۇ ھال ئاياللار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرغانلىق بولىدۇ ھەم كىشىلەرنىڭ غىدىقىنى قوزغايدۇ. ئېسىل كىيىملەرنى كىيسەڭ بولىدۇ، لېكىن ياسانچۇقلۇق، تەكەببۇرلۇق، مەنمەنچىلىك، ھاۋايى - ھەۋەس ئۈچۈن ياسىنىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. شەيخ سەئدى «گۈلىستان» ناملىق كىتابىدا شۇنداق بىر مىسال كەلتۈرىدۇ: «بىر يوغان قورساق ئەخمەقنى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئۈچىسىدا قىممەت باھالىق تون، ئاستىدا ئەرەب ئېتى، بېشىدا مىسىرنىڭ ئېسىل رەختتىن قىلىنغان سەللىسى بار ئىدى. ئۇ ئات ئۈستىدە ھېچ كىمنى پىسەنتكە ئالماي گىدىيىپ ئولتۇراتتى. بىر ھەمراھىم مەندىن سورىدى: سەئىدى، بۇ پەمسىز ھايۋاننىڭ ئۈچىسىدىكى كىمخاب تونغا قانداق قارايسەن؟

مەن دېدىم: مەزمۇنى يامان خەت ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلىپتۇ، خالاس! »

شىربانۇ ھۆكۈمرانلىق تەختىدە سەلتەنەت سۈرۈۋاتاتتى — دەپ ھېكايە قىلىنىدۇ «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» دا، — ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئاجايىپ قىممەت باھالىق سەرپاي كىيىۋالغانىدى، بۇنى كۆرۈپ ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، پادىشاھلار تونى شۇنداق بولغايكى، ئۇ ھېچ كىشىنىڭ خەزىنىسىدە بولمىغان ۋە خۇشخۇيلۇق يوسۇنلىرى بىلەن ئۆزىگە تەرتىپ بەرگەن كىشى ھەممىدىن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، — دېدى.

— ئۇنداق ئېگىن نەدە باردۇر؟ — دېدى شاھزادە. پادىشاھ:

— ئۇنداق ئېگىننىڭ ئۆرۈشى خۇشخۇيلۇق، ئارقىقى مۇلايىملىقتىن ئىشلەنگەندۇر. بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرمىسەڭ شۇنى بىلگىنكى، ئالەمدىكى

بارلىق ياخشى سۈپەت ۋە خۇشخۇيلۇق يوسۇنلىرى بىلەن ئۆزىگە تەرتىپ بەرگەن كىشى ھەممىدىن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، — دېدى.

شۇڭا بالام، گۈزەل خۇلق مىلىك كىمخاب توندىن ياخشى. ئەگەر ئېسىل كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىۋېلىپ ئەخلاقسىزلىق، ھاياسىزلىق قىلساڭ ھەممە ئادەمگە ھەقىر ۋە پەس كۆرۈنىسەن.

(3) سەپەر ۋە يول يۈرۈشتىكى ئەدەپ:

بالام، ئۇيغۇرلاردا مۇساپىر بولمىغان ئادەم تولۇق ئادەم بولالمايدۇ، دېگەن گەپ بار، سەپەرنىڭ خاسىيىتى ناھايىتى چوڭ، بۇ خۇسۇستا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مۇنۇ بايانلىرىغا قۇلاق سالغىن:

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئارىستوتىلدىن سوراپتۇ:

— سەپەردە ئادەم رەنج - مۇشەققەت چېكىدۇ، كىشىنىڭ تەبىئىتى ھەرەج تارتىدۇ، قىينىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر سەپەر قىلىشنى زۆرۈر دەپ قارايدۇ، بۇنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

— سەپەردە قىيىنچىلىق كۆپ بولسىمۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئارىستوتىل، — لېكىن دانالار سەپەر قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشقان. چۈنكى سەپەرنىڭ كىشىگە نۇرغۇن پايدىسى بار. ھەربىر مۇشەققەتنىڭ كەينىدىن راھىتى، ھەربىر مۈشكۈللۈكنىڭ ئارقىسىدىن ھالاۋىتى بار. مەسىلەن، ئاش - ئاماق جاننىڭ راھىتى، تەننىڭ قۇۋۋىتىدۇر، ئەمما شۇنداق ئەزىز نەرسە ئوتنىڭ جاپاسىنى تارتمىغۇچە خاملىقتىن پىشىپ تەييار بولمايدۇ. ئالتۇننى ھەممە خالايىق ياخشى كۆرۈپ ئەتىۋارلايدۇ، لېكىن ئۇمۇ ئوتقا كىرمىگىچە ئارىلانمايدۇ، ھەقىقەتەن سەپەر ئازابى دوزاخ ئازابى دېگەن گەپ بار. بۇ ئوتتا كۆيۈشنى ھېچكىم خالىمايدۇ. بىراق ئىنسان ئۈچۈن سەپەر يەنىلا زۆرۈر. چۈنكى مۇساپىرلارنىڭ ئالتۇن ۋۇجۇدى سەپەر ئوتلىرى بىلەن تاۋلىنىپ ساپ ۋە پاك بولىدۇ. سەپەرنىڭ يەنە بىر خاسىيىتى شۇكى، بەدەن شۇ ئارقىلىق ساغلاملىققا ئېرىشىدۇ. ئاددىيسى بىر ئادەم بىرەر مەسىلىدە ئىككىلىنىش سەۋەبىدىن ئىختىيارسىز ھالدا بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ قويىغان بولۇپ، غىزاغا ئىشتىھا پەيدا بولىدۇ. دېمەك، شۇنچىلىك سەپەردىنلا

ئۇنىڭغا كۆپ ساغلاملىق ئاتا قىلىنىدۇ. سەپەرنىڭ يەنە بىر خاسىيىتى، ئۇ ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ، روھىنى كۆتۈرىدۇ، كۆڭۈلنىڭ بۇزۇقلىرى تۈزۈلىدۇ، كۆڭۈل ئەينىكى تازىلىنىدۇ، داۋاملىق بىر خىل ھاۋا، بىر خىل سۇ، بىر خىل مۇھىت ۋە تۇپراقتا تۇرۇۋېرىشتىنمۇ ئادەمنىڭ بەدىنىگە ئاغرىق ۋە زەئىپلىك يۈزلىنىدۇ، بۇنداق چاغدا كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى تازا ۋە يېڭى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ، بىر خىللا نەرسىنى تەكرار قوبۇل قىلىشتىن زېرىكىدۇ، يېپيېڭى ۋە باشقا ـ باشقا نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنىڭغا پەقەت سەپەر ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ تېنىدە ساغلاملىق، مۇقىملىق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ. سەپەرنىڭ يەنە بىر خاسىيىتى شۇكى، سەپەر دەردمەنلەرنى ئارزۇسىغا يەتكۈزىدۇ، مەھرۇملارنى مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ، خاملارنى پىشۇرىدۇ. دۇنيادىكى ئاجايىپ ـ غارايىباتلار بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. دۇنيادىكى ئۇلۇغ مۆجىزە ۋە ھېكمەتلەرنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ياخشى خۇلق، ياخشى ئادەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگۈزىدۇ. ھاياتنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقى، ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرىنى تېتىتىدۇ. ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئاۋاتلىقلىرى، گۈزەل جايلارنى سەپەر قىلغۇچىلار ياخشى بىلىدۇ. دېمەككى، مۇساپىرلىق مېھنىتىنى تارتمىغان ئادەم ۋەتەننىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يەتمەيدۇ. ھەرىكەت ئەھلىگە ھاياتىي ئەسەردۇر، قېتىپ بىر ئورۇندىلا تۇرغانلار تىرىكلىك نىشانىدىن بىخەۋەردۇر. سەپەر تاۋلىنىش ئوچىقىدۇر، ئەدەپ ۋە كەمتەرلىكنىڭ سەرمايىسىدۇر، خىزىرمۇ سەپەر قىلغانلارنىڭ ھەمراھىدۇر، بۇ سۇۋغىدىن پۇت ئالمىغان كىشى دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەردىن قانداقمۇ خەۋەردار بولسۇن. سەپەر قىلمىغان كىشى خام كېلىدۇ، ئىسسىق ـ سوغۇققا چىدىمايدۇ. يەنە شۇنداق خاسىيىتىمۇ باركى، مۇساپىرلىق ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭنى قايتا تونۇتىدۇ، جەمئىيەتنى، ئادەملەرنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. ئادەمنىڭ ياخشى ـ يامىنى، مەردلىكى ۋە خەسىسلىكى سەپەردە سىنىلىدۇ.

بالام، سەپەرگە چىقساڭ ئىلاجى بار ياخشى ھەمراھلار بىلەن بىرگە

چىققىن، شۇندىلا يولنىڭ مۇشەققەتنى بىلىنمەيدۇ. سەپەر جەريانىدا يېنىڭدا نېمە بولسا سەپەرداشلار بىلەن بىرگە يېگىن. يېمەك - ئىچمىكىڭنى ئۇلاردىن يوشۇرما، ھەرگىز ھەمراھلىرىڭنى تاشلاپ كەتمە. ئۇلار يولدا ئاغرىق - سىلاق تارتىپ قالسا ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغىن، سەپەر دېگەن ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى سىنايدىغان سىناق تېشى.

بالام، ئەگەر ئۆسۈپ چوڭ بولغان يۇرتۇڭدا تۇرمۇشۇڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولماي، كىشىلەرنىڭ ئېتىۋارىغا ئېرىشەلمەي، بىر ياقتا سەرگەردان بولۇپ قالغۇدەك بولساڭ، سەپەر قىلىپ جاھان كۆرۈپ باققىن. قۇدۇقتىكى پاقىدەك ئاسماننىڭ چوڭلۇقى شۇنچىلىك ئوخشايدۇ، دەپ قانائەت ياستۇقىغا بېشىڭنى قويۇپ يېتىۋەرمە. ئەگەر سەندە مۇنداق بىرقانچە ئالاھىدىلىك بولمىسا ئىلاج بار يۇرتۇڭدىن ئايرىلما: بىرىنچى، قولۇڭدا ياخشى ھۈنەر، كاللاڭدا بىلىم بولۇشى كېرەك. قولۇڭدا ھۈنەر بولمىسا نەگە بارساڭ ساڭا قازاننىڭ قولىقى تۇت. ئىككىنچى، قولۇڭدا ئاز - تولا دەسمى بولۇشى كېرەك. قۇرۇق قول بىلەن يۇزۇڭگە قىزىللىق يۈگۈرتەلمەيسەن. ئۈچىنچى، ھەر يەرگە بارساڭ ئوچۇق - كۆڭۈل، خۇشخۇي، چىقىشقاق، ئەدەپ - قائىدىلىك بولغىن، شۇندىلا كىشىلەر سېنى خالاپ ئارىسىغا ئالىدۇ.

بالام، يول ماڭغاندا ناھايىتى سالماق، نورمال قەدەم بىلەن ماڭغىن. پۇتلىرىڭنى سۆرەپ، ئۇياققا - بۇياققا، يولۇچىلارغا قاراپ ھاڭۋېقىپ ماڭما. كوچىدا بىرنەرسە يەپ ماڭما. قەددىڭنى كۆتۈرۈپ مەزمۇت قەدەم بىلەن ئۇدۇل قاراپ ماڭغىن. يول ماڭغاندا خىيال بىلەن ماڭما، بولمىسا يېقىن تونۇشلار ئۇچرىسىمۇ كۆزۈڭ كۆرمەي قالىدۇ ھەم بەزى خېيىمخەتەردىن خالىي بولالمايسەن. كوچا لاي - پاتقاق بولسا باشقىلارغا لاي چاچرىتىۋېتىشتىن ئېھتىيات قىل. قىستاڭچىلىق بولۇپ بىرەرسىنىڭ مۈرىسىگە ئۈرۈلۈپ كەتسەڭ ياكى بىرەرسىنىڭ پۇتىنى دەسسەپ سالساڭ كىچىك پېئىللىق بىلەن ئەپۇ سورىغىن. چوڭلار، ئاياللار سۆزلىشىپ تۇرغان يەردىن ئۆتكەندە ھەرگىز ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتمىگىن. يول ئۈستىدە بولسۇن، ماشىنىغا چىققان ۋە چىقىدىغان چاغدا بولسۇن

چوڭلارنى، ئاياللارنى ھۆرمەت قىلىپ يول بەرگىن. ئۇستازىڭ بىلەن بىرگە ماڭغان بولساڭ ئازراق ئارىلىق تاشلاپ كەينىدىن ماڭغىن، ئالدىغا كىرىۋالما، بولمىسا ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. بىركىم بىلەن بىرگە ماڭغان بولساڭ، يولدا يەنە بىر تونۇشۇڭ ئۇچراپ قالغان بولسا، سالام بېرىپ ئۆزرە سوراپلا ماڭغىن، سۆزلىشىپ، ھەمراھىڭنى ساقلىتىپ قويما. ئۆتەر يولدا بىركىم بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرما، يولنىڭ چېتىگە چىقىپ سۆزلەشكىن. يولدا توۋلاپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ گەپ قىلىشتىن ھەزەر قىل. يولدا كەلسە - كەلمەس تۈكۈرىدىغان، مىشقىرىدىغان، شاپاق - شالتاقتا ئوخشاش نەرسىلەرنى يولغا تاشلايدىغان ئەدەپسىزلىكنى ھەرگىز قىلما، يولدا كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان تاش ۋە باشقا مەينەت نەرسىلەر بولسا ئېلىۋەتكىن. ئاپتوبۇس ۋە باشقا قاتناش قوراللىرىدا سەپەر قىلغان بولساڭ ھەرگىز كەلسە - كەلمەس قالايمىقان نەرسىلەرنى تاشلىما، ئاپتوبۇسمۇ ئاممىۋى قورال، ئۇنىڭغا شۆپۈكلۈك نەرسىلەرنى تاشلىساڭ ھەم مەينەتچىلىك، ھەم ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، بالام.

(4) ئاممىۋى سورۇنلاردىكى ئەدەپ:

بالام، ئاممىۋى سورۇنلاردا، يەنى سىنىپتا، كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، باشقىلارنىڭكىدە مېھمان بولغاندا، مەجلىستە ئەدەپ - قائىدىگە بەك رىئايە قىلغايسەن، بۇنداق سورۇندا ھەربىر ھەرىكىتىڭ كىشىلەرنىڭ نەزەرىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ سوراپ ھەربىر ھالىقىغا دىققەت قىلغىن.

سىنىپىڭدا پارتا، ئورۇندۇقلارنىڭ ئۈستىگە پۈتۈڭنى ئېلىپ ئولتۇرۇش، پارتا - ئورۇندۇقلارغا دەسسەش، دوسكىغا قالايمىقان سۈرەتلەرنى سىزىپ قويۇش، قالايمىقان سۆزلەرنى يېزىپ قويۇش، مۇئەللىملەرگە ۋە ساۋاقداشلارغا يىرىك، قوپال گەپ قىلىش قاتارلىقلار ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

بالام، زىياپەتكە بارساڭ ئەدەپ كەمىرىنى بەلگە باغلاپ، نەپسىڭ ئوغرىسى ئەقلىڭ تەۋەلىكىدە غالىبلىق ئۇسسۇلىنى ئويناشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۇنۇ بىرقانچە ئەدەپ - يوسۇننى ئۆزۈڭگە ھاكىم قىل: ئەڭ ئاۋۋال

ھەرقانداق جايغا تەكلىپ قىلىنساڭ ۋاقتىدا بارغىن، باشقىلارنى يولغا قارىتىش تولىمۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. سەن ئالدىراش بولساڭ چاقىرغۇچىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوي. چاقىرغان يەردىن قالما، چاقىرمىغان يەرگە ھەرگىز بارما. سېنى چاقىرغان جايغا ھەرگىز يەنە بىر ئادەمنى شېرىك قىلىپ ئاپارما. يەنە بىرى، چاقىرىلغان بولساڭمۇ كۆڭلۈڭ خالىمىغان سورۇنلارغا باھانە كۆرسىتىپ بارمىغىن. ئۇنداق سورۇن ساڭا ھەرگىز كۆڭۈل ئازادىلىك بەرمەيدۇ، كۆڭلۈڭنى يېشمەن دەپ بېرىپ، دىلىڭ چىگىلىپ قايتىسەن. بىر كاپام ئاش ۋە بىر ئۇتلام ئىچىملىكنى دەپ بېرىپ ئۆزۈڭنى خار قىلما. ھەرقانداق مېھماندارچىلىقتا ۋە يىغىلىشلارغا بارساڭ سورۇن تاللاپ، ئادەم تاللاپ بېرىشقا ئادەتلەنگىن، سورۇنغا بارغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭنى تۇتۇشنى بىلگىن، ئەدەپ بىلەن ئولتۇرغىن، ئورۇندۇقتا ئولتۇرساڭ پۇتلىرىڭنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرما، باشقا سېلىنچىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بولساڭ، يۈكۈنۈپ ياكى چازا قۇرۇپ ئولتۇرغىن. زوڭ ئولتۇرۇش، پۇتنى سۇنۇپ ئولتۇرۇش، يانپاشلاپ يېتىش، باشقىلارنىڭ تىزىغا پۇتنى مىنگەشتۈرۈۋېلىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. گىلەم سېلىنغان ۋە باشقا سېلىنچا سېلىنغان جايغا ھەرگىز ئاياغ كىيىم بىلەن دەسسىمە. ئايىغىڭنى سېلىپ كىرگىن. پايپاقلىرىڭ پاكىز يۇيۇلۇپ كىيىلگەن بولسۇن، پايپىقىڭ پۇرايدىغان بولسا سېلىۋېتىپ، پۇتۇڭنى يۇيۇپ سورۇنغا كىر، سورۇندا ئورنۇڭ نەگە توغرا كەلسە شۇ يەردە ئولتۇرغىن، چوڭلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالساڭ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، چوڭلارنىڭ ئالدىغا ئەدەپ بىلەن كىر، قوللىرىڭنى پۇلاڭلىتىپ، گىدىيىپ، تەكەببۇرلۇق قىلمىغىن. ھەرقانداق ئادەمنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، جامائەت ئالدىدىكى قەدىر - قىممىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، بىلىملىك ياكى بىلىمسىزلىكىگە قاراپ جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئورنى بولىدۇ. ئۆز ئورنۇڭنى بىلمىسەڭ، ئۆزۈڭنىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمىگەن بولىسەن. تائام يېگەندە، ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن، چوڭلار تائامغا قول ئۇزارتىشتىن بۇرۇن قولۇڭنى تاماققا ئۇزاتما. نەپسىڭ بالاسى سېنى ئالدىراتقان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى لوقمىغا

قول سۇنما. ئالدىغدا نېمە بولسا شۇنى يېگىن ۋە شۇنىڭغا قانائەت قىلغىن، تاماق يېگەندە ئالدىراپمۇ كەتمە، نازلىنىپمۇ ئولتۇرما، ئاچ كۆزلۈك قىلىپ يانچۇقۇڭغا بىر نەرسىلەرنى سېلىۋالما، باشقىلار تاماق يەۋاتقان چاغدا ئۇلارغا سەپ سالما. بىر كىشى تاماق يەۋاتقانىكەن، ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان يەنە بىر كىشى ئۇ ئادەم ئەمدى تائامنى ئېغىزىغا سېلىۋاتسا، ئاگاھلاندۇرۇپ، قولىڭىزدىكى تاماقتا قىل تۇرىدۇ، دەپتۇ. ھېلىقى كىشى دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ داستىخاندىن چىقىپ كېتىپتۇ. ساھىبخان كەينىدىن چىقىپ، نېمە ئىش بولدى، دەپ سورىغانىكەن، ئۇ كىشى، شۇنچە ئارىلىقتىن بىر كاپام ئاشتىكى قىلغا كۆز تىكىپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئالدىدا تائام يېيىش مەكرۇھ، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بالام، سورۇندا تائامنى ئۇششاق چايناپ يېگىن، ئالدىراپ پۈتۈن - پۈتۈن يۇتما. قىزىق ئاشنى قىزىق پېتى ئوتلاپ قالما، ئاشنى پۇۋلەشمۇ ئەدەپسىزلىك سانىلىدۇ. قىسقىسى، نەپسىڭ ھاكىملىق قىلىپ پەزىلىتىڭنى پەسلەشتۈرمىسۇن.

سۆھبەت ئۈستىدە ئەسنەش، چىش كولاش، بۇرۇن كولاش، تىرناق ئېلىش، بىرەيلەن گەپ قىلىۋاتقاندا ياكى ساز چېلىۋاتقاندا كۇسۇرلىشىپ گەپ قىلىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. ئەسنەك كەلسە، ئىمكان بار چاندۇرماسلىق، چۈشكۈرۈك كەلسە ئىككى قولنى ئېغىزغا تۇتۇپ، تۈكۈرۈك چاچراندىلىرىنىڭ باشقىلارغا چاچراپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. سۆھبەتداشلىرىڭنىڭ ھېچقايسىسىنى بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ ئىشقا بۇيرۇما، سۆھبەت داۋامىدا باشتىن - ئاياغ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇۋالما، ئۇنداق قىلساڭ ئەدەپسىزلىكلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ كۆڭلىدە شۈبھە پەيدا قىلىپ قويىسەن. دوست - يار، بۇرادەرلىرىڭ بىلەن بىرگە ئولتۇرغاندا ئارىدىن بىرەر ئادەمنى چوڭ بىلىپ خۇشامەتچىلىك قىلىپ ئۆزۈڭنى پەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويما، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىگە قۇلاق سالما ۋە ئۆزۈڭمۇ غەيۋەت قىلما.

بالام، ئۆزۈڭ مېھمان كۈتكۈچى بولۇپ قالغاندا مۇنداق تەرەپلەرگە دىققەت قىلغىن: مېھمانلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولغىن، بىرىگە كۆپ ئىلتىپات كۆرسىتىپ، بىرىگە ئېتىبار قىلماسلىق ئەدەپكە

يات. مېھمانلارغا ئوچۇق چىراي، خۇش چاقچاق ھالدا مۇئامىلە قىلىپ كۈتۈۋال. ئاۋۋال مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىش بىزدىكى ياخشى ئەنئەنە. سۇ بەرگەندە ئۈچ قېتىم سۇ قۇيىسەن، سۇنى بەك ئېگىز تۇتۇپمۇ، بەك پەس تۇتۇپمۇ ئەمەس نورمال تۇتۇپ بەرگىن. قول يۇغاندىمۇ ئۈچ قېتىم قۇيغاندىن كېيىن، «خوش» دېيىش ياخشى، قولنى يۇيۇپ بولۇپ سىلكىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلغاندا بىر ئادەمنىڭ نامىنى چاقىرىپ تاماققا ئۈندىمە، «مېھمانلار تارتىنماي ئېلىڭلار» دەپ ئورتاق تەكلىپ قىل. مېھمانلارنىڭ بىرىگە چوڭراق لوقما، يەنە بىرىگە كىچىكرەك لوقما تارتىشمۇ مېھمانغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك.

سۇ ئىچىش ۋە تاماق يېيىشتە مۇنداق بىرقانچە مۇھىم ئەدەپ بار: سۇ ئىچكەندە كۆلچەك، ئۆستەڭ ۋە چېلەككە دۈم يېتىپ ئېغىزىڭ بىلەن سۇ ئىچمە. ئېسىڭدە بولسۇنكى، ھايۋانلارلا بىۋاستە ئېغىزى بىلەن سۇ ئىچىدۇ. قاچىدا، نوگايدا سۇ ئىچكەن چاغدا قاچىغا ئۇدۇل تىنىپ ئىچمە. ھەرقانچە ئۇسساپ كەتكەن بولساڭمۇ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئىچكىن، ئالدىراپ جاۋغىيىڭدىن ۋە قاچا گىرۋىكىدىن سۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىڭگە ياكى گىلەم، كۆرپىلەرگە ئېقىپ چۈشۈشىدىن ئېھتىيات قىل. چەينەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ جوغىسىدىن سۇ ئىچمە، بۇمۇ ئەدەپكە خىلاپ. بالام. تاماق يېگەندە بولسۇن، سۇ ئىچكەندە بولسۇن ئولتۇرۇپ يەپ - ئىچ، ئۆرە تۇرۇپ، مېڭىپ يۈرۈپ ياكى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ تاماق يېيىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، تاماق يېگەندە ئېغىزىڭنى قاچىغا يېقىن ئاپىرىۋالما، قوشۇقسىز، چوكىسىز بىۋاستە قاچا بىلەن تاماق يېمە. قوشۇق بىلەن تاماق يېگەندە بولسۇن، چوكا بىلەن تاماق يېگەندە بولسۇن، ئاز - ئاز ئېلىپ يە، ئېغىزىڭغا پاتمىغۇدەك ئېلىۋېلىپ، قالغىنىنى يەنە قاچىغا قايتۇرۇش ئەدەپ - قائىدىگە خىلاپ. قوشۇقنى ئېغىزغا ئاپارغاندا ئېغىزىڭنى بەكمۇ يوغان ئاچما، نورمال ئاچقان ياخشى، قوشۇق ۋە چوكىنى ئېغىزىڭغا ئىچكىرى سېلىپ تاماق يېمە. ئاشنى شالاپشىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ يېمە، قولدا تاماق يېگەن بولساڭ بىر قولۇڭ بىلەن يېگىن، يەنە بىر قولۇڭنى ھەرگىز يېقىن ئاپارما. قولۇڭدىكى قالدۇق تاماقنى پاكىز يەپ ئاندىن قايتا

قولۇڭنى سوزغىن، ھەرگىز قولۇڭنى داستىخانغا قاقما ھەم قولۇڭنى داستىخانغا سۈرتۈپ قويما.

(5) كۈلۈش ئەدەپى:

بالام، كۈلكىمۇ ھەربىر ئادەمنىڭ قانداق ئادەملىكىنى، پەزىلىتىنى ئۆلچەيدىغان بىر مۇھىم بەلگە. ئادەمنىڭ نېمىگە كۈلۈۋاتقانلىقى، قانداق كۈلۈۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ پەزىلىتىگە ۋە پاراستىگە باھا بەرگىلى بولىدۇ. كۈلكە ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەتلەردىن بىرى، ئادەم كۈلىدىغان پۇرسەت چىقسىلا ئايىماي كۈلۈۋالغۇلۇق، كۆڭۈلسىزلىككە ۋە بەختسىزلىككە ئۇچرىغان چاغلىرىڭدىمۇ ئاچچىقلىنىپ، چىچىلىپ ئۆزۈڭنى ئۇپراتقاندىن كۈلۈپ قويغىنىڭ سەن ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق، بالام. كۈلكە ئادەمنى جۇشقۇن قىلىدۇ، روھىڭنى كۆتۈرىدۇ، مىجەزنى نورماللاشتۇرىدۇ، نېرۋاڭنى تىنچلاندۇرىدۇ. ياخشى بىر كۈلۈۋالساڭ ھاردۇقۇڭ چىقىپ يەڭگىللەپ قالىسەن. شۇڭا، بەزى دانىشمەنلەر، ھاياتنىڭ مەنىسى نېمە دېسە، كۈلكە دەپ جاۋاب بېرىشكەن. خۇشخۇي ئادەمگە پۈتۈن ئالەم خۇشخۇي كۆرۈنىدۇ، روھى ساغلام ئادەملەرلا ھەقىقىي چىن كۆڭلىدىن كۈلەلەيدۇ، خۇشچاقچاق بولساڭ ھەربىر كۈنۈڭ خۇشال، بەختىيار ئۆتىدۇ، ئۇنداق ئادەم بەختلىك ئادەم. ئوچۇق كۆڭۈل، سېخىي، مېھرىبان ئادەملەر چىرايلىق كۈلەلەيدۇ. بالام، كۈلكە بار جايدىن قاچما، چىن ۋۇجۇدۇڭدىن ۋە ھەقىقىي كۆڭلۈڭدىن ئۇرغۇپ چىققان كۈلكە ئۆلگەن ھۈجەيرىلىرىڭنى تىرىلدۈرىدۇ، ساڭا ساغلاملىق بېغىشلايدۇ. كۈلكە ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، غەم - قايغۇ ئۆمۈرنى قىسقارتىدۇ، دېگەن گەپ راست. كۈلمەكچى بولساڭ چاقچاقتىن قاچما. چاقچاق دېگەن ئەقىلدىن چىقىدۇ، تەپەككۇرنى چېنىقتۇرىدۇ، ھازىرجاۋابلىقنى ئۆستۈرىدۇ. چاقچاق دېگەن چاقچاق، ئۇنى چۈشەنگىن، راستقا بۇراپ تېرىكمە، قوپال جاۋاب بەرمە، چاقچاقنى چۈشەنمەسلىك، تېرىكىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. فېيېرباخ چاقچاق توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىكەن: «چاقچاق كۆڭۈلنى تېگى يوق ھاڭلاردىن ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيدۇ ۋە كىشىگە دەرد - ئەلەمنى مەنسىتمەسلىكنى ئۆگىتىدۇ.»

بالام، ھەرقانداق ئىش چېكىدىن ئېشىپ كەتسە يامان تەسىر بېرىدۇ. كۆلكە باشقىلارغا ھۇزۇر بېغىشلىشى، شادلاندۇرۇشى كېرەككى، ھەرگىز غەشلىك پەيدا قىلىدىغان بولمىسۇن. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق بىرقانچە ئىشقا دىققەت قىلغىن: ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ گەپ قىلىپ ئۆزۈڭ كۈلمە، ئانچىكى گەپلەرگە قاقاقلاپ قاتتىق ئۈن بىلەن كۈلمە، مۇنداق كۈلكە مەسلەرگە، تەلۋىلەرگە خاستۇر. قېلىپتىن چىققان زىيادە كۈلكە بىر تەرەپتىن سېنى نادان كۆرۈنۈشكە چۈشۈرۈپ قويسا، يەنە بىرى كۆرۈنۈشىڭ كۈلكە ياسىما بولىدۇ، ياسىما كۈلكە خۇشامەتچىلىكنى ئىپادىلەپ قويىدۇ. باشقىلار بەختسىزلىككە ئۇچرىسا كەينىدىن كۈلمە. بىر ئادەم تېيىلىپ - يىقىلىپ چۈشسە كۈلۈپ كېتىش ئەدەپسىزلىك، بولسا بېرىپ يۆلەپ قويساڭ پەزىلەتلىكسەن.

(6) كىيىم يوقلاش ئەدەپى:

بالام، تۇرمۇشتىكى يەنە بىر مۇھىم ئىش ۋە پەزىلەت، كېسەل يوقلاش ئەدەپ - قائىدىسىگە رىئايە قىلىشتۇر. سەن يېقىنلىرىڭ، ساۋاقداشلىرىڭ، دوستلىرىڭ، مۇئەللىملىرىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭ كېسەل تارتىپ يېتىپ قالغان بولسا، ئۇلارنى يوقلاپ بارغىن، نېمە ئېلىپ بېرىشىڭ مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى كۆڭۈل ساناپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراشىڭ ئۆزى سېنىڭ ئادىمگەرچىلىكىڭنى ئىپادىلەيدۇ. بىراق كېسەل يوقلاشنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئەدەپ - قائىدىسى بار: كېسەلنىڭ ئالدىغا كىرگەن ۋاقتىتا ئوچۇق چىراي، خۇشخۇي بولغىن، كېسەل بىلەن ناھايىتى دوستانە ۋە شەپقەت نەزەرى بىلەن كۆرۈشۈش لازىم. ئېغىرراق كېسەلنىڭ قېشىغا كىرگەندە تولىمۇ يېڭى كىيىمنى ئەمەس، كونا كىيىمنى ئەمەس، ئوتتۇرا ھال كىيىم كىيىپ كىرگىن. ئۆزۈڭنىڭ نورماللىقىنى ساقلاپ، ئەھۋال سورا. ھە دېگەندە كېسەلنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇۋالما، كۆپ گەپ قىلما، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلىمە، ئەدەپ بىلەن «چىرايىڭىز خېلىلا ياخشى تۇرىدۇ، ئوڭشىلىپ قالغاندەك قىلىسىز» دەپ روھىنى كۆتۈرگىن. ھەرگىز «سارغىيىپ قاپسىز، كۆزىڭىز ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلما. بىمارنىڭ قېشىدا كۆپ ئولتۇرۇۋالماسلىق كېرەك. ئەگەر

*كېسەل ئولتۇرۇشىنى ئۆتۈنسە، خۇشچاقچاق گەپلەر بىلەن كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشقىن.*

يۇقىرىقى بىر قاتار ئەدەپ ـ قائىدىلەردىن باشقا يەنە پەرزەنتلەرگە مۇسىبەت كۈنلىرىدە ئۆزىنى قانداق تۇتۇش، باشقىلارغا قانداق سۆزلەر بىلەن تەسەللىي بېرىش، باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قانداق تەبرىكلەش، ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدە كىشىلەر بىلەن قانداق بېرىش ـ كېلىش قىلىش قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىمۇ ئۆگىتىش كېرەك.

# ئالتىنچى باب  سالامەتلىك ۋە تازىلىقنى سۆيۈش تەربىيىسى

40 يىلغىچىلىكمۇ ئۆزىنىڭ مىجەزىنى بىلمىگەن ئادەمنى هايۋان ئاتاش كېرەك.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

ئۇيغۇر خەلقى پەرزەنت تەربىيىسىدە يېمەك ـ ئىچمەك، تازىلىق ۋە سالامەتلىككە ئالاهىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. چۈنكى بۇ ئۈچى بىرلىشىپ ئادەمنىڭ نورمال پائالىيىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. باللار جىسمانىي جەهەتتە ساغلام بولغاندىلا مەنىۋى دۇنياسىمۇ ساغلام بولىدۇ ۋە ئەقلىي تەرەققىياتى نورمال بولىدۇ. ساغلاملىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە تازىلىق، تازىلىققا ئەهمىيەت بەرمىگەن ئائىلىدىمۇ سالامەتلىك ۋە خاتىرجەملىك بولمايدۇ. بىز باشتا ئوزۇقلۇق بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا چۈشەنچە بەرگەن. بۇ بابتا خاتىرجەملىكنىڭ ئاساسى بولغان بىر قىسىم كونكرېت مەسىلىلەر توغرىسىدا مەسلىهەت بېرىمىز.

## 1. ئوزۇقلىنىش ئادىتى ۋە تازىلىقنى سۆيۈش تەربىيىسى

پاكىزلىق يېرىم دۆلەت.

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

بىز دەسلەپكى تەربىيە هەققىدە توختالغاندا، باللارنى تازىلىقنى سۆيۈشكە ئادەتلەندۈرۈش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەندۇق. چۈنكى

تازىلىق سالامەتلىكنىڭ ئاساسى بولۇپ قالماي، بەلكى تازىلىق — پاكىزلىق مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر بەلگىسى. پۇللا بولغان بىلەن مەدەنىيەتلىك ئادەم بولالمايدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي ساۋاتسىز، نادان بايلارنى بىر خۇرجۇن پۇل ئارتىلغان ئېشەككە ئوخشاتقان. مەدەنىيەتلىك بولۇشنىڭ ئىككى مۇھىم شەرتى بار: بىرى ئىلىم - مەرىپەتلىك بولۇش، يەنە بىرى پاكىز، ئەدەپلىك بولۇش. مەن بىر كۈنى قەشقەر بىلەن ئاتۇشنىڭ ئارىلىقىدا بىر كارخانىچى «بوۋاي» بىلەن بىر سائەتلىك سەپەرداش بولۇپ قالدىم. ئۇ ئادەمنىڭ كىيىنىشى تولىمۇ غەلىتە ئىدى. ئىشتىنى يېپيېڭى، چاپىنى بولسا ئەينى جۇۋازچىنىڭ چاپىنىدەك قاتمۇقات مايلىشىپ كەتكەن. قويۇۋالغان سېرىق كەكە ساقىلىنىڭ ئارىسىنى توڭرا باسقان، بېشىدىكى يېڭىسار تۇمىقى تېخىمۇ شۇنداق، نېمىدىن تىكىلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە قاسماق بولۇپ كەتكەن. مەن ئۇ ئادەمدىن «بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەن» دەپ سورىغانىدىم، ئويىنغىلى كەلگەن، دەپ جاۋاب بەردى، ئۇ ئادەمدىن نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىغانىدىم، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئىككى ئىتتىرىش ماشىنىسى بارلىقى، بىر ماي تارتىش ماشىنىسى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن ھەيران قېلىپ «ھە سىلەر تېخى كارخانىچى ئىكەنسىلەر ھە» دېدىم. نەچچە ياشقا كىردىڭلار، دەپ سورىدىم ئارقىدىن، 35 كە كىردىم، دېدى، مەن تېخىمۇ ھەيران بولدۇم. شۇ ۋاقىتتا مەن بىلەن تەپمۇتەڭ يىگىتكەن ئەمەسمۇ. مەن ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۇ بۇرادىرىمگە بىرئاز نەسىھەت قىلدىم. «بۇرادەر، مەن سىلىنى تېخى 50 تىن ئاشقان ئادەم دەپتىمەن. تۇرقىڭلىدىن سىلىنى بىر ئادەم ھەرگىز كارخانىچى دېمەيدۇ. پۇل دېگەننى چىرايلىق كىيىم كىيىش، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن تاپىمىز. پات - پات يۇيۇنۇپ تۇرسا ئادەم ساغلام بولىدۇ، روھى كۆتۈرۈلىدۇ، هاردۇق چىقىدۇ. مەينەتچىلىك بېسىپ كەتسە بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئامەت قاچىدۇ» دېدىم. شۇندىلا يېنىدىكى چوكان: « دېمىدىممۇ، خەق مانا شۇنداق دەيدۇ» دېدى ۋە ماڭا قاراپ: «تېخى ماۋۇ ئىشتاننى مەن زورلاپ بازاردىن ئېلىپ كىيگۈزۈپ قويدۇم» دەپ چۈشەندۈردى. ئۇ چوكان ھېلىقى «كارخانىچى بوۋاي» نىڭ ئايالى

ئىكەن.

بۇنداق مىساللار تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى كۆپ. شۇڭا تازىلىقنى سۆيۈش ھەرگىز باي ـ كەمبەغەللىكنى ئۆلچەم قىلىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئادەم ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر مەجبۇرىيەت. كىيىملىرىمىز كونا بولسىمۇ پاكىز يۇيۇپ كىيسەك بولىدۇ، ئۆيىمىز ياسىداق بولمىسىمۇ پاكىز، ئازادە تازىلاپ ئولتۇرساق كۆڭلىمىز روشەن بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشمۇ كەتمەيدۇ، كۆپ ئىقتىسادىي چىقىمنىمۇ تەلەپ قىلمايدۇ. بىراق ئائىلىدىكى مۇنداق ئادەت پەرزەنتلەرگە ئۈلگە بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «مەينەتچىلىك ئەقىلنى بۇلغايدۇ» دېگەن گەپ بار. پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىي ساغلاملىقىنى قوغداشنىڭ مۇھىم شەرتىمۇ ئۇلارنى تازىلىقنى سۆيىدىغان بالا قىلىپ تەربىيىلەش. تازىلىق يالغۇز سالامەتلىكنىڭلا ئېھتىياجى ئەمەس، بەلكى تازىلىق — مەدەنىيەت، تازىلىق گۈزەللىك، تازىلىق ھۆرمەت ۋە ئىناۋەت. پەرزەنتلەرنىڭ ئۇستىۋېشىنىڭ پاكىز، رەتلىك بولۇشى كىشىلەردە ئاتا ـ ئانىلارغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ، مەينەت، ساڭگىل ـ سۇڭگۇل، قاسماق بالىلارنى كۆرگەن كىشىلەر ئاتا ـ ئانىلاردىن رەنجىيدۇ. چۈنكى بالىلار گۆدەك چاغلاردا ئۇلارنىڭ پاكىز، رەتلىك بولغان- بولمىغانلىقى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ. پەرزەنتلەر نەسىھەتكە كۆنۈپ، ئۆزىنى ئۆزى سوراپ ئىش قىلىدىغان بولغاندا نەسىھەتنى كۈچەيتىش، ئۇلارغا تازىلىقنىڭ رولىنى، تازىلىقنىڭ سالامەتلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈش، ئۇلاردا تازىلىققا ئالاھىدە قارايدىغان، شەخسىي تازىلىققا، مۇھىت تازىلىقىغا، ئائىلە تازىلىقىغا ۋە ئاممىۋى سورۇنلار تازىلىقىغا رىئايە قىلىدىغان ئادەتلىقلىقنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىش لازىم. بۇنىڭدا يەنىلا ئەڭ ياخشى ئۇسۇل: ئۆزىمىز ئۈلگە بولۇش، كىچىككىدىن پاكىزلىققا ئادەتلەندۈرۈش ۋە ياخشى پۇرسەتنى تېپىپ ئۈنۈملۈك نەسىھەت قىلىش.

### نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، تىرىكلىك ئۈچۈن ئادەم ساغلام بەدەنگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بەدەننىڭ ساغلاملىقى ئوزۇقلىنىش بىلەن پاكىزلىققا باغلىق. چۈنكى*

ئوزۇقلۇقسىز ھاياتلىقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى ۋە مەئىشىتىدىن بىرىمۇ ياخشى يەپ، ياخشى ئىچىش، دۇنيانىڭ بارلىق مەئىشەتلىرى بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن يارىتىلغان. شۇڭا قۇربىتىڭ يەتسىلا بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى ئۆزۈڭگە ھارام قىلما. گېلىڭغا قۇلۇپ سېلىپ پۇل توپلايمەن دېگەن ئادەم ئەڭ چوڭ ئەخمەق. بىر كۈنى جامائەت بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. ھاسىغا تايانغان، قورۇقلاپ قۇرۇق خادىغا ئوخشاپ قالغان بىر كىشى ئۆتۈپ قالدى. يېنىمىزدىكى بىرەيلەن سىلەر پەرەز قىلىپ بېقىڭلار، ئاۋۇ ئادەم بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا قانچىلىك ياش پەرقى باردۇر، دېدى. بىز ئىككى ئادەمنى سېلىشتۇرۇپ، 15 ياش پەرق بارلىقىنى ئېيتتۇق. چۈنكى بىز بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغان كىشى شۇنداق قاۋۇل، تىمەن ۋە خۇش چاقچاق ئادەم ئىدى، ئۇ كىشى كۈلۈپ كېتىپ: «بىز ئۇ ئاداش بىلەن ساۋاقداش، بىراق ياشاش ئۇسۇلىمىز ئوخشىمايدۇ. مەن بولسام تاپقاننى گالغا يەپ، چىرايلىق كىيىپ، ئىشلىگەندە ئىشلەپ، ئوينىغاندا پۇخادىن چىققۇچە ئويناپ ئۆتىمەن. بىر ئىشقا ئانچە غەم تارتىپ كەتمەيمەن، ئۇ بولسا بالىلىرىم ئۈچۈن پۇل توپلايمەن، ئۆلارنى ئۆيلەيمەن، ئەرگە بېرىمەن، ئۇلارغا ئۆي ئېلىپ بېرىمەن، دەپ يېمەي - ئىچمەي پۇل يىغىدۇ. شۇڭا 50 ياشقا كىرىپلا كېسەلمەن بولۇپ قالدى. ئالىمادىن ئۆلۈپ كەتسە بالىلىرى يېتىم بولىدۇ» دېدى. ئۆيىنىڭ تۈۋرۈكى يىقىلغاندىن كېيىن بالىلارنىڭ ھالى تېخىمۇ خارابلىشىدۇ. شۇڭا ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئاسراش كېرەك. ئۆلگۈچە بالىلارنىڭ يۈكىدىن قۇتۇلالامدۇ؟ شۇڭا بالام، بالا دېگەن ئاتا - ئانىغىلا يۆلىنىۋالسا بولمايدۇ. بىزنىڭمۇ قولىمىزنى سوۋۇتۇشۇڭ كېرەك، ئۆزۈڭمۇ ياخشى ياشىشىڭ لازىم.

بالام، سەن ھەرگىز تاماق تاللىمىغىن، يېمەك - ئىچمەكنى خارلىمىغىن. تەبىئەت ئاتا قىلغان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىدە بەدەن ئۈچۈن لازىملىق ئوزۇقلۇق بار. كۆپ خىل ئوزۇقلۇق بىلەن ئوزۇقلىنىش تەن ساغلاملىقىغا پايدىلىق. بىرەر نەرسىنى يەپ باقماي تۇرۇپلا ئادەتلەنمىگەنلىك سەۋەبلىك ئۇ تائامدىن ئۆزۈڭنى تارتما. ئاۋۋال يەپ باققىن، مىجەزىڭگە،

تەبىئىتىگە ياقمىسا ئاندىن يېيىشكە بولىدۇ. ھېكايە قىلىنىشىچە: بىر ئادەم ئۆمۈر بويى سۇدىن پەرھىز تۇتۇپ ئۆتۈپتۇ. ئۇ كىشى سۇنىڭ سالامەتلىككە زىيان قىلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئادەمنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ سەكراتقا چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا يۈرىكى شۇنچىلىك قاقشاپ تۇرسىمۇ، سۇ دېيىشكە پېتىنالماپتۇ. بىراق بالىلىرى دادىسىنىڭ ئېغىزىغا سۇ تېمىتىپتۇ. سۇ ئۇ ئادەمگە ھاياتىدا ھېس قىلىپ باقمىغان لەززەتنى ئاتا قىپتۇ. ئۇ ئادەم كۆزىنى يوغان ئېچىپ: بالام، ئېغىزىمغا تېمىتقان نېمە؟ ئابى ھايات دېگەن شۇمۇ؟ دەپتۇ. بالىلىرى: دادا، بۇ دېگەن ئىشىك ئالدىمىزدىكى ئېرىقنىڭ سۈيى، دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم ناھايىتى ئېچىنىشلىق ھالدا: ئېسىت! ئارمان بىلەن كېتىدىغان بولدۇم، دەپ مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇپتۇ. بالام، شۇنى بىلگىنكى، ھەربىر ئادەمنىڭ تەبىئىتى ئوخشىمايدۇ. بەزى كىشىلەر مېغىز يېيىشمۇ زىيان قىلىشى مۇمكىن، بەزى ئادەملەر ھەتتا تاش يەپمۇ سىڭدۈرەلىشى مۇمكىن. شۇڭا تەبىئىتىڭگە نېمە پايدا قىلسا شۇنى يېگىن. يېمەك - ئىچمەكتە ھەرگىز گۇناھ يوق. تەبىئىتىڭگە ھۆرمەت قىلىشنى بىل.

بالام، تەن ساقلىقىنىڭ يەنە بىر كاپالىتى ئۆلچەملىك ئوزۇقلىنىشتۇر. ئۆلچەملىك ئوزۇقلىنىش مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى، ئۆلچەمگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك ياۋايىلىقنىڭ ئالامىتى. بىلگىنكى، نورمال تاماق سېنى كۆتۈرىدۇ، ھەددىدىن ئارتۇق تاماق يېيىشنىڭ تاماقنى سەن كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. كۆپ يېگەن ئادەم كېسەلمەن، زەئىپ ۋە چىدامسىز بولىدۇ، شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ: تېنىم ساق بولسۇن دېسەڭ «ئاز يە» دېگەن دورىنى يېگىن، دەپ ئەسكەرتكەن. بۇ خۇسۇستا يەنە مۇنداق مەشھۇر بىر ھېكايە بار: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئەجەم پادىشاھلىرىدىن بىرى بىر ئۇستا تېۋىپنى ساھابىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپتۇ. تېۋىپ ئۇ يەردە توپتوغرا بىر يىل تۇرغان بولسىمۇ، بىرەر ئادەم كېسەل كۆرسىتىشكە كەلمەپتۇ. ئۇ كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ ئەھۋالنى ئېيتقانىكەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپتۇ: بۇ كىشىلەرنىڭ ئادىتى شۇكى،

ئىشتىھاسى غالىب بولمىغىچە يېمەيدۇ ۋە ئىشتىھاسىنى پەسەيتتۇرگەنگە قەدەر تائامدىن قولىنى تارتىپ تۇرىدۇ.

تېۋىپ «بۇلارنىڭ تېنى ساق تۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىكەن» دەپتۇ-دە، يەر ئۆپۈپ كېتىپ قاپتۇ. دېمەك، «ئاچلىقتىن توقلۇق يامان» دېگەن ھېكمەتنىڭ ئاساسى بار، بالام. ئاچلىققا چىداش مۇمكىن، توقلۇق ئازابىغا چىداش مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز زورلاپ تاماق يېمىگىن. ئاچلىقمۇ ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، ھەددىدىن ئارتۇق توقلۇقمۇ كېسەل پەيدا قىلىپ ئۆلۈشكە سەۋەب بولىدۇ. «ياخشى تاماق ئېشىپ قالغۇچە يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن» دېگەن گەپ ئەڭ مەدەنىيەتسىز ئادەملەرنىڭ شوئارى. بىر قوشۇق غىزانى زورلاپ يېسەڭ ئۇ ساڭا زەھەر بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئادەم ھەر دائىم تويۇپ تاماق يېگەندىن بەزىدە ئاچ قالغانمۇ پايدىلىق. شۇڭا سوقرات: «تاماقنىڭ ئەڭ ياخشى قوشۇمچىسى — ئاچلىق» دېگەن. بۇ خۇسۇستا مۇنداق بىر ھېكايە بار: ئىككى مۇساپىر ھەمسەپەر بولۇپ ساياھەتكە چىققانىكەن. ئۇنىڭ بىرى ئاجىز، ئورۇق ئىدى، چۈنكى ئۇ كۈندە بىر قېتىملا كەچتە ئىپتار قىلىدىكەن. يەنە بىرى ئىنتايىن كۈچلۈك ھەم سېمىز بولۇپ، ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ تاماقنى ناھايىتى تويۇپ يەيتتى. ئۇلار بىر شەھەرگە كەلگەندە كۈتۈلمىگەندە ئۇلارنى جاسۇس دېگەن تۆھمەت بىلەن تۇتۇپ ئىككىسىنى بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى مەلۇم بوپتۇ. ئىشىكنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى كۈچلۈك، سېمىزى ئۆلۈپ قاپتۇ، ئاجىز، ئورۇقى تىرىك قاپتۇ. بۇ ئىشنى كۆرۈپ كىشىلەر ھەيران قېلىشىپتۇ. بۇ چاغدا بىر دانىشمەن دەپتۇكى: «ئەگەر ئىش بۇنىڭ ئەتۈرىچە بولغاندا ئەجەبلىنەرلىك بولاتتى. چۈنكى ئاۋۇ ئۆلگىنى كۆپ يېيىشكە ئادەتلەنگەچكە، ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي قىينىلىپ ئۆلگەن. مۇنۇ تىرىك قالغىنى نەپسىنى تىزگىنلەپ قانائەتكە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن تىرىك قالغان.»

بالام، شۇڭا ئەتىگەنلىك ناشتىدا ۋە كەچتە ئاز تاماق يېيىشكە ئادەتلەنگىن. چۈشتە تويۇپ يېسەڭ بولىدۇ. ئەمما ئەتىگەنلىك ناشتىدىن قاچما، «ئەتىگەندىكى مۇشتىن قايتما» دېگەن گەپمۇ شۇنىڭغا ئاساسەن

دىيىلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا لوقمان ھېكىم ھەر كۈنى كەچتە بىر پارچە نانني بېشىغا قويۇپ ياتىدىكەن. ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ بىر پارچە ناننى ئېغىزىغا سېلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ھېكىم بېشىغا نان قويۇپ يېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ، ئەتىگەندە نان قويىدىغان يەرگە قولىنى ئۇزارتقانىكەن قولىغا بىر سىقىم توپا چىقىپتۇ. لوقمان ھېكىم ئىككىلەنمەي توپىنى ناشتا ئورنىدا كاپ ئېتىپتۇ ... بۇ ھېكايە ئەتىگەنلىك ناشتىنىڭ تەن سالامەتلىك بىلەن قانچىلىك باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، بالام.

※ ※ ※

بالام، ئۇيغۇرلار تازىلىقنى سۆيىدۇ، پاكىزلىق خەلقىمىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىدىن بىرى. چۈنكى تازىلىق دېگەن ئىنسان تەبىئىتىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى. ئادەمنىڭ تېنى پاكلىق بىلەن يارىتىلغان، ئۇ ھەرگىزمۇ مەينەتچىلىك بىلەن سىغىشالمايدۇ. مەينەتچىلىك بار يەردە تەنمۇ ساغلام بولمايدۇ، روھمۇ ئازادە بولالمايدۇ. ئادەم ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزسە ئاندىن جازالىنىدۇ، تەن سالامەتلىكنى ئاسرىماسلىق ئۆزىنى ئۆزى جازالاش، بىگۇناھ تەننى ۋە روھنى ئازابلاش بىلەن باراۋەر. تېنىڭنى ساغلام تۇتالىساڭ ھوزۇرلىنىپ كۈلەلەيسەن، مەغرۇر قەددىڭنى كۆتۈرۈپ ماڭالايسەن، لەززەتلىنىپ ئوزۇقلىنالايسەن، ناخشا ئېيتالايسەن، ئۇسسۇل ئوينىيالايسەن، ئومۇمەن بۇ دۇنيانىڭ ھوزۇرىنى سۈرەلەيسەن. تېنىڭ ساق بولمىسا ھەممىدىن مەھرۇم بولىسەن، سالامەت بولساڭ دوزاختىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيسەن، ساقسىز بولساڭ جەننەتتىمۇ ھوزۇر ئالالمايسەن. شۇڭا ساقسىز پادىشاھلىقتىن، ساغلام گادايلىق نەچچە ھەسسە بەختلىكتۇر دېگەن گەپ بار. كونىلارنىڭ تازىلىقتا بەرىكەت، تازىلىقتا ئامەت دېگەن گېپى دۇرۇس ئېيتىلغان.

بالام، يېمەك - ئىچمەك تازىلىقى سالامەتلىكنىڭ مۇھىم كاپالىتى. چۈنكى كېسەللىك نەپەس يولى بىلەن ئېغىزدىن كىرىدۇ. مەينەتچىلىك بەدەنگە كېسەللىك ئېلىپ كېلىپ قالماي، بەلكى ئەقلىنىمۇ بۇلغايدۇ. بۇ گەپكە ماس كېلىدىغان بىر ھېكايە يادىمغا كەلدى، ئاڭلاپ تۇرغىن: بىر

پادىشاھنىڭ ئىنتايىن ئەقىللىق، زىرەك بىر ئوغلى بار ئىكەن. شاھزادە يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ شاھ دادىسى نېمە ئويلىغان ۋە نېمە دېمەكچى بولغان بولسا ئالدىن بىلىۋېلىپ: «دادام ھازىر ما ئىشنى ئويلاۋاتىدۇ، ئۇ مۇنداق دېمەكچى» دەپ ئالدىغا ئۆتۈۋالىدىكەن. شاھ بۇ ئىشتىن خەۋپسىرەپ، باش ۋەزىرگە مەسلىھەت سايتۇ:

— ۋەزىر، — دەپتۇ پادىشاھ، — شاھزادىدىن بىرئاز تەشۋىشلىنىپ قالدىم. ئۇ مەن نېمىنى ئويلىغان بولسام، نېمە دېمەكچى بولسام شۇنى بىلىۋېلىپ بارىدۇ. بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ، بىر چارە بولسا قىلغىن.

— بولىدۇ ئالىيلىرى، بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي، — دەپتۇ ۋەزىر.

شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادىنى ئوردىنىڭ ئامىقىدىن ئايرىپ، ھەر كۈنى رەستىگە ئېلىپ چىقىپ ئاممىۋى ئاشخانىلارنىڭ تاماقلىرى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشقا باشلاپتۇ. بۇ ئىشنى توپتوغرا 40 كۈن داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، شاھزادە دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلمەيدىغان، دېمەكچى بولغىنىنى ئۇقالمايدىغان ھالغا چۈشۈپتۇ.

بۇ ھېكايە ساڭا ئىبرەت بولسۇنكى، بالام، تالا ـ تۈزدە قالايمىقان بىر نەرسە يېمە. مۇمكىن بولسا ئاممىۋى ئاشخانىلارنىڭ تاماقلىرىغا ئۆزۈڭنى ئۇرما. تازىلىقىغا ھەقىقىي ئىشەنچ بولسا يېسەڭ بولىدۇ. مەكتەپلەرنىڭ ئالدىدىكى لەڭپۇڭ، دوغ ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ھەرگىز يېمە، ئىچمە. ئۇنىڭغا كۈن بويى تۇرۇپ نۇرغۇن توپا ـ چاڭ ۋە مىكروبلار قونىدۇ. شۇڭا تېز كېسەل قىلىپ قويىدۇ، بەزىدە زەھەرلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. يەل ـ يېمىش يېگەن چاغدا يۇماي تۇرۇپ يېمىگىن. قىسقىسى ئۆي ئىچىدە بولسۇن، سىرتتا بولسۇن يېمەكلىك تازىلىقىغا بەك ئەھمىيەت بەرگۈلۈك. تاماق پاك بولمىسا گالغا قېرىغ بولىدۇ. شۇڭا ھەرگىز شەك بار تاماقنى يېمىگىن، شەك بىلەن يېگەن ھەسەلمۇ زەھەرگە ئوخشاش ساڭا زىيان يەتكۈزىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەكتە پاكىزلىققا ئەھمىيەت بەرمەسلىك پۇل خەجلەپ كېسەلنى سېتىۋالغانغا ئوخشاش بىر ئىش. كۆرمەمسەن، بىر شەھەردە نەچچە ـ نەچچە چوڭ دوختۇرخانىلار بار، بىراق كېسەللەرنىڭ كۆپلۈكىدىن شۇنچە كۆپ دوختۇرخانىلار يېتىشمەيۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى،

بىرى، مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشىدىن، يەنە بىرى، تازىلىقنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدىن.

بالام، شەخسىي تازىلىق بولسۇن، مۇھىت تازىلىقى بولسۇن، ئۇ يالغۇز بىرەر ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش. بىلىشىڭ كېرەككى، يەر شارىدا ھەممىمىزنىڭ ھەققى بولۇپلا قالماي، بەلكى كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭمۇ ھەققى بار. شۇڭا مۇھىت تازىلىقى بىرەر ئادەمنىڭ شەخسىي ئىشى ئەمەس، بەلكى ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ئىشى. ھېچقانداق ئادەمنىڭ سۇنى، ھاۋانى ۋە تۇپراقنى بۇلغاش ھەققى يوق. ھەربىر ئادەمنىڭ ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان مۇھىتنى بۇلغايدىغان ئىشلارغا قارشى تۇرۇش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار، بالام. شۇڭا بالام، شەخسىي تازىلىقىڭغا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، سىنىپىڭنىڭ، مەكتىپىڭنىڭ، شەھەرنىڭ، ھەتتا يەر شارىنىڭ پاك ۋە تازا بولۇشى ئۈچۈن تىرىشقىن. شۇنداق قىلساڭ ئاندىن مەدەنىيەتلىك، ساغلام ئادەم بولالايسەن.

## 2. پەرزەنتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى — ئىچىملىك ۋە چېكىملىككە ئۆگىنىپ قېلىش

ھەرقانداق قورقۇنچلۇق كېسەلمۇ پەرزەنتلەرنى ئىچىملىك ۋە چېكىملىككە بېرىلگەنچىلىك نابۇت قىلالمايدۇ.

— خاتىرەمدىن

ھازىرقى جەمئىيەتتە پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلارنى ئەڭ ئەنسىرىتىدىغان، خاتىرجەمسىزلەندۈرىدىغان ئىشىنىڭ بىرى ئىچىملىك ۋە چېكىملىككە بېرىلىپ ئۆزىنى ئۆزى نابۇت قىلىشى. كىشىلىك تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئاچچىق ساۋاقلار ئاتا ـ ئانىلارغا ئىبرەتلىك سەلبىي دەرسلەرنى بەردى. ئىچىملىك، چېكىملىكتىن ئىبارەت ياۋۇز ۋە رەھىمسىز ئالۋاستى شۇنچىلىك ساغلام، ئەقىللىق ۋە چىرايلىق بالىلىرىمىزنى يۇتۇپ كەتتى،

كۆپلىگەن ئائىلىلەرنى سورۇۋەتتى. بۇنداق ئېغىر ئاقىۋەتنىڭ ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيىتى كىمدە؟ بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىككى تەرەپتە. بىرى جەمئىيەتتە، يەنە بىرى تەلىم - تەربىيىدە.

جەمئىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھەقىقەتەن جەمئىيەت بۇزۇلۇپ كەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھاراق ۋە تاماكا ئىستېمالى ئادەمنى قورقۇتىدىغان دەرىجىدە يۇقىرى. ئۆسمۈر باللىرىمۇ تاماكىغا ۋە ھاراققا ئۆگىنىپ قالغان. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى قىز - ئاياللىرىمىز ئارىسىدىمۇ ئىچىدىغان، چېكىدىغان ئەھۋاللار ئومۇملاشقىلى تۇرغان. بىزنىڭ ۋىجدانسىز ئەركەكلىرىمىز سۆرەتتەك جىرايلىق، ئاق قەغەزدەك پاك قىز پەرزەنتلىرىمىزگە ياسىما گەپلەر بىلەن ھاراق زورلاپ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى بۇلغاشنى شەرەپ بىلگەن. كىچىك، قۇرامىغا يەتمىگەن باللار تاماكا چېكىۋاتسا ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ ھېچ كىمنىڭ كارى بولمايۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتە سۆزلىسەك گەپ جىق.

ئاتا - ئانىلارنىڭ تەلىم - تەربىيىسى جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتىدىن ئېيتقاندا، كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ ئىچىملىك، چېكىملىككە ئۆگىنىپ قېلىشىنى چەكلەپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق بەزى باللارغا ئائىلە تەربىيىسىدىن جەمئىيەت تەسىرى غالىب كېلىپ ئاتا - ئانىلارنى ھەسرەتتە قويغان. بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار بۇ جەھەتتىكى تەلىم - تەربىيىگە سەل قارىغان، ھەتتا ئۆزلىرى باشلامچى بولۇپ پەرزەنتلىرىگە ئىچىشنى، چېكىشنى ئۆگەتكەن. مەن بۇ توغرىدا ئىنتايىن تىپىك بولغان بىر مىسالنى ئېلىپ بېرەي:

بىر كۈنى مەن بىر زۆرۈرىيەت بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «گۈزەل ھايات رېستورانى» غا بارغانىدىم. بۇ يەردە شۇ كۈنى بىر كادىرنىڭ ئوغلىنىڭ سۈننەت توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلگەنىكەن. بۇ چاغدا ساھىبخان قولىغا بىر رومكا ھاراقنى ئېلىپ مىكروفون ئالدىغا كېلىپ ئۇزۇن چىرايلىق سۆزلەرنى قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا قولىدىكى ھاراقنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاۋازىنى تېخىمۇ يوغان قىلىپ خۇدانى ئاغزىغا ئېلىپ

تۇرۇپ: ھېلىقى خەتنە تويىنى قىلغان پەرزەنتىنىڭ بەختىنى تىلىدى. بىر مىللەتكە نىسبەتەن پەرزەنت تەربىيىسىدە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياتلىشىش ۋە ئاينىش بولامدۇ؟ روھىي جەھەتتىكى زەئىپلىك بىزنى ئەنە شۇنداق ھاياتنىڭ كۈشەندىسى، ئەقىل - پاراسەتنىڭ دۈشمىنى بولغان ھاراقتىن بەخت - تەلەيىنى، سالامەتلىكنى تىلەيدىغان ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. بەزى ئاتا - ئانىلار تەپ تارتماي پەرزەنتلىرىنى ھاراققا، تاماكىغا بۇيرۇيدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ ئالدىدا غەرق مەست بولۇپ ئېگىز - پەس گەپلەرنى قىلىپ، ئاستىن - ئۈستۈن دەسسەپ يۈرۈشتىن ھەرگىز نومۇس قىلمايۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتا - ئانىلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان نازۇك ھايا پەردىسى يىرتىلىپ كەتكەن. ئۇ ئاتىنىڭمۇ بالىسىغا تەربىيە قىلىدىغان تىلى كېكەچ بولۇپ قالغان.

بىز مۇشۇ زۆرۈرىيەت بىلەن ئاتا - ئانىلارغا شۇنى تەۋسىيە قىلىمىزكى، پەرزەنتلىرىمىز كەلگۈسىنىڭ ئۈمىد غۇنچىلىرى، مىللەتنىڭ كېلەچىكى، ئۇلارنى نىجىس ھاراق، ئېبلىس چېكىملىكنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلاپ قېلىپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ھەققىمىز بار. ئەگەر ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەر ئالدىدىكى بۇ مەجبۇرىيەتنى ياخشى ئادا قىلمىساق، پەرزەنتلەر ئالدىدا، ئەجدادلار ئالدىدا ۋە كەلگۈسى ئالدىدا جىنايەتكار ھېسابلىنىپ قالىمىز. بۇنداق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەرگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم:

بىرىنچى، ئاتا - ئانىلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز - ئۆزىگە مەسئۇل بولۇپ ئىچىملىك، چېكىملىكتىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك. پەرزەنتلەرنى ئىچىملىك ۋە چېكىملىكتىن چەكلەشتە بۇنىڭدىنمۇ ئۈنۈملۈك رول ئوينايدىغان ئۇسۇل يوق.

ئىككىنچى، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىلاردىن ھايا قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان ئىكەنمىز ئۆزىمىز ھەم پەرزەنتلەردىن ھايا قىلىشىمىز كېرەك. پەرزەنتلىرىمىزنى ھاراققا ۋە تاماكىغا بۇيرۇماسلىق، ئۇلارنى قارىتىپ قويۇپ ھاراق ئىچمەسلىك ھەم ئۇلارنىڭ ئالدىغا مەست ھالەتتە كىرمەسلىكىمىز لازىم. ئەگەر بۇ تەرەپلەرگە دىققەت قىلمىغاندا، باللارنىڭ

ئالدىدا ئېتىبارسىز بولمايدۇ ۋە تىلسىز ئۆتمەس بولۇپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى، پەرزەنتلەرنى ئىچىملىك ۋە چېكىملىك جەھەتتىن قانچىلىك چىڭ تۇتساق ھەرگىزمۇ رەھىمسىزلىك بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە ئەركىگە قويۇپ بېرىش ئەڭ چوڭ رەھىمسىزلىك بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى كونتروللۇققا ئەھمىيەت بېرىش، يورۇش - تۇرۇشىغا كۆز - قۇلاق بولۇش، ئارىلىشىۋاتقان دوستلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇش لازىم.

تۆتىنچى، پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان چاغلاردا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن روھىي بېسىمى ئېغىرلىشىپ ئوڭايلا ئىچىملىك، چېكىملىككە بېرىلىپ قېلىش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ. بۇنداق مەزگىللەردە ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ روھىي تۇرمۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە روھىي جەھەتتىكى بېسىمنى يەڭگىللىتىپ، ئۇلارغا ئازادىلىك بېغىشلاشقا تىرىشىشى لازىم.

بەشىنچى، ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇل ۋە مۇۋاپىق پەيتنى تاللاپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئىچىملىك ۋە چېكىملىكنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ۋە ئاپەتنى توغرىسىدا كونكرېت چۈشەنچە بېرىش ھەم ئۇنۇملۇك نەسىھەت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**نەسىھەتتىن نەمۇنە**

*بالام، مەن ھەيرانمەن، كىشىلەر نېمە ئۈچۈن شۇ نىجىس ھاراقنا بېشىنى تىقىپ ئەقىل - ئىدراكقا تورمۇز، ھاياتىغا ئېكەك سالىدىغاندۇ؟ دېموكرىتنىڭ «تەن كېسەللىكى بولغاندەك ياشاش شەكلىدىمۇ كېسەللىك بولىدۇ» دېگەن سۆزى ھەقىقەتەن راست ئىكەن. بەزى كىشىلەر ئۇنى «ياشاش» دەپ چۈشەندۈرىدىكەن. بەزىلەر ھاياجاندا ھاراق كۆتۈرەلەيدىغانلىقى، بىر كۈندە نەچچە قاپ تاماكا چېكىدىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىكەن ۋە پو ئاتىدىكەن، سەن ئۇلارنىڭ بۇنداق «بەخت» زوقىغا قانداق قارايسەن؟*

*مېنىڭ قارىشىمچە بالام، ئىچىملىك ۋە چېكىملىك بۇ دۇنيادىن بەزگەن، بەختنى چۈشەنمىگەن بىكار تەلەپ، ھورۇن ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى بەزلەش ئۈچۈن تېپىۋالغان ئەڭ ئۇنۇمسىز ۋە مەنىسىز مەشغۇللۇقى.*

ھاراقكەشلەرنىڭ ۋە بەڭگىلەرنىڭ ھەرقانداق باھانە - سەۋەبلىرى، ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشلىرىمۇ ھاراق بىلەن تاماكا ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ جىنايىتىنى ئاقلاپ بولالمايدۇ. بالام، تارىختا نۇرغۇن باھادىر ئوغلانلار مانا شۇ ھاراق تۈپەيلى بىئەجەل بېشىدىن جۇدا بولغانتى. ھەتتا نۇرغۇن دۆلەتلەرمۇ ئىچىملىك كاساپىتىدىن زاۋاللىققا پاتقانىدى. ھازىرغىچە بۇ ئىبلىس ئىنساننىڭ بەختىگە، ئىستىقبالىغا سۇنغان زەھەرلىك قارا قولىنى تارتقىنى يوق. ھاراقكەشلىك ۋە بەڭگىلىك خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشايدۇ. ئۇ سېنى نابۇت قىلىپلا قالماي، بەلكى بۇ ئىللەت ئەتراپىڭدىكىلەرگە يۇقىدۇ ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغىمۇ مىراس بولۇپ قالىدۇ. بالام، يامان ئادەت كۈچىدەك دەھشەتلىك زالىم يوق، ئەڭ كۈچلۈك ئىرادە بىلەن ئۇنىڭدىن ئازاد بولالمساڭ ھەرگىزمۇ ئەركىن بولالمايسەن. سەن كىشىلەرنىڭ ئادەتلىنىپ قاپتىمەن، تاشلاش بەك قىيىن ئىكەن، دېگەن گەپلىرىگە ئىشەنمە. بۇ دۇنيادا ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق. شۇنى بىلگىنكى، ئورنۇڭ، ئىمتىيازىڭ ھەرقانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بىلەن قىلمىشىڭ ۋە ياشاش ئۇسۇلىڭنى ئۆزگەرتمىسەڭ ھېچقاچان ئۆزۈڭنىڭ قىممىتىڭنى يۇقىرى كۆتۈرەلمەيسەن. چۈنكى ئىچىملىك ۋە چېكىملىك مەشغۇللۇقى ۋىجدانىنى بۇلغايدىغان، ھاياتىڭغا، ئەخلاقىڭغا داغ چۈشۈرىدىغان ئاپەت. ئىرادەڭگە قارشى ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەستلىكنىڭ بېسىمى بىلەن بولىدۇ. ھەرقانچە ھوشيار، ئەقىللىق ئادەملەرمۇ نىجىس ھاراققا بېشىنى تىققتىمۇ ئەقلى بىلەن خوشلىشىدۇ، بىلىسەڭ، مەستلىك دېگەندە ئادەم ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇيدۇ، كونتروللۇقىنى يوقىتىدۇ، بىلگىنكى، ئۆزىنى ئۇنتۇش، كونتروللۇقىنى يوقىتىش ساراڭلىقنىڭ مۇھىم ئالامەتلىكى. شۇڭا سىنېكا: «مەستلىك — ئۆزى خالاپ ساراڭ بولۇش دېمەكتۇر» دېگەن. بۇ خۇسۇستا ساڭا بىر مىسال ئېلىپ بېرەي:

قەدىمكى زاماندا بىر تېۋىپ ھاراقنى كەشىپ قىلىپ پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كەپتۇ - دە، شۇنداق ئاجايىپ بىر دورىنى كەشىپ قىلغانلىقىنى، بۇ دورىنىڭ ئەمالارنىڭ كۆزىنى ئاچالايدىغانلىقىنى، پالەچنى

ساقايتالايدىغانلىقىنى، ھەتتا گادايىنى باي قىلالايدىغانلىقىنى ئىپتىپتۇ.
بۇنىڭغا ھەيران قالغان پادىشاھ ئەمما، پالەچ، گادايلارنى ئوردىغا ئالدۇرۇپ كىيىلىپ تەجرىبە قىپتۇ. تېۋىپ ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر پىيالىدىن ھاراق بېرىپتۇ. ھاراق ئۇلارنى ئەمدىلا كەيىپ قىلىشقا باشلىغاندا ھاراق تولدۇرۇلغان پىيالىدىن بىرنى ئەمما كىشىگە تۇتقۇزۇپتۇ. بۇ ئىككى كۆزى ئەما كىشى قولىدىكى بۇ پىيالىنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن تۇتقان ھالدا:

— ۋاي - ۋۇي، رەڭگىنىڭ نىمانچە پاكىز، سۈزۈك، گۈزەل نەرسە سەن، — دەپ ھاراقنى توختىماي ماختاپتۇ.
بۇ چاغدا ئىككى پۇتىنى قىمىرلىتالماي ياتقان پالەچ زەمبىلدە يېتىپ تۇرۇپ:

— ھەي قارىغۇ، پىيالىنى تېزرەك بوشات، بولمىسا ھازىر قارنىڭغا بىر تېپىپ، پۇتۇن بەدىنىڭنى پارە - پارە قىلىپ تاشلىماي يەنە، — دەپتۇ.
ھاراق كۈچى بىلەن كەيپى ئۆرلەپ ئولتۇرغان گاداي بولسا:
— ھەي پالەچ، بۇ قارىغۇنى تېزرەك پەشۋا بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆرۈۋەت، ئۇنىڭ خۇنىنى ئۆزۈم تۆلەيمەن، — دەپتۇ.
بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئوردا ئەھلى ھەيران بولۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ. پادىشاھ ھاراقنىڭ ئادەمدە سۈنئىي كەيپىيات پەيدا قىلىپ، جېدەل - ماجىرا چىقىرىدىغانلىقىنى سېزىپ، تېۋىپقا ھاراق ياساشنىڭ سىرلىرىنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىماسلىقنى بۇيرۇپتۇ.
بۇ ھېكايىدىن ۋە تۇرمۇشتىن قىياس قىلغىنىكى، ھاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ كۆزى كۆرمەيدىغاننى كۆرىدۇ، قارىمايدىغانغا قارايدۇ، پۇتى ماڭمايدىغان يولغا ماڭىدۇ، قولى تۇتمايدىغاننى تۇتىدۇ، ئېغىز دېمەيدىغاننى دەيدۇ. دۈشمىنىگە دوستلۇق ئىزھار قىلىدۇ، دوستىنى بولسا ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالىدۇ. ھاراق سېنى يۇقىرىقىدەك ئىرادەڭگە، ۋىجدانىڭغا قارشى جىنلارنىڭ ئويسۇلىنى ئوينىتىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا كۈلكىگە قويۇش بىلەن قانائەت قىلمايدۇ. ئۇ ۋەھشىيلەشكەندە ئىشتان - كۆڭلەكلىرىڭنى سالدۇرۇپ ئاندىن توغما ھالدا جامائەت ئالدىدا سازايى

قىلالايدۇ، قولۇڭغا پىچاق ئالدۇرۇپ باشقىلارغا سالدۇرۇپ ئۆمۈر خامىنىڭغا ئوت قويالايدۇ. تۇرمۇشتىكى هاراق كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەلەر ئاز ئەمەس. بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغىن. هاراقنىڭ كەيپى بىلەن بوراندا قالغان قاغىدەك ئەگىپ، چوشقىدەك ۋارقىراپ - جارقىراپ بازار-كوچىلاردا يۈرگەن هاياسىز مەستلەر، ئۇلاردىن مەرەزدىن قاچقاندەك قېچىۋاتقان خالايىقلار مېنىڭ ساڭا قىلغان نەسىھەتلىرىمدىنمۇ ياخشىراق تەربىيە بولالايدىغۇ. كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ باق، كوچىلاردا قۇسۇپ يېتىپ قالغان، بېشىدا ئىتلار قۇسۇقلىرىنى يالاۋاتقان مەستلەرنىڭ شۇ هالى ئۇلارنىڭ ئىرادىسىمىدى؟ شۇنداق تەمبەل ئەركەكلەرنىڭ هۆركىرەپ يىغلاپ، ئازاب دەريالىرىدا ئېقىپ كونتروللۇقىنى يوقىتىپ ماشىنىلارغا ئۆزىنى ئۇرۇشى، دەريالارغا ئۆزىنى تاشلىشى ئۇلارنىڭ ئىرادىسىمىدى؟

بالام، بەزى ئادەملەر «زەهەرنى زەهەر ئالىدۇ»، دەردنى هاراق بىلەن يۇغىلى بولىدۇ، دەپ قۇرۇق باهانە كۆرسىتىدىكەن. بۇنداق ئېزىتقۇ گەپلەرگە هەرگىز ئىشەنمە. يۇقىرىقى پاجىئەلەر دەرد - هەسرەتتىن پارىغ بولغانلىق بولامدۇ؟ ياق، بالام، مەستلىك دەرد ئۈستىگە دەرد قوشىدۇ. قەلبىڭدىكى يارىنى تېخىمۇ تاتىلايدۇ. ئەقىل بېغىڭنى خازانغا ئايلاندۇرىدۇ. چۈنكى هاراق بىر شەيتانكى، ئۇنىڭ ئالدى بىلەن هەپىلىشىدىغىنى سېنىڭ ئەقىل - پاراستىڭ. ئەقىل تىزگىنىڭنى هاراققا تۇتقۇزغانىكەنسەن، ئۆزۈڭ بىلەن، بەخت بىلەن خوشلاشمىقىڭ لازىمدۇر. مەستلىكنى «ياشاش، بەخت» دەپ قارىغان ئادەملەرنىڭ هالىغا ۋاي دە. ئۇلار ئالدى بىلەن قىممەتلىك ۋاقتىنى قۇرۇقتىن - قۇرۇق مەنىسىز قۇربان قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىقتىسادىنى شامالغا سورۇيدۇ، ئاخىرىدا موهتاجلىقتا قەرزگە بوغۇلىدۇ. ئوغۇل بالا ئۈچۈن قەرز كۆتۈرۈش مۈشكۈل بولغان تاش بالام، شۇڭا كونىلار «قەرز — يۈزىگە چۈشكەن داغ» دەپ بىكار ئېيتمىغان - دە. ئۈچىنچى تەرەپتىن، ئائىلىسىنى ۋە باللىرىنى ۋەيران، ئاتا - ئانىسىنى سەرسان قىلىدۇ. ئاخىرىدا بۆرەك زەئىپلىشىدۇ، جىگەر قېتىشىدۇ، نېرۋا ئاجىزلىشىدۇ، پۈتۈن بەدەن كېسەللىك تورىغا چىرمىشىدۇ. ئاخىرىدا ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈشكە سەۋەب بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ «بەخت» ، «ياشاش» دېگىنى مۇشۇمۇ بالام؟
دېمەكچىمەنكى بالام، هاراقتىن، چېكىملىكتىن بەخت ئىزدىگەن ئادەم ئەڭ نادان، هاماقەت ئادەم. يامان كەيپلەرنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن ئاشۇنداق نادان، ئەخمەق ئادەملەرنى كۆتۈرۈپ باسىدۇ. «مەينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى ئىچكەن ئادەم تۆت سۇپەتكە ئىگە بولىدىكەن. دەسلەپ ئۇ تاۋۇسقا ئايلىنىپ ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىدىكەن، ھەرىكەتلىرى راۋان، ئۆزىنى ئۇلۇغۋار ھېس قىلىدىكەن. كېيىن مايمۇن قىياپىتىگە كىرىپ ھەممە ئادەم بىلەن چاقچاقلىشىپ قىزىقچى بولۇشقا باشلايدىكەن. ئاندىن كېيىن بولسا شىرغا ئايلىنىپ ئۆزىگە مۇنار تىكلەيدىكەن، مەغرۇرلۇقى تۇتۇپ، ئۆز كۈچىگە ئىشىنىپ كېتىدىكەن. لېكىن ئاخىرىدا چوشقىغا ئايلىنىپ، ئەخلەتتە چوشقىدەك ئېغىناپ ياتىدىكەن» (ئەبۇل خاراج) .
مانا، پۇل خەجلەپ ئەقىلسىزلىكنى، جېدەلنى، يۈزىنى قارا قىلىشنى، موھتاجلىقنى سېتىۋالىدىغان بىغەرەزلىكتىن ھەزەر قىلغىن.
ھازىرقى دۇنيادا هاراق كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىغا ئايلىنىپ كەتتى. دوقمۇش - دوقمۇشلاردا هاراق دۇكانلىرى بار. تېلېۋىزور، رادىئولاردا هاراقنى ماختاپ بەرگەن ئېلانلار قۇلاقنىڭ مېيىنى يەيدۇ. مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدا ئۇن قوي سويسىمۇ، بىرەر بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ئاچمىسا مېھماندارچىلىق ھېسابلىمايدۇ. بەزىلەر تېخى «قۇلاقتىن قاس چىقمىسا» ھېساب قىلمايدۇ. شۇنداق بىر جەمئىيەتتە پەرزەنتلەرنى ئىچىملىكتىن ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەش بەلكىم مۇمكىن بولماس. بۇنىڭ ئۇچۇن ئاتا - ئانىلار هاراقنىڭ، تاماكا ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ زىيىنىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە، هاراققا مەدەنىي مۇئامىلە قىلىش، ھەرگىز چەكتىن ئېشىپ هايۋان ئاتالماسلىق ھەققىدە ئەسكەرتمە بېرىپ تۇرۇش زۆرۈر. مەسىلەن، بالام، ئىمكان بولسا ھەرگىزمۇ هاراقنى ئېغىزىڭغا ئالما. ئەگەر ياشلىق ھەۋىسىڭ غالىب كېلىپ زۆرۈرىيەتتىن ئىچىشكە توغرا كېلىپ قالغاندا، مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەرگە ئەمەل قىل:
بىرى، هاراق ئىچىش توغرا كېلىپ قالسا غىزالىنىشقا دىققەت قىل، ھەرگىزمۇ ئاچ قورساققا هاراق ئىچمە. يەنە بىرى، تاماق يەپ بولۇپلا ھەزىم

بولۇشنى كۈتمەي هاراق ئىچمە. تاماق هەزىم بولماي تۇرۇپ هەتتا سۇ ئىچسەڭمۇ زىيان قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆپ يەۋېلىشمۇ ئاشقازىنىڭنى بۇزىدۇ.

ئىككىنچى، سورۇن، ئورۇن ۋە ئادەمنى توغرا تاللاپ ئولتۇرغىن. ياخشى سورۇندا ئولتۇرساڭ ئۆزۈڭمۇ ئەركىن، خۇشچاغ بولىسەن. ئورۇن تاللىغاندا ئىمكان بار كىشىلەردىن يىراق ۋە يوشۇرۇن جاينى تاللا، هاراقنى كىشىلەرگە كۆز - كۆز قىلىپ ئىچىش هاياسىزلىق بالام. ئۇنىڭدىن ماختىنىش مەدەنىيەتسىزلىك. هەرقانداق بىر سورۇنغا بارساڭ ئىچىش تەمەسىدە بارما، بولسا ئىچىدىغان سورۇندىن قاچ. ئىلاج بولمىسا بىر - ئىككى رومكا ئىچىپ توختىۋال. ئەگەر سورۇنداشلىرىڭ رايىڭغا باقماي زورلاپ تۇرۇۋالسا، ئۇنداق سورۇندىن قايتىپ چىقىشىڭ ياخشى. سېنىڭ ئەركىنلىكىڭگە هۆرمەت قىلمىغان سورۇندا ئولتۇرۇشتىن نېمە پايدا؟ شۇڭا كىشىلەر ئۆمەر هەييامنىڭ مۇنۇ رۇبائىيسىنى يادلىشىپ يۈرىشىدىغۇ:

مەي ئىچسەڭ قەلبى نۇر دەنا بىرلە ئىچ!
ياكى بىر گۈل يۈزلۈك رەنا بىرلە ئىچ!
كۆپ ئىچمە، ئىچ ئۆنى بەزى - بەزىدە،
مەخپىي ئىچ، چىرايلىق، هايا بىرلە ئىچ. ①

خىسراۋ دېهلىۋىمۇ مۇنداق مىسرالارنى تىزغانىكەن:

زۆرۈرىيەتتىن ئالساڭ مەي تولغان جامنى،
سەن مەي ئىچ، سېنى مەي ئىچمىسۇن زادى.

ئۈچىنچى، تومۇز ئىسسىقتا، قەھرىتان سوغۇقلاردا هاراق ئىچىشنى تەرك قىل. هەرقانداق ئىشنى تەرتىپ، ئۆلچەم بىلەن قىلساڭ مەدەنىيلىك بولىدۇ، هەددىدىن ئارتۇق بولسا هايۋانلىق بولىدۇ، بالام.

---

① «ئۆمەر هەييام رۇبائىيلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى.

# يەتتىنچى باب ھايات ئېڭى ۋە ۋاقىت ئېڭى تەربىيىسى

## 1. ھايات ئېڭى تەربىيىسى

بالام، سەن ئۆزۈڭ ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنى ھەقىقىي ھېس قىلالىساڭ، ئاندىن ئۆزۈڭنى بۇ دەۋردە ياشاۋاتىمەن، دەپ قارىغىن.

— «تەپەككۇر ۇمدىن تامچىلار» دىن

پەرزەنتلەرگە بېرىلىدىغان ھاياتنى سۆيۈش ۋە ھاياتنى چۈشىنىش تەربىيىسى پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇ پۈتكۈل ھاياتلىق تەربىيىسى ۋە مائارىپ تەربىيىسىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ بۇ ئالەمدىكى بىردىنبىر مەقسىتى ياشاش، شۇڭا كىشىلەرنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرى يىغىپ ئېيتقاندا ياشاش ئۈچۈن. بىراق كىشىلەرنىڭ ياشاش نىشانى ۋە ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ، ھاياتنىڭ مەنىسى ۋە قىممىتىنى چۈشىنىشمۇ ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ ھەربىر كىشىگە بەرگەن نېمىتى ۋە نەتىجىسىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. بەزىلەر ھاياتنى بەخت-سائادەت ئىچىدە ئۆتكۈزسە، بەزىلەرنىڭ ھاياتى بەختسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. بەزىلەر ھاياتىدا ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاجايىپ قىممەتلىك مۆجىزاتلارنى قالدۇرۇپ كەتسە، بەزىلەر بۇ دۇنياغا تۇغۇلغىنى بىلەن تۇغۇلمىغىنىنىڭ پەرقى يوق ھالدا ئۆلۈك بىلەن تىرىك ئارىلىقىدا ھاياتنى ئۆتكۈزىدۇ. بەزىلەر ياشاشتىكى مەقسىتىنى يەپ - ئىچىپ، ئويناش دەپ چۈشەنسە، بەزىلەر بۇ قىممەتلىك ھايات پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك قەرزى ۋە بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن

ئۆمۈر بويى تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ھاياتنى ئاتقان ئوقۇقا، ئاققان سۇغا، چېقىلغان چاقماققا تەققاسلاپ چۈشەندۈرىدۇ. كلاسسىكلىرىمىز ئەسەرلىرىدە ئەۋلادلار ئۈچۈن ھايات ۋە ئۇنى قەدىرلەش توغرىسىدا ئىنتايىن قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ۋە نەسىھەتلەرنى قالدۇرۇشقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ پۈتۈن بايانلىرىغا: «ئوغلۇم، غاپىل ياشىما، ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قالما» دېگەن مەزمۇننى چوڭقۇر سىڭدۈرگەن. ئۇ يەنە: «ئۆتكەن ئۆمۈرگە ئەپسۇسلانما، ئۇنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، ئەمگەكسىز، مېھنەتسىز ئۆتكەن ئۆمرۈڭ ئۈچۈن ئېچىن» دېگەن. يەنە ئۇ ئەۋلادلارغا مۇراجىئەت قىلىپ: «ئوغلۇم، سەن تۇنۇگۈننى تەكرارلىما، سېنىڭ ھاياتىڭ داداڭنىڭكىدىن ياخشىراق بولسۇن» دېگەن. ئەمدى بىز ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرغان مۇنۇ بايانلىرىنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەۋسىيە قىلىمىز:

### ھېكمەت

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئارستوتىلدىن:

— ئادەم قېرىغاندا پۈت ـ قولىدىن ماغدۇر، جىسمىدىن ھۇزۇر كېتىدۇ. ئەقىل ـ پاراسەتمۇ توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ياشلىقتا كىشىنىڭ تەبىئىتى ياخشى ئىشلارغا مايىل بولمايدۇ؟ — دېگەن خۇسۇستا سوئال سورىدى. ئارستوتىل بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئادەم كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭدا ئەقىل ئاز، تەبىئىتى بىلىم ۋە پاراسەتلەردىن يىراقراق بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ ھەمىشە سەۋەنلىك ۋە خاتالىق سادىر قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەقىل ـ ئىدراكىنىڭ يوقلۇقى سەۋەبىدىن داۋاملىق نەپسىنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قېلىپ، ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلىپ كېتىدۇ. ئادەم بالىلىق دەۋرىدىن ئۆتۈپ، ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا ئۇنىڭ دىلىنى ئەقىل ـ پاراسەت نۇرلىرى يورۇتىدۇ. بۇ مەزگىلدىكىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىككى خىل كۈچ بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئەقىل، يەنە بىرى نەپسىتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئەقلى كۈچلۈك بولۇپ، ياخشى ئىشلارغا كۆڭلىنى بەرسە، ئۇنداق كىشى پۈتكۈل ئالەم

خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئايلىنىدۇ. خالايىق ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ نەپسى ئەقلىدىن كۈچلۈك بولۇپ قالسا، ئۇ تەبىئىي ھالدا نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىدۇ. نەپسى ئۇنى ھەرقانداق ھاۋايى - ھەۋەسكە، يامان - چاكىنا ئىشلارغا بۇيرۇسىمۇ رەت قىلىشقا ئىلاجىسىز قالىدۇ، ئۇنى شۇ ھامان ئورۇندايدۇ. نەپسىنىڭ خاھىشى ھەرقانداق ۋاقىتتا خاتا ۋە گۇناھلىق ئىشلارغا مايىلدۇر. ھەركىم ئۆزىنىڭ روھىيىتىنى پاك ۋە تازا تۇتسا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەقىل شامى يورۇتۇپ، مۇنەۋۋەر قىلىدۇ. ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەر ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەيدۇ، قېرىغاندىمۇ بارغانسېرى پاك ۋە دانىشمەن بولىدۇ. ھەرقانداق ئىشنىڭ بېشى ياشلىق دەۋرىدىن باشلىنىدۇ. كىشى ياشلىقتا قانداق ئىشقا مايىل بولسا، قېرىغاندىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى شۇ ياققا تارتىدۇ. ياشلىقتا قانداق ئىشقا كۆڭۈل بەرسە، قېرىغان چاغدىمۇ ئۇنىڭدىن شۇنداق ئىش نامايان بولىدۇ.

قەدىرلىك ئاتا - ئانىلار، سىلەرگە كۈندۈزدەك روشەن، ئاپتاپتەك ئايانكى، ھازىر بىزنىڭ ياشلىرىمىزدىكى ھايات بىھۇدىچىلىكى ھەرقانداق بىر دەۋرگە، ھەرقانداق بىر مىللەتكە قارىغاندا ئىنتايىن ئېغىر. بىزنىڭ نەچچە مىليون ياشلىرىمىز ھازىر زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، ھاياتىنى قانداق مەشغۇللۇق بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، ئۇلار بۇ ھايات گۈلشىنىدىن نېمىگە ئېرىشتى، ئۇلاردا قانچىلىك ئىنسانىي ئاڭ، ئىنسانىي قابىلىيەت بار، بىزنىڭ ياشلىرىمىز ئۆزىنىڭ پەقەت بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدىغان بۇ قىممەتلىك ھاياتىنى نېمىلەرگە تېگىشىۋاتىدۇ، ئۇلار بۇ سوئالغا پەقەت جانىنى جان ئېتىش ئۈچۈن، تىرىكلىك ئۈچۈنلا ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز ھەقىقەتەن مۇنتىزىم تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى. سىلەر ئۇلارغا ھايات ھەققىدە قانچىلىك تەربىيە بېرەلىدىڭلار، ئۇلارنى ھاياتنىڭ قىممىتىنى تونۇۋېلىش ئۈچۈن قانچىلىك يېتەكلىدىڭلار؟ ئېتىراپ قىلىمىزكى، بىز پەرزەنتلىرىمىزگە ھايات ھەقىقەتلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە ئانچە ئېتىبار بېرەلمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزىمۇ ھايات

توغرىسىدا ئاساسەن كۆپ نەرسىلەرنى بىلمەيدۇ.

بۇ ئىبرەت قەدىرلىك ئاتا - ئانىلارغا بىزنىڭ پەرزەنتلەرگە كىچىكىدىن تارتىپ ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ۋە بۇ قىسقا ھايات پۇرسىتىدىن قانداق قىلىپ مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك پايدىلىنىشنى ئۆگىتىش مەسئۇلىيىتىمىزنىڭ بار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. پەرزەنتلىرىمىز ھاياتنى چۈشەنسۇن، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا كىچىكىدىن باشلاپلا «ھايات مۇقەددەس، ھايات پۇرسەت» دېگەن بىر قىممەتلىك ئاڭ ئورۇن ئالسۇن. بۇنداق ئاڭنىڭ پەيدا بولۇشى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىشى، ھاياتنى سۆيۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ بۇ كىشىلىك جەمئىيەتتە تۇتىدىغان ئورنى، بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك بەخت- سائادىتى ۋە ئىنسانىي قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇشىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولۇپ قالىدۇ.

پەرزەنتلەردە ھاياتنى سۆيۈش تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. چۈنكى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشىدە ھەرقاچان ئىككى خىل ئېقىم مەۋجۇت: بىرى، مېھنەت، ئىزدىنىش ۋە ئۆزىنى پىدا قىلىش روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئېقىم. بۇنداق ھايات روھىي ئىقتىدارنى، يۈكسەك غايىنى ۋە ئوتلۇق بىر مۇھەببەتنى تەقەززا قىلىدۇ. يەنە بىرى، ئويۇن - تاماشا، نەپس خاھىشى، راھەت - پاراغەت، مېھنەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئىستىكى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئېقىم. نۇرغۇن بالىلارنىڭ كۆڭۈل خاھىشى كۆپىنچە كېيىنكىسىگە تارتىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، تەربىيە ۋە ئۇسۇل ئىچىدە پەقەت نەسىھەت ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئەپلىك، ئەمما تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئادەتلەندۈرۈش كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن ئەپسىز توختايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاتا - ئانىلار تۆۋەندىكى بىرقانچە ئۇسۇل بويىچە تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرسە بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىشى مۇمكىن:

بىرىنچى، پەرزەنتلەرگە ئۇلاردا ھايات ھەققىدىكى ئازراق ئۇقۇم ھاسىل بولغاندىن باشلاپ، ھاياتنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى، ئىنسان ھاياتىنىڭ ھايۋان ھاياتى بىلەن بولغان پەرقى، ھاياتنىڭ ھەربىر

كۈنىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك پۇرسەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرزەنتلەرنى ئىشنى ئالدىدا، ئۇنۇملۇك ۋە ۋاقتىدا قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش، ھەرگىزمۇ بىرەر ئىشنى ئەتىگە قويۇشقا يول قويماسلىق كېرەك.

ئىككىنچى، پەرزەنتلەرنىڭ ساياق، ئويۇنپەز ئۆگىنىپ قېلىشىغا ھەرگىز پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا كىچىكىدىن باشلاپلا كۈندىلىك پائالىيەتلىرىنى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئادەت بولسۇن. سىز ئۇلارنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلات پىلانىنى تۈزۈشكە ياردەم بېرىڭ. ھەر ئىشنى ئۆزىنىڭ مەشغۇلات پىلانى بويىچە قىلىشقا ئادەتلەنسۇن. ئەگەر كۈندىلىك پائالىيتى چېچىلاڭغۇ، مەقسەتسىز، نىشانسىز بولۇپ قالسا، كېيىن تەرتىپكە سالماق تەس توختايدۇ.

ئۈچىنچى، پەرزەنتلەرگە رېئال تۇرمۇشتىكى ھەر خىل قىسمەتتىكى ئادەملەردىن مىساللار كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ھەققىدە ئويلىنىشى ئۈچۈن ھەر خىل نەمۇنىلەرنى كۆرسىتىش كېرەك. ئۇلار ھاياتنىڭ پەقەت يەپ - ئىچىش ئۈچۈنلا ياشاش ئەمەسلىكىنى، قورساق بېقىش ئۈچۈنلا ياشاش ھايۋانغا خاس خۇسۇسىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنسۇن. يەنە ئۇلارغا ھاياتنىڭ قىممىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى ھەربىر كۈننى مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشتە ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش كېرەك. ئەلىشىر نەۋائىي بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ئۈلگىلىك ھېكايىنى پەرزەنتلەر تەربىيىسى ئۈچۈن مىراس قالدۇرغانىكەن:

### ھېكايەت

ئىلگىرى بىر ياش يىگىت بار ئىدى. ئۇنىڭ قەددى - قامىتى كېلىشكەن، چىھرىمۇ دىلنى مەپتۇن قىلغۇدەك دەرىجىدە گۈزەل ئىدى. بىراق ئۇ ئۆز ياشلىقىنىڭ تەقەززاسىدىن بىھۇدە ئىشلارنى قىلىپ، قىش-ياز نەغمە ۋە شاراب بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ تەرىقەت ۋە ئەدەپ-ئەخلاق يولىدا پىر - ئۇستاز دەرىجىسىگە يەتكەن بىر ھەقەمسايىسى بار ئىدى. ئۇ يىگىت بىلەن تەڭ دېمەتلىك ۋە قوشنا ئىدى. بۇ يىگىتنىڭ

ناشايان ئىشلىرى ۋە غەلۋە - ماجىرالىرى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ بىلەن قوشنا ئولتۇرغان ئۇستاز كۆپ تەڭلىكتە قالاتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا دائىم سىلىق ۋە يېقىملىق لەۋزى بىلەن پەند - نەسىھەتلەرنى قىلاتتى. لېكىن ئۇ يىگىت نەسىھەتنى قوبۇل قىلماي:

— ياشلىق دېگەن راھەت - پاراغەتنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان، قېرىلىق بولسا تائەت - ئىبادەتكە مەشغۇل بولىدىغان مەزگىلدۇر. تەقۋادارلىق، پەرھىزكارلىقنى قېرىغان چاغدا قىلغان تۈزۈك، — دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇ دائىم شاراب بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ كۈننى ئۆتكۈزەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يىگىتنىڭ ياشلىق مەزگىلى ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىدا مادار، تېنىدە قۇۋۋەت قالمىدى. ئۇ ئەمدى تائەت - ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇشقا نىيەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەتلىنىپ قالغان پاسىقلىق ھەم زەئىپ، ناتىۋانلىق تۈپەيلىدىن ھېچ ئىش قىلالمىدى. ئۇ يىگىت شۇ ھالەتتە قېرىپ ئۆمرى ئاخىرىغا يەتتى. ئۇ چاغدا پىر - ئۇستاز ئۇنىڭ ياتقان يېرىگە كىردى. ئۇ ئازغۇن جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇستاز ئۇنىڭغا ئېچىنغان ھالدا بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— قانچە قېتىملاپ نەسىھەت قىلدىم، — دېدى ئۇستاز ئۇنىڭغا، — لېكىن سەن قۇلاق سالماي، ئورۇنسىز ئىشلار بىلەن، مەنىسىز ھالدا ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزدۈڭ. بېشىڭغا مۇنداق كۈنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانمىدىڭ؟

ئۇ كىشى لېۋىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ:

— ئۇ چاغدا مۇنداق تەجرىبە مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتمىگەنىدى. قېرىغان چېغىمدا بۇنداق ناتىۋان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسام، ياش ۋاقتىمدا ھەرگىز يامان ئىشلار بىلەن ئۆمرۈمنى خاراب قىلماس ئىكەنمەن، — دېدى.

— مەن ساڭا نەسىھەت قىلغان چاغلاردا ئاتاڭ نەچچە ياشلاردا بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى ئۇستاز ئۇنىڭدىن.

ئۇ كىشى ھېسابلاپ كۆرۈپ:

— بىر يۈز ئون ئىككى ياشتا ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى.

— شۇ چاغدا داداڭىزنىڭ سىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىڭىزدەك زەئىپ، ناتىۋان ھالەتتە بولغىنىدى، — دېدى ئۇستاز كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، — ساڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تەجرىبە بولامدۇ؟

ئۇ كىشى بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قايىل بولدى. بىراق بۇنىڭدىن نېمە پايدا؟!

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئادەتلىنىپ قېلىش يامان ئىش، ئادەتكە نەسىھەتمۇ ئانچە كار قىلمايدۇ. شۇڭا پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن ياخشى مەشغۇلاتقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك، بولمىسا كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن دېگەندەك، ئۆزىڭىزمۇ پۇشايمان قىلىپ قالىسىز، پەرزەنتىڭىزمۇ ساياقلىقنىڭ قۇربانى بولىدۇ.

تۆتىنچى، مۇۋاپىق پۇرسەت ۋە مۇۋاپىق ئەھۋالدا ھايات ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ تۇرۇڭ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىڭىزمۇ ئۈلگە بولۇشقا تىرىشىڭ.

## نەسىھەتتىن نەمۇنە

*(1) پەرزەنتلەرگە ھاياتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈڭ.*

*بالام، مەن ساڭا ھايات ھەققىدە ئازراق تەۋەررۈك سۆزلىرىمنى ئېيتىپ قوياي. سەن ھازىر تېخى كىچىك، تېخى تازا ھېس قىلىپ كېتەلمەيسەن. بىراق ھازىردىن تارتىپ ھاياتىڭغا قاتتىق تەلەپ قويمىساڭ، كېيىن ھەرگىز ئورنىنى تولدۇرۇۋالالمايسەن. ئۇ چاغدا پۇشايمان دېگەن ساڭا كۆز يېشىدىن باشقا ھېچ نەرسە بېرەلمەيدۇ. سۆزلىرىم ئۇلۇغ ئەربابلار ئېيتقان قىممەتلىك تەۋسىيە، بۇ تەۋسىيەلەرنى قەلب دەپتىرىڭگە پۈتۈۋالساڭ ھەرگىز زىيان تارتمايسەن. توغرا نەسىھەتنى ئاڭلىمىغان ئادەمنىڭ كېيىن تاپا - تەنىگە نىشان بولىدىغانلىقىنى ئېسىڭدىن چىقارما.*

*بالام، ئۇيغۇرلاردا: «بىر كۈن ياشىساڭمۇ شىردەك ياشا» دېگەن گەپ بار. ھەرقانداق ئادەم بۇ ھايات ئېتىزىدىن ئۆزىنىڭ ئىقبالىغا يارىشا نېسىۋىگە ئىگە بولىدۇ. ئادەمگە ئۆمۈر دېگەن بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ قايتىلانمايدۇ. شۇڭا ئەلشىر نەۋائىي بوۋىمىز: «ھاياتنىڭ*

ھەربىر تىنىقى غەنىيمەت، ھەربىر تىنىقى غەنىيمەتتۇر» دېگەن. بىراق نۇرغۇن بالىلار بالىلىقىنىڭ شېرىن شوخلۇقىغا ئەسىر بولۇپ كېتىپ بالىلىقىنىڭ قانداق قىلىپ ياشلىققا ئالمىشىپ قالغانلىقىنى سېزەلمەي قالىدۇ. ياشلىق مەۋسۇمىغا كەلگەندە ياشلىق غۇرۇرى ۋە كۈچ - قۇدرىتى ئۇنىڭغا قېرىلىقنىڭ مۇشەققىتىنى ئويلاشقا پۇرسەت بەرمەيدۇ. نەتىجىدە ھەش - پەش دېگۈچە ئۆمۈر گۈلشىنى خازان بولۇپ، قاقشال دەرەخكە ئوخشاش ئۆزىگىمۇ سايە تاشلىيالمايدىغان ئەھۋالغا قالىدۇ - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ باسقان ھايات مەنزىلىگە قاراپ قىلچە ھايات نىشانى قالمىغانلىقىنى، ھەربىر قەدىمىنى غەپلەتتىن سۆرەم سېلىپ باسقانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا شەيخ سەئدى: «ئادەم بۇ دۇنياغا ئىككى قېتىم تۇرەلمەيدۇ، شۇ بىر قېتىمنىمۇ ياشاشنى بىلمىسە بولامدۇ» دېگەن. رۇسسونىڭ بىر سۆزى يادىمدا، ئۇ: «بەزى ئادەملەر يۈز ياشتا قەبرىگە كىرىدۇ - يۇ، ئەسلىدە بولسا تۇغۇلۇپلا ئۆلگەن بولىدۇ» دېگەن. بالام، بۇ دۇنيادا «ئادەم مەن» دەپ تۇرۇپ، ئادەمدەك ياشىيالماي ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا نەپەسلىنىشىنىلا بىلىدىغان تىرىك ئۆلۈك ھاياتىنى قانداقمۇ ھاياتلىق دېگىلى بولسۇن. دېموكرىتنىڭ بىر سۆزىنى ئېيتىپ بېرەي: «ئەخمەقانە، مەنىسىز، قانائەتسىز ياشاش زادى ياشاش ئەمەس، بەلكى ئاستا - ئاستا ئۆلۈش دېمەكتۇر.» شۇڭا بالام، ئۆتكەن كۈنۈڭ ئۈچۈن ياش تۆكمە، ئەتىكى كۈنۈڭ ئۈچۈن غەم يېمە. ھەربىر كۈنۈڭنى ياخشى ئۆتكۈزەلىسەڭ، ئۇ ئۆتمۈشۈڭگە كاپارەت، ئەتەڭگە كۆۋرۈك بولىدۇ.

بالام، سەن بۇ دۇنياغا، بۇ زېمىنغا يۈك بولۇش ئۈچۈن تۇرەلمىدىڭ. شۇڭا سەن بۇ ھاياتلىقنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بېغىشلىغىن. سەن ياشاشتىكى مەقسەتنى پەقەت يەپ - ئىچىش، راھەت - پاراغەت قوغلىشىش، دەپ قاراپ قالمىغايسەن. بۇ ھاياتلىقتا مۇشەققەتسىز راھەت بولمايدۇ، مۇشەققەتسىز ئېرىشكەن راھەتمۇ ھەقىقىي پاراغەت ھېسابلانمايدۇ. ھايات دېگەن شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق سۈيىدەك تىپتىنچ بولمايدۇ، سەن ھايات ئېقىنىنى ئۆركەشلىك ھەم قىيانلىق دەريا دەپ قىياس قىلغىن. ھەر خىل خېيىمخەتەرگە ھازىرلىق قىل. ئەگەر

ئۇنداق بولمىسا ھاياتىڭ تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. ھېچقانداق ئادەم بۇ دۇنياغا مۇكەممەللىك تاجىنى كىيىپ كەلگەن ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ دولقۇنلۇق قايناملىرىدا پىشىپ، بارا - بارا ئاكامۇللىشىپ بارىدۇ. ھاياتنىڭ مەنىسىمۇ ھايات دولقۇنلىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ مەلۇم بىر ئىشتا كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق زاھىر بولىدۇ. بالام، ئازراق نەرسىنى بىلىۋېلىپ چەللىدە ئات چاپقۇچى بولما، شۇنى بىلگىنكى، سەن ئۆزۈڭنى كامالەت ئىگىسى دەپ قارىغان كۈنۈڭدىن باشلاپلا، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ دەپنە قىلىش يولىغا ماڭىسەن. تىنىمسىز ئىزدىنىشنى ئۆزۈڭگە مىزان قىل، ئۆزۈڭنى مەڭگۈ ئوقۇغۇچىمەن، دەپ ھېسابلا، شۇندىلا ئۆزۈڭگە قاتتىق تەلەپ قويالايسەن، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ چۈشەپ قويمايسەن. ئىنسان ھاياتىنىڭ تىنىم تاپماسلىق ۋە تەشۋىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندىلا ئەقىلسىزلىقتىن قۇتۇلغان بولىدۇ. ھاياتنى ئەڭ مەنىسىز ۋە ئەڭ يىرگىنچلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ ھەر خىل يوللىرى بار. بۇ ئېزىتقۇ يولغا باشلاپ ماڭىدىغان ئەڭ قاباھەتلىك يول نەپسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا ئەسىر بولۇپ، پەقەت نەپسى ئۈچۈنلا ياشايدىغان مەخلۇققا ئايلىنىپ قېلىشتۇر. سەن بۇ دۇنيادىن ھامىنى كېتىدىغانلىقىڭنى بىلىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈنلا ھاياتىڭنى ئابدالنىڭ خالتىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويماي، بەلكى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك تىرىشچانلىق قىلىش زۆرۈر.

(2) پەرزەنتلەر ھاياتىنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا تەئەللۇق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلسۇن.

بالام، سەن بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقىي بىر كېرەكلىك ئادەم ئىكەنلىكىڭنى نامايان قىلغىن. ئۆزۈڭنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى قىممىتىڭنى بىلىش ساڭا زور سائادەت بەخش ئېتىدۇ. چۈنكى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن كىشىدىنمۇ ھاياتنى چوڭقۇرراق چۈشىنىپ ياشىغان ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن ھېسابلىنىدۇ. سەن ئۆزۈم ئۈچۈنلا ياشايمەن دەپ قارىما، ھاياتىڭ سەن ئۈچۈن ئېرىۋاتقان شام ئەمەس، ئۆزى ئۈچۈن ياشاش ھايات ئەمەس. ئەتراپىڭدىكى بىرەر قېرىندىشىڭ ۋە بىرەر ئۈلپىتىڭنىڭ بەختسىزلىكىنى كۆرۈپ تۇرغاندا، ئۆزۈڭنىڭمۇ بەختسىز ئىكەنلىكىڭنى

ھېس قىلالىساڭ، قەلبىڭدە ھەقىقىي ئىنسانلىق تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولغانلىقى دەپ بىل.

بالام، بۇ جەمئىيەتتە ھەربىر ئادەمنىڭ ناھايىتى ئېغىر قەرزى بولىدۇ. بىز مۇشۇ تۇپراقتا ئۆسۈپ چوڭ بولدۇق، مۇشۇ تۇپراقتىن ئوزۇقلاندۇق. خەلق بىلەن بىرگە ياشىدۇق، خەلق بىزگە تۇرمۇشنى بەردى، روھ بەردى ۋە ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزنى تونۇتتى. ئەل - ۋەتەنىمىز، دوست - بۇرادەرىمىز تۇرمۇشىمىزنىڭ قانداق مەززىسى بولسۇن. ئوغلۇم، بىزنىڭ يەنە ئۆتكەنكى ئەجدادلارنىڭ ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئالدىدىمۇ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىمىز ۋە قايتۇرۇشقا تېگىشلىك قەرزىمىز بار. يۇسۇپ خاس ھاجىپ بوۋىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق نەسىھەت قىلغان: «بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا بىر داستىخان. بىزدىن بۇرۇنقىلار بۇ داستىخانغا داخىل بولغان. ئۇلار يەپ - ئىچكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىزگىمۇ مول نېمەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەمدى بىز بۇرۇنقىلاردىن قالغان تەييار داستىخانغا داخىل بولدۇق. ئەمدى بىز بۇ نېمەت داستىخىنىنى قۇرۇقداپ قويماي، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن مول نېمەتلەرنى راسلاپ قويۇشىمىز كېرەك.» مانا بۇ ئىنساپ بالام، مانا بۇ مەڭگۈلۈك ئىزچىللىق ۋە تەرەققىياتنىڭ بۆشۈكى.

بالام، سېنىڭ ھاياتىڭ جەمئىيەتكە، مىللەتكە ۋە ۋەتەنگە تەئەللۇق. سەن مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشمەك بولساڭ خەلقىڭنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ يىقىلمايدىغان پىرامىدا ياسىغىن. سەن ئۈچۈن ھايات ئەڭ قىممەتلىك پۇرسەت. پۇرسەتنى قولدىن بەردىڭ دېگەن گەپ ھاياتنى قولدىن بەردىڭ دېگەن سۆز. سېنىڭ ھەتتا بارلىق خۇشاللىقىڭ ۋە بەخت - سائادىتىڭ ئاشۇ پۇرسەت ئىچىدە نامايان بولىدۇ. سەن بىر تامچە بالام، ئەل دېگەن چوڭ دېڭىز، دېڭىزدىن ئايرىلغان تامچىنىڭ ھالى قانداق بولماقچى. شۇڭا سېنىڭ ھاياتىڭمۇ شۇ ئەل بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەنىلىك بولىدۇ. ئەگەر سەن ھاياتىڭنى ئەل ئۈچۈن پايدىسىز ۋە ئەھمىيەتسىز دەپ قارىغىنىڭدا، پۈتۈن ئەرسىلەر ساڭا مەنىسىز بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

## 2. ۋاقىت ئېڭى تەربىيىسى

بالام، سەن ۋاقىتنىڭ سەن ئۈچۈن قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن چېغىڭدا، بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىڭ ئۈچۈن بېشىڭنى تاشقا ئۇرغان بولاتتىڭ.

— «تەپەككۇر ۋۇمدىن تامچىلار» دىن

پەرزەنتلەردە ۋاقىت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ھايات ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسى. چۈنكى ھايات مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدىكى تىرىكلىك. ۋاھىز كاشىفى مۇنداق دېگەن: «ئاقىل ۋە ھوشيارلارنىڭ ئاپتاپقا ئوخشاش پارلاق كۆڭۈل ئايىنەسىدە زاھىر ۋە روشەنكى، ئادىمىزاتنىڭ ئەزىز ئۆمرى چېقىن مەسەللىك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. تىرىكلىك سائەتلىرى دەريا مەۋجىدەك سەۋرسىزدۇر. ئۆتۈپ كېتىدىغان ھەربىر پۇرسەت تەڭداشسىز گۆھەردۇركى، ئىنسان ئۇنىڭ باھاسىنى بىلىشى كېرەك. چېقىنۋاتقان ھەربىر نەپەس (تىنىق) نى غەنىيمەت بىلىپ زايە قىلماسلىق كېرەك. تىرىكلىكتە ھامان بەزى ئىشلار ئۆتىدۇ، ئەمما ئۇنى ياندۇرۇپ قولغا كەلتۈرمەك مۇمكىن ئەمەس. قىلىنماي قالغان بەزى ئىشلىرى غايىبلىق پەردىسى ئىچىدە ئۆزىدىن نىشان بەرمەس. ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆمۈرنى غەنىيمەت بىلىپ، ۋاقىتنى زايە قىلماي، كېيىنكى بەختىنىڭ جابدۇقىنى قىلماق كېرەك.»

ۋاقىت مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم قىممەتلىك بايلىقى. ۋاقىت قىممەت يارىتالمايدۇ، بۇنىڭدا پەقەت ۋاقىت ئېتىغا مىنگەن ئادەم بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەقسەت مەنزىلىگە يېتەلەيدۇ. ھاياتىدا ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ سىرى شۇكى، ئۇلار ھەرگىز ۋاقىتنى ئۇتتۇرۇپ قويمىغان. بۇ دۇنيادىن ئىز - دېرەكسىز، نام-نىشانسىز كەتكەن ئادەملەرنىڭ خاتالىقى شۇكى، ئۇلار ۋاقىتنى مەنىسىز ئىشلارنىڭ قۇربانى قىلىۋەتكەن. ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە باللاردىن تارتىپ چوڭلارغىچە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ئىنتايىن ئېغىر. بەزى كىشىلەر

ئۆمرىدە ھاياتىغا يۈز كېلەلىگۈدەك بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلغان بىرەر سائىتىنىمۇ ئەسلىيەلمەيدۇ. بىز ئىقتىدارسىز، نادان ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ۋاقىت پۇرسىتىنىڭ مەنىسى ۋە قىممىتىنى چۈشەنمەي ئۆمرىنى زايە قىلىۋاتقانلىقىغا ئانچە ئەپسۇسلىنىپ كەتمەيمىز. پەقەتلا مۇنتىزىم ئوقۇغان، خېلى كۆپ پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئىگە بولغان مىليونلىغان ياشلارنىڭ ئەڭ گۈزەل ياشلىق چاغلىرىنى قىمارخانىلاردا، كەيپ - ساپا سورۇنلىرىدا، تېلېۋىزور ئالدىدا، رېستوراندا، كوچا - كويلاردا ئۆتكۈزۈپ، خۇددى ماشىنا ئادەمدەك بۇ تەكرار مەنىسىز مەشغۇللۇقتىن زېرىكمىگەنلىكىگە ئېچىنىمىز.

بۇنداق ئاڭسىز قۇربان بېرىشنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرى بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىم سەۋەب شۇكى، پەرزەنتلىرىمىزدە ۋاقىت ئېڭى تولۇق يېتىلمىگەن، ئۇلار ھەربىر سائەتلىك ۋاقىتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىغان. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ھەربىر كۈنى ھېچقانداق ئۆزگىرىشسىز قايتا - قايتا تەكرارلىنىۋاتقاندەك، بۈگۈننىڭ ئەتە بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوقتەك بىلىنىدۇ. يىللار تۇيدۇرماي ئۆتۈۋېرىدۇ، ئۇلار يۈزلىرىدە ساقال پەيدا بولغانلىقىنى، بالىلىق بولۇپ قالغانلىقىنى پەقەت بىر فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش دەپ قوبۇل قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ چەكسىز ۋاقىت بوشلۇقى ئىچىدىكى پەقەت بىر چېكىت ئىكەنلىكىنى يادىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويۇشمايدۇ. كالالىسىدا ئادەم ھامىنى قېرىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، دېگەن چۈشەنچە بولسىمۇ، بۇ قىسقا ئۆمۈرنى قانداق ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك، دېگەن سوئالنى ئۆزىگە قويۇپ باقمايدۇ.

ھۆرمەتلىك ئاتا - ئانىلار، ئىنسانىيەت ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلماقتا. تۇرمۇش رىتىمىمۇ تېزلىشىپ كەتتى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئىنسانلار مۇشۇ 10 يىل ئىچىدىلا ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسىنى نەچچە قاتلاپ بولغان. ئەپسۇسكى، بىزدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئېڭى تېخىچە ئوتتۇرا ئەسىر سەۋىيىسىدە توختاپ قالغان، بىز مىليونلىغان ياشلىرىمىزنىڭ ھەر كۈندە قىلىۋاتقان ئەمەلىي ئىشى، تەپەككۇر قىلىشى، ئىزدىنىشى بىر سائەتكىمۇ

يەتمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. مۇشۇنداق سۇرئەت بىلەن بىز دۇنيا مەدەنىيەت سۇرئىتىگە ياندىشالايمىزمۇ؟ ئارىمىزدا يەنە بىر موچەنگە زىيان سالغان ئادەمگە پىچاق سېلىشقا تەييار تۇرىدىغان، بىراق «ئالتۇندىن قىممەتلىك» دەپ ئاتالغان ۋاقتىغا ئىچى ئاغرىمايدىغان، نەچچە سائەتلەپ ئەرزىمىگەن ئىش ئۈچۈن باشقىلارنى ساقلاپ، ئۇنىڭغا قىلچە ئېتىراز بىلدۈرمەيدىغان ياشلىرىمىزدا ۋاقىت ئېڭى بار دەپ قارىيالايمىزمۇ؟

ئەگەر بىز ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلسەك، ئۇ بىزنىڭ ئاجايىپ خاسىيەتلىك مۈلكىمىز بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنالمساق، ۋاقىت بىزنى قۇل قىلىدۇ. سىلەر پەرزەنتلەرگە ئۆزۈڭلارنىڭ هاياتىدا زايە قىلىۋەتكەن ۋاقىتىڭلارنىڭ ئاچچىق ئەلەملىرىدىن قانچىلىك سۆزلەپ بەردىڭلار. ئۆزۈڭلارنىڭ ھېس قىلغىنى بويىچە سۆزلەپ بېرىڭلار. ئۇلار ۋاقىت تراگېدىيىسىنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق، ئىنتايىن ئېغىر يوقىتىش ئىكەنلىكىنى تونۇسۇن. ھەربىر سائەتنىڭ پۇرسەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن پەرزەنت ھەرگىز كۈنلىرىنى بىھۇدە زايە قىلىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. ئۇلار بىر كۈنى بىكار ئۆتۈپ كەتسە تىت - تىت بولۇپ، كۆپ نەرسىدىن مەھرۇم قالغاندەك ھېسسىياتتا بولىدىغان بولسۇن.

بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق بىرقانچە تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

(1) پەرزەنتلەرنىڭ ۋاقىتنى كونترول قىلىشى ئۈچۈن نەسىھەتتىنمۇ كۆرە يەنىلا بالىلاردا ۋاقىت ئېڭى شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنى ۋاقىتقا جىددىي قاراشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. بۇ نۇقتىدا چوڭ ئىش ياكى كىچىك ئىش بولسۇن ئوخشاشلا جىددىي قارايدىغان بولسۇن. ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ يۈزىنى يۇيۇش، چاي ئىچىش، مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈن كېتىدىغان ئېنىق ۋاقىت ئۇلارنىڭ ئېڭىدا تۇرسۇن. ئازراق سۇسلۇق قىلسا دەرسكە كېچىكىدىغانلىقى، ئۇستازىنىڭ ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا يەرگە قارايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرۇش كېرەك. مەكتەپتىن ئەگەر ۋاقىتراق قايتىپ كەلسە نېمە ئىش قىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم.

(2) بالىلارنىڭ ۋاقىتنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىشى ئۇلارنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ جۈملىيەن ئىشقا مەشغۇل بولۇشى ۋە بىرەر ئىشقا

قىزىقىشى ئارقىلىق ھەل بولىدۇ. ۋاقىت ئوغرىسى بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىكارچىلىقتا، ئويۇنغا ئادەتلىنىپ كەتكەن بالىلار، شۇنداقلا بىرەر ئىشقا قىزىقمايدىغان، ھەۋەس قىلمايدىغان بالىلار ئىكەن. شۇڭا، بالىلارنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ قىزىقىشى بويىچە مەلۇم ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇش لازىم. ۋاقىتتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتا ئىنساننىڭ ئۆز قىزىقىشىدىنمۇ ياخشى نەسىھەتچى يوق.

(3) ئۇيغۇرلارنىڭ «بىكار تۇرغۇچە بىكارغا ئىشلە» دېگەن قىممەتلىك ھېكمىتى بار. مەلۇمكى، ئىنسانغا بىكارچىلىقتىنمۇ ئېغىر يوقىتىش يوق. بالىلارنى بۇزىدىغانمۇ، يولدىن چىقىرىدىغانمۇ ئاساسىي سەۋەب بىكارچىلىق. شۇڭا ئۇيغۇرلار بالىلارنى مەكتەپتە ئوقۇتىدۇ، مەكتەپكە قىزىقمىسا دەرھال بىرەر ھۈنەرگە بېرىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئۇلارنىڭ بىكارچى بولۇپ قېلىشىنى تىزگىنلەشلا ئەمەس، بەلكى ئەخلاقىنى تىزگىنلەيدىغان ئەڭ ياخشى ۋاسىتە. شۇڭا بالىلارنىڭ ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆز قىزىقىشى بويىچە ئىش كۆرسىتىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم.

(4) ئاتا - ئانىلار ۋاقىت ئېڭى جەھەتتە يالغۇز تەربىيىچى بولۇش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى بالىلارغا ۋاقىتنى قەدىرلەشنىڭ ئۈلگىسى بولۇشى كېرەك.

(5) پۇرسىتى كەلگەندە ھەم پەرزەنتلەرنىڭ ۋاقىت ئۇقۇمىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارغا كۆز ئالدىدىكى، تۇرمۇشتىكى ۋاقىتنى زايە قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىنى، ۋاقىتنى ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە قىممەت يارىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتىگە ئايلاندۇرۇۋاتقان ياشلارنى سېلىشتۇرۇپ بېرىش كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلارنىڭ ئېڭىغا تەسىر قىلغۇدەك چوڭقۇرلۇقتا نەسىھەت قىلىپ تۇرۇش لازىم.

### نەسىھەتتىن نەمۇنە

*پەرزەنتلەردىن سوراپ بېقىڭلار:*

*بالام، بۈگۈن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ بۈگۈنكى بىر كۈنۈڭدىن رازىمۇسەن؟ بۈگۈنكى كۈنۈڭدىن رازى ۋە مەمنۇن بولالىساڭ ئەتىكى كۈنۈڭ*

خەيرلىك بولىدۇ.

بالام، بۈگۈنكى 6 سائەتلىك دەرس ساڭا نېمىلەرنى بەردى؟ ئەگەر بۈگۈنكى بىر كۈنۈڭ ئۈتۈقلۇق بولغان بولسا بۇ كۈنلۈك ئۆمرۈڭنىڭ قىممىتى بولىدۇ. ئەگەر بۈگۈن بۇ ھاياتلىقتىن ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمىساڭ ياكى ھېچ ئىش قىلمىغان بولساڭ، شۇ كۈنلۈك ھاياتىڭنى ئۆلگەن ھايات دەپ، ئۆمرۈڭدىن چىقىرىۋەت. ئەگەر دەرسلىرىڭدە چالا تەرەپ بولسا دەرھال بىرەر سائەت ۋاقىت چىقىرىپ پۇختىلىۋال. بۈگۈنكى ئىشىڭنى بۈگۈن قىلىۋالمىساڭ، ئەتىكى يۈكۈڭنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ھەر كۈنى ئاشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە، ئاخىرى بۇ كۈنلۈك قالدۇقلار سېنى بېسىپ، سېنى ئالغا باستۇرمايدۇ. ھەر كۈنلۈك ئىشىڭنى شۇ كۈنى ئورۇنداپ بولساڭ، كۈندىن - كۈنگە بىلىدىغانلىرىڭ كۆپىيىپ بارىدۇ ھەم يەڭگىللەپ قالىسەن.

بالام، بۈگۈن قانداق ئويىنىدىڭ، قانچىلىك ئويىنىدىڭ؟ ئويۇن ئوينا. ئويۇنمۇ ھاياتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. پەقەت ئىشلەشنىلا بىلىپ ئويناشنى، ئارام ئېلىشنى بىلمىگەن ئادەم ئەمەلىيەتتە ئىشلەشنىمۇ بىلمەيدۇ. ئەمما ئوينىغان ئويۇنىڭمۇ مەنىلىك بولسۇن. شۇ ئويۇن ساڭا ھاياتنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ھېس قىلدۇرسا ياكى ساغلاملىقىڭغا پايدىلىق بولسا، چارچاشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ نېرۋا جەھەتتىكى جىددىيلىكنى نورماللاشتۇرسا، بۇ ئويۇن ساڭا مەلۇم نەرسە ئاتا قىلغان بولىدۇ. ھەرگىزمۇ بىر - ئىككى سائەتلىك ۋاقتىڭنى كوچا چېكىداپ زايە قىلمىغىن.

بالىلارنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇسىڭىز «ئەتە قىلايچۇ» دېسە: بالام «ئەتە» دېگەن سۆز ھورۇن، دۆت ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالداشتىكى باھانىسى. ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنىڭ ۋاقتىنى ئۆزۈڭ سورىساڭ، خۇددى ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىنى ئۆزى ئوغرىلىغان ئادەمگە ئوخشاپ قالىمسەن. ئىش دېگەن بۈگۈن خەجلىمەي ئەتە خەجلەي دەپ ئاياپ قويىدىغان پۇل ئەمەس. بۈگۈنۈڭ كەتسە بىر كۈنلۈك ئۆمرۈڭ كەتتى دېگەن گەپ، ئۆمۈرمۇ قايتىلانمايدۇ، ۋاقىتمۇ كەينىگە يانمايدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئىشقا كەڭ قورساق بولساڭمۇ ۋاقىتقا خەسىس بول. بالام، «ۋاقتى ئۆتكەندە

ئوقۇلغان سۈرە ياسىنىڭ ئەھمىيىتى يوق» دېگەن تەمسىلنى قەلبىگە پۈكۈۋالغىن. ھەرقانداق كىچىك ئىشقا ئېتىبارسىز قارىساڭ، چوڭ ئىشلاردىمۇ مەغلۇپ بولىسەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋىمىز: «بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويساڭ ئىشىڭ ئىلگىرى باسمايدۇ» دېگەن. پىفاگور: ئەتىگەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئۆزۈڭدىن «بۈگۈن نېمە ئىش قىلىشىم كېرەك» دەپ، كەچقۇرۇن يېتىشتىن بۇرۇن «بۈگۈن نېمە ئىش قىلدىم» دەپ سورا دېگەن. ئۆزۈڭنىڭ كۈنلىرىڭنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ تۇرغىن. ئەگەر سەن ئەقىللىق بولىدىغان بولساڭ بىكار ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كۈنلىرىڭ ئۈچۈن تىت-تىت بولساڭ، ئازابلانساڭ ئەرزىيدۇ.

بالام، ۋاقىت ھەم سېنىڭ قەدىر - قىممىتىڭنى جارى قىلىشىڭنىڭ دەسمايىسى ھەم ھاياتىڭنى شامالغا سورۇيدىغان يالماۋۇز. نەۋائىي بوۋىمىز شۇڭا: «ۋاقىت ئۆتكۈر قىلىچتۇر» دېگەن. دۇنيادا ئېرىشمەكچى بولغان ئۇلۇغۋار مەقسەتلىرىڭگە ۋاقىت بىلەن ياشاش ئىقتىدارىڭنى بىرلەشتۈرگىنىڭدىلا يېتەلەيسەن. ۋاقىتنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يەتمىسەڭ، ۋاقىتقا ئېتىبارسىز قارىساڭ، ئېرىشىش مۇمكىن بولغان مۇمكىنچىلىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم بولىسەن. دارۋىن شۇنداق دېگەن: ئۆز ۋاقتىنىڭ ھېچ بولمىغاندا بىر سائىتىنى بوشقا ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئادەمنى ھاياتىنىڭ پۈتۈن قەدىر - قىممىتىنى تېخى چۈشىنىپ يېتىش دەرىجىسىگە بارمىغان دېسە بولىدۇ. ۋاقىتىڭدىن ئاقىلانىلىك بىلەن پايدىلىنىش قىممىتىڭنى بارغانسېرى ئاشۇرىدۇ. بالام، ھازىرقى تۇرمۇش رىتىمىگە نىسبەتەن بىر كۈنۈڭگە سەل قارىساڭ، ئىككى كۈن سەرپ قىلىپمۇ يېتەلمەيسەن. ۋاقىتقا سۇس قارىساڭ كۈنلىرىڭ ئۆزۈڭ بىلەن ئۆزۈڭ چېلىشىۋاتقاندەك كۆپىنچە كېلىشمەسلىكلەر بىلەن ئېلىشىشقا كېتىدۇ. بىكارچىلىق بولسا تەپەككۇرىڭنى كېرەكتىن چىقىرىپ ئۆزۈڭنى يارىماسلار قاتارىغا تارتىدۇ.

بالام، ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلغان بولساڭ، ئۆزۈڭنىڭ ۋاقتىنى قەدىرلەش بىلەن بىرگە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنىمۇ قەدىرلە. باشقىلارنىڭ سېنىڭ ۋاقتىڭنى ئوغرىلىشىغا يول قويما. سەن مەدەنىيەتلىك

ئادەملەر بىلەن ئارىلاش، ئۇلارنى دوست تۇت. مەدەنىيەتلىك ئادەملەرنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى ئۇلار ھەرگىز سىنىڭ ۋاقتىڭغا خىيانەت قىلمايدۇ. ھەرقانداق باھانە بىلەن ۋاقتىڭغا ھۆرمەت قىلمىغان ئادەمنىڭ دوستلۇق دەۋاسى يالغان، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتلىكمەن دېگىنى قۇرۇق گەپ.

بالام، سەن بايلىق تېجەش ۋە بايلىق ئىزدەشتىن بۇرۇن ۋاقتىڭنى تېجە. بەزى ھاللاردا بىر كۈنلۈك ئەھمىيەتلىك ھاياتىڭ ساڭا مەڭگۈلۈك شان-شەرەپ ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن، يەنە بەزى ھاللاردا 100 يىللىق ئۆمۈر ساڭا لەنەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

# سەككىزىنچى باب تىل مەدەنىيىتى ۋە گەپ ـ سۆزدىكى ئەدەپ تەربىيىسى

ئۆز تىلىغا قانداق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىغا قاراپ ھەربىر
كىشىنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسىنى، پۇقرالىق قەدىر ـ
قىممىتىنى ئېنىق ئېيتىپ بەرگىلى بولىدۇ.
— ك. گ. پائوستوۋىسكىي

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلگەن خەلق. بۇنىڭ سەۋەبى يالغۇز ئۇيغۇر خەلقى ياراتقان ئۇلۇغۋار مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇيغۇر خەلقى گۈزەل، باي، مەدەنىي تىلغا ئىگە بولغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ سۆزلەرنى بايان قىلىش ۋە سۆزلەشتىكى ئەدەپكە تولىمۇ ئەھمىيەت بىلەن قارايدىغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. تىلدىكى مەدەنىيلىك ۋە ئىپادىلەشتىكى پاساھەت شۇ مىللەتنىڭ تەپەككۇر ساپاسىنىمۇ ئۆلچەشنىڭ مۇھىم ئاچقۇچى بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تىل مەدەنىيىتى ۋە سۆزلەش ئەدەپى تەربىيىسى پەرزەنتلەرنىڭ ساپاسى مەسىلىسىدە ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك جىددىي ۋەزىپە.

## 1. تىل مەدەنىيىتى تەربىيىسى

ئەقىل ھەم بىلىم تەرجىمانى بۇ تىل،
روشەن تىل كىشىنى يورۇتقۇچى، بىل!
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تىل مەدەنىيىتى تەربىيىسى دېگەندە نەزەردە تۇتۇلىدىغىنى ئانا تىل

تەربىيىسى. ئانا تىل تەربىيىسى پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىدە ئانا تىلغا بولغان مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىش، ئانا تىلنى قوغداش ۋە ئانا تىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، «تىل ۋە تىلشۇناسلىق خەلق مائارىپىنىڭ ئادەتتىكى ھاياتىنىلا ئەمەس، بەلكى مەركىزىي ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ» (كارامزىن) . بىراق ئانا تىل تەربىيىسى مەكتەپلەرنىڭلا ۋەزىپىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ پۈتۈن جەمئىيەت ۋە ھەربىر ئائىلىنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن مەدەنىيەت تارىخى مۇساپىسىدە ئۇيغۇر تىلىنى يارىتىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى جېنىدەك قەدىرلەپ كەلدى. ئۇيغۇرلار پەرزەنتلىرى ئەمدى دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپ پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىگە ئانا تىل تاۋۇشلىرىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئانا تىلغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئانا تىل مەدەنىيىتى تەربىيىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئۇلۇغۋار ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەنلىكى تارىختىن بىزگە مەلۇم. ئۇيغۇر مائارىپىمۇ ئانا تىل دەرسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن قارايتتى.

تارىخىي مۇساپىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇر خەلقى ئانا تىلنى ۋە ئۇنىڭ ساپلىقىنى قوغداش، ئانا تىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى سەرپ قىلغانلىقى تارىختىن بىزگە مەلۇم. بۇنىڭدىن مىڭ يىللار مۇقەددەم ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇميۈزلۈك ئەۋج ئالغان ئەرەبلەشتۈرۈش دولقۇنىدا قاراخانىيلارنىڭ مەھمۇد ئىسىملىك بىر شاھزادىسى يېتىشىپ چىقىپ، ئۆز دەۋرىدە «مۇقەددەس تىل» دەپ ئۇلۇغلىنىۋاتقان ئەرەب تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ «بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقان» مەدەنىي تىل ئىكەنلىكىنى ئەرەبلەرگە ۋە ئۆز ۋاقتىدىكى ئانا تىلىدىن ئاينىغان ۋە ياتلاشقان بىر بۆلەك زىيالىيلارغا ئىسپاتلاپ بېرىش مەقسىتىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن بۈيۈك قامۇسنى يازغان. ئۇ بۇ ئەسىرى ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك سەرپ قىلغان. ئۇ گىگانت ئالىم بۇ قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ئەمگىكى بىلەن ئەينى دەۋردە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە

قىلىنىۋاتقان دەھشەتلىك ھۇجۇم ئۇچۇن مۇستەھكەم مەنۋى سېپىل سوقۇلۇقانىدى. XV ـ ئەسىرگە كەلگەندە يەنىلا بىر قىسىم ئاغمىچى شائىرلار ئانا تىلنى كەمسىتىدىغان، پارس تىلىنى مەدەنىي تىل ھېسابلىغان بىر تەتۈر ئېقىم ئوتتۇرىغا چىققان. خېلى كۆپ ئاپتورلار ئەسەرلىرىنى پارس تىلىدا يازغان. ئەرەب ـ پارسچە نۇرغۇن سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت سوستاۋىدا خېلى بۇزۇلۇشنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرگەن نۇرغۇن مەدەنىيەت سەركەردىلىرى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىر تەرەپتىن، ئىلمىي ئەسەرلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى بىلەن پارس تىلىنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پارس تىلىدىن مەدەنىي تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر تىلىدا مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاغمىچىلارغا زەربە بەردى ۋە ئانا تىلنى قوغداپ قالغانىدى.

ئۇلار ئانا تىل ئۈچۈن نېمىشقا بۇنچە كۆيىدۇ، ئانا تىل ئۈچۈن شۇنچە زور قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ؟ چۇنكى تىل دېگەن بىر مىللەتنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك مەنۋى بايلىقلىرىدىن بىرى. تىل دېگەن مىللەتنىڭ روھى، مىللەتنىڭ جېنى. تىل ھەم بىر مىللەتنىڭ ئورتاق مۈلكى، قەدىمكى ئەجدادلىرىدىن قالغان قىممەتلىك تەۋەررۈكى. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەتنىڭ تەپەككۇرى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. تىل بايلىقى تەپەككۇر بايلىقى دېگەن سۆز. شۇڭا، ئۇلار تىلنى مىللەتنىڭ جېنى دەپ قارايتتى. مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، مەدەنىيەتنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئىزچىل داۋاملىشىشى تىلدىن ئىبارەت قورالغا باغلىق. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ تىلى يوقالسا، مىللەتنىڭ ئۆزىمۇ ۋە مەدەنىيىتىمۇ يوقىلاتتى. ئۇلار خەلقنىڭ تىلىغا قىلغان ھۇجۇمنى ئۇنىڭ قەلبىگە قىلغان ھۇجۇم دەپ چۈشىنەتتى. «خەلق تىلىنىڭ ھەمىشە مىللىي روھ بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى» (گومبولدت) بىلەتتى. ئانا تىلىنى قوغداش ئۈچۈن بولغان كۈرەش ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىكنىڭ ئالىي ئىپادىسى ئىدى.

مانا شۇ ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق يىللار مابەينىدە ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنيا بىلەن باغلاپ تۇردى، دۇنيا مەدەنىيىتى ئۇچرىشىدىغان بۇ ئالتۇن ماكاندا ئالتۇن كۆۋرۈك بولۇپ، دۇنيا بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىنى ئۈزۈلمەس رىشتە بىلەن باغلىدى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى تارىخىمىزدا نۇرغۇن ئۇلۇغ ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى دۇنيا مەدەنىيەت مۇنبىرىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزگەندى. ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت يولىنى، نىجاتلىق يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دۇنياۋى خاراكتېرلىك نادىر ئەسەرلەر ئەنە شۇ مەدەنىي ئۇيغۇر تىلى بىلەن بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتقانىدى. دۇنيا تارىخىدا بارلىققا كەلگەن مۇقەددەس كىتابلارمۇ ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي قۇدرىتىنى نامايان قىلغانىدى.

بۇ ھەقىقەتنى تولۇق چۈشەنگەن ئۇيغۇر خەلقى بالا «ئىڭە» دەپ تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ قەلب دەپتىرىگە «ئەللەي ناخشىلىرى» بىلەن ئانا تىلنىڭ مۇقەددەس نۇرلىرىنى نەقىشلەشكە باشلايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر تىلى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ، تارىختىكى ھەر خىل تىل ئاسسىمىلياتسىيىلىرىگە قارشى كۈرەشتە غالىب كېلىپ، پەن-مەدەنىيەت غايەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى XXI ئەسىرگە دادىل قەدەم باستى.

ھازىرقى مەدەنىي دۇنيادا ئۇيغۇر خەلقى پەرزەنتلىرىگە ئانا تىل ھەققىدە قانداق تەربىيە بېرىشى كېرەك؟ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى زامان دۇنيا مەدەنىيىتىگە يانداشىشى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئائىلە تەربىيىسى قانداق رول ئوينايدۇ؟

ئانا تىل تەربىيىسى ھازىرقى دۇنيادىمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ قەتئىي جىددىي قاراشقا تېگىشلىك بىر چەكسىزلىك. ئانا تىل تەربىيىسىگە سەل قارىغانلىق، باشقا تەربىيىلەرگە ھەم سەل قارىغانلىق بولۇپ قالىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ بوۋاق چېغىدا چىققان تۇنجى «ئانا» سۆزى ئانا تىل مۇقەددەسلىكى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ. شۇ تۇنجى سادادىن كېيىن ئۇيغۇر ئائىلىرى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ تۇنجى ئانا تىل

ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالىدۇ. ئانىنىڭ بۇ ھەقتە سىڭدۈرگەن ئەجرى پەرزەنتلەرنىڭ تىلىنىڭ راۋان بولۇشى، تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن چوڭقۇر ئاساس سالىدۇ. چۈنكى تىلنىڭ راۋانلىقى، ئېنىقلىقى ۋە ئىپادە قىلىش كۈچى پەرزەنتلەرنىڭ پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. تىلى بالدۇر چىققان بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى بىلەن تىلى كېيىن چىققان بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى روشەن پەرقلىنىدۇ. بالىلارنىڭ تىلىنىڭ تېز ۋە راۋان چىقىشى كۆپ مەشقلەندۈرۈش، كۆپ سۆزلىتىش، كۆپ گەپ قىلىپ بېرىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئۇيغۇرلار مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى تولۇق، راۋان ئۇقتۇرالايدىغان بالىلارنى «ئەقىللىق بالا ئىكەن» دەيدۇ. دۇدۇقلاپ گېپىنى ئۇقتۇرالمىغان، گەپنى تاققا ـ تۇققا قىلىپ مەقسىتىنى ئۇقتۇرالمىغان جۈرئەتسىز بالىلارنى ياخشى تىل تەربىيىسى كۆرمىگەن، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، پەرزەنتلەرنىڭ تىلىنىڭ ئوچۇق ۋە راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق بىرقانچە خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش مۇۋاپىق:

بىرىنچى، پەرزەنتلەرنى تىلى چىقىشقا باشلىغاندىن تارتىپ ئېنىق، توغرا تەلەپپۇز بىلەن راۋان سۆزلەشكە ئادەتلەندۈرۈش لازىم. ئەگەر گېپىنى تولۇق تەلەپپۇز قىلالماسلىق ئەھۋاللىرى بايقالسا، جۈرئەتلىك بولۇشقا، تارتىنماسلىققا ئىلھاملاندۇرۇپ، گەپنى ئېنىق، دانە ـ دانە، ئالدىرىماي سۆزلەشكە ئادەتلەندۈرۈش؛ قىينىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندا، يېتەكلەش خاراكتېرىدە سۆزلىرىنى تولۇقلاپ بېرىش كېرەك. چۈنكى بەزى بالىلار تارتىنىش ۋە جىددىيلىشىش تۈپەيلىدىن گەپنى تولۇق تەلەپپۇز قىلالمايدۇ.

ئىككىنچى، بالىلارغا گەپ قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان چاغدىلا گەپ قىلىپ، قالغان چاغلاردا كارىمىز بولمىسا بولمايدۇ. زۆرۈرىيەتسىز چاغلاردىمۇ بالىلاردىن كۆپرەك نەرسىلەرنى سوراش يولى بىلەن غىدىقلاش لازىم. ئەگەر بالىلار بىرەر يەرگە بارغان بولسا شۇ يەرگە بارغاندىن كېيىنكى تەسىراتلىرىنى، نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىنى، نېمىلەرنى

قىلغانلىقىنى سۆزلىتىش، ئوينىغان، تۇرغان ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلىتىش، باشقىلارغا بولغان چۈشەنچىسىنى سۆزلىتىش كېرەك. بەزى چاغلاردا پالاننىڭكىگە بېرىپ «مۇنداق، مۇنداق دەپ كەل» دەپ بۇيرۇش، تېلېفوندا سۆزلىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن يېتەكلەش كېرەك.

ئۈچىنچى، مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ۋە مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن، بالىلار بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ئىشتىراك قىلىش. ئوقۇشتىكى تەسىراتلىرىنى، دەرسلەرنىڭ مەزمۇنلىرىنى سۆزلەپ بېرىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش، كىتابلىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈش يولى بىلەن بالىلارنىڭ تىل قابىلىيىتىنى، نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشقا بولىدۇ. بالىلار بىلەن ئانچە - مۇنچە بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە مۇنازىرىلىشىپ قويۇشمۇ بالىلارنىڭ پىكرىنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، تىلىنى راۋان قىلىدۇ.

ئاتا - ئانىلار پەرزەنت تەربىيىلەشتە ئانا تىل بىلەن خەنزۇ تىلى ۋە باشقا چەت ئەل تىللىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئىلمىي كۆزقاراشتا بولۇشى كېرەك.

قوش تىل ئۆگىنىش قەدىمدىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلەرگە قويغان مۇھىم تەلىپى بولۇپ كەلگەن. دىنىي ئېتىقاد ئېھتىياجىدىن بولسۇن، مەدەنىيەت نۇقتىئىنەزەرىدىن بولسۇن، ئۇيغۇرلار قوش تىللىق بولۇشنى دۇنياغا يۈزلىنىشنىڭ يول خېتى دەپ قاراشقان. قەدىمكى بۈيۈك ئالىملاردىن مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائىيلارمۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ئەڭ ئۇستىلىرى ھېسابلىناتتى. ئۇلار ھەتتا ئەرەب - پارس تىللىرىدا يۇقىرى سەۋىيىلىك ۋە پاساھەتلىك ئەسەرلەرنى يازغانىدى. بىراق ئۇلار شۇنداق كامالەتكە يەتكەن تۇرۇقلۇقمۇ ھەرگىز ئانا تىلدىن ۋاز كەچمىگەن، بەلكى ئانا تىلنى ئۇلۇغ بىلگەن ۋە ئانا تىلدا ئەسەر يېزىپ دۇنياغا تونۇلغان.

ھازىر ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ قوش تىللىق بولۇشىغا بەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. بولۇپمۇ شەرت - شارائىتى يار بېرىدىغان جايلاردا بالىلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش ۋە چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش ئىشتىياقى زور دەرىجىدە

يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، چەت ئەل تىلى كۇرسلىرى كۆپەيگەن. بۇ خىل
يۈزلىنىش ئەلۋەتتە كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئاتا - ئانىلار بۇنىڭ ئۈچۈن
خېلى كۆپ پۇل چىقىم قىلىۋاتىدۇ.

بىراق ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش، بەزى ئاتا - ئانىلار باشلامچىلىق
بىلەن پەرزەنتلەرنى ئانا تىلدىن ياتلاشتۇرىدىغان ئەھۋاللار باش كۆتۈردى.
بۇنىڭ ئىپادىلىرى مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، بەزى
ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرى ئۆزئارا ئالاقىدە ئانا تىلدا سۆزلىمەي، خەنزۇ
تىلدا سۆزلەشسە، بەزىلىرى يېرىم ئۇيغۇر تىلدا، يېرىم خەنزۇ تىلدا
سۆزلەپ ئەبجەش بىر تىلنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتسا ئۇنىڭغا توغرا تەدبىر
قوللانماقتا يوق، ئەكسىچە پەخىرلىنىدىغان، ھەتتا ئۆزى باشلامچى بولۇپ
خەنزۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان ئەھۋاللارنىمۇ ئۇچراتتۇق. يەنە بىرى، ھازىر
خېلى كۆپ ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى خەنزۇ مەكتەپلىرىگە بېرىش بىر
دولقۇنغا ئايلانغىلى تۇردى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانا تىلى مەڭگۈ خەنزۇ تىلى
بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئۇلار ئۈچۈن ئىككىنچى ئورۇندىكى قوشۇمچە
ئۆگەنگەن تىل بولىدۇ. ئۇ بالىلار ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئانا تىل
تەربىيىسى كۆرگەن بالىلاردەك قەلب ھېسسىياتىنى ئانا تىل بىلەن تولۇق
مۇكەممەل ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. ئۇلار ئانا تىل بىلەن پەقەت تۇرمۇشتىكى
ئاددىي ئالاقىنىلا ھۆددىسىدىن چىقالىشى مۇمكىن. مەن تونۇيدىغان ئالىي
مەكتەپتە ئوقۇغان خەنزۇ تىلدا ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىنغان بىرنەچچە
ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ئۇلار 5 يىل مۇنتىزىم ئۇيغۇر تىلدا دەرس ئاڭلاپمۇ،
كېيىن خېلى ئۇزۇن مەزگىل ئۇيغۇر تىلى بىلەن دەرس ئۆتۈشنىڭ
ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. بەزىلىرى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

بۇنداق بولۇشنىڭ نېمە سەۋەبى باردۇر، دەپ جەمئىيەتتىن ئەھۋال
ئىگىلەپ باقتىم. بەزى ئاتا - ئانىلار، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان بالىلار
خەنزۇ تىلىنى بىلمەيدىكەن، شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى يوق بولىدىكەن،
خەنزۇ مەكتەپلىرىدە ئوقۇسا ئىستىقبالى بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن. يەنە
بىر بۆلەك ئاتا - ئانىلار، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ شەرت - شارائىتى ناچار،
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن، خەنزۇ مەكتەپلىرىنىڭ شارائىتى ياخشى،

ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ساپاسى يۇقىرى، دەپ قارايدىكەن. بىرىنچى خىل قاراشنىڭ ئاساسى يوق. ئەگەر مەسىلىگە ئۇنداق قارايدىغان بولساق، مەنتىق جەھەتتىن خەنزۇ باللارنىڭ ئىستىقبالى بار، ئۇيغۇر باللارنىڭ ئىستىقبالى يوق دېگەن خاتا ئەقلىي يەكۈن چىقارغان بولۇپ قالىمىز. بىلىش كېرەككى، مىللىي مائارىپ پۈتۈن جۇڭگو مائارىپىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى، ئۇيغۇر مائارىپىمۇ سوتسىيالىزم ئۈچۈن، جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، كەلگۈسى ئۈچۈن، تەرەققىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلىدۇ، ئورتاق مائارىپ فاكچىنى بويىچە ئادەم تەربىيىلەيدۇ. ھازىر دەرسلىك مەزمۇنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. ئەگەر تىل پەرقى نۇقتىسىدىن ئىستىقبالى پەرقلىنىدۇ، دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇنداقتا مىللىي مائارىپنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاپ، بارلىق باللارنى خەنزۇ مەكتەپلەرگە بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلامدۇ؟

شۇنى بىلىش كېرەككى، مىللىي مائارىپ مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم كاپالەتچىسى. ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىستىقبال مەسىلىسىنى پەرزەنتلەرنى خەنزۇ مەكتەپلىرىگە بېرىش يولى بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، بەلكى مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاساس سالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر مائارىپى ھەرگىزمۇ مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغان مائارىپ ئەمەس، ئۇيغۇر مائارىپى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئانا تىلدا دەرس ئۆتۈش ئارقىلىق دۇنياۋى مەشھۇر ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىققانىدى. ھازىرمۇ شۇنچە كۆپ پروفېسسور ۋە دوكتورلارنى جەمئىيەتكە چىقاردى. خەنزۇ مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە (شارائىتى ياخشىراق مەكتەپلەردە) ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسىدا روشەن پەرق يوققۇ. تىل مەسىلىسىدىن قارىساق، ھازىر 3 - يىللىقتىن باشلاپ تاكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىدۇ. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن كۆپلىگەن باللار خەنزۇ تىلىدا راۋان ئالاقىلىشالايدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئانا تىلدىن

مەھرۇم قىلىشقا زورلايدىغان ھەرقانداق ۋاستىسىنى ئىستىقبال ئۇچۇن تىرىشىش دەپ قارىمايمىز. ئۇ شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىكتىن كېلىپ چىققان قۇرۇق باھانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەگەر ئاتا - ئانىلار ھەقىقەتەن پەرزەنتلەرنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلايدىغان بولسا، ئۇنى مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت ئىزچىللىقى ۋە ئانا تىلىنىڭ مۇكەممەللىكىدىن ئىزدىشى لازىم.

پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئانا تىلدىن مەھرۇم قىلىنىشتىنمۇ ئارتۇق يوقىتىش بولمايدۇ. چۈنكى «تىلدا خەلقنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ ۋەتىنى گەۋدىلىنىدۇ ... تىل خەلقنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ھەم كېلەچەك ئەۋلادنى مۇستەھكەم بىر پۈتۈنلۈككە، تارىخىلىق ۋە جانلىقلىق جەھەتتە جىپسىلىققا ئايلاندۇرغۇچى ئەڭ ھاياتىي، ئەڭ باي، ئەڭ مۇستەھكەم ۋاستىدۇر» (ئۇشىنسكىي) .

نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، ئانا تىلىڭنى قەدىرلىگەيسەن. ھەرگىز ئانا تىلىڭغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ئىش قىلما. ئۇيغۇر تىلى ھەرگىزمۇ دۇنيادىكى ئىلغار، مەدەنىي تىللاردىن كەينىدە قالىدىغان تىل ئەمەس. پىفاگور شۇنداق دېگەنىكەن: «بىر مىللەتكە تەۋە بولغان ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ قەدىرلەشكە تېگىشلىك نەرسىنىڭ تىل ئىكەنلىكىنى بىلگىنىڭدە، ئاندىن ئۆزۈڭنى بىلەلەيسەن.» تىلىنى يوقاتقان مىللەت — مەدەنىيىتىنىمۇ، ئاخىرى ئۆزىنىمۇ يوقىتىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئانا تىلغا تۇتقان پوزىتسىيىسى مىللەتكە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئالامەت. ئانا تىل شۇ مىللەتنىڭ قەلبىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان رىشتە. ئانا تىلىڭلا سېنى خەلق بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرالايدۇ. شۇڭا ئەلشىر نەۋائىي بۇۋىمىز: «تىلغا ئېتىبارسىز قارىغانلىقىڭ، ئەلگە ئېتىبارسىز قارىغانلىقىڭدۇر» دېگەن. ئانا تىل دېگەن نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرىقى ئەجدادلارنىڭ روھى ۋە تەپەككۇرىنىڭ جانلىق سىماسى بولۇپ، ئانا تىلىڭ ئارقىلىق خەلقىڭ بىلەن پىكىر ئالماشتۇرالمىسلىقىڭ نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ھال؟*

بالام، ئانا تىلدا سۆزلىمەي، باشقا تىللاردا سۆزلىشىشنى مەدەنىيلىك ھېسابلايدىغان ئادەملەرگە ئۇچرىساڭ جۇرئەتلىك نەسىھەت قىل. ئۇلار نەسىھىتىڭگە كىرمىسە ئۇلار بىلەن ئارىلاشما، ئۆزىنىڭ تىلىدىن يانغان، تانغان ئادەم ساڭا ۋاپا قىلمايدۇ. ئۇنداق ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئاقلاشقىمۇ سەۋەبى ۋە سالاھىيىتى يوق، ئانا تىلغا قىلغان ئاسىيلىق مىللەتكە، مىللىي مەدەنىيەتكە ۋە ئەجدادلارغا قىلغان ئاسىيلىق بولىدۇ، بۇ گېپىمنى ھەرگىز ئۇنتۇما.

بالام، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ۋە بىرەر چەت ئەل تىلىنى كۆڭۈل قويۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىۋالغىن. بۇ سېنىڭ دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىشىڭ، دۇنيا مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىشىڭ، باشقا مىللەتلەر ۋە دۇنيا خەلقى بىلەن قەلب ئالماشتۇرۇشىڭدا ئالتۇن كۆۋرۈك بولىدۇ. ھازىرقى دۇنيادا يالغۇز ئانا تىلنىلا بىلىپ، باشقا بىرەر تىل بىلمىگەن ئادەمنى يېرىم ئادەم دەيمىز. قوش تىللىق ئادەمنى قوش قاناتلىق قۇش دەپ تەسەۋۋۇر قىل. خەنزۇ تىلى ۋە باشقا چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگەنگەندە ئۇنى ھەرگىز ئانا تىلىڭنىڭ ئۈستىگە قويما. چەت ئەل تىلىنى بىلەتتىم دەپ تەمەننا قويۇپ، ئانا تىلىڭنى كەمسىتمە. ئانا تىلىڭنى كەمسىتكەنلىكىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭنى، مىللىتىڭنى كەمسىتكەنلىكىڭ بولىدۇ. كۆپ تىللىق بولۇش ئادەمنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بىراق ئۆز تىلىڭدا ھېسسىياتىڭنى ئېنىق، روشەن، جانلىق بايان قىلىپ بېرەلمىسەڭ، سېنى مەدەنىيەتلىك دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا، ئانا تىلىڭنى پۇختا ئۆگەنگىن، تىلىڭنى قانچىلىك بېيىتساڭ، تەپەككۇرۇڭ شۇنچىلىك ئۆتكۈرلىشىدۇ.

بالام، بىلسەڭ ئىدى، ئۇيغۇر تىلى ئىپادىلەش كۈچىگە باي، ئەركىن، جانلىق، گۈزەل، راۋان تىل. ئۇ قەلبىڭدىكى ھەرقانداق چوڭقۇر مەنىلەرنى ئەڭ روشەن ئىپادىلەپ بېرىشنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇڭا، «ئانا تىل بىلەن يۈز سۆزنىڭ تۈگۈنىنى بىر سۆز بىلەن يەشكىلى بولىدۇ» دەپ تەرىپلىگەن. شۇڭا ئانا تىلىڭنىڭ قەدرىگە يەتكىن ۋە ئۇنى بېيىتىش ئۈچۈن تىرىشقىن.

## 2. گەپ ـ سۆزدىكى ئەدەپ تەربىيىسى

سۆزۈڭنى كۆزەتكىن، بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن.
— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسرىدە مۇنداق بىر قىممەتلىك ئۇچۇرنى بەرگەن: تۈرك تىلىدا «قىلدى» سۆزى ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي ئالاقىگە ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، تۈركلەر ئاياللارنى ئىزا تارتىپ قالمىسۇن، دەپ شۇ سۆزنى ئاياللار قېشىدا ئىشلىتىشتىن ۋاز كەچكەن. بۇ مەلۇمات بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئۇيغۇر خەلقى ئەدەپ ـ ئەخلاقنى بەك قەدىرلەيدۇ ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقتا بەك ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. بولۇپمۇ گەپ ـ سۆزدىكى ئەدەپكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆلچىمىدە ئالدى بىلەن تىل مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، ئاندىن ھەرىكەتتىكى ئەدەپ تەكىتلىنىدۇ. بۇ ئىككى ئامىلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قەلبتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاققا باھا بېرىلىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا «ئەدەپ — ئەردەم بېشى تىل» دېگەن ماقال بار ئىدى، يەنى ئەدەپ ـ ئەخلاق تىلدىن باشلىنىدۇ ۋە تىلنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى ئەنئەنىسىدە تىل مەدەنىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ قالماي، بەلكى تىل ئەدەپىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن.

ئۇنداقتا، پەرزەنت تەربىيىسىدە تىل ئەدەپى جەھەتتىكى يېتەكچىلىكنى قايسى تەرەپلەردىن ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ؟

(1) راست سۆزلەشكە يېتەكلەش، يالغان سۆزلىمەسلىكنى تەكىتلەش تىل ئەدەپى تەربىيىسىگە قويۇلىدىغان بىرىنچى تەلەپ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ، تىلنىڭ ئەڭ يامىنى يالغان سۆزلەشتۇر دېگەن. ئەلىشىر نەۋائىي: «سۆزنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ئەمما يالغان سۆزدىن يامانراق تۈرى

يوقتۇر» ① دېگەن. شۇڭا، پەرزەنتلەرنىڭ يالغانچىلىققا ئادەتلىنىپ قېلىشى بىر ئاپەت. بۇ ئاپەتنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، ئاخىرى ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىنى يېيىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي: كىم يالغانچى ئاتالغان بولسا، ئۇ «قۇرئان» دىن دەلىل كەلتۈرۈپ سۆزلىسىمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، دېگەن. ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر كىشى يالغانچىلىق بىلەن تونۇلغانىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىپتۇ، ئۇ جار سېلىپ، پەرياد قىلىپ كىشىلەردىن ياردەم سورىغان بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق پەريادىغا ئىشەنمەي كارى بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆيى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە كۈلگە ئايلىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر دانا كىشى ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— كىمكى يالغان سۆزنى تولا قىلسا، ئۇنىڭ راست سۆزىمۇ خەلق ئالدىدا يالغان سانىلىدۇ. ئەگەر باشقىلار ساڭا ھىممەت كۆرسەتمىگەن بولسا، ئۇلاردىن رەنجىمەي ئۆزۈڭدىن رەنجىشىڭ لازىم.

بالىلارنىڭ يالغان سۆزگە ئادەتلىنىپ قېلىشىنىڭ مۇنداق بىرقانچە سەۋەبى بار: بىرىنچى، ئۇلار سىلەرنىڭ ئەيىبلىشىڭلاردىن قورقۇپ يالغان سۆزلەيدۇ. بىر قېتىم نەپ ئېلىۋالغان بولسىلا، كېيىنكى قېتىم يەنە شۇ يالغان بىلەن نەپ ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئىككىنچى، ئۇلارنىڭ راست ئېيتقان سەمىمىي سۆزىگە ئىشەنمىگەن چېغىڭىزدا ئۇنىڭغا زەربە بولۇپ، كېيىنكى قېتىمدا يالغان سۆز بىلەن ئېغىزىڭىزنى تۇۋاقلىماق بولىدۇ. ئۈچىنچى، يالغانچىلىق مەنپەئەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە ۋىجدانسىزلىقتەك يامان خاراكتېر ئۆزلىشىپ قالغان بالىلاردا كۆپرەك بولىدۇ. تۆتىنچى، سىلەر بالىلارغا يالغان سۆزلىسەڭلار، ئۇلارمۇ ئەلۋەتتە سىلەرنى دورايدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ يالغان سۆزلىشىگە يوچۇق ئېچىپ بەرمەسلىكى، ئۇچۇق كۆڭۈللۈك ۋە سەۋرچانلىق بىلەن ئۇلارنى راست سۆزلەشكە ئۈگىتىشى، نەسىھەت ئارقىلىق راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىقنىڭ ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تونۇتۇشى كېرەك.

---

① ئەلىشىر نەۋائىي: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، 178 - بەت.

## نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، ھەرقاچان كىشىلەر ئارىسىدا راستچىل دېگەن ياخشى ئاتاقنى ئېلىشقا تىرىشقىن، ھەرگىز يالغانچى ئاتىلىپ قالما، يالغانچىلىق بىلەن ئۆزۈڭنى بۇلغىما، يۈزۈڭگە قارا سۈۋۈما. يالغان سۆز ھەرقانچە بېزەك بىلەن ئېيتىلغان بىلەن ھامىنى يۈزۈڭنى يەرگە قارىتىدۇ. يالغانچىلىق بىلەن ئېرىشكەن پايداڭدىن ئاخىرى تارتقان زىيىنىڭ زىيادە بولىدۇ. دانالار دېگەنكى، يالغاننى راستتەك سۆزلەيدىغان سۆزمەن كۈمۈشكە ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىدىغان زەرگەرگە ئوخشايدۇ. يالغان سۆز ئاز بولسىمۇ گۇناھ، زەھەرنىڭ مىقدارى ئاز بولسىمۇ ئادەم ئۆلتۈرىدۇ. راست سۆز يۈزۈڭنى يورۇق قىلىدۇ، خەلق ئارىسىدىكى ئابرۇيۇڭنى كۆتۈرىدۇ.*

پەرزەنتلەر ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا، ئۇلارنى راست ۋە يالغاننىڭ ماھىيىتى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئوينايدىغان ياخشى - يامان رولى توغرىسىدىمۇ چوڭقۇرراق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

*بالام، راست سۆز دەپ ھەممە گەپنى تىلغا ئېلىۋېرىشمۇ ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ، بەزى چاغلاردا باشقىلارغا ياردىمى بولىدىغان بولسا ۋە بىرەر ئادەمنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان بولسا يالغان ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان راست سۆزدىن، باشقىلارنىڭ جېنىغا ئارا تۇرالايدىغان يالغان سۆز ئەۋزەلرەك. ھېكايە قىلىنىشىچە: بىر پادىشاھ بىر ئەسىرنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان. ئۇ بىچارە ئۈمىدسىز ھالەتتە پادىشاھنى يامان تىل بىلەن تىللاشقا باشلىغان، چۈنكى، كىمكى جېنىدىن ئۈمىد ئۈزسە كۆڭلىدىكى جىمى گېپىنى دەۋالىدۇ ئەمەسمۇ.*

*پادىشاھ سوراپتۇ: «ئۇ نېمە دەۋاتىدۇ؟» ، ئالىيجاناب ۋەزىرلەردىن بىرى جاۋاب بېرىپ: «ئەي پادىشاھىم ئۇ ئېيتىدۇكى، جەننەت — غەزىپىنى يۇتقۇچىلار ۋە خەلقىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرگۈچىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان دەيدۇ» دەپتۇ.*

*پادىشاھنىڭ ئۇ ئەسىرگە رەھمى كېلىپ ئۇنىڭ خۇنىدىن ئۆتۈپتۇ. لېكىن بايىقى ئالىيجاناب ۋەزىرگە زىت بولغان يەنە بىر ۋەزىر: «بىزنىڭ*

خەلقىمىزدىكى كىشىلەرگە پادىشاھ ھۇزۇرىدا راست سۆزدىن باشقىنى دېيىش لايىق ئەمەس. بۇ ئەسىر پادىشاھىمىزغا دەشنام بېرىپ، نالايىق سۆزلەرنى قىلدى» دەپتۇ. پادىشاھ بۇ سۆزدىن بويىنىنى تولغاپ، مۇنداق دەپتۇ: «ماڭا سېنىڭ راست سۆزۈڭدىن كۆرە، ئۇنىڭ يالغان سۆزى ماقۇل كەلگەنىدى. چۈنكى ئۇنىڭ يالغان سۆزى يارىشىش جەھەتتىن ئېيتىلغان، سېنىڭ راست سۆزۈڭ يامانلىق قىلىشقا قارىتىلغان. ھالبۇكى، ئاقىللار پىتنە تۇغدۇرىدىغان راست سۆزدىن ياخشىلىق يەتكۈزىدىغان يالغان سۆز ئەۋزەل دېگەن.» يەنە بىر ھېكايە كەلتۈرەي: ھەججاج زالىم نەچچىلىگەن كىشىنى گۇناھكار قىلىپ ئۆلتۈرگەنىدى. ئاخىرى يەنە بىر كىشىگە نۆۋەت كەلدى، ئۇ كىشى:

— ئەي ئەمىر، سەن ئۈچۈن مېنىڭ قىلغان خىزمىتىم بار: پالانى دۈشمىنىڭ قەبىھ تىل بىلەن سېنىڭ غەيۋىتىڭنى قىلغانىدى، مەن «ھەججاجنىڭ يامانلىقىدىن ياخشىلىقى تولا، سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن» دەپ مەنئى قىلدىم، — دېدى.

— گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ھەججاج.

ئۇ كىشى شۇ مەجلىستە ئولتۇرغان بىرسىنى كۆرسەتتى. ئۇ كىشىنىڭ بۇ ۋەقەدىن خەۋىرى يوق ئىدى، ئەمما ھېلىقى كىشىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن «راست ئېيتىدۇ» دەپ گۇۋاھلىق بەردى.

— سەنمۇ بار ئىكەنسەن، نېمە ئۈچۈن شۇڭا ئولتۇردۇڭ، — دەپ سورىدى ھەججاج.

— مەن، — دېدى گۇۋاھلىق بەرگۈچى كىشى، — ئۇ ۋاقىتتا سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا كېلىپ ئىنئام - ئېھسانىڭنى كۆرگەن ئەمەسمەن. شۇڭا، ئۇنىڭ غەيۋەت قىلغىنى ماڭىمۇ خوش كەلدى. شۇ سەۋەبتىن مەنئى قىلمىدىم.

ھەججاج ئۇلار راست سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ئىككىسىنى ئازاد قىلدى.

(2) سۆزلەش ئەدەپكە قويۇلىدىغان يەنە بىر تەلەپ، پەرزەنتلەرنى گەپنى قىسقا، مېغىزلىق قىلىشقا، مەنىلىك، ئورۇنلۇق سۆزلەشكە ئادەتلەندۈرۈش؛ ئۇزۇن، بىمەززە سۆزلەپ كىشىلەرنى بىزار قىلماسلىققا

ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك.

ئۇيغۇر خەلقى گەپنى تولا قىلغان كىشىلەرنى ئەدەپسىز، لاۋزا، دەپ قارايدۇ. چۈنكى كۆپ گەپ قىلغۇچىلار پەقەت ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىدۇ، مەمەدانلىق ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۇلارنىڭ مەقسىتى، باشقىلارغا گەپ بەرمەسلىك ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، گەپكە قوشۇق سېلىش ئۇلارنىڭ ئادىتى. شۇڭا، پەرزەنتلەرگە كىچىكىدىن باشلاپ سۆھبەتلىشىش قائىدە - يوسۇنلىرى، ئاممىۋى سورۇنلاردىكى سۆزلەش ئەدەپلىرى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش ۋە نەسىھەت قىلىش كېرەك.

نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىممىتى بولىدۇ، تىلنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ مەنىسىدە، مەنىسىز تىلنى بىر چاڭگال لاي بىلىش كېرەك. ئەمما ھەرقانداق ئەزىز نەرسىلەرمۇ زۆرۈرىيەتسىز چاغدا ئىشلىتىلسە قەدىر - قىممەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. تىل سېنى ئەرمۇ قىلىدۇ، يەرمۇ قىلىدۇ. ئورۇنسىز يەردە گەپدانلىق قىلىش، ھەرقانداق سورۇندا بولساڭ كۆپ سۆزلەشتىن ھەزەر قىل. ئىككى نەرسە ئەقىلسىزلىق جۈملىسىگە كىرىدۇ، بىرى، زۆرۈر چاغدا سۆزلىمەسلىك، يەنە بىرى، ئورۇنسىز چاغدا كۆپ سۆزلەپ چېكىدىن ئېشىپ كېتىش. قىسقا، ئورۇنلۇق سۆز ئەيىبنى ياپىدۇ، ئۇزۇن سۆز نادانلىقىڭغا شاھىت بولىدۇ. بالام، كۆپ سۆزلەش دېگەنلىك سورالماستىن، زۆرۈرىيەتسىز چاغدا سۆزلەۋېرىشتۇر. ئورۇنسىز چاغدا قىلىنغان سۆز ھەرقانچە قىممەتلىك ۋە پاساھەتلىك بولسىمۇ، باشقىلارغا تېتىمايدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە بىئاراملىق جاپاسىنى سالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆپ گەپ قىلغان كىشىدە ئەيىب ھەم كۆپ كۆرۈلىدۇ، ئالدى بىلەن دېيىلمەيدىغان سۆزلەرنىمۇ دەپ قالىسەن، يالغان - ياۋىداق سۆزلەرگىمۇ ئورۇن بېرىپ قالىسەن، يەنە بىرى، ئۆزۈڭنىڭ بەزى پىنھان سىرلىرىڭنىمۇ ئاشكارىلاپ قويىسەن. ئۆزۈڭ بىلىدىغان، ئۆزۈڭگە مۇناسىپ سۆز بولسا سۆزلىگىن. ئىمكان بار سورۇنغا قاراپ گەپ قىل. ھەرگىز ئۆزۈڭنىڭ پىكرىنى يورغىلاتما، بەلكىم سورۇندا سەندىنمۇ بىلىملىك، ئەقىللىق*

ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن. سۆزلىرىڭ ئۇلارنى قايىل قىلالىغۇدەك، ئۇلارغا نەپ بەرگۈدەك بولسا، ئۇلارنى ھاياتنىڭ مەلۇم تەرىپى توغرىسىدىكى چۈشەنچىدىن مەنپەئەتدار قىلالىساڭ، سەنمۇ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرە ئالالىساڭ بۇ سۆھبەت ئەھمىيەتلىك بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۆزۈڭلا ۋالاقشىپ باشقىلارغا پۇرسەت بەرمىسەڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار سەندىن قاچىدۇ، سېنى سۆھبەتكە قاتناشتۇرمايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇنداق سۆھبەتلەردىن ئالىدىغان مەنپەئەتىنىمۇ قۇرۇق قالىسەن.

بالام، مۇمكىن بولسا دانالارنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بول، نادانلارنىڭ سۆھبىتىدىن قاچ. ئالىملارنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولساڭ ئاڭلاشنى ۋەزىپە قىلغىن، ئۇيغۇرلاردا «ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇياقتىن» دېگەن گەپ بار. بىلىملىكلەرنىڭ سۆزى باھار يامغۇرىغا ئوخشاش كۆڭۈل ئېتىزلىرىنى ياشارتىدۇ، مۇراد گۈللىرىنى ئېچىلدۇرىدۇ. ئالىملارنىڭ سۆزى ساپ ۋە ئارامبەخش بولۇپ، چاڭقىغان دىللارغا شىپالىق بېرىدۇ. سەن چوڭلارنىڭ گېپىگە ھەرگىز قوشۇق سالما، ئۇلارنىڭ گېپىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ مۇناسىپ بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋال. دانىشمەنلەر شۇنداق دېگەنكى، ھېچكىم ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، بىركىم سۆزلەۋاتقاندا گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا قوشۇق سېلىپ گېپىنى بۆلۈۋېتىش ئەڭ چوڭ نادانلىق. بالام، سۆزلەشنىلا بىلىپ، باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئېتىبار قىلماسلىق يامان ئەخلاقسىزلىق. بىلسەڭ، ئاڭلاش سۆزلەشكە قارىغاندا ساڭا كۆپرەك نەرسە بېرىدۇ. ئۇ ساڭا قەدىر - قىممەت بېرىدۇ، سۆزدە يېڭىلىشىپ قېلىشتىن ساقلايدۇ، باشقىلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئېرىشىدىغان مەنپەئەتتىن بەھرىسىز قويمايدۇ.

بالام، بىلىدىغان نەرسىلىرىڭ بولسا كىشىلەردىن يوشۇرما. بىلمەيدىغان ئىشلار ھەققىدە گەپ بولغاندا ئېغىز ئاچما. ئۆزۈڭگە روشەن بولغان چۈشەنچىلەر ھەققىدە پىكىر قىل. سەن ئۇچۇن غۇۋا نەرسىلەر توغرىسىدا گەپ بولغاندا تىلىڭنى تارت. بالام، باشقىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۇلارنىڭ تىلىغا، تىلىدا ئىپادىلىنىۋاتقان مەنىگە قاراپ باھا بەرگىن، ھەرگىز ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچىكىگە قاراپلا قارىغۇلارچە

چوقۇنما ياكى مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قارىما. ھېكايە قىلىنىشىچە، ئۇلۇغ ئالىم فارابى شامغا قىلغان بىر قېتىملىق سەپىرىدە، سەيپۇل دەۋلەنىڭ ① ئوردىسىغا قەدەم تەشرىپ قىپتۇ. بۇ چاغدا ياش پادىشاھنىڭ سارىيىغا توپلانغان مۆتىۋەرلەر ھەر خىل ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلىشىۋاتقانىكەن. ئۇلار ئۈستىگە تۈركىي كىيىم كىيگەن، پۇتىغا زەرپۇل دەپ ئاتىلىدىغان ئۇچى ئۇچلۇق ئۆتۈك كىيگەن بۇ كىشىنى تونۇمايتتى. پادىشاھ بۇ ناتونۇش كىشىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندا، فارابى پادىشاھتىن «خالىغان جايدىمۇ ياكى بەلگىلەنگەن جايدىمۇ؟» دەپ سورىغان. سەيپۇل دەۋلە، خالىغان جايدا ئولتۇرۇڭ، دەپ ئىجازەت بەرگەن. فارابى كىشىلەر ئالدىدىن ئۆتۈپ، توپ - توغرا سەيپۇل دەۋلە يېنىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرغان. سەيپۇل دەۋلەنىڭ يېنىدىكى مۇھاپىزەتچى مەملىك ئۆزلىرى چۈشىنىدىغان ئايرىم بىر تىل بىلەن سەيپۇل دەۋلەگە «بۇ شەيخ ئەدەپسىزلىك قىلدى، مەن ئۇنىڭغا بىرقانچە سوئال قويۇپ كۆرەي، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسە، ئۇنىڭ جازاسىنى بېرىپ، ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرايلى» دېگەن. فارابى بۇ تىلنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا، دەرھال: «ئەمىر ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ھەرقانداق ئىشقا پەقەت ئۇنىڭ ئاخىرىدىلا باھا بېرىش كېرەك» دەيدۇ. سەيپۇل دەۋلە فارابىدىن «سىز بۇ تىلنى بىلەمسىز؟» دەپ سورىغاندا، فارابى «بىلىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سۆھبەت باشلىنىپ كېتىپتۇ. ھەر خىل ئىلمىي تېمىلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ. پەقەت فارابىلا بۇ مەسىلىلەرگە روشەن ئىزاھات بېرەلەپتۇ. سورۇن ئەھلى ئۇنىڭغا قايىل بوپتۇ. دېمەك، بالام، ئادەم ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالىغاندىلا سۆھبەتكە سۆز قىستۇرۇشى، تۇمەن مەنىلەرنىڭ تۈگۈنىنى بىر سۆز بىلەن يېشىشى كېرەك. كۆپىنچە ئادەم ئۆزىنى ئادەتتە ۋۇجۇد قەپىسىگە سولاپ ياشايدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ كىملەر بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقى ۋە تىلىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ قەلب

---

① سەيپۇل دەۋلە — شىمالىي سۇرىيە ھۆكۈمرانى، ھەمدان سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى، 943 - يىلى دەمەشقنى پايتەخت قىلغان.

*كۆرنى ئېچىش مۇمكىن. كونىلارنىڭ غىلاپقا قارىماي پىچاققا قارا دېگىنى مانا شۇ. قاپىنىڭ ئىچىدە بىگىزنى يوشۇرۇپ قالالمايسەن. قەلب ئۆيۈڭنى پاكىز تازىلاپ سۆزلىرىڭنى گۈزەل، چىرايلىق، قىسقا، مەنىلىك قىلغىن. تىل دېگەن قەلبىڭنىڭ مېۋىسى، بالام.*

(3) پەرزەنتلەرگە بېرىلىدىغان سۆزلەش ئەدەپى تەربىيىسىنىڭ يەنە بىر مەزمۇنى — بالىلارنى سىلىق، ئىلمىي، چىرايلىق گەپ قىلىشقا ئۆگىتىش، قوپال، سەت، تۇتۇرۇقسىز گەپ قىلىشتىن چەكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مەدەنىيەتلىك مىللەت بولۇشنىڭ بىر شەرتى كىشىلەردىن ئۆزئارا مۇئامىلە، مۇناسىۋەت قىلغاندا ناھايىتى ئىلمىي، سىلىق، خۇشخۇي، ئوچۇق - يورۇق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھە دېگەندە تولۇلاپ - ۋارقىراش، كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن ئېغىزىغا ئەسكى تىللارنى ئېلىپ باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىش، قوپاللىق، تېرىككەكلىك ۋە قىزىل ئۆپكىلىك قىلىش مەدەنىيەتسىزلىك، ياۋايىلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەدەنىيەتلىك ئىلمىي ئادەملەرمۇ خېلى بار، لېكىن قوپال، تولۇق، ئۆكتەم، ھاياسىز ئادەملەرمۇ ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ بەزى قىلىقلىرى، ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان ئەسكى گەپ ئادەمنى سەسكەندۇرىدۇ.

بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بىزنىڭ كۆزىتىشىمىزگە قارىغاندا، بىرىنچىدىن، تەربىيىلەنمىگەن قارا قورساق كىشىلەردە مۇنداق يامان ئادەت كۆپرەك ئىكەن. ئىككىنچىدىن، ئائىلىسىدىكى يامان ئادەت پەرزەنتلەرگە يۇقۇۋاتىدىكەن. بەزى ئائىلىلەردە ئاتا-ئانىلار ئەسەبىيلەشكەندەكلا ھەرقاچان چالۋاقاپ تۇرىدىكەن، بالىلىرىنى ئەسكى تىللار بىلەن تىللايدىكەن، ياخشى، سىلىق گەپ قىلىسمۇ بولىدىغان يەرگە ئورۇنسىز ھالدا شۇنداق قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئائىلىدىكى مۇنداق كەيپىيات بارا - بارا بالىلارغا سىڭىپ ئادەت كۈچىگە ئايلىنىپ قالغان. ئۈچىنچىدىن، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىدىكى ئاشۇنداق ناچار ئادەتلەر بارا - بارا ئومۇملىشىپ قالغان. يوشۇرماي ئېيتىش كېرەككى، ھەربىر يۇرتتا ھازىر مەلۇم ئەسكى تىل «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن ھۆرمەتلىك سالىمىمىزنىڭ

ئورنىنى ئىگىلەپ كەتكەن، «ھەي سولامچى ياخشىمۇسەن»، «ھەي جالاپنىڭ بالىسى نەگە باردىڭ» دېگەندەك. مەن ئوقۇۋاتقان چېغىمدا بىر ساۋاقدىشىمىز بار ئىدى، ئۇ ھەر بىر گەپنى قىلسا «جالاپنىڭ بالىسى» دېگەن گەپنى قىلاتتى. بىر كۈنى مېنىمۇ شۇنداق دېدى. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى ئۇرۇپ قويدۇم. كېيىن باشقىلار يىغىلىپ كەتتى. ئۇ دەيدۇكى: بىز ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمىزنى شۇنداق دەيمىز. دېمەك، بىز ئۆزىمىز دەۋاتقان گەپنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قانداق تەسىر بېرىدىغانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويغان. بۇ جەھەتتە ئاتا-ئانىلار ئۆزىمىزگىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇشىمىز، پەرزەنتلەرگىمۇ ياخشى نەسىھەت قىلىپ تۇرۇشىمىز لازىم.

### نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، سىلىق، ياخشى، گۈزەل سۆزلۈك بول. تىل دېگەن ياخشى، چىرايلىق سۆزلەش ئۈچۈن بېرىلگەن. ئادەمنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەزاسى تىل بىلەن قەلب، بۇ گۆھەرنى ئەسكى، ناچار، قوپال سۆزلەرنى قىلىپ بۇلغىساڭ، گۆھەرنى نىجاسەتكە ئاتقاندەك ئىش بولىدۇ. دانالار، «ئاغزىغا كەلگەننى دېمەك نادانىنىڭ ئىشى، ئالدىغا كەلگەننى يېمەك ھايۋاننىڭ ئىشى» (نەۋائىي) دېگەن. قوپال مۇئامىلە دېگەن ئوچۇق قەلبلەرنى تاقاپ قۇلۇپ سالىدۇ. يۇمشاق سۆز تاشنى ئېرىتىپ يۇمشىتىدۇ. «تىل تىغى بىلەن گۇناھسىز ئادەمگە ئازار بېرىش ساغلام قان تومۇرغا نەشتەر ئۇرۇپ نابۇت قىلغانغا ئوخشاش» (نەۋائىي). بولسا يىرىك سۆزگىمۇ يۇمشاق جاۋاب بېرىشكە ئادەتلەنگىن. ئۇ چاغدا باشقىلار سېنى ئەقىللىق، مەدەنىيەتلىك ھېسابلايدۇ، قارشى تەرەپنى ئەدەپسىزلىك، مەدەنىيەتسىزلىكتە ئەيىبلەيدۇ. ھەرقانداق سۆزنى قىلغاندا مەقسەتلىك، نىشانلىق قىلىپ دەل جايىغا تەگكۈزگىن. سۆزۈڭگە ھەردائىم ھېزى بول، ئۇ نەدىن چىقتى، نەگە بارىدۇ بىلىپ، ئويلاپ ئاندىن سۆزلە. سۆزنىڭ قانچىلىكىنى دېيىش، قانچىلىكىنى دېمەسلىك، نېمىنى دېيىش، نېمىنى دېمەسلىك كېرەكلىكى ھەققىدە ئەقىل بىلەن ئوبدان كېڭەشكىن. تىل دېگەن ئەقىلدىن چىققىنى ياخشى. سۆز خەزىنىسىدىن ياخشى سۆزمۇ چىقىدۇ، يامان سۆزمۇ چىقىدۇ،*

زەھەرلىك سۆزمۇ چىقىدۇ، شېرىن سۆزمۇ چىقىدۇ. بۇلارنى ئوبدان بايقاپ تىل ئاچساڭ، قەلب دېگىنىڭدىن راستچىللىق، ھەققانىيلىق، توغرىلىق، پاكلىق ۋە ئادالەت ئۈنچىلىرىنى ياغدۇرساڭ، ئۇنىڭ پايدىسى مۆلچەرلىگۈسىز. ئەقىل بىلەن ئېيتىلغان سۆزنىڭ ھىممىتى بىلەن ئەڭ تۆۋەن يەردە تۇرغان كىشى ئىززەت قولى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ ھۆرمەت تۆرىگە ئېرىشىدۇ.

بالام، قۇرۇق چۇقان - سۈرەن، ۋارقىراپ - جارقىراشلار بىلەن ھېچ ئىشنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، بەلكى ئىشلىرىڭنى تېخىمۇ چىگىشلەشتۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا، ئاقىللار دېگەنكى: تاتلىق سۆزلۈك سويار دۈشمەن پوستىنى، قوپال سۆزلۈك دۈشمەن قىلار دوستىنى. قوپاللىق خۇددى قىڭغىرلىقتەك روھىي مېيىپلىقنىڭ ئالامىتى بالام. ئۇنداق ئادەت ئىززەت - ھۆرمىتىڭنى يەرگە ئۇرىدۇ. ئەگەر ئىشەنمىسەڭ قوپال، يىرىك سۆزلۈك ئادەملەرنىڭ ساڭا قىلغان مۇئامىلىسىگە قاراپ باق، بولمىسا قوپاللىق قىلغان ۋاقتىڭدا ئەينەككە قاراپ باققىن، مېنىڭ نەزەرىمدە قوپال، يىرىك تىللىق، چېچىلغاق ئادەم نېرۋىسىدىن يېرىم كەتكەن ئادەمدۇر.

بالام، تىلدىكى قوپاللىقنىڭ يەنە بىرى، ئورۇنسىز سوئالدۇر. ئورۇنسىز سوئالمۇ قوپال جاۋابقا سەۋەب بولىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەت دېگەن ئەكس ساداغا ئوخشايدۇ. سەن باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلساڭ شۇنداق جاۋابقا ئېرىشىسەن. ھېكايەتلەردە ئېيتىلىشىچە: بىر جوھۇت يەنە بىر مۇسۇلمان بىلەن سۆز تالىشىپ قاپتۇ. مۇسۇلمان دەپتۇكى: «ئەگەر بۇ نەرسەمدىن جالىق كۆرۈلسە جوھۇت بولۇپ ئۆلەي.» شۇ چاغدا جوھۇتمۇ ئاچچىق بىلەن «ئەگەر سۆزۈم يالغان بولسا، ‹تەۋرات› بىلەن قەسەمكى، سەندەك بىر مۇسۇلمان بولۇپ كېتەي.» دېمەك، باشقىلارنىڭ زىتىغا تەگسەڭ، سەنمۇ ئاچچىق تىل ئاڭلايسەن. سەن باشقىلاردىن بىزار بولساڭ، باشقىلار سەندىن يۈز ھەسسە بىزار بولۇشى مۇمكىن. سەن باشقىلارنى مەنسىتمىسەڭ باشقىلارمۇ سېنى مەنسىتمەيدۇ. ھېكايە قىلىنىشىچە: بىر تۇتى قۇشنى قاغا بىلەن بىر قەپەسكە سولاپ قويغانىكەن. تۇتى قاغىنىڭ

يېقىمسىز كۆرۈنۈشىدىن يىرگىنىپ شۇنداق دەپتۇ: «بۇنىڭ تەلەتى نېمىدېگەن سەت، قىياپىتى نېمىدېگەن خۇنۈك، تۇرقى نېمىدېگەن يىرگىنچلىك، قىلىقى نېمىدېگەن ئەسكى! ئەي جۇدالىق قاغىسى، كاشكى ئارىسىز ئىككى مەشرىق ئارىلىقىدەك يىراق بولۇپ قالسىچۇ! » شۇنىسى قىزىقكى، قاغمۇ تۇتى بىلەن بىللە بولۇپ قالغانلىقىغا جېنىدىن بىزار بولۇپ خاپىچىلىقتا قالغان. ئۇمۇ «لاھەۋلە» ① ئوقۇپ، پەلەكنىڭ تەتۈر چۆرگىلىگەنلىكىدىن نالىغان ۋە مەيۈسلۈك قولىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ مۇنداق دېگەن: «بۇ نېمىدېگەن شور پېشانىلىق، نېمىدېگەن تەلىيى پەسلىك، نېمىدېگەن تۇراقسىز كۈنلەر! مەن باشقا قاغىلار بىلەن بىللە باغنىڭ تاملىرىدا سۆلەت بىلەن يۈرگەن بولسام، ئۆزۈمنىڭ قەدىر-قىممىتىگە لايىق بىر ئىش بولماسمىدى! مەن نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم. ئۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن تەقدىر مېنى ئاشۇنداق بىر مەنمەنچى، ئەخمەق، ۋالاقتەككۇر نائەھلىنىڭ سۆھبىتىگە كىرگۈزۈپ قويۇپ، مۇشۇنداق بالا - قازا رەنجىگە گىرىپتار قىلدى!

سۈرىتىڭ بولسا، تامنىڭ قېشىدا،
ھېچ كىشى كەلمەي، ئارقىغا يانار.
جەننەتتە بولسا گەر تۇرار جايىڭ،
كىشى دوزاقنى قىلار ئىختىيار.

بالام، قوپاللىقىنىڭ يەنە بىرى، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ۋە لەقىمىنى ئاتاپ گەپ قىلىشتۇر. «ساقىنى تاز دېسە كۆلگىسى كېلۇر، تازنى تاز دېسە ئۆلگىسى كېلۇر» دېگەن گەپ بار. باشقىلارنىڭ ئەزان توۋلاپ قويغان ئىسمىنى تولۇق ئاتاپ چاقىرساڭ يېقىنلىق ئىپادە قىلغان بولىسەن. لەقىمىنى ئاتاپ ھاقارەت قىلساڭ قەلبىگە داغ سالىسەن. ھەتتا دۈشمىنىڭ بولسىمۇ توغرا سۆز بىلەن گەپ قىل، قوپال، يىرىك سۆز قىلما.

① لاھەۋلە — بۇ يەردە خۇدا مېنى قۇتقۇزغىن دېگەن مەنىدە.

قوپاللىقنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. كونىلارنىڭ بىر ئەقىدىسى باركى، «يۇمشاق قۇرت قاتتىق ياغاچنى يەيدۇ.» ھەرقانچە ئۇرۇش - تالاش قىلىپ قالساڭمۇ تىل - ھاقارەت ئىشلەتمە. كىشىنىڭ ئەيىبىنى دېمە. بۇ سېنى زەئىپ - بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

بالام، ھەرقانداق سۆزنى دېگەندە ئېھتىيات بىلەن سۆزلىگىن. «ئېغىزدىن چىققان سۆز ئورنىدىن چاچرىغان كۆز» دېگەن گەپ بار. سۆز دېگەن ئاتقان ئوققا ئوخشاش قايتۇرۇۋېلىش مۇشكۇل. «زۇۋانغا كەلدى زىيانغا كەلدى» دېگەن مەسەل بار. ئورۇنلۇق سۆز نۇرغۇن گىرەلەرنى ئېچىۋېتىدۇ، ئورۇنسىز سۆز قىلغۇچى ئېغىر زەنجىرگە باغلىنىدۇ. ئاڭلىغانمىدىڭ، بەدەنگە جان كىرگۈزىدىغان سۆزمۇ بار، ئېيتقۇچىنىڭ بېشىنى شامالغا سورۇيدىغان سۆزمۇ بار. ھېكايە قىلىپتۇرلەركى: بىر پادىشاھ چۈشىدە، ئوتتۇز ئىككى تال چىشى پۈتۈنلەي تۆكۈلۈپ كېتىپ چۈشەپ قاپتۇ. بۇ چۈشىنى مۇنەججىم - تەبىرچىلەرگە ئۆرۈتكەنىكەن. بىر مۇنەججىم ناھايىتى قوپاللىق بىلەن: «ئالىيلىرى، پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى سىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدىكەن» دەپ تەبىر بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن شاھ بۇ مۇنەججىمنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىپتۇ. يەنە بىر مۇنەججىم بۇ چۈشكە مۇنداق تەبىر بېرىپتۇ: «ئالىيلىرى، سىلى پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەنلا.» بۇ تەبىر شاھقا ماقۇل كېلىپتۇ ۋە نۇرغۇن مۇكاپات بېرىپتۇ.

كۆردۈڭمۇ، ھەر ئىككى تەبىرنىڭ چىقارغان خۇلاسىسى ئەمەلىيەتتە ئوخشاش. لېكىن گەپنى ئورۇنلۇق قىلالماي، قوپال تىل ئىشلەتكىنى ئۈچۈن بىرى بېشىنى بەردى، يەنە بىرى، ئەقىل بىلەن گەپكە ماھارەت لىباسىنى كىيدۈرگەنلىكى ئۈچۈن مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بالام، يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلغىنكى، سۆزلىگەندە ھايا بىلەن سۆزلىگىن. ئادەمگە ھاياسىزلىق بەك ئەيىبتۇر، دېدىم دەپ ھەممە گەپنى ئوچۇق دېيىشكە بولمايدۇ ھەم ھەممە ئەزانى تىلغا ئېلىۋېرىش تېخىمۇ يارىمايدۇ. قىز - ئوغۇللار ئارىسىدا دەيدىغان گەپمۇ بولىدۇ، دېمەيدىغان گەپمۇ بولىدۇ. چوڭلارنىڭ ئارىسىدا دەيدىغان گەپمۇ بولىدۇ، دېمەيدىغان

گەپمۇ بولىدۇ. ھەرقانداق سورۇندا ھايا بىلەن سۆزلىگۈلۈك، ھايا بىلەن ئىنسان قاتارىدا سەن، ھايا كۆتۈرۈلسە ھايۋان سانىلىسەن، ھەتتا كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالساڭمۇ ئەتراپىڭغا بېقىپ ھايا بىلەن تىل يارغىن. باشقىلارنىڭ ھاياسىزلىقىدىن ئىبرەت ئالغىن. ھاياسىز ئادەم كىشىلەرگە ئەڭ سەت كۆرۈنىدۇ. ئەگەر ھاياسىزلارنىڭ سورۇنىغا كىرىپ قالغۇدەك بولساڭ ئۆزۈڭنى ئېلىپ قاچ، بولمىسا كۆڭلۈڭنى غەش قىلىۋالىسەن. ھايا پەردىسى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن يەردە ئەدەپ - قائىدىگە ئورۇن قالمايدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ھايا يوق يەردە ئىمان يوق» دېگەن گەپ بارغۇ. ھاياسىز ئادەم ئەڭ پەزىلەتسىز ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، نادان، پەزىلەتسىز ئادەملەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالما. ئۇرۇشساڭ ھەرگىز ئۇلاردىن ھايا كۈتمە. شۇڭا، مەھمۇد قەشقەرى بوۋىمىز شۇنداق ئاگاھلاندۇرغانكى: «ياۋاش بىلەن ئۇرۇش، يۈزسىز بىلەن ئېيتىشما؛ ياۋاش ئېغىرىڭنى كۆتۈرىدۇ، يۈزسىز بولسا سېنى شەرمەندە قىلىدۇ.» ①

پەرزەنتلەرگە يەنە شۇنى ئەسكەرتىشكىلار كېرەككى، ھەزىل - چاقچاق بار يەردە ھايا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «چاقچاقنىڭ ئاخىرى جاقجاق» دېگەن گەپ بار، بالام، ھەرقانداق ھەزىل - چاقچاق يوللۇق، ئوتتۇرا ھال بولغىنى ياخشى، قوپال، يىرىك، ئەپسانە چاقچاق ئادەمنى ھاڭغا سۆرەيدۇ. ئەگەر ئويۇنغا چاقچاق قىلماق بولساڭ، گۈزەل، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئارام بېرىدىغان، دىلنى يېشىدىغان چاقچاقلارنى قىل، قىزىق لەتىپىلەرنى سۆزلە، ھەرگىز ئەپسانە، قوپال، ھاياسىز لەتىپىلەرنى سۆزلەپ كىشىلەرنى كۈلدۈرىمەن دېمە. پەقەت چىرايلىق گەپلەر بىلەن باشقىلارنى ئۆزىگە تارتىشقا قۇربى يەتمىگەن كىشىلا ئاشۇنداق ھاياسىز چاقچاق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھاياسىز چاقچاق قىلىدىغان ئادەم يۈزسىز بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنداق ئادەملەردىن ئۆزۈڭنى تارتمىغىڭ لازىم. ئەگەر قۇربىتىڭ يەتسە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىپ ئوۋلىيالىغۇدەك گۈزەل چاقچاقلارنى قىل. ھەزرىتى مۇھەممەد

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 296 - بەت.

ئەلەيھىسسالام بەزى چاغلاردا ساھابىلەرگە ھەق سۆزلەر بىلەن چاقچاق قىلاتتى ۋە لەتىپە سۆزلەيتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۆيىدە بىر قېرى خوتۇن بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ قېرى خوتۇن: «يا رەسۇلۇللا، ماڭا شاپائەت قىلسىلا، ئاللاتائالا مېنى جەننەتكە كىرگۈزسۇن» دېدى. ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرى خوتۇنلار جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېدى. بىچارە قېرى يىغلاپ تاشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھەي موماي، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، مېنىڭ سۆزۈم ھەق سۆزدۇر، يالغان ئەمەس. قىيامەت كۈنى بارلىق خەلق مەيلى ياش، مەيلى قېرى بولسۇن، گۆردىن تىرىلىپ قوپقاندا ھەممىسى ياشلىق، يىگىتلىك ھالىتىدە قوپار، تەڭرى بەندىلىرىنى جەننەتكە كىرگۈزگەندە ياش، يىگىتلىك ھالىتىدە كىرگۈزەر» دېدى.

ئوغلۇم، لەتىپە - چاقچاق قىلساڭ، چاقچاقنى چۈشىنەلەيدىغان، چاقچىقىڭغا يولىدا چاقچاق قايتۇرالايدىغان كىشىلەر بىلەن قىل. چۈنكى چاقچاق دېگەنمۇ ئەقىل - پاراسەت بىلەن بولىدۇ. نادان ئادەملەر چاقچاقنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلمەيدۇ ھەم چۈشەنمەي ساڭا تىل سالىدۇ. چاقچاق قىلغاندا باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى شىپە كەلتۈرۈپ قىلما، بۇ چاقچاق ئەمەس، باشقىلارغا قىلغان ھاقارەت بولىدۇ. بالام، ساق ئادەمنىڭ مەست بىلەن چاقچاقلىشىشى تولىمۇ كۈلكىلىك ھال. ئاقىل بولساڭ ھەرگىز مەست ئادەم بىلەن گەپ تالاشما ھەم چاقچاقلاشما.

# توققۇزىنچى باب    پاك قەلبلىك بولۇشقا يېتەكلەش تەربىيىسى

ھالال ئادەمنىڭ تەمەگە بېرىلمەيدىغان ئېسىل ئادىتى مۇتىھەملەرنى ھەمىشە دەككە ـ دۈككىگە سالغىنى سالغان.

— ژ. ژ. روسسو

پەرزەنتلەردە ياخشى ئىنسانىي خاراكتېر يېتىلدۈرۈش، ئاجىز، زەئىپ خاراكتېرلىك بولۇپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ يەنە بىر مۇھىم شەرتى — پەرزەنتلەرنىڭ ئالىيجاناب، پاك قەلبلىك ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا بولغان يېتەكچىلىكىنىڭ توغرا ۋە ئىلمىي بولۇشىغا باغلىق. بۇ نۇقتىدا پەرزەنتلەرنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسە كۆپ ھاللاردا تۇتۇرۇقسىز خاراكتېر يېتىلدۈرۈۋالىدۇ. بۇ جەھەتتە ئاتا ـ ئانىلار مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا دىققەت قىلىشى كېرەك:

## 1. پەرزەنتلەردە ھەققانىيلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش

ھەقىقەت — ئېتىقاد ۋە ئۈمىدلىرىمىزنىڭ مەنبەسى؛ ھەقىقەت ھەرقانداق مۇساپىگە پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇنى ھېچبىر چېگرا توختىتالمايدۇ.

— ئا. باربيۇس

بالىلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ. بەزى بالىلار كىچىكىدىن باشلاپلا بەزى يولسىزلىققا، ناھەقچىلىققا (ئۆزى ناھەق دەپ تونۇغان ئىشلارغا) چىدىمايدۇ. جاھىللىق بىلەن ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىشقا

ئۇرۇنىدۇ. بەزى باللار گولراق بولىدۇ. ئازراق ئالدىسىلا ئۇڭاي ئەل بولۇپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىكنى كىشىلەر ئالدىنقىسىنى يامان خاراكتېرگە، كېيىنكىسىنى ياخشى خاراكتېرگە جورۇيدۇ. بىلىش كېرەككى، باللاردىكى يۇقىرىقىدەك ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىك ھەرگىز خاراكتېر ئەمەس، بەلكى ئۇ باللارنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەزى، ئەمما بۇ خىل مىجەز تەرەققىي قىلىپ كېيىن مۇكەممەل خاراكتېرنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى بولۇپ قالىدۇ. ئەسلىدىن ئالغاندا، باللاردىكى جاھىللىقنىڭمۇ ئىجابىي تەرىپى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئىلمىي پەرۋىش قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىسە، ھەق-ناھەق، ياخشى - يامانىنى توغرا پەرق ئېتەلىسە، تۇرمۇشنى، ھاياتنى ياخشى چۈشەنسە كۈچلۈك خاراكتېرگە ئايلىنىدۇ. بىزنىڭچە، نادان ئادەمنىڭ مۇكەممەل خاراكتېرى بولۇشى ناتايىن. شۇڭا، بۇ مەسىلىدە پەرزەنتلەرنىڭ نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئاساسىي مەسىلە ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى پەرزەنتلەر ئۆزى ھەق - ناھەق دەپ قارىغان ئىشتا ئۆزىنى قانداق تۇتۇشى ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋەتتە بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا، باللارغا بۇ نۇقتىدا شۇنداق تەلەپ قويۇش كېرەككى، ھەتتا سىزنىڭ خاتا، ناھەق بولىدىغان بولسا، جۆرئەتلىك ھالدا ئىنكار قىلالايدىغان، ئەگەر سىزنىڭ دۈشمىنىڭىزنىڭ ھەق بولىدىغان بولسا، ئۇنى قوللىيالايدىغان بولسۇن. ئۇلارنى يەنە ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق بىر ئىشتا ناھەقچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن چاغدا دەرھال كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ئادالەتسىزلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

پەرزەنتلەردە ئوخشاشمىغان ئىندىۋىدۇئال پسىخىك ئالاھىدىلىك بولىدۇ. بەزى باللارنىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇسى بەك كۈچلۈك، ئۇلار ناھەقچىلىققا قەتئىي چىدىمايدۇ، ئۆزى ياكى ساۋاقداشلىرى ناھەقچىلىققا ئۇچرىسا دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، ھەتتا بەزى باللار بۇنداق چاغدا ھەرقانداق سالا - سۇلھىگە پەسەنت قىلمايدۇ. يەنە بىر قىسىم باللار بار. ھەرقانچە ناھەقچىلىققا ئۇچرىسىمۇ ئىنكاس

بىلدۈرمەيدۇ ياكى سۈكۈتتە تۇرۇشقا ئۆزىنى مەجبۇرلايدۇ، جەمئىيەتتە دۇچ كەلگەن ناھەقچىلىقلارغا بىپەرۋا قارايدۇ ياكى كارى بولماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئېغىر - بېسىقلىقى ياكى يەڭگىلتەكلىكىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش خاتا. ھەق - ناھەق مەسىلىسىگە نىسبەتەن تۇتقان مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋەتتە ھەرگىز مىجەزدىكى ئېغىر - بېسىقلىق ياكى يەڭگىلتەكلىكنى ئۆلچەم قىلمايمىز. بۇنى بىز خاراكتېرنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى تەرەپتىن باھالايمىز. بەزى ئاتا - ئانىلار نۇرغۇن پرىنسىپاللىق مەسىلىلەردە پەرزەنتىنى ئىنتايىن قاتتىق باسىدۇ، پەرزەنتلەرگە قەتئىي ئىتائەتمەن بولۇش، شەرتسىز بويسۇنۇش، بۇيرۇققا ئىنكاس قايتۇرماسلىق، خىلاپلىق قىلماسلىق تەلىپىنى قويىدۇ. چوڭلارنىڭ، باشلىقلارنىڭ، مۇئەللىملەرنىڭ سۆزلىرىنى چوقۇم ئاڭلاش، نېمە دېسە شۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ئۈندەيدۇ. پەرزەنتلەردە قارشىلىق ئىپادىسى كۆرۈلۈپ قالسا ئۇرىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل پەرزەنتلەرنى سېپى ئۆزىدىن ماشىنا ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال. ئالگېرى دانتى ھەق - ناھەق تۇيغۇسى ئاجىز، خاراكتېرسىز كىشىلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «دوزاخنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك جايلىرى بۈيۈك مەنىۋىلىكنى سىنايدىغان مىنۇتلاردا بىتەرەپ تۇرىدىغان ئادەملەرگە قالدۇرۇلغان.» شۇنى بىلىش كېرەككى، يامانلىققا، ناھەقچىلىققا قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بالىلاردا خاراكتېرمۇ يوق، ئېتىقادمۇ يوق، ئۆزىمۇ يوق.

## 2. پەرزەنتلەر قەلبىدە پاك ۋە مۇستەھكەم ۋىجدان-غۇرۇر يېتىلدۈرۈش

ۋىجدان — ئادەملەر ھاياتىنىڭ ئادىل رەھناماسىدۇر.

— ل. تولستوي

ۋىجدان ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ بىغۇبار بۇلىقى، ئەقلىنىڭ ئادىل

سودىيىسى، پاك ۋۇجۇدنىڭ مۇستەھكەم قەسرى. پەرزەنت بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندا قەلب بېتى خۇددى ئاق قەغەزگە ئوخشاش تازا ۋە قۇرۇق بولىدۇ. باللار تۇرمۇشقا ئارىلىشىش داۋامىدا ياخشىلىق - يامانلىق، ھەق- ناھەق، توغرىلىق - خاتالىق، ئاق كۆڭۈللۈك - قارا كۆڭۈللۈك قاتارلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي ئامىللار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇ ئۇچرىشىش باللارنىڭ قەلب بېتىگە تۈرلۈك تۈمەن سوئال بەلگىلىرىنى قويىدۇ. باللار كىشىلىك ھاياتنىڭ تارازىسىدا تارتىلىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ۋىجدان قەسىرىگە خىرىس قىلىدىغان مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ئارىسىدا تېنەشكە باشلايدۇ، دەل مۇشۇنداق نازۇك پەيتتە تۇرغاندا ئىككىنچى تەرەپتىن كەلگەن ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىر، توغرا يېتەكلەش ياكى خاتا يېتەكلەش پەرزەنتلەرنىڭ ۋىجدانلىق ياكى ۋىجدانسىز ئادەم بولۇپ چىقىشىغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھالەت چوڭ ئىشلاردا بولسۇن، ئادەتتىكى كىچىك ئىشلاردا بولسۇن ئىنتايىن روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئاشۇنداق پەيتلەردە ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ پاك قەلبىگە ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ توغرا تاللىشىنى قوللىشى كېرەك. ھەرگىزمۇ كىچىككىنە پايدا - مەنپەئەت ئۈچۈن باللارنىڭ پاك، ئالىيجانابلىق يوشۇرۇنغان قەلبىگە زەربە بېرىپ، بېسىم ئىشلىتىپ پاك قەلبىنى بۇلغاشقا ئىشتىراك قىلىشقا بولمايدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، باشقىلارغا قارا چاپلىشىغا ياكى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن يالغان سۆزلىشىگە يول قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر ئاشۇنداق ئىشلار سادىر بولۇپ قالغۇدەك بولسا دەرھال نەسىھەت قىلىپ، بۇ خىل ئىللەتنىڭ ئىنتايىن يامان ئىش ئىكەنلىكىنى سەممىيلىك بىلەن تونۇتۇش كېرەك. باللار كىچىكىدىن باشلاپ راستنى راست دېسۇن، يالغاننى يالغان دېسۇن، مۇبادا پەرزەنتلەر ئاشۇنداق تەشەببۇسكارلىق بىلەن باللارچە سەممىيىتىنى ئىپادىلەۋاتقان مىنۇتلاردا «ئۇنداق دېمە» دېگەن بىرەر شەپىنى بېرىش ئۈچۈن كۆز قىسىپ قالسىڭىز، باللارنىڭ پاك، بىغۇبار قەلبىگە قىلغان چوڭ زىيانكەشلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «ئىنساپ» (قانائەت) سۆزى بار. ئەگەر بىز بىر سېۋەت

ئالمىنى تۆت بالىنىڭ ئالدىغا قويساق، بالىلارنىڭ بىرى ئالمىدىن بىرنىلا ئېلىپ يېيىشكە باشلايدۇ. يەنە بىر بالا ئىككى قولىغا ئىككىنى ئالىدۇ. يەنە بىرى، يانچۇقلىرىغا قاچىلاشقا باشلايدۇ. تۆتىنچىسى بولسا، سېۋەتنى بىللەنلا كۆتۈرۈپ كېتىپ، باشقىلارغا بىرنىمۇ بەرمەسلىكنى ئويلايدۇ. گەرچە بۇ ئىش ۋىجدان مەسىلىسىگە تاقالمىسىمۇ، بۇمۇ بالىلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئاددىي ئىپادە. ئەگەر ئۈچىنچى بالا بىلەن تۆتىنچى بالىنىڭ نەپسانىيەتچىلىك، ئىنساپسىزلىق كەمچىلىكىنى تۈزىتىشكە ياردەم قىلمىغاندا، بارا - بارا ئۇ بالا ئىنساپ پەزىلىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ، بۇ خىل ئۆزىنىلا ئويلاش، ئۆزىنىلا دېيىش تەرەققىي قىلىۋەرسە ئاخىرى نەپسانىيەتچىلىككە ئېلىپ بارىدۇ. نەپسانىيەتچىلىك ۋىجداننى بۇلغاپ، قەلبنى قارا قىلىدىغان ئەڭ يىرگىنچلىك خاراكتېر.

پەرزەنتلەرنى ۋىجدانغا خىلاپلىق قىلىشنى ھار ئالمايدىغان ۋە پاك قەلبنى بۇلغاشقا ئۆگىتىدىغان يەنە بىر ئىللەت، پەرزەنتلەرنىڭ تەمەگە ئادەتلىنىپ قېلىشى. ئۇيغۇرلاردا «تەمە هارام» دېگەن گەپ بار، چۈنكى تەمە ئاخىرى بېرىپ ئادەمنىڭ ئۆزىنىمۇ هارام قىلىدۇ. تەمەگەرلىككە ئادەتلەنگەن بالىلاردا تۇراقلىق مەيدان، تۇراقلىق مەۋقە بولمايدۇ. ئۇنداق بالىلار كۆپىنچە باشقىلارنىڭ رايى بويىچە ئىش تۇتىدۇ. تەمەگەر ئادەم قۇل ئادەم، قۇلىنىڭ ئۆز ئەركى قولىدا بولمايدۇ. تەمەدىن خالىي ئادەم پادىشاھقىمۇ بېشىنى ئەگمەيدۇ.

## ھېكايەت

بىر دەرۋىش قاقاس بىر يەردە تەنها ئولتۇراتتى. بىر پادىشاھ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى. دەرۋىش: «مەنمۇ ئۆزۈمگە ئادەم، پادىشاھ بولسا ئۆزىگە، ئۇنىڭغا سالام قىلىش مېنىڭ قەرزىم ئەمەس، ئۇنىڭ پۇقرالارنىڭ بېشىنى سىيلاش قەرزى بار، دېگەن نىيەت بىلەن پادىشاھقا نەزەرمۇ سالماي بېشىنى سېلىپ ئولتۇرۇۋەردى. شاھ ئاچچىقلىنىپ: «جەندە كىيگەن بۇ بىر نېمىلەر خۇددى ھايۋانغا ئوخشايدۇ. ئۇلاردا ئادەمگەرچىلىك پەزىلىتى يوق! » دېدى.

ۋەزىر ئۇ ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ھەي مەرد كىشى، يەر يۈزىنىڭ سۇلتانى يېنىڭدىن ئۆتسە نېمىشقا ئورنۇڭدىن تۇرۇپ تەزىم قىلمايسەن ۋە ئەدەپ - قائىدىلەرنى بەجا كەلتۈرمەيسەن؟» دېدى.

ھېلىقى ئادەم دېدى: «شاھقا ئېيت، ئۇنىڭ ئىلتىپاتلىرىدىن كىم بەھرىمەن بولۇشنى ئۈمىد قىلسا، شۇ كىشىدىن خۇشامەت قىلىشنى كۈتسۇن، يەنە شۇنى بىلىپ قويسۇنكى، پادشاھ دېگەن پۇقرالارنى ساقلاش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، پۇقرالار ھەرگىز پادشاھقا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس.»

ف. ۋولتىرنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: «ئادەملەر ئۆزلىرى ئادەت قىلىۋالغان ئىش - ھەرىكەتلەردىن ھېچ ۋاقىت ۋىجدان ئازابى ھېس قىلمايدۇ.» بۇ خۇددى دىۋانىلىقتا ئادەتلىنىپ قالغان ئادەم ھەرگىز ئۆزىنى ئەيىبكار سانىمىغانغا، ئوغرىلىقتا ئادەتلىنىپ قالغان ئادەم ئۇنى ۋىجدانسىزلىق دەپ قارىمىغانغا، مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئادەملەرمۇ ۋىجدان ئازابى تارتمىغانغا ئوخشاش بىر ئىش. چۈنكى ئۇلارنىڭ نومۇس ۋە ۋىجدان قورغىنى ئاللىبۇرۇن بۇزۇلغان، بۇ پاك قورغاندىن مەھرۇم بولغان ئادەم ئۆز كونتروللۇقىنى يوقاتقان، نېرۋىلاردىن مەھرۇم بولغان پالەچ ئادەمنىڭ دەل ئۆزى. بۇنىڭدىن شۇنى ھېس قىلىش كېرەككى، پەرزەنتلەرنىڭ يامان ئىشقا ئادەتلىنىپ قېلىشى، ۋىجدان، نومۇس قەسىرىنىڭ بۇلغىنىشى ئىنتايىن ئاسان. بىراق مۇستەھكەم ۋىجدان قەسرىنى تۇرغۇزماق، ئۇنى ھەر خىل خەس - خەشەكلەردىن ئاسراش ئىنتايىن قىيىن ۋە مۇشكۈل.

ۋىجداننى بۇلغايدىغان ۋە سۇسلاشتۇرىدىغان نۇرغۇن ئامىللار بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىم ئامىل مەنپەئەتپەرەسلىك بىلەن نەپسانىيەتچىلىك.

بەزى ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەردە تەمەگەرلىك ئىللىتىنىڭ يېتىلىپ قېلىشىغا سەل قارايدۇ. دىققەت قىلىش كېرەككى، ئادەتتىكى گەپ - سۆزلەرمۇ پەرزەنتلەرنى تەمەگەر قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن، «مېنى ياخشى دېسەڭ پۇل بېرىمەن، مېنى ياخشى دېسەڭ ئۇ يەرگە ئاپىرىمەن، بۇ يەرگە ئاپىرىمەن»، «بالام، ئۇ دېگەن باشلىق، نېمە دېسە ماقۇل دېمىسەڭ،

ئىشىغا توپا سالىسەن» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئادەتتە ئويۇن - چاقچاق ۋە زۆرۈر تەۋسىيىلەردەك تۇرغىنى بىلەن، بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ تەكرارلىنىۋېرىشى بالىلاردا بارا - بارا تەمەگەرلىك ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. تەمە ئادەمدە ئىرادىنى سۇسلاشتۇرىدۇ، باشقىلار ۋىجدانىنى ھاقارەتلەۋاتسىمۇ ھار ئالمايدىغان، ئەكسىچە تېخىمۇ ئېگىلىپ باشقىلارنىڭ تاپىنىنى يالايدىغان قۇلچىلىققا ئادەتلەندۈرۈپ قويىدۇ.

بۇ خىل يامان ئىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئادەمدە ھەتتا مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ھەقىقەتنى ياقلاش، قەتئىي بولۇش، غۇرۇرىنى ھىمايە قىلىش ئادىتىگە چەك قويۇپ، باشقىلار نېمە دېسە ھە دەيدىغان، غۇرۇرى ھاقارەتلەنسىمۇ سۈكۈت قىلىش، ھەقىقەت خورلىنىۋاتسىمۇ سۈكۈت قىلىش، ھاقارەت تەستىكىنى يەپ تۇرۇپمۇ خۇشامەت قىلىشتەك ناچار خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا، بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى ساقلاشقا، ئۆزىنى ھەرگىزمۇ باشقىلاردىن تۆۋەن كۆرۈپ ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتمەسلىككە، تەمە بىلەن ئۆزىنى خورلىماسلىققا ئۆگىتىش لازىم. پەرزەنتلەردە يېتىلگەن غۇرۇر ۋە نومۇس كۈچى ئۇلاردا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان، «يېمە نامەرد ئېشىنى ئاشلىق سېنى ئۆلتۈرسىمۇ، ئۆتمە نامەرد كۆۋرۈكىدىن سەل سېنى ئاقتۇرسىمۇ» دېگەندەك ئالىيجاناب ياخشى تەبىئەتنى يېتىلدۈرىدۇ. غۇرۇرلۇق ۋە نومۇسلۇق تەربىيىلەنگەن بالا ھەرگىز تەمەگەر بولمايدۇ ھەم ۋىجدانىغا خىلاپ ئىش قىلىشتىن ئۇيۇلىدۇ. شوپېنخاۋېر مۇنداق دەيدۇ: «نومۇس — تاشقى ۋىجدان، ۋىجدان بولسا ئىچكى نومۇس.» شۇڭا پەرزەنتلەرگە غۇرۇر ۋە نومۇس تەربىيىسىنى ئەتراپلىق ئېلىپ بارغاندىلا، ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى پاك ساقلىيالىشىغا ئۇنۇملۇك يېتەكچىلىك قىلغىلى بولىدۇ. مۇبادا ئۆزىڭىزدە نومۇس ۋە ۋىجدان بولمىسا، «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق» دېگەندەك، پەرزەنتىڭىزمۇ سىزنىڭ مەھسۇلاتىڭىز بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

## 3. پەرزەنتلەر ۋۇجۇدىدا مەردلىك خىسلەتلىرىنى يېتىلدۈرۈش

شەرمەندە بولۇشتىن قورقۇش مەردلىكتۇر؛ باشقىلارنىڭ بىنزگە قىلغان نالايىق ئىش - ھەرىكەتلىرىنى سەۋر - تاقەت بىلەن كەچۈرۈشنى بىلىشمۇ خۇددى شۇنداق مەردلىكتۇر.

— ب. جونسون

ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى ئەنئەنىسىدە مەردلىك ئۇلۇغلىنىدۇ ۋە كۆپ تەشەببۇس قىلىنىدۇ، نامەردلىك ئىنتايىن ئەيىبلىك ۋە ۋىجدانسىزلىق سانىلىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار پەرزەنتلەر قەلبىدە مەردلىك خىسلەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشكە بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەردلىك توغرىسىدىكى ھېكايىلەر، چۆچەكلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە مەردلىك خاراكتېرىگە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا «مەرد سۆزىدىن قايتماس» دېگەن گەپ بار. بۇ خۇسۇستا مۇنداق بىر ھېكايە بار:

### ھېكايەت

ھېكايە قىلىنىشىچە، نۇشىرۋان بىر كاتتا ئىمارەت سالدۇرۇشقا قەدەم قويغانىدى. نۇشىرۋان كېتىپ باراتتى. بىر ھامال ئۇنىڭ سالدۇرماقچى بولغان ئىمارىتىگە ناھايىتى مۇشەققەت بىلەن ئېغىر بىر چوڭ تاشنى كۆتۈرۈپ ماڭغانىدى، نۇشىرۋان ھامالنىڭ مۇشەققەت تارتقىنىغا رەھىم قىلىپ:

— تاشنى يەرگە قويغىن، — دېدى. ئۇ ھامال شۇ زامان تاشنى يەرگە تاشلىدى. ئۇ تاش خېلى ئۇزۇن مەزگىل شۇ مەيداندا تۇردى. مۇلازىملارنىڭ ئاتلىرى ھەر قېتىم ئۆتكەندە ئۈركۈپ كېتەتتى. مۇلازىملار:

— يا سۇلتان ئالىيلىرى، پالانى كۈنى شەپقەت يۈزىسىدىن بىر چوڭ تاشنى ھامالغا تاشلاشنى بۇيرۇپ تاشلاتقانتىڭىز، ئۇ تاشنى شۇ كىشىدىن بۆلەك كىشى يۆتكىيەلمەيدۇ، ھەر قېتىم ئۇ يەردىن ئۆتەر بولساق

ئاتلىرىمىز ئۇركۇيدۇ، شۇ ھامالغا ئەمر قىلىپ، تاشنى بىر چەتكە ئالدۇرۇۋەتكەن بولسىڭىز، — دەپ ئىلتىماس قىلىشتى. شاھ:

— ئۇ كۈنى تاشنى شۇ يەرگە تاشلا دەپ ھۆرمەتلەنگەنىدىم. ئەمدى كۆتۈر دېگىنىم نالايىقتۇر، — دېدى.

ھېكايە قىلغۇچى مۇنداق خۇلاسە سۆزىنى ئېيتىدۇ: قەتئىي ئىرادە ۋە مەردلىك شۇكى، بىھۇدە خىيالنىڭ قورقۇنچى بىلەن ئۆز سۆزىدىن ئازماسلىق ۋە يانماسلىق، شۇم رۇيالارنىڭ ئادەتلىرى بىلەن قائىدە ـ رەسىملەرنى بۇزماسلىق. ھەر ئىشقا قەدەم قويۇپ تامامغا يەتمىگۈچە، ئۇنىڭدىن قەدەم يۆتكىمەسلىكتۇر. دەر ھەقىقەت، قەتئىي ئىرادە ۋە مەردلىكنىڭ كۈچى بەرىكەتنىڭ كۆچىتى، روناق تېپىشنىڭ ئاساسى، باشقىلارغا نەپ يەتكۈزۈشنىڭ مەنبەسىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەردلىك تەربىيىسىدە ئىش ـ ھەرىكەتلەردىمۇ مەردلىك ئادەتلىرىگە دىققەت قىلىدۇ. ئۇرۇشۇپ، مۇشتلىشىپ قالغان بولسا باللارنى بىرگە بىر قويۇپ بېرىدۇ، چوڭلار ئارىلاشمايدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر باللىرىدا «بىرگە بىر چىق» دېگەن مەردلىك خىتابى بار. چېلىشىش ئادىتىدىمۇ ھەرگىز پۇت قويۇشقا يول قويۇلمايدۇ. پۇت قويسا نامەردلىك ھېسابلىنىدۇ. بىرگە بىر ئۇرۇشقاندا ھەرگىز پىچاق، تاش ۋە باشقا ۋاستىلەرنى ئىشلەتمەيدۇ. ئىشلەتسە نامەردلىك، چىدىماسلىق بولىدۇ. بۇنداق ئادەتلەرگە رىغبەتلەندۇرۇش باللاردا ياخشى خاراكتېر يېتىلدۇرىدۇ. ھەرگىزمۇ باللار ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ قالغاندا «تاش بىلەن بېشىنى يېرىۋەتمەپسەن» دېگەندەك خاتا تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللانماسلىق كېرەك، بولمىسا باللار بارا ـ بارا ئۇششۇق، نامەرد، چىدىماس ئادەم بولۇپ قالىدۇ. ئازغىنە مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىسا پىچاق سالىدۇ ياكى ھەرخىل قەبىھ ۋاستىلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلىدىغان نامەردلىكنى ئۆزلەشتۈرۈۋالىدۇ. ۋىجدانسىزلىقنىڭ كۆپىنچىسى نامەردلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھەسەتخورلۇق، قورقۇنچاقلىق، سەممىيەتسىزلىك، يالغانچىلىق قاتارلىق ئىللەتلەرمۇ نامەردلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان رەزىل تۈيغۇ، مەردلىك خىسلىتى باللارغا بۈيۈك ئادىمىيلىكنى ئاتا قىلىدۇ،

مەردلىك خىسلىتىگە ئىگە باللار ھەرقانچە قىيىنچىلىقتا ئۇچرىسىمۇ نالە قىلمايدۇ، نامەرد ئادەملەر ھېچقانچە جاپا چەكمەي تۇرۇپلا نالە قىلىدۇ، مەرد ئادەم باشقىلارنىڭ ئانچە - مۇنچە خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلالايدۇ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنىمۇ، كەمچىلىكلىرىنىمۇ ادىللىق بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە تۈزىتەلەيدۇ. مەرد ئادەم خېيىمخەتەرگە دۇچ كەلگەندىمۇ قورقۇشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ، خېيىمخەتەرنى جاسارەت بىلەن يېڭىدۇ، قىيىنچىلىق ئالدىدا تېنەپ تۇرغان ئادەم مەرد ھېسابلانمايدۇ. مەرد سۆزىدىن يانمايدۇ، ھەقنى ھەق دەيدۇ، ناھەقنى ناھەق دەيدۇ. شۇڭا «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دېگەن ئىبارە ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلەرنى مەردلىك خىسلەتلىرى بىلەن تەربىيىلىشنىڭ يەنە بىر ۋاستىسى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «مەرد ئوغلان دۈشمەنگە ھەرگىز كەينىنى قىلمايدۇ» دېگەن.

دېمەك، مەردلىك كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەربىر قەدەمدە، ھەربىر مۇئامىلە - مۇناسىۋەتلەردە ئوخشاشمىغان شەكىلدە سىنىلىدۇ ۋە تاۋلىنىدۇ. شۇنداق ئالىيجاناب پاك قەلب يېتىلگەندە يېڭىلمەس بۈيۈك خاراكتېر يېتىشىپ چىقىدۇ. شۇڭا، پەرزەنتلەرگە بېرىدىغان پاك قەلبلىك بولۇش تەربىيىسىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

### نەسىھەتتىن نەمۇنە

ھەققانىي بولۇش، ئادالەتنى ياقلاش ھەققىدە:

*بالام، ھەرقاچان، ھەر زامان ھەققانىي، توغرا بول، ھەرگىز ناھەقچىلىك قىلما، ناھەق تەرەپتە تۇرما. قەيەردە ھەقىقەت، ھەققانىيەت بولسا يۈرەكلىك قوللا ھەم قوغدا. ناھەقچىلىك، ئادالەتسىزلىك بولسا مەردانىلىق بىلەن قارشى تۇرغىن. ھەقىقەت ۋە توغرىلىق بىلەن ناھەقچىلىك شۇنداق ئايرىلىدۇكى، ھەقىقەت ۋە توغرىلىق تۈز بولىدۇ، ئادالەتسىزلىك ۋە ناھەقچىلىك ئەگرى بولىدۇ، تۈز نەرسىلەر ئۇزۇن بولىدۇ، نېمىكى ئۇزۇن بولسا ئۇ تۈز بولىدۇ. نېمىكى ئەگرى، قىڭغىر بولسا ئۇ سەت، كۆرۈمسىز بولىدۇ، چۈنكى پۈتۈن ئەگرىلىك يامانلىقنىڭ بەلگىسى. تۈز نەرسە ئۇ ئۇزۇن بولغاچقا قىممەتلىكتۇر.*

## تۈز ياغاچنىڭ ھېكايىتى

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر پادىشاھ بىر تۈۋرۈكلۈك ساراي سالماقچى بولۇپ، تۈز بىر ياغاچقا ھاجىتى چۈشتى. ئۆز تەۋەلىكىنى ئاختۇرۇپ، ئۆلچەملىك، بېجىرىم تۈز ياغاچتىن بىرنى تاپتى. لېكىن ئۇ ياغاچنىڭ ئىگىسى ئاجىز بىر قېرى ئىدى. شاھ ياغاچنى ئون، يۈز، بەلكى مىڭ ھەسسە باھا بىلەن سېتىۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، قېرى رازى بولمىدى. ياغاچنىڭ باھاسى چەكسىز ئۆسۈۋېرىپ، ئاخىرى نۇرغۇن ئالتۇنغا سېتىلدى.

شاھ سارايىنى ياسىتىپ گۆھەر بىلەن بېزىدى. ھېلىقى تۈۋرۈكنى بولسا ئالتۇن بىلەن زىننەتلىدى. ھېلىقى ياغاچنىڭ ئىگىسى بۇ سارايىنى كۆرگىلى كېلىپ، ياغاچنى سۆيۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئۆزۈڭ تۈز يارالغىنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنىمۇ، مېنىمۇ ئالتۇنغا كۆمۈۋەتتىڭ.

بالام، تۈزلۈك، توغرىلىق ياغاچقا شۇنچىلىك ياراشقان يەردە، ئادەمگە قانچىلىك قىممەت بېغىشلايدىغانلىقىنى ئويلا. ھەققانىيلىقنىڭ ئىنساني پەزىلىتىڭنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. بالام، ئادەتتىكى ئىشلاردىمۇ ھەققانىي بول. ئادالەتنىڭ ھىمايىچىسى بول، ھەقىقەت تەرەپدارى بول. «بىر سائەتلىك ئادالەت پۈتۈن ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئىبادىتىدىنمۇ ياخشىراقتۇر» ، سەن ھەقىقەت ئىزدەيمەن دەپ تېنەپ يۈرمە، ھەقىقەت ھامان خەلق تەرەپتە بولىدۇ، كىم ئادالەتلىك بولسا شۇ تەرەپتە بولىدۇ. جاھالەت بار جايدا ھەقىقەت بولمايدۇ، ئەگەر سەن خەلقتىن ئۆزۈڭنى ئەيىبلەش سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بولساڭ، ئۆزۈڭنى ھەقىقەتكە خىيانەت قىلىپتىمەن، دەپ بىل. ھەققانىي بولالىساڭ ھەرقاچان ئۆزۈڭگە، خەلققە يۈز كېلەلەيسەن، ئادالەت، ھەققانىيەت قوغداپ قېلىنمىغان جايدا ئۆزۈڭنىڭمۇ قەدىر - قىممىتىڭنى قوغداپ قالالىغۇدەك ھېچ نېمىگە ئىگە بولالمايسەن، ئىنساننىڭ مۇھىم ئىنتىلىشى ھەقىقەتنى ئىزدەش، ئادالەتكە تەلپۈنۈش تۇرسا، ئادالەتكە، ھەققانىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەتسىزلىك ئەڭ چوڭ ۋىجدانسىزلىق بولىدۇ، بالام.

غۇرۇرلۇق، ۋىجدانلىق بولۇش ھەققىدە:

بالام، ئادەمدە ناھايىتى سەزگۈر غۇرۇر ۋە پاك ۋىجدان بولۇشى كېرەك. ۋىجدانىڭ پاك، غۇرۇرۇڭ ساغلام بولسىلا، بۇ دۇنيادا ھالال ياشىيالىشىڭ مۇمكىن دېسەڭ بولىدۇ. ھالال بولساڭ ھەرقاچان ئۆزۈڭنى قۇدرەتلىك ھېس قىلالايسەن، ناپاك ياشىساڭ بېشىڭنى ئېگىز كۆتۈرەلمەيسەن. ئادەم بۇ دۇنيادا ئۆز ۋىجدانىغا يۈز كېلەلىگۈدەك ياشىيالىسا، «يۈرىكىنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئەل ئارىسىدا ئۇياتماي يۈرەلىسە» نېمىدېگەن بەخت، بالام، سەن ھەردائىم ۋىجدانىڭنىڭ پاكلىقىنى قوغدا، ۋىجدانىڭ بولغانسا ئەخلاقىڭمۇ، ئىمانىڭمۇ بولغىنىدۇ. ۋىجدانسىز بولساڭ ھەرقانچە قابىلىيەتلىك ۋە پاراسەتلىك بولساڭمۇ يەنىلا لەنەت - نەپرەتكە قالىسەن، سەن ۋىجدانىڭغا خىلاپ بىرەر يوشۇرۇن ئىش قىلىپ قويۇپ «ھەر نېمە بولسا باشقىلار ئۇقمىدى» دېمە، باشقىلارنىڭ كۆزىدىن قۇتۇلۇپ قالالىغىنىڭ بىلەن ۋىجدانىڭنىڭ ئەيىبلىشىدىن قۇتۇلالامسەن؟

بالام، سېنىڭ ۋىجدانىڭغا خىرىس قىلىدىغان بىر ياۋۇز دۈشمەن بار. ئۇ بولسىمۇ سېنىڭ شەخسىيەتلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىك يولىغا مېڭىشىڭ. بىر دانىشمەندىن «سېنىڭ ئەڭ يامان دۈشمىنىڭ ئىككى بېقىنىڭ ئارىسىدىكى نەپسىڭدۇر» دېگەن ھەدىسنىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورىسا، ئۇ كىشى دېدىكى: «بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ھەرقانداق دۈشمەنگە ياخشىلىق قىلساڭ دوستقا ئايلىنىشى مۇمكىن، ئەمما نەپس شۇنداق يامان دۈشمەنكى، ئۇنىڭغا قانچە كۆپ يول قويساڭ، ئۇ شۇنچە كۆپ قارشىلىشىدۇ.» سەن ئەقلىڭ بولسا شۇنى ئويلىغىنكى، ۋىجدانىڭنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا يەنە قانداق نېمىگە ئېرىشەلەيسەن؟ نەپس ئۈچۈن ھەرگىز ۋىجداننى تېگىشۋەتكۈلۈك ئەمەس، بالام. سەن باشقىلاردىن بىرەر تەستەكنى ئوشۇق يېگەننى ياكى بىرەر ئېغىز تىل - ھاقارەتنى ئىشتكەننى غۇرۇرۇمغا تەگدى دەپ تىغ كۆتۈرسەڭ ۋىجدانلىق بولۇپ كەتمەيسەن؛ ھەقىقەت، ئادالەت دەپسەندە قىلىنىۋاتقان چاغدا، ئېتىقاد ۋە ئەقىدەڭ ھاقارەتلەنگەندە ۋىجدانىڭ ئازابلانسا مانا شۇنى ۋىجداننىڭساپلىقى دەيمىز.

بالام، ئۆزۈڭ سادىر قىلىپ قويغان ۋىجدانسىزلىقىڭدىن كۆرە،

باشقىلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن قىلىپ قويغان ۋىجدانسىزلىقىڭ سىېنى نـەچچە ھەسسە ئازابلايدۇ ۋە خورلۇققا قويىدۇ. سەن ئۇ چاغدا ئۆزۈڭ ئەمەس، دەل باشقىلارنىڭ چومىقىغا ئايلىنىپ قالىسەن ـ دە.

بالام، سەن ھەردائىم ۋىجدانىڭغا سوئال قويۇپ تۇرغىن، ئەگەر ئازراق بـولسىمۇ ۋىجدانىڭ ئازابلانغۇدەك ئىش قىلىپ قويغان بولساڭ، دەرھال تۈزىتىۋالغىن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، تېخىمۇ چوڭ گۇناھقا يول قويغان بـولـىـسـەن. بـاشقىلاردىن ئېھتىيات قىلىپ نومۇسچان بولۇۋېلىش بەك پـەسكەشلىك. ۋىجدانىڭ ۋە ئادىمىيلىكىڭدىن نومۇس قىلىشنى ھەقىقىي نومۇس دەپ بىلگىن بالام، يامان ئىش قىلىپ قويۇپ قىزارمىساڭ سىېنىڭ مۇردىدىن پەرقىڭ قالمايدۇ.

بالام، سەندە ھەقىقىي غۇرۇر ۋە ۋىجدان مۇقەددەسلىكى بولىدىكەن ۋىجدانسىز، غۇرۇرسىز ئادەملەرنى ئادەم دەپ ھېسابلىما، ئۇلار ئۆزلىرىنى ھـەرقـانـچـە پـەرداز قىلسىمۇ ئۇلارغا ئىشەنمە؛ غۇرۇرسىز، ۋىجدانسىز ئادەملەرنى بىر دۆۋە ئەخلەت دەپ بىل، ئەگەر ئۇنداق ئادەملەرگە قول بەرسەڭ ئۆزۈڭمۇ شۇ ئادەملەر جۈملىسىدىن سەن.

مەردلىك خىسلەتلىرى ھەققىدە:

بـالام، بىزدە مەردلىك بەك ئۇلۇغلىنىدۇ، نامەردلىك پەسكەشلىك ھېسابلىنىدۇ. ئادەم دېگەن بىر كۈن ياشىسىمۇ مەردلىك بىلەن ياشىشى كـېـرەك. مـەرد بـولـكى، ھەرگىز نامەردلىك بىلەن ئىنسانىي قەدىر ـ قـىـمـمـىـتىڭنى ھاقارەتكە قويىدىغان ئىشلارنى قىلىپ قالما. نامەردلىك جامائەت ئالدىدىكى ئوبرازىڭنى ئەڭ خۇنۈك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، دوستلىرىڭ ئالدىدا ئېتىبارىڭ بولمايدۇ، ئەل ئارىسىدا ئورنۇڭ بولمايدۇ، بالام.

مـەردلىك بولسا سىېنىڭ نۇرغۇن ئەيىب ـ نۇقسانلىرىڭنى ياپىدىغان قـالـقان. مەردلىك ھەم ساڭا ئېغىر كۈنلەردىمۇ يول ئېچىپ بېرىدىغان كـارۋان. «تـەقـدىـر زەربـىـلـىـرىـنـى مـەردلـىك كۆمپەيكۇم قىلىدۇ» (دېـمـوكـرىـت). قـورقـۇنـچاقلىق مەردلىكنى خاراب قىلىدىغان يامان جـاراھـەت، قـورقۇش بىلەن بۇ دۇنيادا ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ

چىقالمايسەن. «قورقۇنچاق قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ سەن. ھاياتتا ھېچقاچان قورقۇنچاق، جۈرئەتسىز ئادەملەر نىجاتلىق يولى تاپقان ئەمەس، مەرد ئوغلان ھەرقاچان يولىدىن قايتقان ئەمەس. ساڭا بىر ئاددىي ھېكايە ئېيتىپ بېرەي:

## بەھرام بىلەن قەبزە

بەھرام بىر كۈنى شىكارغا چىقىپ بىر كېيىكنى ئۇچراتتى. ئۇنى جەھلى بىلەن قوغلىدى. كۈن چۈش بولدى، ھاۋا ئىسسىق ئىدى.

قەبزە ئاتلىق بىر ئەرەبى بار ئىدى. كېيىك ئاخىرى قېچىپ، بىتاقەت بولۇپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. قەبزە ئۇنى تۇتۇپ باغلاپ قويدى. شۇ ئارىدا بەھرام يېتىپ كەلدى. بەھرام تىركەشتىن ئوق چىقىرىپ قەبزىگە ھەملە قىلدى:

— ھەي ئەرەبى، مېنىڭ ئولجامنى چىقىرىپ بەرگىن!

قەبزە ئۇنىڭ بەھرام ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ:

— ھەي ئاتلىق، بۇ خۇدانىڭ مەخلۇقىدۇر. مېنىڭ قېشىمغا پاناھلىق ئىزدەپ كەپتۇ. مېنى ئۆلتۈرسەڭمۇ ئۇنى ساڭا تۇتۇپ بەرمەيمەن. چۈنكى بۇ مەردلىك ئەمەس، — دېدى.

بەھرام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قوپاللىق ئىزھار قىلدى. قەبزە:

— ھەي يىگىت، بىھۇدە سۆزلەرنى ئېيتمىغىن. ئوق قولۇڭدا. تا مېنى ئۆلتۈرمەي، ئول جانىۋارنى ئالالمايسەن. ئەگەر خالىساڭ بىر شاش دۇلدۇلۇم بار، ساڭا بېرەي، كەلگەن يولۇڭغا يانغىن، — دېدى. بەھرامغا قەبزىنىڭ ھىممىتى خۇش كەلدى، بەھرام ئۇنىڭ مەردلىكىگە ھەيران قېلىپ ئارقىسىغا ياندى.

كېيىن بەھرام شاھلىق تەختكە چىقتى. بەھرام قەبزىنى چاقىرتىپ كېلىپ نۇرغۇن ئىنئام ۋە ئېھسانلار قىلىپ، خاس مەھرەملىرىدىن قىلىۋالدى.

بالام، بۇ دۇنيادا مانا ئاشۇنداق مەردلىك خىسلىتىگە ئىگە ئادەملەر ئاز ئەمەس، ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ خىسلىتىدىن ئۆگەنسەڭ بولىدۇ، مەردلىك دېگەن ئادەمگە ئاجايىپ قىممەتلىك سوۋغىلارنى بېرىدۇ.

بالام، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، پەقەت جان قايغۇسىدىلا ياشايدىغان ئادەم مەردلىكتىن يىراقتۇر. مەرد شۇكى، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن تەقدىم قىلالايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋىمىز شۇنداق تەلىم بەرگەنىكەن: مال - دۇنيا تارقاتماق سېخىيلىق ئەمەس، ھەقىقىي سېخىي شۇكى، پۈتۈن ھاياتىنى ئەلگە تەسەددۇق قىلىپ پۇشايمان يېمەس.

بالام، شۇنىمۇ بىلگىنكى، ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەتلىك بولۇشىمۇ مەردلىك جۈملىسىدىندۇر. ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش ئاقىلانىلىك ۋە مەردلىك. ئۆزىنى چۈشەنگەن ئادەملا ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ، ئۆزىنى چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ ئېتىراپ قىلالمىغان ئادەم ئىرادىسىز، جاھىل ئادەمدۇر. سېنى كۆپتۈرۈپ ماختايدىغان ئادەملەردىن كەمچىلىكلىرىڭنى كۆرسىتىپ تەنقىدلىگەن ئادەمنى ئۆزۈڭگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىكەن دەپ بىل. «كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈمىڭ ئاشكارا» دېگەندەك، سەن ئۆزۈڭنى ئېتىراپ قىلغان چاغدىلا، ۋىجدانىڭغا خىلاپلىق ئىش قىلىپ قويغانلىقىڭغا تۋۋا قىلالىغۇدەك ئىرادىگە ئىگە بولالىغان چاغدا ئۆزۈڭدىكى ئىللەتلەرگە شىپا تاپالايسەن.

بالام، مەرد ئادەم ھەرقانداق قىيىن ۋە مۈشكۈل شارائىتلاردىمۇ قەددىنى تىك تۇتالايدۇ. ئازراق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ چۈشكۈنلەشسەڭ بىر ئوڭۇشسىزلىقىڭ مىڭ ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. مەرد ئادەم ھەرقانچە چىقىش يولى تاپالمىغان چاغلاردىمۇ ۋىجدانىنى بۇلغىمايدۇ، قىيىنچىلىق، مۈشكۈللۈكلەر ئىچىدىن ئۆزى ئۈچۈن توغرا يول تاپىدۇ ۋە ئۈمىدۋارلىقىنى يوقاتمايدۇ.

بالام، ھاياتتا بەك تەمكىن بولغىن. نوچىلىق، ئۈششۈقلۇق، چىدىماسلىق قىلما، ئۆزىنى نوچى دەپ ئاتىۋالغان، ئۆزىنى چوڭ چاغلايدىغان، ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان، ئۆزىنى پۇلدار ھېسابلاپ بويۇنتاۋلىق قىلىدىغان، مۇشتۇمزورلۇق قىلىدىغان چاكىنا، ئۈششۈق، مۇتىھەم ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى مەغرۇر تۇت. ئۇنداق ئادەملەرگە قول بەرمە. ياخشىلار ئۈچۈن بار نەرسىلىرىڭنى ئايىما، مۇتىھەملەرگە خۇشامەت قىلىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل بىلگىن.

# ئونىنچى باب پەرزەنتلەر، ئۆز قىممىتىنى جەمئىيەتتىن تاپسۇن

ئادەم ئۆز تەبىئىتىگە نىسبەتەن ئىجتىمائىي مەۋجۇدات ئىكەن، دېمەك، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تەبىئىتىنى پەقەت جەمئىيەتتىلا كامالەتكە يەتكۈزەلەيدۇ.

— ك. ماركس

بىز يۇقىرىدا ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرنى ئەل ئۈچۈن تۇغىدۇ، ئەل ئۈچۈن تەربىيىلەيدۇ، دېگەنىدۇق. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەجرى بىلەن بالا تەربىيىلەشتىكى ماھىيەت دەل شۇ يەردە. شۇنداق ئۇلۇغ مەقسەتنى چىقىش قىلغان ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان بالىلار يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. بالىنى ئانا تۇغىدۇ، لېكىن ئۇنى جەمئىيەت كامالەتكە يەتكۈزىدۇ. بالىلار جەمئىيەتتىلا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تاپالايدۇ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى جارى قىلدۇرالايدۇ، ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى تونۇيالايدۇ. جەمئىيەتتىن ئايرىلغان قىممەتمۇ، ئىنسانمۇ مەۋجۇت ئەمەس. «كەلىلە ۋە دېمىنە» دە جەمئىيەتنىڭ شەخسنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇنداق بىر تېپىك مىسال بىلەن ناھايىتى روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن: «دۇنيادىن ۋە ئادەملەردىن قېچىش ياخشى ئادەت ئەمەس. بۇ دۇنيا ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە موھتاج ۋە بىر - بىرىگە لازىم قىلىپ يارىتقان تۇرسا، كىشىلەرگە خىلۋەت تەنھالىق قانداق راۋا بولسۇن؟ ئادىمىزاتنىڭ تەبىئىتى تەبىئەت ماددىلىرىدىن بەرپا بولغانلىقى ئۈچۈن بىر - بىرىگە قوشۇلماققا مايىل كېلىدۇ ۋە بىر - بىرىدىن ياردەم تىلەشكە ئېھتىياجى چۈشىدۇ. بىر كىشى بىر قازان ئاش پىشۇرماقچى بولسا ياكى بىرەر كىيىم كىيمەكچى بولسا، ئاۋۋال قازان ياساش ۋە كەتمەن سوقۇش كېرەك بولىدۇ. شۇڭا، لاي ئېتىپ بىر قاچا ياساپ، ئۇنىڭغا سۇ ئېلىپ كەكە سوقۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوتۇن

كېيىن ھەر ئىشنى ئۆز تەرتىپى بىلەن قىلىش لازىم بولىدۇ. قازان، كەكە سوقۇشقا بولغا، سەندەل، كۇرەك ۋە كۆمۈر كېتىدۇ. ئاددىيسى كۇرەك ياساش ئۈچۈنمۇ تېرە ئەيلەش كېرەك. تاغقا بېرىپ كۆمۈر كۆيدۈرۈپ ئەپكېلىشكە تاغار توقۇش كېرەك. تاغار توقۇش ئۈچۈن يۇڭ تېپىپ ئۇنى ئىگىرىش كېرەك. يۇڭنى ھازىر قىلىش ئۈچۈن قوي، تۆگە بېقىش لازىم بولىدۇ. قىسقىسى، ئەنە شۇنداق ئاۋارە بولۇش كېرەك. ئاشۇنداقلا بولسا ھەرقانداق ئادەم بىركىمنىڭ ياردىمىسىز پۈتۈن ئۆمرى ئىچىدە بىرەر قېتىم ئاش پىشۇرۇپ يېيەلەيدۇ، يا يېيەلمەيدۇ. شۇڭا، زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بىركىم قازان ياسىسا، بىرى كەكە سوقىدۇ، ئالاھەزەل ھەركىم بىر ئىشقا مەشغۇل بولۇپ، ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇقىنى باشقىلارغا بېرىپ ياكى سېتىپ، باشقىلارنىڭ ئەجرىدىن پۈتكەنلىرىنى ئۆز ھاجىتىگە ئىشلىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەرقانداق ئىش ئاسانلىق بىلەن ھەل بولىدۇ. مانا بۇ ئادەملەرنىڭ چوقۇم بىر - بىرىگە ھاجىتى چۈشىدىغانلىقىنى، بىرلەشمىسە ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.» بۇنداق باغلىنىشتىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھەرقانداق بىر ئىنسان بالىسى بۇ جەمئىيەتكە قۇرۇق قول، تۆھپىسىز قاتنىشالمايدۇ، جەمئىيەتسىز ھەم ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تاپالمايدۇ.

ئۇنداق بولسا پەرزەنتلەر بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە قانداق دەسمي ۋە قانداق سۈپەت بىلەن قاتنىشىشى كېرەك؟ ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك قىممىتىنى تېپىشى ئۈچۈن قانداق رول ئوينىشى لازىم؟

ئالدىنقى بابتا بىز پەرزەنتلەرنىڭ ئىنسان سۈپىتىدە كامالەت تېپىشىنىڭ تۈپ ئاساسى بولغان ئەقىل - پاراسەت، ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلەرنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مەسلىھەتلىرىمىزنى ئاتا - ئانىلار بىلەن ئورتاقلاشتۇق. بىز يەنە شۇنى بىلىمىزكى، بىر پۈتۈن ئىنساني قىممەتنىڭ جۇلالىنىشىغا پەقەت ئىلىم - مەرىپەتلىك ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇش بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدۇ. چۈنكى رەزىللىك ئۈچۈنمۇ ئەقىل - پاراسەت كېرەك، ئىلىم -

مەرىپەت يامانلىق، ياۋۇزلۇق ئۈچۈنمۇ لازىم. شۇڭا، پەرزەنتلەرنىڭ جەمئىيەتكە ئالىيجاناب روھ، كوللېكتىۋىزملىق ئېتىقاد ۋە ئەقىدە بىلەن قاتنىشىشى، شەخسىيەتچى، نەپسانىيەتچى بولماسلىقى، ئاچ كۆز، تەمەخور بولماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قىممىتىنى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئابرۇيى ۋە ھۆرمىتىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەردىن قاتتىق تەلەپ قويۇپ تەربىيىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

## 1. ئالىم بولماق ئوڭاي، ئادەم بولماق تەس

ئالىم، شائىر، جەڭچى ... قانۇنشۇناس ۋە باشقىلار بولۇش ياخشى، لېكىن ئىنسان بولماسلىق يامان.

— بېلىنسكىي

ئاتا - ئانىلاردا ئورتاق بىر ئومۇملۇق شۇكى، پەرزەنت بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىش بىلەن ئاجايىپ ئۇلۇغ ئارزۇلار بىلەن «ئالىم»، «ساداقەت»، «مەرىپەت»، «قەھرىمان»، «باتۇر» دېگەنگە ئوخشاش چىرايلىق ئىسىملارنى قويىمىز. كۆزىگە قاراپ، «ئالىم بولىدىغان بالام، شائىر بولىدىغان بالام، دوختۇر بولىدىغان بالام» دېگەندەك شېرىن ئارزۇلار بىلەن ئۆزىمىزنى بەزلەيمىز. بالىلار چوڭ بولغاندا ئۇلاردىن «بالام چوڭ بولغاندا نېمە بولىسەن؟» دەپ سورايمىز. ئۇلار بىزگە «ئىنژېنېر بولىمەن، باشلىق بولىمەن، ئۇچقۇچى بولىمەن» دەپ بەرسە شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىمىز، «ئەقىللىق بالام» دەپ سۆيۈپ كېتىمىز. ئەگەر ئۇلار «دېھقان بولىمەن»، «ئىشچى بولىمەن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ قالسا، خۇددى ئۇ گۆدەك بالا ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى پىچىۋاتقاندەك مەيۇسلىنىپ كېتىمىز. ھېچقايسىمىز «بالام سەن قانداق ئادەم بولىسەن» دېگەن سوئالنى سوراپ باقمايمىز. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بىز بالىلارنىڭ نېمە ئىش قىلىشىغا، نېمە بولۇشىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىمىز - يۇ، قانداق ئادەم بولۇشىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيمىز. بىلىش كېرەككى، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ

نېمە بولۇشى، قانداق ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشى مۇھىم ئەمەس، ئۇ ھەم پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ نىشانىمۇ ئەمەس، چۈنكى ئۇلار قۇرامىغا يەتكەندە ئۆز ئىقتىدارى، ئۆزىنىڭ مايىللىقىغا ئاساسەن نېمە ئىش قىلىشنى ئۆزى تاللايدۇ. شۇڭا، پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە — پەرزەنتلەرنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى ھەقىقىي مەنىدىكى ئادەم بولۇشقا يېتەكلەش ۋە ھەقىقىي ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش بىزنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈشىمىزگە ئەرزىيدىغان مۇھىم مەسئۇلىيەت بولۇپ قالىدۇ.

بەزى ئادەملەر باركى، تۇتقان - پۈتكىنى قۇۋلۇق - شۇملۇق، ئويلايدىغىنى باشقىلارنىڭ رىزقىنى تارتىۋېلىش، شۇغۇللىنىدىغىنى سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇپ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، ئەمەل - مەنسەپ تەمەسىدە ئۆزىنى قۇللۇققا بەخشەندە قىلىش، شۇ يولدا تەمەگەر ۋە نان كۆچىكى بولۇپ ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى ئۇنتۇش. ئۇلار دوست - يارەنلىرىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ۋاستە تاللاپ ئولتۇرماي ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قارا نىيەتلىك بىلەن باشقىلارغا ئورا كولاش پېيىدە يۈرىدۇ. ئۇلار يۇقىرىقىدەك ئىنسان قېلىپىدىن چىققان يامان يولنى جان بېقىشنىڭ پەلسەپىسى قىلىپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن. بىزنىڭ كۆزىتىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغا قارىغاندا، ھازىر خېلى كۆپ ياشلار ئەمەل - مەنسەپ تەمەسىدە ۋە ئەمەل - مەنسەپ خىيالىدا يۈرۈيدىكەن. بەزىلەر ياخشى ئىشلەپ نەتىجە قازىنىش ئارقىلىق بىرەر ئەمەلنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇشقا ئىنتىلسە، بەزىلەر ھەردائىم ئەمەل - مەنسەپنى ۋىجدانىغا، غۇرۇرىغا سېتىۋېلىش، پۇلغا سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىدىكى باشلىقلارنىڭ ئۆيىگە قاترايدۇ. قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارنى ئەمەلنىڭ ئۆسكەن - ئۆسمىگەنلىكى بىلەن ئۆلچەيدۇ. ھەرقانداق بىر سورۇندا «ئۇ پالانى يەرگە جۇيجاڭ بوپتۇ، پوكۇنى بۇ ئىدارىگە شۇجى بوپتۇ» دەپ ئۇلارنىڭ قانداق ۋاستە قوللىنىپ شۇ ئەمەلنى سېتىۋالغانلىقى توغرىسىدا ھەر خىل مۇلاھىزىلەر بولىدۇ.

ئەمەل - مەنسەپنى قىممەت دەپ قارايدىغان، ئۇنى ياشاش مەقسىتى ۋە نىشانى قىلىۋالغان كىشىلەرنىڭ قورالى شۇكى، ئۇلار ئۆزىدىن يۇقىرى

دەرىجىلىك باشلىقلارنىڭ ئالدىدا كۆچۈكتەك ئۆمىلەپ، ئۆزىنى ساداقەتمەن، ۋاپادار، ئىقتىدارلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ، سەپداشلىرىنى قاغاپ، قۇرۇق تۆھمەتلەرنى چاپلاپ، پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ تەپرىقىچىلىك قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر مەقسەت - تەلىپى ھەل بولماي قالغۇدەك بولسا دەرھال نىشانىنى بۇراپ رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۆسەك گەپلەرنى تارقىتىدۇ، ئۇلارنى قارىلايدۇ ۋە سىياسىي جەھەتتىن زىيانكەشلىك قىلىپ ئىنتىقام ئالماق بولىدۇ.

بۇنداق قۇللۇق بويۇنتۇرۇقى بەزى پەرزەنتلەرگە قانداق بولۇپ سېلىنىپ قالدى؟

تۇرمۇش تەجرىبىسى شۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، پەرزەنتلەر بۇ خىل ئىنسانلىقتا يات بولغان يامان خۇسۇسىيەتنى بىرى جەمئىيەتتىن سىڭدۈرۈۋالغان، ئەڭ مۇھىمى پەرزەنتلىرىمىز ھەقىقىي ئىنسانىي قىممەت ھەققىدىكى تەلىم - تەربىيىدىن مەھرۇم قالغان، ھەتتا بەزى ئاتا - ئانىلار مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز ھالدا بالىلارغا يۇقىرىقىدەك چاكىنا قىممەت ئېڭىنى سىڭدۈرۈپ قويغان. بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ گۆدەك بالىلىرىنى ئوقۇشقا، ئۆگىنىشكە ئۈندەشنىڭ بىر ۋاستىسى سۈپىتىدە مۇنداق مەزمۇندا ئىلھاملاندۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالىمىز: «بالام، ياخشى ئوقۇساڭ كادىر بولىسەن، باشلىق بولىسەن، قولۇڭدىن پۇل ئۈزۈلمەيدۇ، باشلىق بولساڭ ماشىناڭ بولىدۇ، بىز بالىمىز باشلىق دەپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا پەخىرلىنەلەيمىز» دېگەنگە ئوخشاش. بىز ھەتتا بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بالىلارنى دەرسكە قىزىقتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە «ساۋاقداشلار، ياخشى ئوقۇغان بالىلارنىڭ ئىستىقبالى پارلاق بولىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلاردا خىزمەت قىلالايسىلەر؛ ياخشى ئوقۇمىغان بالىلار، بىر ئۆمۈر جاپا - مۇشەققەتتىن قۇتۇلالماي قارا ئەمگەك قىلىسىلەر، موھتاجلىق بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزىسىلەر» دېگەندەك چۈشكۈن، چاكىنا ئىدىيىنى بالىلارغا سىڭدۈرۈۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ئىنكاسلارنى ئاڭلىدۇق. ھەتتا بەزى ئاتا- ئانىلار مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇتقۇچىدىن بالىسىنى سىنىپنىڭ سىنىپ باشلىقى، بولمىسا سىنىپ ھەيئىتى قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ، ئۇلارنىڭ

ئۆيگە داستىخان كۆتۈرۈپ بېرىشتىن نومۇس قىلمىغان. مانا بۇنداق ناچار تەسىر ۋە چاكىنا تەلىم - تەربىيە بەزى ئىقتىدارسىز بالىلارنىڭ چىقىش يولىنى شۇ ئەمەل - مەنسەپ شوتىسىغا يامىشىشتىن ئىزدەيدىغان ناچار ئىللەتنىڭ ۋە ناچار خاراكتېرنىڭ باش كۆتۈرۈپ قېلىشىنىڭ يوشۇرۇن ئاپىتى بولۇپ قالغان.

بىزنىڭ بۇلارنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىمىزدىكى مەقسەت شۇكى، بالىلارغا كىچىكىدىن تارتىپ ساغلام ئىدىيە، ئىلغار، پاك نىيەت، توغرا دۇنيا قاراش سىڭدۈرۈلۈپ تەربىيىلەنمىگەندە، ئاق نانچى، هارام تاماق، قارا نىيەت ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. تارىختىكى شۇنچە كۆپ ئۇلۇغ ئادەملەر نېمە ئۈچۈن شۇنچە بۈيۈك، پاك قەلبكە ئىگە بولالىدى؟ نېمە ئۈچۈن گىگانت ئادەمدەك قەددىنى رۇسلاپ ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغۋار كۈرەش تارىخىدا، پارلاق مەدەنىيەت تارىخىدا مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە بولۇپ قالدى؟ چۈنكى ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپلا ئىنسانىي قىممەت ھەققىدىكى تەلىم - تەربىيىنىڭ خاسىيەتلىك تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، ئۇلارنىڭ گۈدەك قەلب دەپتىرىگە ئاتا - ئانىلار ئارقىلىق ناھايىتى گۈزەل ۋە پاك بولغان مەنىۋى نەقىش چېكىلگەن.

تارىختا مىليونلىغان ئادەم بۇ زېمىندا ياشاپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چوڭ تۆھپە يارىتالمىسىمۇ ھالال ياشاپ، ياخشىلىق قىلالمىسىمۇ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلماي ۋىجدانى بىلەن بۇ دۇنيادىن كېتىشتى. بەزىلەرچۇ، بۇ قىسقىغىنە ھاياتىدا قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى، قاقشاتمىغان ئادىمى، قىلمىغان رەزىللىكى قالماي لەنەت - نەپرەتكە، ئىنسانىيەتنىڭ قارغىشىغا، تۈكۈرۈك قاچىسىغا ئايلىنىپ، بۇ پاك زېمىننى بۇلغاپ كېتىشتى. ئۆزى بىلەن كەتمەي ئەۋلادلىرىغىمۇ بۇ ھاقارەتنى مىراس قىلىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ تاللىغان قىممىتى مۇشۇمىدى؟

ھۆرمەتلىك ئاتا - ئانىلار ۋە ئاتا - ئانا بولغۇچى مېھرىبانلار، بۇنداق ئوخشاشمىغان ئىككى خىل تەقدىر ۋە قىممەتتە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئوينىغان رولى يوقمۇ؟ شۇڭا، قىممەت مەسىلىسى ھەققىدە ئۆزۈڭلارمۇ چوڭقۇرراق ئويلىنىڭلار؛ پەرزەنتلەرنىمۇ ساغلام، پاك قىممەت قارىشى بىلەن تەربىيىلەش ئۈچۈن بەلگىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭلار.

## 2. پەرزەنتلەر ھەسەتخور، شەخسىيەتچى بولۇپ قالمىسۇن

ھېس - تۇيغۇلارنىڭ ئەڭ يىرگىنچلىكى — ھەسەت ...
خائىنلىق ۋە پىتنە - پاساتلارنىڭ ھەممىسى ھەسەت بايرىقى
ئاستىدا كۈن كۆرىدۇ.

— ك. گېلىۋېتىس

پەرزەنتلەرنىڭ ئېچىنىشلىق بەختسىزلىكى موھتاجلىقتىنمۇ، يالغۇزلۇقتىنمۇ كۆرە ھەسەتخورلۇق ۋە شەخسىيەتچىلىكتىن يۈز بېرىدۇ. نەپسانىيەتچىلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك بىلەن ھەسەتخورلۇق قوشكېزەك. بىز باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، ھېچ بولمىغاندا ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى بىلەن باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى بىردەك دەپ بىلىدىغان، باشقىلارنىڭ بەختىنى كۆرۈپ خۇشال بولىدىغان، بەختسىزلىكىنى كۆرۈپ قايغۇرىدىغان ئالىيجاناب قەلبكە ئىگە پەرزەنتلەرنى جەمئىيەتكە چىقىرايلى. گەرچە ئىنساندا «مەن» دىن ئىبارەت مەنپەئەت ئېڭى بولسىمۇ، لېكىن ھاياتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەنگەن ۋە ياخشى تەربىيىگە ئىگە بولغان پەرزەنتلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا نەپسىگە چوغ تارتمايدىغان، ھەسەتخورلۇقنى نومۇس دەپ بىلىدىغان ياخشى قەلب پەيدا بولىدۇ. بىراق بۇ جەھەتتىكى تەلىم - تەربىيە تەلەپكە بەك نازۇك ۋە ئىنچىكە بولغاچقا، ئاتا - ئانىلار دائىملىقتا پەرزەنتلەردە شەكىللىنىۋاتقان ھەسەتخورلۇق كېسىلىنى ئىتتىك بايقىيالمايدۇ، بۇنداق ئىشلارنىڭ ئاشكارىلىنىش باسقۇچى دەل بالىلارنىڭ مەنپەئەتكە مۇناسىۋەتلىك ھالقىلىق پەيتلەردە روشەن كۆرۈلىدۇ. ھېچقانداق بالا ئۆزىنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى ئۆزى ھېس قىلمايدۇ، ئۇلار ھەتتا قەلبىدە پەيدا بولغان ھەسەت تۇيغۇسىنى ۋىجدان، غۇرۇر، ھەققانىيەت تۇيغۇسى دەپ چۈشىنىۋالىدۇ. مەسىلەن، پەرزەنتلەردىكى بۇ خىل پىسخىك ئاجىزلىق شۇكى، ياخشى بالىلارنىڭ نەتىجىسىگە نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىنى

كۆرەلمەي، ئۇلارنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۇلارغا مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەتىجىسى تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىماي، دىمىغىدا «ھىم» دەپ قويىدۇ. چۈنكى ھەسەت دېگەن مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدىن، كۆرەلمەسلىكتىن تۇغۇلىدىغان ئازابلىق تۇيغۇ، شۇ مەنپەئەت باغلىنىشى بولمىغان ئادەمگە ھېچ كىشى ھەسەت قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا قىزىقىش، ھەۋەس قىلىش ھېسسىياتى تۇغۇلىدۇ.

دەل يۇقىرىقىدەك نازۇك ھەسەتخورلۇقنىڭ ئۇندۇرمىسى بارا - بارا تەرەققىي قىلىپ ئادەمنى پىتنە - پاساتچى، قارا نىيەتچى قىلىپ قويىدۇ. ئۇنداق پىسخىكىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ئادەم بۇ دۇنيادا كۆڭلى خاتىرجەمسىزلىك، ئازاب - ئوقۇبەتتە پۇچىلىنىش، ھەسەت ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولۇش بىلەن ئۆزىنى ئۆزى ئازابلاپ بەختسىزلىك ئىچىدە ھاياتىنى ئۆتكۈزىدۇ.

بىز پەرزەنتلەردە مۇنداق پىسخىك ھالەتنى بايقاش بىلەن ناھايىتى ئۇنۇملۇك ئۇسۇللار بىلەن، پەرزەنتلەرنىڭ بۇ خىل ئېغىر يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە ماھىر بولۇشىمىز لازىم.

مەن بىر بۇرادىرىم بىلەن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىشىپ تېما مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ بۇرادىرىم: — بۇ دۇنيادا ھەربىر ئادەم ئۆزىگە تېگىشلىك مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ، مەن «ئىنجىل» دا مۇنداق بىر ھېكايىنى كۆرگەنىدىم، — دېدى، — بىر ئادەم بېغىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئەتىگەندە بازارغا بېرىپ بىر ئىشلەمچىنى بىر كۈن ئىشلەپ بېرىشنى ئون تەڭگىگە سۆزلىشىپ ئېلىپ كەپتۇ، چۈشكە يېقىن بولغاندا قارىسا، ئۇ ئادەم ئىشنى تۈگىتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يەنە بىر ئادەمنى يەنە ئون تەڭگە پۇلغا سۆزلىشىپ ئېلىپ كەپتۇ. پېشىن بولغاندا بازارغا بېرىپ يەنە بىر ئادەمنى ئېلىپ كەپتۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ ئۈچ ئادەم كەچتە ئىشنى تۈگىتىپتۇ، ئۇ ئادەم ئىشلەمچىلەرنى ھەربىرىگە ئون تەڭگىدىن بېرىپ يولغا سالماق بوپتۇ. بۇ چاغدا ئەتىگەندە كەلگەن ئىشلەمچىدىن پىكىر چىقىپتۇ: مەن سەھەر كېلىپ ئىشلەشكە باشلىغان تۇرسام، ماڭىمۇ ئون تەڭگە بەرسەڭ، بۇلار تېخى چۈشتىن كېيىن كەلگەن تۇرسا بۇلارغا نېمىشقا ئون تەڭگە

بېرسەن، بۇمۇ ئادالەت بولدىمۇ؟ — دەپ نارازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. ھېلىقى خوجايىن ئۇنىڭغا: — ھەي ئادەم، مەن سېنى ئون تەڭگىگە سۆزلىشىپ ئېلىپ كەلدىم، ئون تەڭگە پۇلۇڭنى تولۇق بەردىم، ئەمدى يولۇڭغا ماڭساڭ بولىدۇ، مەن بۇلارغا سېنىڭ پۇلۇڭدىن تۇتۇۋېلىپ بەرمىدىمغۇ، بۇلارغا نەچچە پۇل بېرىشىم بىلەن سېنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟ — دەپتۇ.

بىز ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرگە بۇ ھېكايىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۈرمۇش ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. چۈنكى ھەسەتخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىك بىلەن ئېرىشكەن قەدىر - قىممەت ھەرگىزمۇ مەڭگۈلۈك قىممەت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئۇ، ئاخىرقى ھېسابتا كىشىلىك جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ لەنەت - نەپرىتىگە ئايلىنىپ، ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن قاچىدىغان قورقۇنچلۇق مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، بالىلار ئاز - تولا ئاق - قارىنى پەرق ئەتكىلى باشلىغاندىن باشلاپ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچە بىلەن ئۇلاردا كەڭ قورساقلىق خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

## نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، ئادەمگە ئۆزىنىڭ قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىنمۇ كۆرە، باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى تېخىمۇ خۇشاللىق بېغىشلايدۇ، چۈنكى بىر ئادەمنىڭ بىر بولسا، كۆپ ئادەمنىڭ كۆپ بولىدۇ. ھەقىقىي قورسىقى كەڭ، ئاق كۆڭۈل، شەخسىيەتسىز ئادەملەر باشقىلارنىڭ بەختىدىنمۇ ھۇزۇر ئالالايدۇ. باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭنى يورۇق قىل. بەزىلەر ھەردائىم ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ ئۆزىنى ئۆزى ئازابلايدۇ، ئۇلار شۇنچە ئازابلىنىشنىڭ بەدىلىگە نېمىگە ئېرىشىدىغاندۇ. ئەسلىدىن ئالغاندا كىشىلەرنىڭ قازانغان نەتىجىلىرى باشقىلارغا ئىلھام ۋە روھ بېغىشلىشى كېرەك ئەمەسمۇ، شۇڭا، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ساۋاقداشلار ۋە سەپداشلاردىن پەخىرلىنىش كېرەك. ئۇلارنى چىن كۆڭلىدىن تەبرىكلەش نېمىدېگەن ياخشى. پەزىلەتلىك بولساڭ ياخشىلارغا مەدەت بەرگىن، ئۇلارنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىسەڭ شۇندىلا ھەقىقىي قەدىر - قىممەتكە ئىگە بولالايسەن. ئادەم دېگەن نەپسانىيەتچىلىككە تارتىپ نامەردلىك قىلسا بولمايدۇ. ئادەم ئۆزىنى قانداق قەدىرلىسە ئۆزگىنىمۇ شۇنداق قەدىرلىگۈلۈك. ھەرگىزمۇ*

ساۋاقداشلار، دوستلار ۋە سەپداشلار ئالدىدا يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىش قىلىپ قويغۇلۇق ئەمەس. كەڭ قورساقلىق دېگەن ئادەمنىڭ روھىنى ئازادە، تېنىنى ساغلام قىلىدۇ. بالام، ھەسەتخورلۇق، كۆزى كىچىكلىك ئادەمنى ئارامىدا قويمايدۇ، ئۇنداق ئادەم مەڭگۈ بەخت يۈزىنى كۆرمەيدۇ، ئاخىرى ئۆزىنى ئۆزى خاراب قىلىدۇ. ئويلاپ باققىن، بۇ دۇنيادا ھەسەت ئوتىدا ئۆرتىنىپ كۆل بولغانلار ئازمۇ؟ ئۇلار شۇنچە قۇربان بېرىشنىڭ بەدىلىگە نېمىگە ئېرىشەلىدى؟

## ئۈچ ھەسەتخورنىڭ ھېكايىسى

ئۈچ قەبىھ ھەسەتخور كىشى باشقا - باشقا يۇرتلاردىن سەپەر قىلىپ يولدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى قالغان ئىككىسىدىن سوراپتۇ:

— سىلەر ئۆز يۇرتۇڭلاردىن نېمىشقا چىقتىڭلار؟

— مەن قوشنامنىڭ ھەسەت ئوتىدا كۆيۈپ، باغرىم كاۋاپ بولۇپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ قوشنام ھەردائىم ماڭا ياخشىلىق قىلىپ تېخىمۇ جېنىمغا تەگدى. كىشىلەر ئۇ قوشنامنى بەك ھۆرمەت قىلىدۇ، شۇڭا، چىدىماي يۇرتتىن چىقىپ كەتتىم، — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى.

— باشقىلار نېمە ئۈچۈن بىر - بىرىگە شۇنچە ياخشىلىق قىلىدۇ، بىزنىڭ يۇرتتا كىشىلەر شۇنداق ئىناق، شۇنداق خاتىرجەم ئۆتىدۇ، بىر-بىرىگە شۇنداق ياردەم قىلىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئىش مېنى بەك ئازابلىدى. شۇڭا، يۇرتنى تەرك ئېتىپ چىقىپ كەتتىم، — دەپتۇ يەنە بىرى.

— سىلەر بىلەن مېنىڭ دەردىم ئوخشاش ئىكەن. مەن باشقىلارنىڭ شادلانغانلىقىنى كۆرسەم، يۈرىكىم قانغا تولىدۇ، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

بۇ ئۈچ ھەسەتخور بىر - بىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، بىرگە سەپەر قىلىپ مېڭىپتۇ. يولدا بىر خىش ئالتۇن تېپىۋاپتۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ھەربىرى بۇ ئالتۇننىڭ پەقەت ئۆزىگە تەۋە بولۇشىنى تىلەيدىكەن. ئۆزىدىن باشقىسىغا بۆلۈنۈپ كېتىشىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالتۇننى بۆلەلمەي، قارىشىپ ئولتۇرغاننىڭ ئۈستىگە شۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى نەۋكەرلىرى بىلەن بۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ.

— نېمە بولدى، نېمىشقا بۇنداق ئولتۇرىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ

نەۋكەرلەردىن بىرى. ئۇلار راستلىق بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ ئۇلارغا:

— ئۆزۈڭلارنىڭ قانچىلىك ھەسەتخور ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېقىڭلار قېنى، مەن ئالتۇننى شۇنىڭغا قاراپ ئۈلەشتۈرۈپ بېرەي، — دەپتۇ.

— مېنىڭ باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە ئەسلا تاقىتىم يوق، — دەپتۇ بىرى، — كىشىنىڭ مەندىن مەنپەئەت ئېلىپ شاد بولۇشىنى ھەرگىز كۆرەلمەيمەن.

— ماڭا سېلىشتۇرغاندا سېنىڭ ھەسەتخورلۇقۇڭ ھېچ گەپ ئەمەس ئىكەن، — دەپتۇ ئىككىنچىسى، — مەن كىشىنىڭ كىشىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈپ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرۈشىنى كۆرسەم كۆڭلۈمگە داغ چۈشىدۇ.

— ھەيھات، ھەيھات، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى، — سىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقتىن لاپ ئۇرۇشۇڭلار بىمەنىلىك ئىكەن. مەن دۇنيادا ياخشىلىق دېگەننىڭ ئېتىنىمۇ قەلبىمگە سىغدۇرالمايمەن. باشقىلارنىڭ ماڭا ياخشىلىق قىلىشىنىمۇ كۆرەلمەيمەن.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ھەيرانلىقتا قولىنى تەپەككۇر چىشى بىلەن چىشلەپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن شۇملۇق رەقىمى ئۆزلىرىنىڭ سۈپەتلىرى لەۋھەسىگە يېزىلغانلىقىنى چۈشىنىپ بەكمۇ ئەجەبلىنىپتۇ ۋە بۇنداق ئادەملەرنىڭ بۇ يۇرتتا ئاپىرىدە بولۇشى يۇرت ئۈچۈن بىر بالا - قازانىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى پەملەپ، نەۋكەرلەرگە ئەمىر قىپتۇ:

— ھەي مۇلازىملار! ماۋۇ، كىشىگە ياخشىلىق قىلمايدىغان ھەسەتخورغا ھەرگىز ياخشىلىق يۈزىنى كۆرسەتمەڭلار، ئىككى ئالەمنىڭ بەخت ئىقبالىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسىنى بېرىڭلار. ماۋۇ، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرەلمەيدىغاننى ئۆلتۈرۈڭلار. ماۋۇ، كىشىنىڭ ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىشىنىمۇ كۆرەلمەيدىغانغا شۇنداق ئازاب قىلىڭلاركى، چەكسىز قىيناقنىڭ چاڭگىلىدا روھىنىڭ قۇشى قىل يۇتۇپ، ئەزرائىلنىڭ دامىغا گىرىپتار بولسۇن.

بۇ جازا دەرھال بەجا كەلتۈرۈلۈپ، ئۇ يۇرتتا كېلىش ئېھتىمالى بولغان

پىتنە - پاسات ۋە ھەسەتخورلۇق ئوتى ئۆچۈرۈلۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھىلىقى ھەسەتخورلارمۇ ھەسەت ئازابىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپتۇ.

بالام، سەن ئۆزۈڭدە بارغا قانائەت قىلىپ، يوقىغا تىرىشىپ - تىرمىشىپ، ئۆزۈڭدە يوققا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىسەڭلا، سەندە ئازاب بولمايدۇ. ئۆزۈڭگە نېسىپ قىلىنغان نەرسىلەردىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ ھۇزۇرلىنىشنى بىلمىسەڭ، ئۆزۈڭگە نېسىپ قىلىنمىغان نەرسىلەر ئۈچۈن ئازابلانساڭ مانا بۇنى ئىنساپسىزلىق دەيمىز. بۇ دۇنيا ھەربىر ئادەمنىڭ ئارزۇسىنى مەڭگۈ قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. قارىنى - كۆكسى كەڭ ئادەملەر ھەرقانچە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسىمۇ يەنىلا قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئۆزىنى ئوڭشاشنىڭ كويىدا يۈرۈيدۇ، ھەسەتخور ئادەملەر ئۆزى بەختسىزلىككە ئۇچرىسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئامەتى كېلىپ قالسىمۇ دائىم پەرىشان يۈرۈيدۇ، ھەرگىز ئۆزىگە ئىشىنىدىغان قابىلىيەتلىك ئادەملەر باشقىلارغا ھەسەت قىلمايدۇ، باشقىلارنىڭ كەينىدىن غاجىشىغىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان كىشىلەرلا قابىلىيەتلىكلەرنى كۆرەلمەيدۇ، خۇددى بازار ئىتلىرى ئوۋ ئىتلىرىنى كۆرسە قاۋاشقا باشلاپ قېشىغا بارالمىغاندەك، پەس ئادەملەر ھۈنەر - پەزىلەتتە باشقىلار بىلەن تەڭ كېلەلمىسە رەزىللىك بىلەن ئارقىدىن غاجاشقا باشلايدۇ. بىراق ھەسەتخورلار شۇنچە ئازابلىنىپ، پىتنە- پاسات تېرىپ، باشقىلارنى غاجىلاپ ئۆزىنى خاراب قىلىدۇ، شۇنچە ئازابلىنىپ نېمىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.

بالام، «ھەسەت» دېگەن يامان بىر رەزىل كېسەل. ئۇ كېسەلنىڭ ۋۇجۇدۇڭ قەلئەسىگە كىرىپ، تېنىڭ مەملىكىتىنى خانىۋەيران قىلىشىدىن ھەزەر قىل. دۇنيادا كېسەللىكمۇ كۆپ، بىراق ھەممە كېسەلنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق شىپالىق دورىسى بار. ئەپسۇسكى، كۆرەلمەسلىك ۋىرۇسىدىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكنىڭ داۋاسى يوق، ئۇ خۇددى زەھەرلىك قۇرتقا ئوخشاش ئىچىگە كىرىۋالدىمۇ قىملىق بالاسىغا مۇپتىلا قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېيىش ئادەم بالىسىغا نېسىپ بولمىغان، بىراق ھەسەت ئۆزۈڭنىڭ گۆشىنى ئۆزۈڭگە يېگۈزىدۇ. ئىچىڭ قۇرت يېگەن ياغاچتەك ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كېتىدۇ، چىرايىڭ سارغىيىپ، تېنىڭنى

*زەئىپلەشتۇرىدۇ. ھەسەت ئوتى ساڭا تۇتاشقان بولسا، ئۇ ئوت ئىچىدە سەن كۆپرەك كۆيىسەن، باشقىلارنىڭ يارىسىنى ئېچىش بىلەن ياخشى ئاتالمايسەن، باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى سۆزلەش پەزىلەت بولسا، قۇسۇر ئىزدەش پەزىلەتسىزلىكتۇر. ئىناۋەت غولۇڭ، ئابرۇي يىلتىزىڭ ھەسەت ئوتى بىلەن كۆيۈپ كۇل بولىدۇ.*

*بالام، قەلبىڭنى بىغۇبار ساقلىماقنى تىلىسەڭ پىتنىخور، ھەسەتخور كىشىلەرگە قوشۇلما. ئۇلار قەلبىڭنى ھىيلە دامى بىلەن ئوۋلاپ، پاسات ئازگىلىغا كىرىشكە مەجبۇرلايدۇ، ھەرقانداق ئىشنى ئەقىل تارازىسىغا سېلىپ ئاندىن قىلغىن. ئاڭلىماققا ئىشەنچلىكتەك تۇرغان ئەپقاچتى گەپلەرگە ئىشىنىپلا نىشانىڭنى ئۆزگەرتىپ ياخشى ئادەملەرگە دۈشمەن بولۇپ قالما، ھەسەت ئارقىلىق مەھرۇم بولغان نەرسەڭ ھەرقاچان ئېرىشكەن نەرسەڭدىن يۇقىرى بولىدۇ، بالام.*

دېمەك، مۇشۇ يوسۇندا نەسىھەت قىلىپ، بالىلارغا ھەسەتنىڭ ئەسلا قىممىتى يوق، مەھرۇملۇقتىن باشقا مۇكاپاتى يوق كېسەللىك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ، كەڭ قورساق، مەرد بولۇشقا ئۈندەش كېرەك.

## 3. قەدىر - قىممەت ئۆزئارا ھۆرمەتتىن كېلىدۇ

ئۆزى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشنى ئۆگەنمىگەن ئادەم باشقىلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ.

— ئى. گيۆتى

ئۇيغۇرلار ئىنتايىن ئەدەپلىك، پەزىلەتلىك مىللەت. ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ۋە ياخشى ئەنئەنە شۇكى، پەرزەنتلەرگە كىچىكىدىن باشلاپ باشقىلار بىلەن بولغان سالام - سەئەت، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش، كىچىكلەرنى ئىززەت قىلىشتەك ياخشى پەزىلەتنى ئۆگىتىدۇ. شۇڭا، 5 - 6 ياشلىق ئۇيغۇر بالىلىرىمۇ چوڭلار بىلەن ئۇچراشسا ياكى جامائەت ئولتۇرغان يەردىن ئۆتمەك بولسا تونۇسۇن-

تونۇمىسۇن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ چىرايلىق سالام بېرىپ ئۆتىدۇ. ئۆيىگە كىرگەن مېھمانلار بىلەنمۇ ئەدەپلىك سالاملىشىدۇ ۋە مېھمانلار ئالدىدا ناشايان ئىشلارنى قىلىپ قويۇشتىن بەك ھېيىقىدۇ. شۇڭا، مۇنداق باللارنى «ئادەمگەرچىلىكى بار، پەزىلەتلىك، كىچىك پېئىل بالا بوپتۇ» دەپ ماختىشىدۇ. بىر كۈنى مەن كوچا ئاپتوبۇسىدا مۇنداق ئىشقا دۇچ كەلدىم: ئاپتوبۇس بەك قىستاڭ ئىدى. بىر بېكەتكە كەلگەندە بىر مويسىپىت بوۋاي چىقتى. ئارقا ئورۇندۇقتا 10 ياش چامىسىدا بىر ئوغۇل بالا ئولتۇراتتى. دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ «بوۋا بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇۋېلىڭ» دەپ ئورۇن بوشىتىپ بەردى. بوۋاي ئولتۇرۇپ بولۇپ، بۇ بالىنى ماختاپ كەتتى: «ئوبدان بالام، لېپى قىلچى بالام، رەھمەت» دېدى. بۇ ۋاقىتتا بالا بىرئاز تېرىكتى … «بوۋا، مەن لېپى قىلدىن ئۆگىنىپ ئورۇن بوشىتىپ بەرمىدىم، ئاتا ـ ئانام ماڭا دائىم چوڭلارنى ھۆرمەت قىل، ئۇلارغا ئورۇن بوشىتىپ بەر دەپ تەربىيە قىلىدۇ» دېدى. بوۋاي: «ئوبدان ئادەمنىڭ باللىسىكەنسەن بالام، رەھمەت» دېدى. شۇنداق، ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلىرى پەرزەنتلەرنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىدىكى باشقىلارنى ھۆرمەتلەش مەسىلىسىگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ.

پەرزەنتلەر جەمئىيەتتە ياشايدۇ، ھەر خىل سورۇنلاردا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ باشقىلارنى ھۆرمەتلەش، باشقىلارغا يول قويۇش ئادىتىنىڭ يېتىلىشى ئۇلاردا بىرخىل ئالىيجاناب روھنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كىچىك پېئىل، باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى بىلىدىغان باللار بەك قەدىرلىنىدۇ ۋە سۆيۈملۈك كۆرۈنىدۇ. تەكەببۇر، مەنمەنچى باللار كۆزگە سىغمايدۇ ۋە سەت كۆرۈنىدۇ.

باللاردىكى تەكەببۇرلۇق كىچىك چاغلاردا ئانچە ئىپادىلەنمەيدۇ. باللار 12 ياشتىن ھالقىغاندا بۇ خىل خاراكتېرنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى كۆرۈلىدىغان پسىخىك ئەھۋال شۇكى، بەزى باللار ئائىلىسىگە، ئاتا ـ ئانىسىغا تەمەننا قويۇپ، بەزى كەمبەغەللەرنىڭ باللىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا قىسمەن ئايرىلىق پەيدا قىلىپ قويىدىغان ئەھۋال پەيدا بولۇپ قالىدىكەن،

ھەتتا بۇنداق بالىلار مۇئەللىملەرگىمۇ تىل ياندۇرۇشقا جۈرئەت قىلىدىكەن، بۇنداق پسىخىك ئەھۋالنىڭ ئالدى ئېلىنمىغاندا، بۇنداق ئەھۋال بارا - بارا تەرەققىي قىلىپ تەكەببۇرلۇق خاراكتېرىنى كۆچەيتىپ قويىدىكەن. بۇ خىل پسىخىك ئەھۋال پەرزەنتلەر ئارىسىدا چىقىشالماسلىق، ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ سىردىشالماسلىق، بىر نىيەتتە بولالماسلىقتەك ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بارا - بارا يەككە - يېگانە قېلىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى جىلە بولىدىغان، ئىچى پۇشىدىغان، باشقىلارغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ ئوقۇش نەتىجىسىگىمۇ تەسىر يەتكۈزىدىكەن. چۈنكى، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمىغان بالىلارنى باشقا بالىلارمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ ۋە ئارىغا قاتمايدۇ. بۇنداق پسىخىك ئەھۋاللارنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىدا ئاتا - ئانىلارنىڭ ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن چوڭ. مەسىلەن:

بىر باشلىقنىڭ بالىسى ئىككى ساۋاقدىشىنى باشلاپ ئۆيگە كىردى. بۇلارنىڭ بىرى كەمبەغەلنىڭ بالىسى، يەنە بىرى باينىڭ بالىسى ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ساھىبخان بالىنىڭ دادىسى بۇ ئىككى بالىغا ئوخشاشلا ئىلتىپات كۆرسەتتى، ئۇلار بىلەن سەمىمىي سۆزلەشتى. بۇ دادىنىڭ پوزىتسىيىسى ھېلىقى ئىككى بالىغا بەك ياخشى تەسىر قىلدى ۋە كۆڭۈلدىكى گەپلىرىنى ئۇ كىشىگە ئېيتىپ سىرداشتى. شۇ ئارىدا ساھىبخان بالىنىڭ ئانىسى سىرتتىن كىردى، ئانا باينىڭ بالىسىغا كۆپرەك ئىلتىپات كۆرسىتىپ، كەمبەغەلنىڭ بالىسىنىڭ كىرگەنلىكىگە نارازى بولغاندەك بىر خىل روھىي ھالىتىنى ئىپادىلىدى ... سىزنىڭچە، بۇنداق ئەھۋال بالىلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

بالىلارنىڭ ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن كۆرىدىغان پسىخىكىسىمۇ ياخشى ئەمەس، باشقىلاردىن ئۆزىنى چوڭ چاغلايدىغان، باشقىلارنى پەس كۆرىدىغان پسىخىك ھالەتمۇ خاتا. شۇڭا، پەرزەنتلەرگە تەربىيە قىلىشتا بالىلارنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئۆزىگە ئىشىنىشىگىمۇ ياردەم بېرىش كېرەك. باشقىلارنى ھۆرمەتلەش، باشقىلارغا ئىشىنىش ھەم ياردەم بېرىش كېرەك. بۇ پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ۋە باشقىلارنىڭ قىممىتىنى بىلىشىدە

ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

### نەسىھەتتىن نەمۇنە

پەرزەنتلەر مەكتەپكە كىرمىگەندە، ئۇلارغا تۇرمۇشتىكى سالاملىشىش قائىدىلىرىنى، ئەپۇ سوراش قائىدىلىرىنى، ھەربىر كونكرېت ئىشقا توغرا كەلگەندە «بالام، پوكۇنى ئاكاڭغا سالام قىلمىدىڭغۇ، خوش ئاپا دە بالام، چوڭ ئاپاڭغا خاپا بولما ئاپا دېگىنە، ناخشا ئېيتىپ بېرىپ كۆڭلىنى ئالغىنە» دېگەندەك ئادەتلەندۇرۇش ئارقىلىق كۆيۈنۈش ۋە ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىتىش كېرەك. بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، بالىلاردىكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ، ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، باشقىلارنىڭ ئىنكاسىغا قاراپ نەسىھەت قىلىش كېرەك.

*بالام، ساۋاقداشلىرىڭنى ھۆرمەت قىل، ئۇلارغا كۆيۈنگىن. ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ، سىرداش بولۇپ ئۆتكىن. ياردەم تەلەپ قىلسا ياردىمىڭنى ئايىما، ھەرگىز ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما، ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتساڭ باشقىلاردىن ئايرىلىپ قالىسەن. ساۋاقداش دېگەننىڭ ھەممىسى باراۋەر، بىرى چوڭ، بىرى كىچىك بولمايدۇ.*

ئەگەر سىزنىڭ ئائىلىڭىز باياشات، باي ئائىلە بولسا:

*سەن ئائىلىمىزگە تەمەننا قويۇپ، باشقىلار بىلەن ئۆزۈڭ ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق پەيدا قىلىپ قويساڭ، باشقىلارمۇ سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى ھەرگىزمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ بايلىقى ياكى چوڭ باشلىق ئىكەنلىكى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، بالام، پەقەت ياخشى ئادەم، يامان ئادەم دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ، سەن ئادەملەرنى ئۆلچەشتە، مۇئامىلە قىلىشتا ياخشى، يامانلىلا ئۆلچەم قىل، ھەرگىز ئەمەل- مەنسەپ، باي - كەمبەغەللىكنى ئۆلچەم قىلما ھەم ساۋاقداشلىرىڭنى ئۆزۈڭ بىلەن ئوخشاش كۆرگىن. باينىڭ، باشلىقنىڭ بالىسى بولۇپ قېلىش ھەرگىزمۇ سېنىڭ باشقىلاردىن ئارتۇقلۇقۇڭنى كۆرسىتىدىغان بەلگە ئەمەس، ئاددىي پۇقرالارنىڭ بالىلىرى بولۇش، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ سەندىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنىڭ ئۆلچىمى ئەمەس. سىلەر خۇددى بىر شاختا ئېچىلغان غۇنچىلارغا ئوخشاش بىر - بىرىڭلاردىن ھەرگىز پەرقلەنمەيسىلەر. سەن*

ئۆزۈڭدىن تۆۋەن كۆرگەن بالا ھەتتا بەزى تەرەپتە سەندىن ئۈستۈن بولۇشى مۇمكىن، سېنىڭ بىزنى قالقان قىلىپ ئۆزۈڭنى باشقىلاردىن ئالاھىدە چاغلىۋېلىشىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەپ قويىدۇ. بالام، مەن ساڭا بىر مىسال ئېلىپ بېرەي:

بىر باينىڭ بالىسى دادىسىنىڭ مەرمەردىن ياسالغان قەبرىسى بېشىدا ئولتۇرۇپ، بىر كەمبەغەلنىڭ بالىسى بىلەن مۇنازىرىلىشىپتۇ. «دادامنىڭ قەبرىسى تاشتىن قوپۇرۇلغان، ئۈستىگە چىرايلىق خەتلەر نەقىش قىلىنغان، مەرمەر تاش ۋە پىرۇزە خىش ياتقۇزۇلغان. بۇ قەبرە سېنىڭ داداڭنىڭ قەبرىسىگە قانداقمۇ ئوخشىسۇن، سېنىڭ داداڭنىڭ گۆرىگە بىر-ئىككى كېسەك قويۇلۇپ، ئۈستىگە ئىككى كەتمەن توپا تاشلانغان، خالاس» دەپتۇ باينىڭ بالىسى دادىسىنىڭ قەبرىسىدىن ماختىنىپ.

كەمبەغەلنىڭ ئوغلى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مۇنداق دەپتۇ: «بوپتۇ، داداڭ ئېغىر تاشلارنىڭ ئاستىدا ئىنجىقلاپ تۇرسۇن، ئاڭغىچە مېنىڭ دادام جەننەتكە كىرىپ بولدى.»

بالام، بۇ ھېكايەتتىن ساۋاق ئالغىنكى، دۇنيادا ھېچكىم ئەجدادىنىڭ ئۇلۇغ، مەدەنىيەتلىك ئەجداد بولغانلىقى بىلەنلا ئۇلۇغ بولۇپ قالمايدۇ، ھېچكىم ئەجدادى ۋە بوۋىلىرىنىڭ تارىختا تۆۋەن، پەس ئورۇندا تۇرغانلىقى بىلەن ئېتىبارسىز بولۇپ قالمايدۇ. ئالدى بىلەن بالام، تارىخنىڭ چاقى داۋاملىق چۆرگىلەپ تۇرىدۇ. ئەزىز بولغانلار خار بولىدۇ، خار بولغانلارمۇ بىر كۈنى خارلىق ھاقارىتىنى يۇيۇپ ئەزىزلىك تونىنى كىيىدۇ. شۇڭا بىر دەملىك ئامەت ئۈچۈن كۆرەڭلەپ كىشىلەرگە بويۇنتاۋلىق قىلغۇلۇق ئەمەس، ھەرقانچە ئۇلۇغ مەرتىۋىگە چىققىن، ھەرقاچان نورماللىقنى ساقلىغىن، كىشىلەرگە گەدەنكەشلىك قىلىپ، ئۆزۈڭنى پەسلەشتۈرمە. ھەرقانچە كەمبەغەل، نامرات ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان چاغلىرىڭدىمۇ يەنىلا مەيدەڭنى كۆتۈرۈپ ياشاشقا تىرىشقىن. ھەرگىز باشقىلارغا قۇللۇق قىلما. يەنە بىرى بالام، داداڭنىڭ ئەمەلدارلىقى، داداڭنىڭ شان - شەرىپى پەقەت داداڭغىلا گۇۋاھ بولالايدۇ. پەخىرلىنىش توغرا كەلسە ئۆزۈڭ بىلەن، ئۆزۈڭنىڭ ئىقتىدارى ۋە قابىلىيىتى بىلەن پەخىرلەن. بولمىسا دادىسىنىڭ

*پاگونلۇق چاپىنىنى كىيىۋېلىپ «مەن گېنېرال» دەپ ماختانغان ھاماقەت بالىغا ئوخشاپ قالىسەن. قەبرىنىڭ خىشتىن قوپۇرۇلغانلىقى بىلەن مەرمەردىن قوپۇرۇلغانلىقى بىرەر ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئەمەس، ھەقىقىي قىممەت — خەلقنىڭ قەلب تۆرىدە قۇرغان خاتىرە مۇنارىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىدە. شۇڭا بالام، ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن نورمال، ئىناق، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى مۇناسىۋەتنى ساقلىغىن، ئەگەر بەزى ساۋاقداشلىرىڭ سەندىن ئۈستۈنلۈك تالاشسا ئېتىبار قىلما.*

*بالام، ئەگەر بىرەر ساۋاقدىشىڭنىڭ دادىسى ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ خاتالىشىپ قالغان بولسا، ھەرگىز ئۇ بالىدا گۇناھ يوق. سەن ئەقلىڭدىن ئېزىپ «سەن جىنايەتچىنىڭ بالىسى» دەپ ھاقارەت قىلما، ئەكسىچە ئۇ ساۋاقدىشىڭغا يېقىندىن ياردەم قىل. ئۇنىڭ كۆڭلى يارىسىغا مەلھەم بېرىشكە تىرىشقىن. مۇبادا جەمئىيەت ئۇ بالىنىڭ دادىسى بىلەن پەرزەنتىنى بىر كالتەكتە ھەيدەپ ناتوغرا مۇئامىلىدە بولسا، شۇ جەمئىيەت جىنايەتكار ھېسابلىنىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟*

دېمەك، كىشىلىك تۇرمۇشتا پەرزەنتلەر ھەر خىل ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىدۇ. ئۆزىنى قانداق تۇتۇشنى، قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنى بىلمەي ھېسسىياتى بويىچە ئىش تۇتۇپ قالغاندا كونكرېت ئەھۋالغا قارىتا كونكرېت نەسىھەت قىلىش كېرەك. ئەڭ مۇھىمى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئاتا - ئانىلار ئۈلگە بولۇش لازىم. بىرەر ئىشتا خاتاغا يول قويسىڭىزلا ئەتىسى ئۇنى بالىڭىزدا ئۇچرىتىسىز.

# ئون بىرىنچى باب پەرزەنتلەردە ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرۈش

خاراكتېرلىك ئادەملەر ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان جەمئىيەتنىڭ ۋىجدانىدۇر.

— ر. ئېمېرسون

ھازىرغىچە يېزىلغان پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدىكى كىتاب ۋە ماقالىلاردا پەرزەنت تەربىيىسىدە خاراكتېر يېتىلدۈرۈش ۋە خاراكتېرنى تاۋلاش توغرىسىدا ئاساسەن پىكىر قىلىنمىدى. چۈنكى ئىنسان خاراكتېرى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خاراكتېرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يېتىلىشى ھەققىدە قاراشلار ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر خاراكتېرنى تۇغما بولىدۇ، دەپ قارايدۇ، بەزىلەر خاراكتېر ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ھەقىقىي چۈشەنگەندىن كېيىن ئاندىن شەكىللىنىدۇ، دەپ قارايدۇ، بەزىلەر خاراكتېر ھايات ئۈچۈن بولغان كۈرەش داۋامىدا تاۋلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئومۇمەن، خاراكتېر يېتىلدۈرۈش تەربىيىسىدە ئەخلاقىي قائىدە، ئەخلاقىي ئۆلچەملەرگە ئوخشاش مۇقىم، ئۆلچەملىك ئۇسۇل بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا، خاراكتېر مەسىلىسىنى ياكى تۇغما ئالاھىدىلىككە ياكى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە يۈكلەپ قويۇش بىلەن چەكلىنىپ قالغان.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، پەرزەنت تەربىيىسى مەسىلىسىدە خاراكتېر يېتىلدۈرۈش تەربىيىسى ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدىغان ئىنتايىن نازۇك ۋە قاتتىق بىر تەلەپ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن خاراكتېرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، كۈچلۈك ئىنسان خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقى ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش لازىم.

## 1. خاراكتېر دېگەن نېمە؟

ياخشى خاراكتېر ئۆزلۈكسىز كۆرەش ئىچىدە پىشىپ يېتىلىدۇ ۋە تاكامۇللىشىدۇ.

— خاتىرەمدىن

خاراكتېر توغرىسىدىكى چۈشەنچە ۋە بىلىش ھەر خىل، خاراكتېر توغرىسىدا سېتىندال مۇنداق دېگەن: «مەن ئىنسان خاراكتېرى دەپ ئۇنىڭ ئەخلاقىي ئادەتلىرى مەجمۇئەسىنى ئاتايمەن.» گيۇتى: «ئىنساننىڭ ھاياتى — مانا ئۇنىڭ خاراكتېرى» دەيدۇ. كانت: «خاراكتېر پرىنسىپلار ئارىسىدا ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتىدىن ئىبارەت» دەيدۇ. ك. فىشېر: «خاراكتېر ئىنسان قابىلىيەتلىرىنىڭ بۈيۈك كۆپەيگۈچىسى» دەيدۇ. خاراكتېر توغرىسىدىكى يۇقىرىقىدەك ئوخشاشمىغان تەبىرلەر خاراكتېرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئوخشاشمىغان مومېنتلىرىدا ئوخشاشمىغان شەكىلدە ئىپادىلىنىدىغانلىقى، مەزمۇنىنىڭمۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئامىللار ئارقىلىق زاھىر بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ قارىشىمىزدا: ئىنسان خاراكتېرى ھايات مۇساپىسىدىكى ئاجايىپ نازۇك ۋە ھەل قىلغۇچ مىنۇتلاردىكى ھايات سىناقلىرىغا قانداق مۇئامىلىدە ۋە قانداق مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقى بىلەن ئاشكارىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خاراكتېرنىڭ ياخشى - يامانلىق پەرقىدىن كۆرە ئۇنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى، يەنى كۈچلۈك خاراكتېرنى شامغا ئوخشاتساق، يەنە بىر زەئىپ خاراكتېرنى مۇز چوكىسىغا ئوخشىتىش مۇمكىن، چۈنكى خاراكتېر دېگەن ئىنسان ۋۇجۇدىدا يېتىلگەن قۇدرەتلىك بىر مەنىۋى كۈچ، ئەقىلغىمۇ تولۇق بېقىنىپ كەتمەيدۇ، بىلىم كامالەت بىلەنمۇ ئۆلچەنمەيدۇ. بىر ئادەم ئەقىللىق ۋە بىلىملىك بولۇشى مۇمكىن، لېكىن خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇشى ناتايىن، يەنە بىر جەھەتتىن، ئىنسان خاراكتېرى ئادەتتىكى نورمال تۇرمۇش بەتلىرىدىمۇ ئۆز جۇلاسىنى روشەن كۆرسەتمەيدۇ. نورمال تۇرمۇش

مۇناسىۋەتلىرىدە ئىپادىلەنگىنى شۇ كىشىنىڭ مىجەزى بولۇشى مۇمكىن. مىجەز بىلەن خاراكتېر ئايرىم ئىككى ئۇقۇم. خاراكتېرنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى، خاراكتېر ئىنسانىي خاراكتېر، ئىندىۋىدۇئال خاراكتېر ۋە ئەخلاقىي خاراكتېر قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، ئىرادە ئەخلاق كاتېگورىيىسىدىكى خاراكتېرگە ياتمايدۇ، بىراق ئۇ خاراكتېرنى سىنايدىغان مۇھىم گىر تېشى. ۋىجدان بولسا ئەخلاقىي خاراكتېر كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. ۋىجدانىي خاراكتېر كۆپ ھاللاردا پايدا - مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدە سىنىلىدۇ. ئىنسانىي خاراكتېر ھايات - ماماتلىق پەيتلىرىدە سىنىلىدۇ. شۇڭا، بىز پەرزەنتلەرگە بېرىلىدىغان خاراكتېر تەربىيىسىدە ئىنسانىي خاراكتېر، ئەخلاقىي خاراكتېر دەپ ئىككى مەزمۇن بويىچە نىشانلىق تەربىيىلەش تەكلىپىنى بېرىمىز. بۇ بابتا نۇقتىلىق قىلىپ ئىنسانىي خاراكتېر توغرىسىدا پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىمىز.

بىز پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە پرىنسىپى توغرىسىدىكى بايانىمىزدا، ئىنسان بالىسىدا تۇغما ئىنسانىي ئالاھىدىلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ مۇكەممەللىشىشى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە باغلىق بولىدۇ، تۇغما ئىنسانىي ئالاھىدىلىكمۇ يەنىلا تەربىيىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دېگەنىدۇق. شۇنداق، ئىنسان تەبىئىتىدە ئەسلىي بولمىغان نەرسىنى تەربىيىلەش ئارقىلىق يېتىلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، يېمەكلىك ئىنساننىڭ ئادەتلىنىشى جەريانىدا شەكىللىنىدۇ. ئادەم تۇرمۇش شارائىتىغا ئاساسەن نېمىنى يېيىشكە ئادەتلەنگەن بولسا، شۇنىڭغا تەبىئىتى ماسلىشىپ كېتىدۇ، بىراق ئادەمنى كىچىكىدىن باشلاپ توپا يېگۈزۈپ ئادەتلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئىنساننىڭ تۇغما ئالاھىدىلىكى توپىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس.

ئۇنداق بولسا ئىنسان خاراكتېرى قانداق پىشىپ يېتىلىدۇ؟

پەرزەنت تەربىيىسىدە خاراكتېر يېتىلدۈرۈشتە ئائىلە تەربىيىسى، جەمئىيەت تەربىيىسى ۋە مەكتەپ تەربىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل خۇددى داڭقاننىڭ ئۈچ پۇتىدەك رول ئوينايدۇ. بىر تەرەپكە سەل قارالسا، داڭقان

تۈز ھەم مەزمۇت تۇرالمايدۇ.

كۈچلۈك، يىمىرىلمەس خاراكتېرنىڭ يېتىلىشىدە ئەڭ مۇھىم مۇنداق ئۈچ ئامىل ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ:

(1) پەرزەنتلەرنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇش ۋە تاۋلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئىرادە — ئادەمنىڭ مەلۇم مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدىكى تەۋرەنمەسلىكىدە، ئالدىدىكى قىيىنچىلىقلار، مۇشكۈللۈكلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىشىدە ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل جاسارەتلىك روھىي كۈچ. بۇنى ئۇيغۇرلار «سەۋر ـ چىداش، بەرداشلىق بېرىش ۋە يېڭىش» دەپ چۈشىنىدۇ. بۇ، «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پىشىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. چىدام، كۆرەش، بەرداشلىق بېرىش ۋە ئىشنىڭ ئاخىرىغا چىقىش ئارقىلىقلا، غورىدىن ھالۋا چىقارغاندەكلا خاسىيەتلىك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. بۇنداق كۈچلۈك ئىرادە كىچىكىدىن پىششىپ يېتىلىش ئارقىلىق ئاندىن خاراكتېرگە ئايلىنالايدۇ.

مەن ئامېرىكىنىڭ بىر نېگىر بالىنىڭ دۇنيا مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۆزىنى ئىرادە جەھەتتە چېنىقتۇرۇش جەريانى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر فىلىمنى كۆرگەن. فىلىمدە نېگىر بالىسى ئاق تەنلىكلەر تەرىپىدىن ئىنتايىن خورلىنىدۇ ۋە ھاقارەتلىنىدۇ، بىراق ئۇ كىچىك بولغاچقا بۇ ھاقارەتلەرنى ھېس قىلمايدۇ. ئۇ دائىم يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپ ئۆزىنى چېنىقتۇرىدۇ. شۇنداق چىدام ۋە غەيرەت بىلەن ئامېرىكا رايونلۇق مۇسابىقىسىدە بىر ئاق تەنلىكتىن يېڭىلىپ قالىدۇ، كېيىن بۇ بالا تېخىمۇ قاتتىق چېنىقتۇرۇلىدۇ ۋە ئىرادىسى تاۋلىنىدۇ، كېيىن دۆلەتلىك مۇسابىقىدە يەنە بىر شتاتقا مۇسابىقىگە كېلىدۇ. بۇ جەرياندا بۇ بىردىنبىر نېگىر ماھىرنى يالغۇز بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بىراق ئۇ بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدۇ. شۇ ئاردا بىر نېگىر پوپ بىلەن يەنە بىر نېگىر پروفېسسور نېگىر يىگىتنىڭ يېنىغا كىرىپ، سېنى نېمە ئۈچۈن يالغۇز ياتاققا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىڭمۇ؟ دەپ سورايدۇ. يىگىت بۇ تەرىپىنى تېخى ئويلىمىغانىدى.

ئۇلار: «سېنىڭ بىردىنبىر نېگىر بولغانلىقىڭ ئۈچۈنلا سېنى كەمسىتىپ ئايرىم ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرغان. شۇڭا، سەن بۇ قېتىمقى مارافونچە يۈگۈرۈشتە ئۆزۈڭ ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بىز نېگىرلارنىڭمۇ ئاق تەنلىكلەردىن ئۈستۈن تۇرالايدىغانلىقىنى نامايان قىلىپ، بۇ ھاقارەتنى يۇيۇشۇڭ كېرەك» دەيدۇ. نېگىر يىگىتتە يەنە بىر ئەقىدە ۋە ئېتىقاد شەكىللىنىدۇ، ئەتىسى مۇسابىقىدە ھېلىقى نېگىر بالا يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپ، پۇتلىرى قاپىرىپ، قاناپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا بەرداشلىق بېرىپ ئىرادە ۋە ئەقىدىسىنىڭ كۈچىدىن ئاخىرى چېمپىيون بولىدۇ. شۇڭا، ئىرادىنى چېنىقتۇرۇش خاراكتېر يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسى. ئىرادىسىز ئادەمدە كۈچلۈك خاراكتېر بولمايدۇ، ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇ ئىنتايىن زەئىپ ۋە تېتىقسىز خاراكتېر بولىدۇ.

(2) كۈچلۈك چىن ئەقىدە ۋە ئېتىقاد خاراكتېر يېتىلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى ئىرادە كۈچى چوقۇم مۇئەييەن ئەقىدە ۋە ئېتىقاد كۈچىگە تايانغاندىلا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرالايدۇ ۋە مۇستەھكەم بىر پۈتۈن خاراكتېر يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسىنى قۇرالايدۇ. شۇڭا، پەرزەنتلەردە كىچىكىدىن تارتىپ ئۇلۇغۋار مەقسەت ۋە ئەقىدە كۈچىنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك.

(3) مۇستەھكەم خاراكتېر كۈچىنىڭ يېتىلىشى پەرزەنتلەرنى كۈچلۈك ئىنتىزام بىلەن تەربىيىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىنتىزام كۆپىنچە پەرزەنتلەردە ئىرادىنى چېنىقتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ياردەمچىسى بولىدۇ، چۈنكى ئىنتىزامسىز، چۇۋالچاق ئادەمدە ئىرادىمۇ بولمايدۇ، ئەقىدىمۇ بولمايدۇ.

(4) پەرزەنتلەردە ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزىنى تۇتالايدىغان، تەمكىن، مەزمۇت قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك. چېچىلاڭغۇ، يەڭگىلتەك، ئالدىراڭغۇ بولۇپ قالسا خاراكتېرمۇ تۇراقسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئەلىشىر نەۋائىي مۇنداق دەيدۇ: بىرمۇنچە چوڭ كىشىلەر مۇلايىملىقنى توختامسىزلىق دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر مۇلايىملىقتا سەل قارايدۇ، دەۋران

بېغىنىڭ شامىلىغا ئوخشاش تۇراقسىزلار ئالدىدا يۇمشاقلىق ئېغىرلىقتا مەنسۇپ، ئۆزگىرىشچانلار ئالدىدا ئەيىبلىكتۇر. ئۇلار قۇيۇنغا ئوخشاش تۇپراقنى ھاۋاغا سورۇپ ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن بېشىنى كۆككە يەتكۈزمەكچى بولىدۇ. تاغنى ئۆزىنىڭ ئايىغى ئاستىدا كۆرۈپ، دەشت - چۆللەرنى شامالدەك سورىماق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ شامالغا ئوخشاش ھەربىر ئىشىكتىن ئۇسۇپ كىرىشكە ئارى يوق، ئوتقا ئوخشاش ئانەشداندىن ئۆزگە شوئارى يوق. شامال گەرچە گۈللەرنىڭ تاجىنى ئۇچۇرالىسىمۇ، ئەمما قىيانىڭ بىلىگە قانداقمۇ تېگەلىسۇن، ئوت گەرچە تاغنىڭ ئېتىكىنى كۆيدۈرەلىسىمۇ، ئەمما قۇياشنىڭ ئىسسىقىغا قانداقمۇ يېتەلىسۇن؟!... شامال گەرچە ئاسمانغا يەتسىمۇ ئالدىراڭغۇ ۋە ئۆلچەمسىزدۇر. تاغ ئەگەر تۇپراقتا پاتسىمۇ ئۇنىڭ شوئارى تۇختاملىق ۋە مۇلايىملىقتۇر. ئالدىنقىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئوت ياققۇدەك پاخال ۋە غازاڭلار بار، كېيىنكىسىنىڭ قورسىقىدا شاھىنىڭ تاجىغا لايىق ئوتلۇق مەرۋايىتلار بار، ھىرا تېغى ئېغىرلىقىدىن سەل ئېقىتىپ كېتىشتىن غەم يېمەيدۇ، قامغاقنىڭ ياپرىقى يەڭگىل بولغىنى ئۈچۈن توزۇپ كېتىدۇ («مەھبۇبۇلقۇلۇب»).

(5) پەرزەنتلەردىكى كۈچلۈك خاراكتېرنىڭ يېتىلىشى ئۇلارنى ئۈمىدۋار، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئىرادە ئۈچۈن قانات، ئېتىقاد ئۈچۈن تۈۋرۈك بولىدۇ. خاراكتېر بولسا بۇلارسىز ئۆز كۈچىنى يوقىتىدۇ.

(6) جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق چېنىقىشمۇ ئىرادىنى تاۋلايدۇ، چۈنكى كۈچلۈك خاراكتېر جىسمانىي جەھەتتىكى بەرداشلىق بىلەن مەنىۋى كۈچنىڭ بىرلىكىدە تاكامۇللىشىدۇ. بىلىش كېرەككى، قىيىن تۇرمۇش شارائىتىدا چېنىققان بالىلارنىڭ خاراكتېرى بىلەن باياشات ئۆيدە ئەركە چوڭ بولغان بالىلارنىڭ خاراكتېرى روشەن پەرقلىنىدۇ.

ئائىلە باشلىقلىرى پەرزەنتلەردە كۈچلۈك ئىنسانىي خاراكتېر يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرىقى ھەربىر تۈرگە دىققەت قىلىپ ۋە جىددىي قاراپ، كونكرېت تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يېتەكلەش كېرەك. چۈنكى سىزنىڭ پەرزەنتىڭىزنى

ئۆزىڭىز ھەرقانداق ئادەمدىنمۇ بەكرەك چۈشىنىسىز. پەرزەنتلەر ئۆزىدە ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرسە ئۇلار ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك بايلىق بولۇپ قالىدۇ. زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا، بولۇپمۇ پەرزەنتلەردە مۇستەقىل دۇنيا قاراش تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنراق كىشىلىك ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى، ئىرادە كۈچى، ئۈمىدۋارلىق ۋە ئەقىدە - ئېتىقاد ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ياخشى بىر خاراكتېرنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن ئۇل سېلىڭ.

## نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، سەن بۇ دۇنياغا تۆرەلدىڭ، چوڭ بولدۇڭ، ھاياتلىق قايىنىمىغا قوشۇلدۇڭ. ھايات مۇساپىسى بىرلا خىل تۈز يولدا بولمايدۇ، تۇرمۇشۇڭدا ھەرخىل مۇشكۈللۈكلەرگە يولۇقىسەن، تۈرلۈك تۇمەن توسالغۇلارغا ئۇچرايسەن. ھەربىر قەدىمىڭنى ئىرادە بىلەن مەزمۇت باسقىن. سەن پۇل، بايلىق، مەرتىۋە ۋە كۈچ - قۇدرىتىڭگە ئىشەنمە، ئىرادەڭگە ئىشەن. مۇستەھكەم ئىرادىلا سېنىڭ قەددىڭنى تىك تۇتۇپ يۈرەلىشىڭگە ئىمكان بېرىدۇ، ئىنساننىڭ بۈيۈكلۈكى شۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق. سەن مەقسەت مەنزىلىگە شۇ ئىرادە تۇلپىرىغا مىنىش ئارقىلىقلا يېتەلەيسەن. بۇ دۇنيادا ئىرادىلىك ئادەم ئۈچۈن يېتىش مۇمكىن بولمايدىغان مەنزىل بولمايدۇ. بىراق مۇمكىنسىزلىك ئۈچۈن ئۆزۈڭنى قۇربان قىلما. ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر ئۈچۈن ئۆزۈڭنى قىينىما، توسۇش مۇمكىن بولمايدىغان مۇقەررەرلىك ئۈچۈن ياش تۆكمە. بۇ ئىشلار ئىرادەڭنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ، چۈنكى قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارغىمۇ ئۆزۈڭنى بەرداشلىق بېرىشكە زورلاش سېنىڭ دانالىقىڭ بولىدۇ. مۇبادا چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتتىڭمۇ، بولدى، ئۇنىڭدىن ئۆلۈم يولى ياخشىراق، بەختسىزلىككە، ئۇڭۇشسىزلىققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئادەم بەختسىزلىكنىڭ قۇربانى بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان چاغلىرىڭدا كۆرەڭلەپ ھەددىڭدىن ئاشما، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان چاغلىرىڭدا ئىرادەڭدىن يانما. بەختلىك چاغلاردا ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىش، بەختسىز چاغلاردا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتىن ئوڭاي*

ئەمەس. بىر ئوقۇغۇشسىزلىققا ئۇچرىساڭ بىر ئەقىل تاپىسەن دېگەندەك، ئوقۇغۇشسىزلىقلىرىڭ سېنىڭ تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىشىڭ ئۈچۈن تۈرتكە بولسۇن. بەختسىزلىك ئىرادىسىزلارنىڭ قولدىشى، بەخت ئىرادىلىك ئادەمنىڭ يولدىشى بولىدۇ. سەئدىنىڭ مۇنداق بىر مىسراسى يادىمدا:

دىلىڭ كۆيمىسۇن نا ئۈمىدلىك بىلەن،
يورۇق كۈن تۇغۇلغاي قارا كېچىدىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇۋىمىز شۇنداق دېگەن: «بارلىق چىگىش تۈگۈنلەرنىڭ يېشىمى بولىدۇ، ھەرقانداق كېسەلنىڭ داۋاسى ۋە شىپاسى بولىدۇ، ئۇنى داۋالىغۇچى ھۆكۈمامۇ چىقىدۇ.»

بالام، قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، ئىرادىلىك ئادەمگە، دېگەن ھەقىقەتنى يادىڭدىن چىقارما. ئىرادىلىك ئادەم ئۆزى ئۈچۈن زۆرۈر شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلىيالايدۇ، «مەرد ئادەم تەقدىر زەربىلىرىنى ئەرزىمەيدىغان نەرسە دەپ بىلىدۇ» (دېموكرىت)، ھەرقانداق مۈشكۈللۈكلەر ئىچىدىمۇ ئۆزى ئۈچۈن بىر يوچۇق چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

بالام، ئۆزۈڭگە ئىشەن، ئۈمىدۋار بول.

بالام، سەن ئۆزۈڭنى باشقىلارغا ئوخشاش بىچىرىم ئادەم دەپ ھېس قىلالىغان چېغىڭدا ئۆزۈڭگە نىسبەتەن ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ. ئۆزىگە ئىشەنمىگەن ئادەم ئۆز - ئۆزىنى دەپنە قىلغانغا باراۋەر. سەن ئۆزۈڭگە ئىشەنمىگەن چاغلىرىڭدا ئۆزۈڭدە نېمىلەرنىڭ كەم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئويلاپ باق، ئۆزۈڭدە ئىرادە كۈچى بىلەن ئۈمىدۋارلىقنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى بايقايسەن. كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەمنى قاناتلاندۇرىدىغان، ياشاشقا، كەلگۈسىگە دالالەت قىلىدىغان، ۋۇجۇدىغا جاسارەت ۋە ئىشەنچ بېغىشلايدىغان بىر مەنىۋى كۈچ بار، ئۇ بولسىمۇ ئۈمىد. چۈنكى ھاياتلىقنىڭ يىلتىزى ئارزۇ - ئۈمىد بولىقىدىن سۇغىرىلىدۇ. بۇ توغرىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇۋىمىز مۇنداق تەلىم بەرگەن: «كىمىم تۇرمۇشقا

ئارزۇ- ئۈمىد بىلەن قەدەم باسسا، ئۇ ساڭا ھەر قەدەمدە يار بولىدۇ، ھەرقانداق ئىشقا ئۈمىد بىلەن ماڭسا يىراق يەرمۇ يېقىن بولىدۇ.» خەلق ئارىسىدا «ئادەمنىڭ روھى چۈشسە ئىتى يۈگۈرەلمەيدۇ» دېگەن گەپ بار. ئەگەر ئىنساندا ئۇلۇغۋار ئۈمىد ۋە ئىرادە كۈچى بولمىغاندا ئىدى، ئىنسان ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كېلىش يۈرىستىگە ئىگە بولمىغان بولاتتى. بالام، ئارىستوتىل شۇنداق دېگەن: «ياشلارنىڭ بەختى ئۈمىد ئىچىدە بولىدۇ.» ئاندېرسون: «ئۈمىد ئىرادىدىن ياسالغان كۆۋرۈك» دېگەن. سەندە مۇقەددەس بىر ئۈمىد ۋە غايە بولسۇن. بۇ دۇنيادا ئۈمىدسىز، غايىسىز ياشاش خۇددى لەڭگەرسىز كېمىگە، رولسىز ماشىنىغا چىققانغا ئوخشاش نىشانى ۋە قىرغىقى بولمايدۇ.

بالام، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بەختكە ئىنتىلىش، بەختتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بار. بەختلىك بولۇش ئۈچۈن شۇ بەختكە ئېرىشىش مۇمكىنلىكىگە ئىشىنىشىڭ كېرەك. مەلۇم مەنىدە ئۈمىد ۋە ئىشەنچمۇ شېرىن بەخت ھۇزۇرىنى بېرىدۇ. تۇرمۇشتىكى ئەڭ قاراڭغۇ جايلار غەم- قايغۇغا ئۆز بېشىنى تۇتۇپ بەرگەن جايدىكىدەك مۇدھىش بولمايدۇ. سېنى ئەقلىڭدىن ئازدۇرىدىغان، ئۆزۈڭدىن سوۋۇتۇۋېتىدىغان ئەڭ ۋەھشىي يىرتقۇچنىڭ غەم - قايغۇ ئىكەنلىكىنى بىلگىنىڭدە، ئۆزۈڭنىڭ غەم - قايغۇ بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىڭ ئۈچۈن خىجىل بولغان بولاتتىڭ. بالام، قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولمىغانغا، سۇنى سۇ بىلەن توسقىلى بولمىغانغا، ئوتنى ياغ بىلەن ئۆچۈرگىلى بولمىغانغا ئوخشاش، ھەرگىز غەمنى غەم بىلەن يۇيۇۋېتىش مۇمكىن ئەمەس، بەختسىزلىككە پەقەت مەردلىك بىلەن جەڭ ئېلان قىلغان چېغىڭدىلا غەم - قايغۇنى يۇيۇشنىڭ يولىنى تاپالايسەن. شېكسپىر شۇنداق دېگەنىكەن:

كۈلپەتتە قالغاندا پەقەت بىرلا يول،
غەمنى ھېچ ئويلىما، تېتىك بەردەم بول.

سەن بۇ خۇسۇستا پىفاگورنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ھەردائىم ئۆزۈڭگە

ھەمراھ قىل: «ئاچچىق كۆز ياشلىرى چىقمىغاندا، ھايات قەدىمى كۆڭۈلنى ئاينىتقىدەك دەرىجىدە تاتلىق بولغان بولاتتى.»

تەمكىن بولۇش، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىش ھەققىدە: «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېگەن گەپ بارغۇ، بالام. ئەگەر سەن كۆكسۈڭ مېھرابىنى پۇشايمان تىغى بىلەن زىدە قىلماي دېسەڭ، تەمكىنلىكنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل. ئەقىل مۇقەددەسلىكى غەزەپ تىغى بىلەن كۆتمەك بولىدۇ، مۇراد - نېسىۋەڭنى ئاچچىق توپانغا غەرق قىلىدۇ. شۇڭا، ئاچچىق ۋە غەزەپ دولقۇنىغا تەمكىنلىكتىن توسما بىنا قىلغىن، ئالدىراڭغۇلۇق ئېتىڭغا ئېغىرلىق يۈگىنىنى سالغىن. شۇندىلا ئەقلى - ھوشۇڭ ھەردائىم ئۆزۈڭ بىلەن بولىدۇ، خەلق ئالدىدىمۇ ياخشى ئاتاققا ئىگە بولىسەن، ئۇنداق بولمىسا خاراكتېرىڭنىڭ بوش، تۇتۇرۇقسىزلىقىڭنى ئاشكارىلايسەن. ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر پاك دىل كىشى بىر پالۋاننى راسا غەزەپلەنگەن ۋە ئاغزىدىن كۆپۈك ئاققان ھالەتتە كۆردى، ئۇ كىشى سورىدى: «ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟»، كىشىلەر جاۋاب بېرىشتى: «ئۇنى پالانچى تىللاپتۇ.» پاك دىل كىشى دېدى: «بۇ پەسكەش يۈز پاتمان تاشنى كۆتۈرىدۇ، بىرەر ئېغىز گەپنى كۆتۈرەلمەسمىكىن!» شۇڭا ھەدىستە «ھەر ئىشتا ئېغىر بېسىق بولۇش، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق خۇدايتائالانىڭ سۈپەتلىرىدۇر، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماق شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدۇر» دېيىلگەن. بىر ۋەزىر ئوغلىغا شۇنداق نەسىھەت قىلاتتى:

— ھەي پەرزەنت، سەن پۇقرالارغا ھاكىم بولساڭ ئەقلىڭ ساڭا ھاكىمدۇر. پۇقرالار ساڭا قانداق ئىتائەت قىلسا، سەن ھەم ئەقلىڭگە شۇ يوسۇنلۇق ئىتائەت قىلغىن. ھەربىر مۇھىم ئىشلاردا چوڭقۇر ئويلان. پۇقرالارغا نىسبەتەن ئاچچىق ۋە غەزەپ ئۆرلىگەن ۋاقىتتا، ئۆز ئىختىيارىڭنىڭ تىزگىنىنى نەپسىڭنىڭ قولىغا بەرمەسلىك كېرەك. چۈنكى پۇشايمانلىق ئىش يۈز بەرسە، ۋەقە ئۆتكەندىن كېيىنكى پۇشايمان ھېچ پايدا بەرمەيدۇ. يېنىكلىك ئوق مەسەللىكتۇر. ئوق يادىن ئېتىلدىمۇ، ياندۇرماق مۈشكۈلدۇر. بالام، غەزەپ بىلەن ئېتىلغان ئوقنىڭ ئۈمىد نىشانىغا تەگكىنىنى نەدە كۆرگەن، بۇنداق ۋاقىتتا غەزەپنىڭ ئوتى كۆڭلۈڭ ئوچىقىدا لاۋۇلداپ كۆيۈپ، تۈتۈنى دىمىغىڭنىڭ مورىسىدىن ئۆرلەپ، يېنىكلىكىڭنىڭ

ئىسسى ئەقلىنىڭ ئەينىكىنى قارايتىۋېتىدۇ. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋىمىز: «ھەي ئاقىل كىشى، غەزەپنى ئۆزۈڭدىن نېرى قىلىپ، ئاچچىقتىن يىراق بولۇپ، ياخشى ئاتاقتا ئىگە بول» دېگەن. بىلگىنكى، ھاياتىڭدىكى نامۇناسىپ قىلىقنىڭ بىرى، قوپاللىق، ئىتتىكلىك بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئەل ئارىسىدا قەدىرسىزلىك نەزەرى بىلەن قارىلىسەن. ئالدىراقسانلىق، تەمكىن بولماسلىق، ئاچچىقىنىڭ زىيادە بولۇشى سەن ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ خىل زىيانغا سەۋەب بولىدۇ: بىرىنچىدىن، قىزىققان ئادەم ھەرقانچە بىلىملىك بولسىمۇ بىلىمسىز سانىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، غەزەپ ۋە ئاچچىق ۋەسۋەسىسى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئەسلىي مىجەز - خۇلقىڭغا مۇناسىپ بولمىغان، مەقسەت قەدىمىڭنى توسىدىغان پالاكەت ئارغامچىسىغا پۇتلىشىسەن - دە، ئۆز بۇرنۇڭنى ئۆزۈڭ قان قىلىسەن. ئۈچىنچىدىن، ئۆزۈڭ قىلغان ئىش ئۆزۈڭگە پۇشايمان ۋە ھاقارەت ئېلىپ كېلىدۇ.

بالام، تەمكىن بول، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلان، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۈلىنى تەمكىنلىك بىلەن چىڭىتقىن. ھەرقانداق ئىشتا ئالدىرىغان ئىش پۇختا بولمايدۇ، ئەقىللىق كىشىلەر ھەرقاچان ئىش بىناسىنى ھەرگىز تەنتەكلىك ئۈلىغا قويمايدۇ. ئالدىراڭغۇلۇق ساڭا يامان مەسلىھەتچى. يامان مەسلىھەتچى ساڭا ھەرگىز ياخشى يول كۆرسەتمەيدۇ. ھەر ئىشنى قىلىشتا يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىش ئادىتىنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل.

ھېكايە قىلىنىشىچە: بابۇر شاھ كاتىپلىرىغا ئۈچ پارچە مەكتۇپ يازدۇرۇپ، خاسلىرىدىن بىرىگە بەردى، «ئەگەر مەن سۆھبەتتە ئىتتىكلىك قىلسام بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلىشتىن بۇرۇن بىر پارچە مەكتۇپنى كۆرسىتىپ ئاگاھلاندۇرغىن. ئەگەر ئۇمۇ كار قىلمىسا ئىككىنچىسىنى كۆرسەت» دېدى. بىرىنچى مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئالدىراقسانلىق قىلمىغىن، ئىختىيارىڭ يۈگىنىنى نەپسىڭنىڭ ئىلكىگە بەرمىگىن. سەن مەخلۇقسەن، سەن سېنى ياراتقۇچىدىن ئۇلۇغ ئەمەسسەن! » ئىككىنچى مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئېغىر - بېسىقلىقنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلغىن. خۇدايىتائالا ساڭا رەھمەت قىلغۇسىدۇر. » ئۈچىنچى مەكتۇپتا: «ھەرقانداق ھۆكۈمۈڭ شەرىئەتتىن تاشقىرى بولمىغاي! » دېيىلگەن.

ئەقىدە، ئېتىقاد ھەققىدە:

بالام، سېنى بۇ دۇنياغا باغلاپ تۇرىدىغان بىر قۇدرەتلىك مەنىۋى رىشتىگە ئىگە بولۇشۇڭ كېرەك. بىرەر رىشتە بولمىسا ھاياتنىڭ لەززىتى بولمايدۇ. ئەقىدە - ئېتىقاد ئىنسانغا يېڭىلمەس كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىدىغان مەنىۋى تۈۋرۈك. ئەگەر سەندە بىرەر نەرسىگە ھەقىقىي چىن ئەقىدە - ئېتىقاد بولمىسا، ھاياتىڭنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن. ئەقىدە- ئېتىقاد دېگەن ھەقىقىي مۇستەھكەم بولىدىغان بولسا، ئۇ دەھشەتلىك بورانلارنىڭ باغرىنى تىلالايدىغان گاڭ قاناتقا ئىگە بولىدۇ. سۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك ئېتىقاد ئېتىقاد ئەمەس. بالام، ھەقىقىي ئېتىقاد دېگەن تىك قىياغا ئوخشاش مەزمۇت تۇرۇشى كېرەك. سەن بىلسەڭ ھەقىقىي ئېتىقاد ھەقىقىي ئادىمىيلىكتە كامال تاپىدۇ.

ھەرقانداق ئادەمدە ئەقىدە - ئېتىقاد بولىدۇ. ئېتىقادسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئېتىقاد كىشىگە ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە جاسارەت ئاتا قىلىدۇ. كىشىلەرنى بىر پىكىرلىك ۋە بىر دىللىق قىلىپ ئىتتىپاقلاشتۇرىدۇ. بىرەر ئەقىدە ۋە ئېتىقادقا ئۆزىنى بېغىشلىمىغان ھايات ھايات ئەمەس، ئادەممۇ ئەمەس. ھېچ بولمىغاندا ئادەم ئۆزىگە بولسىمۇ بىر ئەقىدە تۇرغۇزۇشى لازىم. ئادەمنىڭ ئادىمىيلىكى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئادەم ئۆزىدە قانچىلىك دەرىجىدە ئادىمىيلىك ئالاھىدىلىك يېتىلدۈرەلىسە ئەسلىي ماھىيەتكە شۇنچىلىك يېقىنلىشىدۇ. سەن ئۆزۈڭدىكى ئادىمىيلىك ئالاھىدىلىكىنى قانچىلىك يوقاتساڭ ئۆزۈڭگە شۇنچىلىك ئاسىيلىق قىلغان بولىسەن. بالام، سەن ئۆزۈڭنى ھەقىقىي سۆيگەن چېغىڭدا بۇ دۇنيانى سۆيەلەيسەن، سەن بۇ دۇنيانى ھەقىقىي سۆيەلىسەڭ ئىنسان كامالىتى ۋە ئىنسان مەئىشىتى ئۈچۈن ھازىرلانغان بۇ كەڭرى دۇنيا سېنى چەكسىز ۋە يېتەرلىك شەرت - شارائىتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

بالام، سەندە چىن ئېتىقاد بولۇشىنىڭ يەنە بىر شەرتىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىشنى بىلىشتۇر. نادان ئادەمدە ھەقىقىي چىن ئەقىدە ۋە ئېتىقادنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. نادان ئادەمنىڭ ئېتىقادى سۇنىڭ ئېقىشىغا، شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ

ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. سېنىڭ ئالىيجانابلىقىڭ ۋە پەسلىكىڭمۇ ئەقىدىگە بولغان چىن مۇھەببىتىڭ تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇنى بىلگىنكى، ئەقىدە ـ ئېتىقاد دېگەن باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ ئەڭ ئىچكى قىسمىدا يوشۇرۇنغاندۇر. بالام، ھەقىقىي ئېتىقادنىڭ مەڭگۈلۈك بىر ئۆلچىمى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزۈڭ ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشۇڭ كېرەك.

بالام، سەن ئۆزۈڭدە ھەقىقىي ئەقىدە ـ ئېتىقاد تۇرغۇزالىغان بولساڭ، ئېتىقادىڭنى جان تىكىپ قوغدا، ئېتىقادىڭنى قوغداپ قالالمىساڭ باشقا قىممەتلىك نەرسىلىرىڭنى قوغداپ قېلىشىڭنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادىڭنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنگەن چاغدىلا ئاندىن سەن ھەقىقىي قۇدرەتلىك ئادەمگە ئايلىنالايسەن، چۈنكى ئېتىقاد پەقەت ئۆزۈڭگە تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھەققانىيلىقى ئۈچۈن قىممەتلىكتۇر. ئەگەر سەن ئەقىدە قىلىۋاتقان نەرسە ساڭا بەخت ئېلىپ كېلەلىشكە ئىشەنمىسەڭ ياكى ئىستىقبالىڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش ياسىيالمىسا، ئۇ ئېتىقاد تەبىئىيكى، خاتا ئېتىقاد بولىدۇ. ئىستىقبالى بولمىغان ئەقىدە ـ ئېتىقاد سېنى خاراب قىلىدۇ. شۇڭا، سەن ئېتىقاد قىلىۋاتقان نەرسىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسى بىلەن ئۆلچىگىن. ئەگەر ئۇنىڭ ساڭا پارلاق ئىستىقبال يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشىگە كۆزۈڭ يەتمىسە دەرھال ۋاز كەچكىن.

## 2. مەسئۇلىيەتچان بولسۇن، بىپەرۋا بولمىسۇن

بىپەرۋالىق قەلبىنىڭ پالەچلىكى، شۇنداقلا ئۇ ۋاقىتسىز ئۆلۈمدۇر.

— ئا. پ. چېخوف

مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئىنسان خاراكتېرىنى نۇرلاندۇرىدىغان چىراغ دەپ قارىساق، بىپەرۋالىق ئىنسان خاراكتېرىنى كۆمىدىغان گۆركار. چۈنكى ئىنساندىكى مەردلىكمۇ، ۋىجدانمۇ، نومۇسمۇ، ئىرادىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا

ئادەتتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭا، ئالگېرى دانتى مەسئۇلىيەتسىز، بىپەرۋا ئادەملەرگە قارىتا «دوزاخنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك جايلىرى بۈيۈك مەنئۇىلىكنى سىنايدىغان مىنۇتلاردا بىتەرەپ تۇرىدىغان ئادەملەرگە قالدۇرۇلغان» دېگەن. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا ئالاھىدە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن قەدەم بېسىشى ئۈچۈن مەلۇم تىرىشچانلىقلارنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

پەرزەنتلەردىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كىچىكىدىن يېتىلىدۇ. ئۇ ئەڭ ئاددىي ئىشلاردىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇش، ھەر ئىشنى قىلسا ئەستايىدىل قىلىش، ئائىلە تاپشۇرغان ئىشنى ۋە مەكتەپ تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ۋاقتىدا دېگەندەك ئورۇنداش، ئۆينىڭ، مەكتەپنىڭ، جامائەتنىڭ ھەر تۈرلۈك ئەسلىھەلىرىنى ياخشى ئاسراش، بىر نەرسىنى بۇزۇپ قويغان بولسا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ ئۇخشاپ بېرىش، ئادەتتىكى كىچىك ئىشلارغىمۇ سەل قارىماسلىق قاتارلىق ئىشلاردىن تارتىپ ھەربىر ئىشتا مەسئۇلىيەتچانلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بىر كۈنى ئىككى ئوقۇغۇچى تازىلىق قىلىپ بولۇپ، سىنىپنى قۇلۇپلاشنى ئۇنتۇپ قېلىپ قايتىپ كەتتى. يېرىم يولغا بارغاندا بىر ساۋاقداشنىڭ يادىغا كەلدى ۋە يەنە بىر ساۋاقدىشىغا ئېيتتى. ئۇ ساۋاقدىشى ھېچنېمە بولمايدۇ، ئوغرى ئېلىۋالىدىغان نېمە بارتى؟ دەپ پەرۋا قىلمىدى. يەنە بىرى، ياق، سىنىپنى ئوچۇق قويسا، ساۋاقداشلارنىڭ نۇرغۇن نەرسىلىرى بار، سىنىپنىڭ ئەسلىھەلىرى بار، بىرەرسى يوقىلىپ كەتسە زىيان بولىدۇ، ئوقۇش تەرتىپىگە زىيان يەتكۈزىدۇ دەپ قاراپ، دەرھال كەينىگە قايتىپ سىنىپنى قۇلۇپلاپ قايتىپ كەلدى، مانا بۇ تەلىم - تەربىيىنىڭ نەتىجىسى. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى تەرەققىي قىلىپ پەرزەنتلەرنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى تونۇشقا، مەسئۇلىيىتىنى ئورۇنداشقا ئىشتىراك قىلدۇرىدىغان مەنىۋى كۈچ بولۇپ قالىدۇ. ئادەمدە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق يېتىلدۈرۈلگەندىلا ئاندىن ھەقىقىي مەنىدە ئۆزىگە مەسئۇل بولالايدىغان ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

مەسئۇلىيەتسىزلىك پەرزەنتلەرنى بىپەرۋالىققا ئۆگىتىدۇ. ھەرقانداق

قورقۇنچلۇق ھالەتمۇ بىپەرۋالىقتەك ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى بىپەرۋا ئادەم ئۇخلاپ ماڭغان يولۇچىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ نە مەقسىتى، نە نىشانى بولمايدۇ. ئۇنداق ئادەم بىردەم ھەممە نەرسىنى ياخشى دەپ قارايدۇ ياكى ھەممە نەرسىنى يامان دەپ قارايدۇ، مۇقىم مەيدانى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بۇ خىل تۇيغۇسى تېخىمۇ تەرەققىي قىلسا، ياخشى بولامدۇ، يامان بولامدۇ ھەممە نەرسىگە بىپەرۋا قارايدۇ، مانا بۇ ئەڭ قورقۇنچلۇقى. شۇڭا، بىپەرۋا ئادەمنى ئۆز كونتروللۇقىنى يوقاتقان پالەچ ئادەمگە ئوخشىتىش مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، بىپەرۋا ئادەم ھېسسىياتتىن مەھرۇم بولغان قۇرۇق گەۋدىگىلا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇنداق ئادەم «جاھاننى سەل باسسا تەرەپ - تەرەپتە، ئېشەكنىڭ غېمى بولارمىش ھەلەپتە» دېگەندەك، ئەلنىڭ، خەلقنىڭ تەقدىرى، ھەق - ناھەقنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىپ بارغانلىقى بىلەن كارى بولمايلا قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ تەقدىرى بىلەنمۇ كارى بولمايدۇ. بۇ ھال ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق.

پەرزەنتلەرنىڭ بىپەرۋا بولماي، مەسئۇلىيەتچان ئادەم بولۇشىدا تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنىڭدا ئاتا - ئانىلار ناھايىتى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بالىلارنى يېتەكلىشى، ئادەتلەندۈرۈشى ۋە ئۈنۈملۈك نەسىھەتلەرنى قىلىشى كېرەك. بالىلار بىرەر ئىشقا مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ قالسا، دەرھال ئۇلارغا شۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئەگەر ئازراق بىخۇدلۇق قىلىپ قالسا كېلىپ چىقىدىغان زىياننىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئاددىي ئىشلاردىمۇ بىپەرۋالىق بىلەن ئىش تۇتۇشقا يول قويماسلىق لازىم. مەسىلەن، «بالام، كالىنى ئېغىلىقا باغلاپ قويۇپ كىر» دېسەڭ، ئۇ بالا كالىنى باشقىلارنىڭ قوناقلىقىغا يېقىن باغلاپ قويىدى. «باغلاپ قويدۇڭمۇ، ھە باغلاپ قويدۇم، قوناقلىقتىن نېرىراق باغلىغانسەن، ياق. دەرھال چىقىپ قوناقلىقتىن نېرى قىلىۋەتكىن، بول.» مانا مۇشۇنداق ئاددىي ئىشلارمۇ بالىلارنى بىپەرۋا بولماي، مەسئۇلىيەتچان بولۇشقا ئۆگىتىدۇ.

نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا پۇختا بول، قولۇڭنىڭ ئۇچىدا قىلىپ قويساڭ ئۇنىڭ سورىقى يەنىلا ئۆزۈڭگە كېلىدۇ. بىر نەرسىنى*

كۆرسەتمۇ ئەستايىدىل قارا، بىرەر گەپ - سۆز ئاڭلىغاندىمۇ ئەستايىدىل بول. ھەرگىز بولسا بولا، بولمىسا ئىز پۇلى بولا دەپ بىپەرۋالىق بىلەن ئىش تۇتما. شۇنى بىلگىنكى، مەسئۇلىيەتچان نادان ئادەم بىپەرۋا دانادىن يۈز ھەسسە ياخشى. بىپەرۋالىق دېگەن پەقەت ئىنسانىي تۇيغۇدىن مەھرۇم بولغان ئادەملەرنىڭ تۇتقان يولى. تۇرمۇشتا ئۇچرىغان ھەرقانداق مەسىلىلەرگە جىددىي قارا، سوغۇققانلىق بىلەن تەدبىرىنى قىل. بەزىلەر «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ» دەپ قارايدۇ. مانا بۇ ئەڭ چوڭ بىپەرۋالىق. تۇرمۇشتا ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە يات بولغان، ۋىجدانىڭغا خىلاپ بولغان ئىش - ھەرىكەتلەرنى كۆرسەڭ، قول قوشتۇرۇپ تۇرمىغىن. خەقنىڭ ئىشى بىلەن كارىم يوق دېمە، سېنىڭ باشقىلار بىلەن كارىڭ بولمىسا، باشقىلارنىڭمۇ سەن بىلەن كارى بولمايدۇ. ئۆزۈڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ئادەملەرنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى بىل. ئەگەر سەن باشقىلارنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىگە ئېتىبارسىز قارىساڭ، ئىنسان دېگەن نامغا داغ تەگكۈزگەن بولىسەن.

بالام، ھەرقاچان بىپەرۋا ئادەملەردىن ھەزەر قىل. بىپەرۋا ئادەملەر ساڭا زىيانكەشلىك قىلمايدۇ، مۇناپىقلىقمۇ قىلمايدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەڭ ھالقىلىق پەيتلەردە ئىچىگە تىنىپ جىمجىتلىق ئىچىدە قىلغان رەزىللىكلىرى قاتىللارنىڭ زىيانكەشلىكىدىنمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن. «ناھەقچىلىقنى كۆرۈپ تۇرۇپ كارى بولماسلىق، شۇ ناھەقچىلىققا قاتنىشىش بىلەن باراۋەردۇر» (روسسو). بىپەرۋالىق سېنى بۇ دۇنيادىكى بارلىق مۇناسىۋەتلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ. بالام، ياخشىلىق قىلالمىساڭمۇ قىلما، ھەرگىز يامانلارغا يان تاياق بولما. يامانغا يان تاياق بولۇش ياخشىلارغا زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ.

بالام، ئۆزۈڭنىڭ جەمئىيەتتىكى، مىللەت ئالدىدىكى، ئەجدادلار ۋە ئەۋلادلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىڭنى ھېس قىلىپ ياشاشنى بىل. مەسئۇلىيەت ساڭا ئىنتايىن قىممەتلىك سوۋغىلارنى بېرىدۇ، بىپەرۋالىق سېنىڭ يۈرىكىڭنى سوغۇرۇۋېلىشقا يارايدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن خاسىيەتلىك ئىشلار مەسئۇلىيەتچانلىق ساخاۋىتىدىن بارلىققا كەلگەن، ھاياتتىكى يەنە نۇرغۇن مەھرۇملۇقلار بىپەرۋالىقتىن يۈز بەرگەن.

# ئون ئىككىنچى باب پۇل ئېڭى ۋە ئىقتىسادچىللىق تەربىيىسى

بايلىق ئۆمۈرنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈندۇر، ئەمما ئۆمۈر مال توپلاش ئۈچۈن ئەمەس.

— شەيخ سەئدى

ئاتا - ئانىلارغا كۈندەك روشەن، بەش قولدەك ئايانكى، ھازىرقى رېئاللىقتا ئىقتىساد ئېڭى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەرزەنتلەرنىڭ ئېڭىدا «ئانا» ، «دادا» دىن قالسىلا پۇل ئۇقۇمى ئىنتايىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. تېخى تىلى چىقمىغان بوۋاقتا بىر موچەن پۇل تۇتقۇزسا، تالاغا ئېلىپ چىقىشنى ئىشارە قىلىدۇ، سىرتقا ئېلىپ چىقسا پۇلنى چوكامۇز ساتقۇچىغا ياكى كەمپۈت ساتقۇچىغا تەڭلەيدۇ. دېمەسىمۇ پۇل جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم قىممەت ئۆلچىمى ۋە ھۆكۈمران ئاڭغا ئايلاندى. چۈنكى پۇل ئېڭى ۋە ئۇقۇمى ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقى، سېھرىي كۈچكە بايلىقى، قىممەت يارىتىشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستە بولۇش رولى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بىردىنبىر كاپالەتلەندۈرگۈچىلىك رولى بىلەن بالىلاردىن تارتىپ چوڭلارغىچە ھەممە ئادەمنىڭ كاللىسىدا چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

پۇل ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى بولۇشقا باشلىغان ئەڭ قەدىمكى دەۋردىن باشلاپ ئىنسانىيەتنى ئىككى تەبىقىگە ئايرىغانمۇ شۇ پۇل، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە ئەڭ كۈچلۈك ئىشتىراك قىلغانمۇ يەنە شۇ پۇل بولغانىدى. ھازىرقى دۇنيادىمۇ ئەللەر بىلەن ئەللەر، مىللەتلەر بىلەن مىللەتلەر، كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ دۇنيادىكى ئورنى ۋە تەسىرى ئىقتىسادنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. چۈنكى پۇل بولغاندا تەرەققىي قىلغىلى، زامانىۋىلاشقىلى، مەدەنىيەتلىك بولغىلى بولىدۇ،

ئىقتىسادىي ئاساس بولمىسا ياشاش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم بولىدۇ. كىشىلەر ھاياتىنى خاتىرجەم، باياشات، بەختلىك ئۆتكۈزسىمەن دەيدىكەن پۇل بولۇشى كېرەك. پۇل بولمىسا ھېچ نەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ھەتتا ياشاشقىمۇ مۇمكىنچىلىك بولمايدۇ. شۇڭا، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقى ئاخىرقى ھېسابتا پۇل تېپىپ باي بولۇپ تۇرمۇشنى باياشات ئۆتكۈزۈش، بۇ دۇنيانىڭ ئېسىل نېمەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ.

پۇلنىڭ شۇنداق قۇدرەتلىك سېھرىي كۈچى ۋە تۈرتكىلىك رولى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىنسانىيەت ئۈزلۈكسىز ھالدا تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى زامانىۋى دەۋرگە كىردى. جەمئىيەتتە كىشىلەر ئىنتىلىۋاتقان، تالىشىۋاتقان ۋە كۈرەش قىلىۋاتقان مەنپەئەت، ھوقۇق - ئىمتىياز ۋە ئۇنۋان قاتارلىقلارمۇ يەنىلا ئىنسانلارنىڭ شان - شەرەپ، نام - ئاتاق تۇيغۇسى بىلەن پۇلنى مەركەز قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ، بۇ بىر تەرەپ. يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، پۇل تېپىپ باي بولۇش ياكى كەمبەغەل بولۇش ھەربىر ئەلنىڭ، مىللەتنىڭ ۋە ھەربىر شەخسنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. «ئاق مۈشۈك، قارا مۈشۈك، چاشقان تۇتقان ياخشى مۈشۈك» دېگەن ئىبارىمۇ شۇنىڭدىن چىققان. ماركسىزم كلاسسىكلىرىمۇ بۇ ھەقىقەتنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ماركس: «كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى قانداق بولسا ئېڭى شۇنداق بولىدۇ» دېگەن. سىياسىيغا تەبىر بەرگەن چاغدا «سىياسىي ئىقتىسادنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى» دەيمىز.

ئۇنداق بولسا بىزنىڭ بۇلارنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىمىزدىكى مەقسەت نېمە؟ بۇنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئىقتىسادىي ئاڭ ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ يادروسى. ئۇنداق بولسا، پەرزەنتلەردە كىچىكىدىن باشلاپ توغرا ئىقتىسادىي ئاڭنى يېتىلدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. ئۇلار پۇل خەجلەشنىلا بىلىپ قالماي، پۇلنى قانداق خەجلەشنى بىلسۇن، پۇلنى قانداق خەجلەشنىلا بىلىپ قالماي، پۇلنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلسۇن، پۇلنىڭ

قىممىتى ۋە رولىنى ھېس قىلىپ قالماي، پۇلنى قانداق تاپىدىغانلىقىنى ئۆگەنسۇن. ياشاشنى ئۆگىنىشتە بۇلارنى بىلدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىقتىسادىي ئاڭ ئەخلاقىي ئاڭ بىلەن باغلىنىپ كېتىدۇ. پۇل تېپىش بىر ئىش، ئۇ پۇلنى قانداق تېپىش يەنە بىر ئىش، پۇلنى خەجلەش بىر ئىش، ئۇنى قانداق خەجلەش تېخىمۇ مۇھىم تەلىم - تەربىيە تەلىپى.

بىز پەرزەنتلەردە ئىقتىسادىي ئاڭنى مۇنداق بىرقانچە تەرەپتىن يېتەكلەش ئارقىلىق يېتىلدۈرۈش كېرەك، دەپ قارايمىز:

## 1. پەرزەنتلەرنى پۇلنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىشكە، ئىقتىسادچىل بولۇشقا ئۆگىتىش كېرەك

> ھامالنىڭ ئېتىنى سۇغار، پۇلىنى ئال.
>
> — ئۇيغۇر خەلق ماقالى

جەمئىيەتتە ھازىر «باللار ئائىلىنى، ئاتا - ئانىلارنى شورايدىغان زۇلۇككە ئايلىنىپ قالدى» دېگەن گەپ تارقالدى. ھەقىقەتەن بەزى ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەجلەۋاتقان پۇلى ئادەمنى چۆچۈتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇش - قوپۇشلىرى ئىنتايىن كاتتا، كىيگىنى مودا كىيىم. بەزى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئېيىغا بەش يۈز يۈەن ئەۋەتىپ بەرسە، «ئوقۇمايمەن، ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىدا نومۇسقا ئۆلتۈردۈڭ» دەپ ئاتا - ئانىسىغا بېسىم ئىشلەتكەنلىكىنى ئۇچراتتۇق. ئۇلارغا «ئۇكام، ئۆيۈڭدىكىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنىمۇ ئويلا» دېسەك، «ئۇلارغا كىم ئوقۇتسۇن دەپتىكەن، ئوقۇتقاندىن كېيىن چىدىسۇن» دەپ جاۋاب بەرگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ بار. ئۇلار خۇددى ئاتا - ئانىسىغا ئوقۇپ بېرىۋاتقاندەك، ئوقۇشنىڭ ئۆزى ئۇچۇن ھېچقانداق پايدىسى يوقتەك ھېس قىلامدىغاندۇ؟

يەنە بىر تەرەپتىن، نۇرغۇن باللار ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان. ئۇلار بىكارچىلىقتا ئائىلىسىگە

يۈلىنىۋېلىپ كۈن بويى تېلېۋىزور كۆرۈش ۋە مەنىسىز ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ، چوڭ ئىشلارنى قىلىش قولىدىن كەلمەيدۇ، كىچىك ئىشلارنى قىلىشتىن نومۇس قىلىدۇ ۋە ياراتمايدۇ؛ كۈن بويى تام يۆلەپ ئولتۇرۇشقا رازىكى، ئىزدىنىپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ پۇل تېپىپ كۈنلىرىنى ياخشىلاشنى ئويلىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكىلەرنىڭ روھىنى ۋە ھايات ئۈچۈن، بەخت ئۈچۈن ئىنتىلىشلىرىنى بوغۇپ كەلگەن بارغا شۈكۈر - قانائەت قىلىش توغرىسىدىكى تەرغىباتلارنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغان.

ئىسلاھات ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن پۈتۈن جۇڭگو خەلقى «كەمبەغەللىك شەرەپ» دېگەن خاتا شوئارنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈكسىلىش ۋە بېيىشقا ئاتلىنىپ كەتتى. ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئىنتايىن يۈكسەك ئورۇنغا يەتتى. بىراق ئىقتىدارسىز، قابىلىيەتسىز كىشىلەر تەرەققىياتنىڭ سۈرئىتىگە يېتىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن يول تاپالماي نامراتلىقتىن ئىڭراشقا باشلىدى. تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى، ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تۇرمۇش رىتىممۇ تېزلىشىپ كەتتى. بەزىلەر زور تىرىشچانلىق بىلەن ھالالدىن پۇل تېپىپ، ھالال يولغا ئىشلىتىپ شۆھرەت تاپتى. بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، بەزى ھارام تاماقلار پۇلنى قانۇنسىز، خاتا يولدىن ئىزدەشتى، نەتىجىدە زەھەر سېتىش بىلەن مىڭلىغان كىشىلەرنى زەھەرلەش بەدىلىگە باي بولدى؛ بەزىلەر كىشىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىپ قويمىچىلىق يولى بىلەن باشقىلارنى قان قۇستۇرۇش ھېسابىغا بېيىش يولىنى تاللىۋالدى. بەزىلەر ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىقتەك رەزىل يولغا كىرىشتى؛ بەزىلەر نومۇسىنى سېتىپ جان بېقىشنى ھار ئالمىدى. قىسقىسى، ئىقتىدارسىز، ناباب چوڭ بولۇپ قالغان بالىلارنىڭ تۇتقان يولى ئۆزىنىمۇ ۋە ئۆزگىلەرنىمۇ نابۇت قىلىش ھېسابىغا جان بېقىش بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق قانۇنسىز، رەزىل يولنى تاللىۋالدى؟ ئۇلارمۇ بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىزغۇ. ئاتا - ئانىلار بۇنىڭ تۈپ

سەۋەبىنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟

بىزنىڭ كۆزىتىشىمىز ۋە تۇرمۇش تەجرىبىمىزگە ئاساسلانغاندا، بىرى، پەرزەنتلىرىمىز مۇكەممەل، ئەتراپلىق تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولمىغان، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرگە كىچىكىدىن تارتىپ قاتتىق تەلەپ قويالمىغان. ئەسلىدىن ئالغاندا ئائىلە باشلىقلىرى بالىلارنى مۇنداق تەرەپلەردىن قاتتىق تەلەپ قويۇپ تەربىيىلىشى كېرەك:

بىرىنچى، كۆپ بالىلار ئائىلىدە تىزگىنسىز، ئەركە ئۆگىنىپ قالغان. بىلىش كېرەككى، ئەركە ئۆگىنىپ قالغان بالىلاردىن ۋاپا كەلگىنى ناھايىتى ئاز. بالىلارغا ھەرگىزمۇ ئورۇنسىز، بەتخەجلىك بىلەن پۇل خەجلەشكە ئىمكانىيەت بەرمەسلىك لازىم. ئۇلارغا پۇل لازىم بولغاندا، نېمە ئىشقا ئىشلىتىسەن، نەچچە پۇل كېتىدۇ، دەپ سۈرۈشتۈرۈش، زۆرۈرىيىتى يوق نەرسىلەر ئۈچۈن پۇل خەجلىشىنى توسۇش لازىم.

ئىككىنچى، بالىلار ھەرگىزمۇ سىلەرنى تۈگىمەس خەزىنە دەپ ھېس قىلىپ قالمىسۇن. ئۇلار ئائىلىنىڭ قىيىنچىلىقىنى بىلسۇن، باي بولساڭلارمۇ شۇ پۇلنىڭ بېشىدا كۆيۈۋاتقان ئوتنى ھېس قىلسۇن.

ئۈچىنچى، پەرزەنتلەرنى ئۆيىنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا قىسمەن ئارىلاشتۇرۇش، ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇش، پۇلنى ھېسابلىق بېرىپ، شۇنى يەتكۈزۈپ خەجلەشكە بۇيرۇش لازىم. كەلگەندىن كېيىن پۇلنى قانداق خەجلىگەنلىكىنىڭ ھېسابىنى ئېلىش؛ ئەرزان، مۇۋاپىق ئالغان بولسا ماختاش، قىممەت ئالغان بولسا، «مانچە پۇلغا ئالغىلى بولاتتى» دەپ چۈشەنچە بېرىش لازىم. دادام مېنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىلا بازاردىن كۆكتات، گۆش قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيتتى. مەن بەزىدە دادام مېنى ئەرزان ئاپسەن دەپ ماختىسۇن، دەپ يېنىمدىكى بىر، ئىككى موچەن پۇلۇمنى ئالغان نەرسىلەرگە قوشۇۋېتەتتىم. بۇ جەرياندا مەندە ئۆي بىلەن مېنىڭ مەنپەئەتىم ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئورتاقلىق پەيدا بولغانىكەن. شۇڭا، مەندە ئۆيگە كۆيۈنۈش، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىنى ئۆزۈمنىڭ ئىقتىسادى دەپ قارايدىغان ئاڭ شەكىللەنگەنىكەن. مەن سەل چوڭ بولغاندا

دادام ماڭا: بالام، ئادەم ھەرقانداق ئىشتا ئۆتتۈرۈپ قويسىمۇ ئانچە ئەپسۇسلانمايدۇ، سودا ئىشىدا ئۆتتۈرۈپ قويۇش بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. چۈنكى بىر نەرسىنى بىر كوي ئەرزان ئالساڭ كۆڭلۈڭ خۇش بولىدۇ، بىر كوي قىممەت ئېلىپ قالساڭ، كۆڭلۈڭ يېرىم بولىدۇ، دەيتتى. يەنە سودىدا تالىشىپ - تارتىشىپ ئېلىش ساۋاب دەيدىغان. شۇڭا، مەن ئەرزان پۇللۇق نەرسە بولسىمۇ بىرەر موچەن ئەرزان ئېلىشقا تىرىشاتتىم. چۈنكى دادام ئەسكەرتىپ «بالام، ئىككى پۇڭ پۇل بولمىسا بىر قاپ سەرەڭگە سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، سەرەڭگە بولمىسا ئوت ياققىلى بولمايدۇ، ئوت بولمىسا ئۆيدە ئاشمۇ پىشمايدۇ» دېگەنتى. بۇ مېنىڭ باللىق چاغلىرىمدا پۇلنىڭ قىممىتىنى ۋە رولىنى بىلىشىمگە بولغان دەسلەپكى دەرسلىك بولغان بولسا كېرەك. مەن ھازىرغىچە چوڭ ئائىلەم بىلەن ئۆزۈمنىڭ كىچىك ئائىلەمنى باشقا - باشقا دەپ قارىمايمەن. بىزنىڭ ئائىلىدە پۈتۈن بىر تۇغقانلار ھازىرغىچە سېنىڭ، مېنىڭ دەيدىغان ئايرىمچىلىقنى قىلىپ باققىنىمىزمۇ يوق.

تۆتىنچى، باللار قۇربىتى يېتىدىغان چاغدىن باشلاپ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا ھەمكارلاشسۇن. ئۇلار تەتىل مەزگىلىدىن، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ بولسىمۇ ئۆيدىن بىر جاۋۇر ئۆرۈك، ئۈزۈم، شاپتۇلغا ئوخشاش نەرسىلەرنى بولسىمۇ ئەچىقىپ ساتسۇن. بولمىسا ئىمكانىيەت يار بېرىدىغان ئىشلارنى بولسىمۇ قىلدۇرۇپ، بىر - ئىككى كوي پۇلنى دەپتەر، سومكا ئېلىشقا ئىشلەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭمۇ مۇستەقىل ياشاش روھىغا ئىلھام بېرىش لازىم. بۇ ئۇلارنى پۇلنىڭ قانداق كېلىدىغانلىقىنى، نەدىن كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. مەن خېلى باياشات ئائىلىدە چوڭ بولغان. شۇنداقتىمۇ مەن تەتىل مەزگىلىدە كېسەك قۇيۇپ پۇل تېپىپ ئۆيگە ئەپكېلەتتىم. ئۆيدە ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان ئوتۇن بولسىمۇ، دادام مېنى ئوتۇنغا ئەۋەتەتتى، ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ئېلىپ كەلگەن بىر ھارۋا ئوتۇننى 30 كويلارغا ساتاتتۇق. بۇ ماڭا پۇلنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن.

بەشىنچى، پۇلنى باللارنى جازالاش ۋە مۇكاپاتلاشنىڭ ۋاسىتىسى

قىلىۋېلىش ۋە شۇنىڭغا ئادەتلەندۇرۇپ قويۇش خاتا. بۇنداق بولغاندا بالىلار ھەددىدىن ئارتۇق پۇلغا چوقۇنىدىغان خاتا ئۇنۇم بېرىپ قويىدۇ.

ئالتىنچى، بالىلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ ئۇلاردا دائىم بىر مۇدىن تارتىپ 10 كويغىچە پۇل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئۇلاردىن يېنىڭدا پۇل بارمۇ دەپ سوراپ تۇرۇش لازىم. ئەگەر يوق دېسە، تولۇقلاپ بېرىش ھەم يېنىدىكى پۇلنى نېمىگە ئىشلەتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم. بۇ بىر تەرەپتىن، جىددىي پۇل لازىم بولسا باشقىلاردىن پۇل قەرز ئالىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، پۇل ئۈچۈن ناشايان ئىشلارنى قىلىپ قويۇشتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

يەتتىنچى، بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ پۇل ئىقتىساد قىلىشنى ئۆگىتىش كېرەك. ھېيت - ئايەملەردە بالىلار كۆپرەك پۇلغا ئىگە بولىدۇ. بەزى بالىلار 100 كوي پۇلنىمۇ بىر يولىلا خەجلەپ تۈگىتىدۇ. بۇنداق ئۆگىنىپ قېلىش بەكمۇ خەتەرلىك. مەن بۇ ئىشتا مۇنداق بىر چارە قوللاندىم: بالىلارغا پۇل ئىقتىساد قىلىدىغان ساندۇق ئېلىپ بەردىم. ئۇلار ئىقتىساد قىلغان پۇلغا ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋالىدۇ.

سەككىزىنچى، ئائىلىدە ھەرگىزمۇ ئاش-تائاملارنى ئىسراپ قىلىشقا يول قويماسلىق. بۇنىڭدا ئاتا - ئانىلار ئۈلگە بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇرلاردا «ناننى دەسسىسە يامان بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا، چوڭلار يەر يۈزىدە بىرەر پارچە تاشلاندۇق ناننى ئۇچرىتىپ قالسا ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىپ قويىدۇ ياكى دەسسەلمەيدىغان يەرگە ئېلىپ قويىدۇ. بالىلارغا بىر قاچا ئاشقان ئاشنى يۇندىخانىغا تۆكۈشكە بۇيرۇسىڭىز، ئۇ بالا بارا - بارا قازانلاپ تۆكۈشكە ئۆگىنىدۇ. بولسا مەقسەتلىك ھالدا بالىلارنى بىر ۋاخ تاماقتىن قويۇپ بېقىڭلار. بۇمۇ ئۇلارنىڭ ناننىڭ قەدرىنى بىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

توققۇزىنچى، بالىلارنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە ئايىغى يىرتىلىپ كەتكەندە بىرەر قېتىم ياماپ كىيىشكە ئۆگىتىش كېرەك. ھەرقانچە باي بولسىڭىزمۇ شۇنداق قىلىڭ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلار چوڭ بولغاندا بىرەر قېتىم يۇيۇلغان ياكى ئازراق ئاقىرىپ قالغان كىيىمنى كىيىشتىن نومۇس

ھېس قىلىپ تاشلىۋېتىدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

### نەسىھەتتىن نەمۇنە

بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ ئىقتىسادچانلىقنى ئادەتلەندۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ قۇرامىغا يېتىشكە ئەگىشىپ بۇ ھەقتىكى تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش، پۇل تېپىشنىڭ يوللىرى توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ تۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر.

*بالام، تۇرمۇش تىرىكچىلىكى پۇلسىز ئۆتمەيدۇ، بىراق پۇل دېگەن ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسە ئەمەس ياكى ئۇنى يەرگە تېرىپ ئالىدىغان قوناق، بۇغداي ئەمەس، ئۇنى خېلى زور ئەجىر - مېھنەت بىلەن، كاللا ئىشلىتىش بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بىر نان يېيىش ئۈچۈن بىر نانغا لايىق ئەجىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر يۈەن پۇل بولمىسا بىر كۈن ئاچ قالىدىغان ئىش. بىراق قارا ئەمگەك بىلەنلا تۇرمۇش مەئىشىتىنى قۇرغىلى بولمايدۇ، ھازىرقى بازار رىقابىتىدە قابىلىيەتسىز، ئىقتىدارسىز ئادەم ھەرگىز ئىستېمال سەۋىيىسىگە ياندىشالمايدۇ. بالام، تۇرمۇش رىتىمى بەك تېزلىشىپ كەتتى، رىقابەت ئىنتايىن كۈچلۈك. ھەممە ئادەم پۇل تېپىش، يول ئىزدەشنىڭ كويىدا. بىكارچىلىق ئادەمنى كېرەكتىن چىقىرىۋېتىدۇ، چوڭ ئىش بولسۇن، كىچىك ئىش بولسۇن ئىشنىڭ ئۆگىيى يوق، گەپ ھەرقانداق بىر ئىش ساڭا نان بېرەلىسە ئۇ ئىشتىن ۋاز كەچكۈلۈك ئەمەس. بىر شەرت شۇكى، بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولغىن. بىر ئىشقا ھەقىقىي ئەقىدە قىلىپ مۇھەببەت بىلەن كىرىشسەڭ مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسى ساڭا ئېچىلىدۇ، سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك لەيلەپ يۈرسەڭ كىچىككىنە دولقۇنغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيسەن. ھەركىمنىڭ يولى ئۆزى بىلەن بىرگە بولىدۇ، ئۇ ئىش شۇلارنىڭ ئۆزىگىلا ماس كېلىدۇ، قىلىۋاتقان ئىشىڭ ئۆزۈڭگە ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا شۇ ئىشتىن نان تېپىپ يېيەلەيسەن. تەبىئىتىڭگە مۇناسىپ كەلمىگەن ئىش ساڭا مۇناسىپ كەلمىگەچكىلا، ساڭا نان بەرمەيدۇ. بالام، جەمئىيەتتە ئىشنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى قايسى ئىشنى قىلغان بولساڭ شۇنىڭدىن نەتىجە يارىتىشتا.*

نەتىجىسى نامەلۇم بولغان يەرگە قەدەم باسما. بايانى مەلۇم بولمىغان يولدا يۈرۈش ۋە قىرغىقى كۆرۈنمەيدىغان دەرياغا ئۆزىنى ئۇرۇش ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. ئايىغى چىقمايدىغان خام تەمە ۋە نەتىجىسىز قۇرۇق «ئەگەر» لەرنىڭ زەنجىرىگە بەند بولۇپ قالمىغىن. غەم - قايغۇنى، سەۋرسىزلىكنى ئازراق قىلىپ چارە - تەدبىر ئۈستىدە كۆپرەك ئويلاش لازىم. غەم - قايغۇ، غەزەپ ۋە ئاچچىقلىنىش تەپەككۇر يولۇڭنى ئېتىدۇ، تەدبىر تۇلپارىڭغا يۈگەن سالىدۇ، زېھنىڭنى كېرەكتىن چىقىرىدۇ. نەتىجىدە شۇ غەم - قايغۇنىڭ ئەسىرى بولىسەن - دە، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايسەن. سەن ھەرگىز زاماندىن، شارائىتتىن ئاغرىنما، باھانە كۆرسىتىش ھورۇن، قابىلىيەتسىز ئادەملەرنىڭ ئىشى. پۇل تاپقانلارمۇ مۇشۇ زاماندا، مۇشۇ ماكاندا ياشاۋاتىدىغۇ، ئۇلارمۇ دەسلەپتە ئىشنى ئەڭ ئاددىي ئىشلاردىن باشلىغان. ھەرقانداق ئىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئېلىش تەسرەك بولىدۇ. بىراق تۇنجى قەدەمنى بەك ئويلاپ بېسىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۆزۈڭ تاپقان يولدىن يالتايما، ئۇ ئانداق ئىشنى قىلىپ پۇل تېپىپتۇ، بۇ مۇنداق ئىشنى قىلىپ پۇل تېپىپتۇ دېگەن گەپلەر بىلەن باشقىلارنى دوراپ، نان بېرىۋاتقان ئىشىڭنى تاشلاپ قويساڭ، نېسىنى دەپ نەقتىن قۇرۇق قالىدىغان، ياقاڭدىكىنى يالايمەن دەپ ئېلىكىڭدىكىدىن قۇرۇق قالىدىغان ئىش بولىدۇ. قانائەتسىزلىك قىلما، قابىلىيىتىڭگە قاراپ يول تۇت. ھەممە ئىش ئارزۇدەك، خىيالىڭدەك بولۇشى ناتايىن. بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساڭ ئۈمىدسىزلەنمە، نىيەتنى يامان قىلىپ ئايىغى چىقمايدىغان ئىشلارغا تەۋەككۇل قىلما. بۇ دۇنيادىكى ئىشلار ھەرگىزمۇ ئادەمنىڭ تىلىكى ۋە ئارزۇسىدەك بولمايدۇ. ئادەمدە ئازراق قانائەت بولمىسا بەختلىك بولغىلى بولمايدۇ. «بىر كىشى ئۆي سېلىش ئۈچۈن تام ئەتمەكچى بولسا، تامغا خىشنى چاك باستۇرۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر خىشنى پارچىلىماي تامنى تۈزەيمەن دەپ تام قوپۇرۇۋەرسەڭ پۈتكۈل يەر شارىغا تام ئېتىشكە توغرا كېلىدۇكى، ھەرگىز بۇ چاكنى تولدۇرۇش ئىمكانى يوقتۇر. ئەگەر تامنى پۈتۈنلىمەكنى ئويلىسا چارىسى شۇكى، خىشنى پارچىلاپ چاكنى تولدۇرۇش بىلەن پىلاندىكى تامنى كۆڭۈلدىكىدەك

پۈتتۈرۈپ چىقالايدۇ.»

نەۋائىينىڭ بۇ مىسالى كىشىلەرگە ئىنساپ قىلىش مەنىسىدە ئىپتىلغان، لېكىن ئادەمنىڭ ماھىيىتى قانائەتسىزلىكتۇر. قانائەت قىلماق قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلارنىڭ ئادىتى، بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ تىرناق تاتىلىماق بىكار تەلەپ، ھۇرۇنلارنىڭ سائادىتىدۇر. بالام، پۇرسەت دېگەن چېقىنغا ئوخشاش تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنى غەنىيمەت بىلىش، ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆمرىدە چاققانلىق بىلەن ھوسۇل ئالماقنىڭ تىرىشچانلىقىنى قىلماق لازىم. چۈنكى ئادەم قېرىيدۇ، كېسەللىك بىلىنمەي مۈكچەيتىدۇ، پۇت - قولدا مادار ئۈزۈلىدۇ. بۇ چاغدا خەقنىڭ قولىغا قاراپ قالغاندىن ئۆلگەن ئەۋزەل. قولۇڭدا پۇل - مېلىڭ بولمىسا ھەتتا بالىلىرىڭنىڭ ئالدىدىمۇ ئېتىبارىڭ بولمايدۇ، قۇرۇق قول ئادەمدىن ھەتتا دوستلارمۇ قاچىدۇ. ئادەم ئۆلمەيدىغاندەك مېھنەت قىلىپ پۇل تېپىشى، ئەتە ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشى لازىم.

بالام، قۇرۇق - مەنىسىز ئىشلار بىلەن ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزمە، ئۆزۈڭ قىلىۋاتقان ئىشنىڭ قىممىتىنى بىلىپ قىل. بولمىسا گۆھەر سۇزۇپ، مىسقال ئالىدىغان ئەخمەق غەۋۋاسلاردەك بولۇپ قالىسەن.

## ھېكايەت

ھېكايە قىلىنىشىچە، ئوممان دەرياسىنىڭ ساھىلىدا ياشايدىغان بىر سودىگەر سودا ئۈچۈن دەريا ساھىلىغا باراتتى، ئۇ جاۋاھىر ئۈچۈن غەۋۋاسلارغا بىرنەچچە دەرھەم پۇل بېرەتتى. غەۋۋاسلار بېشىنى تۆۋەن قىلغىنىچە سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ، يۈز مىڭلارچە جاپا - مۇشەققەت بىلەن دەريانىڭ تېگىگە يېتەتتى. ئۇ يەردىكى سەدەپلەرنى ئېلىپ چىقىپ، سودىگەرگە بېرەتتى، سەدەپنىڭ ئىچىدىن يا ئۈششاق ئۈنچىلەر چىقاتتى ياكى بولمىسا بىرەر چوڭ گۆھەر تېپىلىپ قالاتتى. بۇنداق گۆھەرلەر شاھلار تاجىنىڭ شان - شەرىپى بولاتتى. لېكىن ئۇ غەۋۋاسلارنىڭ ئالىدىغىنى ئازغىنە ئىش ھەققىدىنلا ئىبارەت ئىدى. سودىگەر شۇ قەدەر قەدىر - قىممەتلىك بايلىقلارنى قولغا چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن غەۋۋاسلارغا بىر - ئىككى يارماقتىن پۇل بېرىپلا بولدى قىلاتتى. غەۋۋاسلارمۇ بۇنىڭغا رازى

ئىدى. ئەپسۇسكى، غەۋۋاسلار گەرچە گۆھەر - مەرۋايىتلارنى تونۇسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ نېمىنى بېرىپ، نېمىگە ئېرىشىۋاتقانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايتتى.

بالام، ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا ئۇنىڭ ساڭا قانچىلىك مەنپەئەت يېتىشىنىلا ئويلىماي، ئۇنىڭغا قانچىلىك مېھنەت تەرىڭ سىڭىدىغانلىقىنىمۇ ئويلا، بىر يىل ئەجىر قىلىپ ئاخىرىدا قۇرۇق قول قالىدىغان ئىش ئۈچۈن ئۆمرۈڭنى زايە قىلما.

بالام، پۇل تاپىمەن دەپ ھەرگىز ناپاك يولغا كىرمىگىن، خىيانەت يولىنى تاللىمىغىن، پۇل، مال - دۇنيانى دەپ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىڭنى خار قىلساڭ، پۈتۈن تەئەللۇقاتىڭنى سەرپ قىلىپمۇ ئابرۇيۇڭنى قايتۇرۇۋالالمايسەن. بىر ئۆمۈر ئەجىر قىلىپ تىكلىگەن قەدىر-قىممەتنى ئازغىنە مال - دۇنيا ئۈچۈن يەكسان قىلغان ئادەم ئەقىلسىز ئادەمدۇر. باشقىلار بىلەن بولغان ئېلىم - بېرىمدا سىلىق ۋە توغرا بول، ئادىمىگەرچىلىك يولىنى تۇتۇپ باشقىلارنى خۇرسەن قىلغىن، ئۆز مەنپەئەتىڭ مۇددىئاسىدا باشقىلارنى ئورۇنسىز رەنجىتمە. كۆپ كىشىلەر ئازغىنە مەنپەئەت ئۈچۈن دوستلۇق ئۇلىنى لىڭشىتىدۇ. ئېلىم - بېرىمدا ھېچقانداق كىشىگە يالغان سۆز قىلما، قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتما. ساختىپەزلىك كېيىنكى يولۇڭنى توسۇپ قويىدۇ، ياغاچ قازان بولۇپ قالىسەن. مۇرۇۋۋەتسىز، ئىنساپسىز بولما، باھادا پۈتۈشكەندىن كېيىن، ئەرزىمىگەن ئىشنى باھانە قىلىپ تالاش - تارتىش قىلما. توغرا، سىلىق، راست سۆزلۈك بولساڭ سەن بىلەن ئالاقە قىلىدىغان كىشىلەر كۆپىيىدۇ. ئېلىم - بېرىم دېگەندە خېرىدارلىق ئادەم راۋاج تاپىدۇ. خېرىدارلىرىڭ سەندىن قاچسا ئېڭەك يۆلەپ، چىۋىن قورۇپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولىسەن، جالىق، ساختىپەزلىك قىلىپ ئۇندۇرۇۋالىدىغان پايداڭدىن كېيىنكى زىيىنىڭ كۆپ بولىدۇ. ئېلىم - بېرىمدىن پەقەت ئۆزۈڭنىڭلا پايدىسىنى كۆزلىمە. سەن بىلەن مۇئامىلە قىلىشقان كىشىلەرنىڭمۇ مەنپەئەتىنى ئويلا، ئۇلارمۇ ئاز - تولا پايدا ئالسۇن. ئۆز پايداڭنى دەپ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزسەڭ، ئاز يېگەن كۆپ يەيدۇ، كۆپ يېگەن نېمە

يەيدۇ؟ دېگەن قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان بولىسەن. يامان مالنى ياخشى دەپ باشقىلارغا ئاتىما، بۇنىڭ زىيىنى تاپقان پايداڭدىن زىيادە بولىدۇ. ھەرقاچان خىيانەت قىلىش پىكرىنى كۆڭلۈڭگە كەلتۈرمە. تارازىدا دۇرۇس بول. سودا قىلماق بولساڭ ھەرگىز باشقىلارغا پۇل قوشۇپ شېرىكچىلىك يولىنى تۇتمىغىن. بولمىسا قىزىل مەڭزىڭ پۇشايماندا زەپىران بولىدۇ. ئادەم دېگەن ئوخشاش بولمايدۇ. سەن بىلەن شېرىكىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ بىر خىل بولمايدۇ، مۇبادا ئاراڭلاردا يىرىكچىلىك سادىر بولۇپ قالسا، ئارىدا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولۇپ، كۆڭۈل ئارامىڭ بۇزۇلىدۇ. ئەگەر بىرلىشىپ تىجارەت قىلماق بولساڭ سىنالغان، دۇرۇس، لىللا ئادەمنى تېپىپ بىرلەش. لېكىن ئارىدا ھېسابات ناھايىتى ئېنىق بولسۇن، دوست راست، ھېساب راست دېگەن ئەقىدىنى يادىڭدىن چىقارما. بەتگۇمان بولۇپ ئارىغا سوغۇقچىلىق سالما.

بالام، ئەگەر مەبلىغىڭ يېتەرلىك بولمىغان بولسا، ياخشى، ئىستىقباللىق ئىشلارغا يۈرەكلىك دەسمى سېلىپ، يېڭى - يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقارغىن. باشقىلارنىڭ ھامماللىقىنى قىلىش ھەرگىز تىجارەت ھېسابلانمايدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا تىجارەتنىڭ ئىستىقبالى ئۈزلۈكسىز يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقارغان تەرەپتە بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، نۇرغۇن ئادەمگە مەنپەئەت يەتكۈزەلەيسەن، ئۆزۈڭنىڭ پايدىسى نەچچە ھەسسە ئېشىپ بارىدۇ. ئېلىپ - ساتتى تىجارەتنىڭ ئاخىرى چىقمايدۇ. بۈگۈن بولسا ئەتىسى يوق، بۈگۈن پايدا ئالساڭ ئەتىسى زىيان.

بالام، تېجەشلىك بول، ھەرگىز ئىسراپخور بولما. «يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار» دېگەن ئەقىدىنى ئۇنتۇما. شۇنچە ئەجىر قىلىپ تاپقان ھالال پۇلنى ھارامغا خەجلەش، مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىپ شامالغا سورۇش ئەقىلدىن ئازغانلارنىڭ ئىشى. بىر ناننى خارلىساڭ، بىر كۈنى شۇ ناننىڭ خارلىقىنى تارتىسەن، بىر كوي پۇلنى بىھۇدە ئىسراپ قىلساڭ بىر كۈنى شۇ بىر كوينىڭ خىجالىتىنى تارتىسەن. يۇقىرى مەرتىۋىگە چىقىش ناھايىتى مۇشەققەت بىلەن قولغا كېلىدۇ، لېكىن خارلىق مەرتىۋىسىگە چۈشۈش ناھايىتى ئاسان. بىر بۇردا

نانىنىڭ قانچىلىك ئەجىر بەدىلىگە كېلىدىغانلىقىنى بىلسەڭ ئىدىڭ، ئىسراپخورلۇقنى ھەرگىز ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمەس ئىدىڭ. سەن بۈگۈنگىنىلا ئويلىما، ئەتىگىنىمۇ ئويلا، سەن ھازىر بىزنى بارغۇ دەپ بىزگە يۆلىنىۋالساڭ، مۇستەقىل ئۆي - ئوچاقلىق بولغاندا قانداق قىلىسەن. كۈنگە بىر يۈەن پۇلنى تېجىسەڭ بىر يىلدا 360 يۈەن پۇلنى تېجەيسەن، كۈنگە بىر كوي پۇلنى ئىسراپ قىلساڭ ئاخىرىدا قەرزگە بوغۇلىسەن، قەرز دېگەن كۆتۈرمەك مۇشكۇل بولغان ئېغىر يۈك، بالام.

قولۇڭغا پۇل چۈشكەندە چەللىدە ئات چاپما، پەلەكنىڭ چاقى ئايلىنىپ خارلىققا قالغاندا پۇشايماندىن باشقا چارە يوق. بەخت دېگەن تۇتۇشنى بىلسەڭ ساڭا قۇت ئاتىدۇ، تۇتۇشنى بىلمىسەڭ، دەرھال سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئىككى يۈەن پۇلۇڭ بولسا بىر كويىنى خەجلەپ بىر كويىنى تېجەپ قويغىن. دانالار ئېيتقان: دوستۇڭنىڭ ئالدىغا موھتاج بولۇپ بارغاندىن، دۈشمىنىڭگە قالدۇرغىنىڭ ياخشى، دېگەن ئىبرەتنى ئۇنتۇما. ھېكمەت كىتابلىرىدا شۇنداق پۈتۈپتۇكى: «ھەرقانداق نەرسىنى تېپىشقا قارىغاندا ساقلاش مۇشكۇل. ھەرقانداق نېمەت بەختنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن ھاسىل بولىدۇ، لېكىن ئۇنى روشەن ئەقىل ۋە ياخشى تەدبىر بىلەن چىڭ تۇتماي تۇرۇپ مۇھاپىزەت قىلماق مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ھەر كىشىگە ھوشيارلىق ۋە ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرۈش قۇۋۋىتى نېسىپ بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ قولىغا كەلتۈرگىنى ئۆزۈن ئۆتمەي تالاپەت ۋە بۇلاڭ - تالاڭغا كېتىدۇ - دە، ئۇنىڭ ئۆزىدە ھەسرەت ۋە نادامەتتىن بۆلەك ھېچنەرسە قالمايدۇ.»

بالام، بەتخەجلىكنىڭ شەكلى ھەر خىل بولىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى، ھاۋايى - ھەۋەسكە خەجلىگەن پۇلدۇر. ئىككىنچىسى، ئىچىملىك ۋە چېكىملىك ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلدۇر. يۈزۈڭنى قارا قىلىدىغان، ئۆزۈڭنى خار قىلىدىغان ئىشلارغا پۇل خەجلەش بىغەرەزلىكتۇر. ئۈچىنچىسى، مەنمەنلىك، چوڭچىلىق قىلىپ ئۆزۈڭنى كۆرسىتىش ئۈچۈن خەجلەنگەن پۇلنىڭ ئاخىرىمۇ ساڭا خارلىق تونىنى كىيگۈزىدۇ. ھەرقانداق ئىشتا ئوتتۇرا ھال يول تۇتقان ياخشى. مېھماندارچىلىق ئىشىدىمۇ شۇنداق.

## ھېكايەت

بەھرام گور دېگەن پادىشاھ بىر كۈنى ئوۋ ئوۋلاشقا چىقتى. ئۇ بىر قۇلۇننى قوغلايمەن دەپ، ئۆز لەشكەرلىرىدىن يىراقلىشىپ كەتتى. ئۇ قوغلا، قوغلا ئاخىرى بىر مەھەللىگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە بىرقانچە چېدىر ئۆيلۈك كىشى بار ئىدى. ئۇ چېدىرلارنىڭ قېشىدا بىر دەرەخ بار ئىدى، بەھرام گور شۇ دەرەخنىڭ سايىسىگە كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئاندىن چېدىر ئىگىلىرىدىن ئۈچ كىشىنى تېپىپ:

— مەن ھازىر سىلەرنىڭ مەھەللىگە مېھمانمەن. مەزە بولسا ئەچىقىپ مېنى مېھمان قىلىڭلار. مەن سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار بىلەن قورسىقىمنى ئازراق توقلىۋالاي، — دېدى.

ئۇ چېدىر ئىگىلىرىدىن بىرى ھەددىدىن ئارتۇق بېخىل ۋە ھىممىتى پەس كىشى ئىدى. شۇڭا، ئۇ شاھنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئىلتىماسىغا قىلچە پىسەنت قىلمىدى. يەنە بىرى ھەددىدىن زىيادە ئىسراپخور ۋە بۇزۇپ - چاچىدىغان كىشى ئىدى. شۇڭا، ئۇ كىشى شاھ بەھرامنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن بىرقانچە قوينى ئۆلتۈرۈپ كاتتا زىياپەتكە تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. بىراق ئۇ كىشىنىڭ ئېسىل تائاملىرى تەييار بولۇپ بولغۇچە، ئاچلىق ئازابى شاھ بەھرامنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتتى. ئۇ كىشىنىڭ كاتتا ناز-نېمەتلىرى بۈگۈن پىشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىراق يەنە بىر كىشى ناھايىتى ئەقىللىق، دانىشمەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭغا ئەقىل - پاراسىتى يولباشچى بولدى - دە، بەھرامنى ئۆز چېدىرىغا باشلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا دەرھال بىرنەچچە نان بىلەن بىر ئاياق قېتىقنى ئېلىپ كەلدى ۋە شاھنى مەزىگە تەكلىپ قىلدى. بەھرام مەزەدىن تويغۇدەك يەپ، بىتاقەتلىك ۋە ئاچلىق ئازابىدىن قۇتۇلدى، راھەتلىنىپ بىرئاز ئارام ئالدى. بەھرام گور بىرئازدىن كېيىن مەزە قويغان كىشىگە ناھايىتى كۆپ ئالتۇن- كۈمۈش بېرىپ، ئۇنى ماختىدى. كۆڭلى پەس، بېخىل كىشىنىڭ دەككىسىنى بېرىپ، ئۇنى سەگىتىپ قويدى؛ ئورۇنسىز بۇزۇپ - چاچىدىغان ئىسراپخور كىشىگە ھەددى - ھېسابسىز تەنە ۋە كىنايىلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ بۇزۇپ - چاچقان مۈلكىنى تۆلەپ بېرىپ قايتىپ كەتتى.

*سەن بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك پەرق بار؟*

*شۇڭا بالام، 10 كوي بىلەن پۈتتۈرۈشكە بولىدىغان ئىشقا 20 كوي خەجلەش، 100 كوي بىلەن ياخشى مېھمان قىلغىلى بولىدىغان مېھماننى 200 كوي خەجلەپ مېھمان قىلىپ قالغىنىنى يوندى ئازگىلىغا تۆكۈش تولىمۇ نادانلىق.*

## 2. پەرزەنتلەر سېخىي بولسۇن، خەسىس بولمىسۇن

> سېخىيلىق بەك ياخشى ئىش، تاشلىماسلىق كېرەك. بىراق خەلقنىڭ مېلى بىلەن سېخىيلىق قىلماسلىق لازىم.
>
> — يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى ئەنئەنىسىدە، تېجەشلىك بولۇش بىلەن سېخىي، ساخاۋەتلىك بولۇش ھەرقاچان بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدۇ، بېخىللىق بولسا ھەرجايدا ئەيىبلىنىدۇ. چۈنكى سېخىيلىق پەرزەنتلەرنىڭ مەردلىك، ئادىمىگەرچىلىك خىسلىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم. خەسىسلىككە ئادەتلەنگەن پەرزەنت ئۆزىنىڭ گېلىغىمۇ قۇلۇپ سالىدۇ، چاشقانغىمۇ بىر دان ئالدۇرمايدۇ. بۇنداق بەختسىزلىك ھەققىدە ئەلشىر نەۋائىي مۇنداق بايان بەرگەن: پەس ھىممەت كىشى يىغىپ، سەرپ قىلىشنى ئەيىب كۆرىدۇ. ئۇلار يىغىدۇ، تۈگۈنچەككە تۈگىدۇ. ئۇ تۈگۈنچەكنى ئاچماق بولىدۇ ـ يۇ، ئېچىشقا كۆزى قىيماي، يەنە بىر تۈگۈنچەك تۈگىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تۈگۈنچەكنى ئاچماقلىقى ئۇنى خەجلەش ئەمەس، بەلكى يەنە بىر نەرسە قاتماق ئۈچۈندۇر. ئۇ دەرھەملەرنى يىغقان تۈگۈنچەكنى ئېچىشنى ھەرگىز راۋا كۆرمەيدۇ. چۈنكى دەرھەم قانچە كۆپ بولسا، تۈگۈنلەرمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئاچىدىغان بولسا، باشتىن ـ ئاياغ تۈگۈلگەن تۈگۈنلەرنىڭ ھەربىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىردىن تۈگۈن سالىدۇ. دېمەك، بۇنداق بېخىللىقتا ئەسىر بولغان ئادەم بۇ دۇنيادا جاھان

نىيەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىدىن ئۆزىنى ئۆزى چەكلىگەن بەختسىز ئادەمدۇر. بىر ئاقىلدىن كىشىلەر سوراشتى: بەختلىك كىم؟ بەختسىز كىمدۇر؟ بەختلىك شۇكى، — دېدى ئاقىل جاۋاب بېرىپ، — يەپ- ئىچتى ھەم تېرىدى، بەختسىز شۇكى، مال - دۇنيا توپلىدى، ئۆزى يېمەي دۇشمىنىگە قالدى.

دېمەك، خەلقىمىز سېخىيلىقنى ناھايىتى يۇقىرى پەزىلەت ۋە بەخت-سائادەت دەپ قارايدۇ، بېخىللىقنى قارىلايدۇ، سېخىيلىق ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى كەڭ مەنىدە، ئەل ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىش، ئەلنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىدىن يۇقىرى كۆرۈش، خەلققە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشنى مەزمۇن قىلىدۇ. تار مەنىدىكى سېخىيلىقنىڭ مەنىسى شۇكى، قارنى - كۆكسى كەڭ، قولى ئوچۇق، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، قوشنىسى ئاچ بولسا تائام يېيىشنى ئەيىب بىلىدىغان، بىر نان تاپسا دوستلار بىلەن بىرگە يەيدىغان، «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭار» دېگەن ئەقىدىگە ئەمەل قىلىدىغان پەزىلەتلىك ئادەملەر سېخىيلىققا جورىلىدۇ.

بېخىللىقمۇ مەنە جەھەتتىن چوڭ مەزمۇننى ۋە كىچىك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چوڭ جەھەتتىن قارىغاندا، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى ھەرقانداق مەنپەئەتتىن ئۈستۈن قويىدىغان، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن قىلچە مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى راۋا كۆرمەيدىغان ئادەملەر شۇ جۈملىگە كىرىدۇ. تار دائىرىدىن قارىغاندا، پۇل تېپىشنىلا بىلىدىغان، خەجلەشنى راۋا كۆرمەيدىغان، باشقىلارغا يېگۈزۈشنىمۇ ھار ئالىدىغان، ئۆز نەپسىگىمۇ قۇلۇپ سالىدىغان، يېمەي - ئىچمەي، بار تۇرۇپ زاغرا غاجىلاپ ئاخىرى توپلىغان مال - دۇنيا قىلىپ ئۆزى ھەسرەت، نادامەت بىلەن بۇ دۇنيادىن كېتىدىغان، بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىنى ئۆزى ئۈچۈن ھارام قىلىۋەتكەن ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى مۇھىم تەۋسىيىلىرى ۋە ئادەتلەندۈرۈشى شۇكى، پەرزەنتلەرگە سېخىي، مەرد ئادەم بولۇشنى، بېخىل بولماسلىقنى ئۆگىتىدۇ. بۇ خىل ئەنئەنىۋى تەربىيە پەرزەنتلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئورنىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم

ئـامىللارنىڭ بىرى. سېخىي بولۇش ياكى خەسىس بولۇش ھەرگىز باي بولۇش ياكى كەمبەغەل بولۇشنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلمايدۇ. ئۇيغۇرلار باشقىلارغا كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن پۇل چىقارغاننى خەسىس ھېسابلايدۇ. ھـەقـىـقىي سېخىينىڭ «ئوڭ قولى بەرسە، سول قولى تۇيمايدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئادەم قولىدىن كېلىشىچە، قۇربىتىنىڭ يېتىشىچە ئەلگە ۋە شەخسلەرگە ياردەم قىلىدۇ. بەزىلەر قولىنىڭ قىسقىلىقى تۈپەيلى ياخشىلىق قىلالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلۇق ھېس قىلىدۇ، مانا شۇلارنىمۇ سېخىي ھېسابلايدۇ. چۈنكى ھەقىقىي سېخىيلىق ئۆلچىمى ياخشى نىيەتتە. بەزىلەر قولىدا پۇلى بار تۇرۇقلۇق ئۇرۇق - تۇغقانلىرى خارلىقتا چۈشۈپ قالسا، ئۇلارغا ياردەم قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، ھەتتا پەرزەنتلىرى ئۈچۈنمۇ بېرىشكە كۆڭلى قويماي، ئۆزلىرىنى زورمۇزور خارلىقتا مۇپتىلا قىلىدۇ.

بـۇنـداق ئوخشىماسلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب نەدە؟ دەل ئـۇلارنـىـڭ ھـايـاتـنـى چـۈشـەنـىـگەنلىكى، ياشاشنى بىلمىگەنلىكىدە. پەرزەنتلەرنى تېجەشلىك، ئىقتىسادچان بولۇشقا ئۆگىتىش بىلەن ئۇلارغا سـېـخـىـي بولۇشنى ئۆگىتىش لازىم. سېخىيلىق بىلەن ئىقتىسادچانلىق ھــەرگىز بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئەمەس، تېجەشلىك بولۇش بىلەن بـېـخىللىق ئوخشاشمىغان ئىككى خىل ماھىيەتكە ئىگە، ھەتتا ئورۇنسىز بۇزۇپ چاچقاندىن بېخىللىق ياخشىراق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار مۇنداق بىرقانچە تەرەپكە دىققەت قىلىش ئارقىلىق پەرزەنتلەرگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە تەلىم - تەربىيە بېرىشى زۆرۈر:

(1) بالىلارغا كىچىكىدىن تارتىپلا باشقىلارغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا نـەسـىـھەت قىلىش، ئۇلارنى باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. ئـەگـەر ئـۇلار بـاشقىلارغا ياردەم قىلىش، ھېسداشلىق قىلىش ھېسسىياتىدا بولسا ئۇلارنى قوللاپ، «ياخشى، بالام، باشقىلار قىيىنچىلىقتا ئـۇچـرىـغاندا ياردەم قىلىش كېرەك» دەپ ئىلھام بېرىش لازىم. ئۇلار باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، «خەق بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئۆزۈڭنى بىل، بىزنىڭمۇ كۈنىمىز ئاران، بىزگە كىم ياردەم قىپتىكەن»

دېگەندەك سوغۇق پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ پاك ھېسسىياتىغا زەربە بەرمەسلىك كېرەك. ئەگەر بۇنداق قىلساق، بارا - بارا باللار پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، باشقىلار بىلەن كارى بولمايدىغان، شەخسىيەتچى بولۇپ قالىدۇ. باشقىلارغا ياردەم بېرىشتىن چەكلەنگەن پەرزەنت ماھىيەتتە باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بېرىلىدىغان ياردەمدىن چەكلەنگەن بولىدۇ. بۇ خىل ئايلىنىشنى ئۇيغۇرلار «پەلەك چۆرگىلەپ تۇرىدۇ، ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدە قالمايدۇ» دەپ قارايدۇ.

(2) باللار كىچىك چاغدا، قولىدا يەۋاتقان مېۋە، نانغا ئوخشاش بىر نەرسە بولسا، بىللە ئويناۋاتقان باللارغا بۆلۈپ بېرىپ يېيىشنى بۇيرۇش لازىم. تەجرىبىلىك تەربىيىچىلەر، «بالام، ئاداشقا بېرىڭ، مېنىڭ بالام ياخشى، ئادىشى بىلەن تەڭ يەيدۇ» دەپ بالىنى كۆندۈرىدۇ، بەزى تەجرىبىسىز تەربىيىچىلەر «ياق دە، بەرمەيمەن دە» دەپ چاقچاق قىلىدۇ. بۇ گەپ گەرچە چاقچاق بولسىمۇ، باللارنى بۇزىدۇ.

(3) ئۆيدە يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك مەسىلىسىدە باللارنى ۋە ئۆزىمىزنى ھەددىدىن ئارتۇق قىسماسلىقىمىز لازىم. ئەگەر قولىمىزدا بولسىلا ياخشى يەپ، ياخشى كىيىڭلار، ئۇرۇق - تۇغقانلارغىمۇ ياردەم قىلىپ تۇرۇڭلار. «قوشنىلار قىسىلىپ قاپتۇ، ماۋۇ ئاشلىقنى ئەپچىقىپ بەرگىن، چوڭ ئاپاڭ ياكى چوڭ داداڭلارغا ماۋۇ بىر كىلو گۆشنى ئاپىرىپ بەرگىن» دېگەندەك ۋاسىتىلەر بىلەن باللارغا سېخىيلىق تەربىيىسى بېرىش كېرەك، ئۆيدە نانغا قۇلۇپ سالىدىغان، دەسەپ قولىغا ئېلىپ بېرىدىغان ئادەتنى تاشلاڭ.

نەسىھەتتىن نەمۇنە

زۇرۇر تېپىلغاندا ۋە پۇرسەت كەلگەندە باللارغا سېخىيلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارغا بەختتىن بەھرىمەن بولۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىشىڭلار كېرەك.

*بالام، سېخىي بول، ھەرگىز خەسىس بولمىغىن. ئۇيغۇرلاردا «بىر چىشلەم نان مىڭ كىشىگە يېتىپتۇ، تەڭ يېگەن تەنگە سىڭىپتۇ» دېگەن گەپ بار. سېخىي، مەرد بولساڭ دوستلىرىڭ ئارىسىدا يۈزۈڭ يورۇق*

بولىدۇ، كىشىلەرمۇ سېنى سۆيىدۇ. ئادەم دېگەن يەپ-ئىچىپلا ياشىغىلى بولمايدۇ، كىشىلەر بىلەن بىرگە ياشايدۇ. ساخاۋەتلىك بولساڭ باشقىلار سېنى سۆيىدۇ، خەسىس بولساڭ، مال-دۇنيايىڭدىن باشقا بىرەر دوستىڭمۇ ئېرىشەلمەيسەن. خەسىس ئادەم خۇددى يېغىنسىز باھار بۇلۇتىغا، مېۋىسىز قۇرۇق دەرەخكە ئوخشايدۇ، يېغىنسىز بۇلۇت ھامان بىر تۈتۈن، مېۋىسىز دەرەخ ھامان ئوتۇندۇر. ساخاۋەت دېگەن ئىنسانىيەت يېغىنىنىڭ باھارى ۋە مېۋىلىك دەرىخى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم بولساڭ ئالىي ھىممەتلىك بول، ھىممەتلىك ئادەم ئېگىز ئۇچقان لاچىنغا ئوخشايدۇ، ھىممەتسىز ئادەم چاشقاننىڭ ئۇۋۇلىغۇچىسىدۇر. «بۆرىنىڭ ئورتاق، قۇزغۇننىڭ ياغاچ بېشىدا» دېگەن ھېكمەت ئېسىڭدە بولسۇن، ياشىغان ئىكەنسەن بۆرىدەك ياشا، ھەرگىزمۇ قۇزغۇندەك شۇم تەبىئەتلىك بولۇپ قالمىغىن.

بالام، ساخاۋەتلىك بولۇش دېگەنلىك خالايىققا مەنپەئەت يەتكۈزمەك، ئېھسان قىلىپ ياخشى نامغا ئېرىشمەك دېگەنلىكتۇر. ساخاۋەتلىك ئادەم ئادەمنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. ساخاۋەت بىلەن نام قازانغان ئادەم مەڭگۈ سائادەتلىكتۇر. ساخاۋەت دېگەن يالغۇزلا پۇل-مال بېرىش بىلەنلا ئورۇنلىنىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى كىشىلەرگە ياخشى گەپ-سۆزۈڭ بىلەن، ياخشى خۇلقۇڭ بىلەن، ياخشى نىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ مەنپەئەت يەتكۈزۈشمۇ ساخاۋەتتۇر. ئۆزۈڭ قابىلىيەتلىك بولۇپ ئىلىم-ھۈنىرىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ھاجىتىگە يارىغان بولساڭمۇ، بۇمۇ ئېسىل ساخاۋەت جۈملىسىدىندۇر. بىراۋغا ياخشى مەسلىھەت بېرىشمۇ ساڭا ساخاۋەتنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ، بالام.

ساخاۋەت ساڭا ئىككى خىل ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن: بىرى، سەن بىراۋغا ياخشىلىق قىلساڭ ئۇنىڭدىن ساڭا ھەم پايدا يېتىشىمۇ مۇمكىن، يەنە بىرى، سەن ياخشىلىق قىلغان ئادەمدىن ساڭا يامانلىق قايتىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇ ئەل ئارىسىدا ۋاپاسىز نام بىلەن خار ۋە ئېتىبارسىز، سەن ئەل نەزەرىدە ئۇلۇغ ۋە ئەزىز بولىسەن. شۇڭا، باشقىلارغا ساخاۋەت قىلىشنى ئويلا، بىراق ئۇنىڭدىن تەمە ئۈمىدىدە بولما. ساخاۋەتنىڭ يەنە بىر پايدىسىمۇ باركى، سەن ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزگەن

بولساڭلا سەندىن مەنپەئەت كۆرمىگەن كىشىلەرمۇ سېنى دوست تۇتۇشقا كۆڭۈل باغلايدۇ. شۇڭا، بالام، قولۇڭ ئۇزۇن بولسىلا ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقمىغىڭ لازىم. موھتاجلار ھاجەت تەلەپ قىلىپ ئالدىڭغا كەلسە ھەرگىز قۇرۇق قول قايتۇرمىغايسەن. قولۇم - قوشنىلارنىڭ ھاجەتمەن بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالساڭ قولىقىڭنى يوپۇرۇۋالما، چامىڭنىڭ يېتىشىچە ئۇلارغا ياردەم قىل. ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر پادىشاھ ئىسكەندەردىن:

— پادىشاھلىق لەززىتىنى نېمىدىن كۆردۈڭ، — دەپ سوراپتۇ.

— بۇنى ئۈچ ئىشتىن كۆردۈم، — دەپتۇ ئىسكەندەر، — بىرى دۈشمەنلەرنى بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويغاندا، ئىككىنچى، دوستلارغا ياردەم بەرگەندە، ئۈچىنچى، موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغاندا، چۈنكى بۇنىڭدىن ئارتۇق لەززەتنىڭ ئېتىبارى يوقتۇر.

بالام، پۇلۇڭ بولسا ئورۇنلۇق بىر ئىشقا ئىشلىتىۋالساڭ كۆڭلۈڭ خۇش بولىدۇ، باشقىلارنىمۇ خۇرسەن قىلىسەن؛ جايىغا سەرپ قىلىنغان پۇل نېمىدېگەن قىممەتلىك، ئورۇنسىز سەرپ قىلىش نېمىدېگەن بىھۇدىلىك.

## ھېكايەت

خىسراۋ فەرھىز ۋەزىردىن سورىدى:

— ئادىمىزاتنىڭ قايسى تائىپىسى سىياسەتكە لايىق؟ ۋەزىر ئېيتتى:

— ئادەملەر بەش تائىپىگە تەئەللۇقتۇر. بىرىنچىسى شۇكى، ئۇلاردىن ئۆزىگە ۋە خالايىققا ياخشىلىق يېتىدۇ، ھەرگىز يامانلىق يەتمەس، ئۇنداق كىشىلەرنى تەربىيە بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرمەك كېرەك. ئىككىنچى تائىپە شۇكى، ئۇلاردىن يامانلىق سادىر بولمايدۇ، لېكىن ياخشىلىق ئىشلىرى ئۆزىگە يېتىدۇ، كىشىلەرگە يەتمەس. ئۇلارنى ھەم ئەزىز تۇتماق كېرەك. ئۈچىنچى تائىپە ئوتتۇرىدىكىلەردۇر. ئۇلار ئۆزىگىمۇ، كىشىگىمۇ ياخشىلىق قىلالمايدۇ، يامانلىق ھەم قولىدىن كەلمەيدۇ. ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويماق كېرەك. تۆتىنچى تائىپىدىكىلەر ياخشىلىق ھەم يەتكۈزىدۇ، يامانلىق ھەم قىلىدۇ. نەسىھەت بىلەن ئۇلارنىڭ يامانلىقىنى تەرك قىلدۇرماق كېرەك.

بەشىنچى تائىپىدىكىلەر يامانلىقتىن ئۆزگە ھېچ نەرسە قىلماس. سىياسەتنى مانا شۇنداق كىشىگە قىلماق كېرەك، ئەمما سىياسەت ئاۋۋال نەسىھەت بىلەن، كېيىن ھەيۋە بىلەن، ئارقىدىن ئەدەپ بىلەن، يەنە بولمىسا بەندكە سالماق بىلەن بولۇشى، ئاخىرىدا ئىمكان بولمىسا ئۆلتۈرمەك كېرەك.

بالام، بېخىل ئادەم پۇل تېپىش، ئاسراش بىلەنلا ئاۋارە، ھەسەتخورنىڭ پەس خۇي - پەيلىدىن تۇرمۇشى ئاچچىق. بىرى، ئۆز بايلىقىدىن خارۇزار، ئىككىنچىسى، ئۆزىنىڭ يامان قىلمىشىدىن مۇسىبەتدار. سەن ئۆزۈڭگە تەۋە مال - دۇنيايىڭدىن پايدىلىنالىساڭ ئۇ مال ئۆزۈڭگە تەن، خەسىسلىك بىلەن ئۆزۈڭمۇ يېمەي، باللىرىڭغىمۇ بەرمەي توپلىغان پۇل دۈشمەندۇر. بالام، مۇشەققەت بىلەن تاپقان پۇلۇڭنى ئۆزۈڭدىن ئايىما. پۇل دېگەن پاتقاقلىققا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا قانچىلىك ھېرىسمەنلىك بىلەن كىرىشسەڭ چوڭقۇر پاتىسەن - دە، چىقىشقا ئىمكان يوقتۇر. پۇل بىلەنلا ئېرىشىش مۇمكىن بولغان نېمەتلەردىن بەھرىسىز قالما.

بالام، ئىسراپخورلۇق ھەرگىز ساخاۋەت ئەمەس، بۇزۇپ - چاچقاننى ئەقىل ئىگىسى ھەرگىز سېخىي دېمەس، ئورۇنسىز يەرگە پۇل چىقارمىغاننى ھېچكىم خەسىس دېمەس. ساخاۋەت قىلساڭ ھەرگىز كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن قىلما، بۇ سېخىيلىق ئەمەس، بەلكى بىھايالىقتۇر. دانالار شۇڭا: خەقنى كۆرسۇن دەپ بەرگەن ئادەم بېخىلدۇر، دېگەن. بىر ئادەمگە مىننەت قىلىپ بەرگەندىن بەرمىگىنىڭ ياخشى، بىر ناننى ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى ئاچقا بەرگەننى سېخىي دەيمىز. بىلگىنكى، سېخىيلىق دېگەن ھۈنەر بىلەن پۇل تېپىپ ئورۇنلۇق جايغا سەرپ قىلىشتۇر. بېخىللىق نادانلىق ۋە جاھىللىقنىڭ ئاشكارىلىنىشىدۇر. دانالار دېگەنكى، ئىككى ئادەم ئۆمرىنى بىكار ئۆتكۈزگەن ۋە ئۆزىگە ئەبەدىي ھەسرەت، نادامەت يۈكىنى ئارتىپ كەتكۈچىدۇر: بىرى، مېھنەت بىلەن ئىلىم ئۆگەندى، ئەمما ئەمەل قىلمىدى، يەنە بىرى، مال توپلاشقا ئەمگەك سەرپ قىلدى، مېلىنى جايىدا ئىشلىتىشنى بىلمىدى. ئادەم ئەمەلىي ھەرىكىتىگە قاراپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، دەيدۇ، قىلىدۇ. بۇ تىرىكلىك يولىنى بىلىدىغانلارنىڭ

قائىدىسى. يەنە بىرى، دېمەيدۇ، قىلىدۇ. بۇ مەردلەرنىڭ ئادىتى. ئۇچىنچىسى، دەيدۇ، قىلمايدۇ. بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئادىتى. تۆتىنچى، دېمەيدۇ، قىلمايدۇ، بۇ بىر بېخىل، ھىممىتى پەسلەرنىڭ ئادىتىدۇر.

بالام، قولۇڭدا پۇل - مېلىڭنىڭ باردا كەمبەغەل، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارغا، ئورۇق - تۇغقانلارغا ساخاۋەت قىل. شۇنداق قىلساڭ كېيىن نامراتلىقتا چۈشۈپ قالغۇدەك بولساڭ، ياشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيسەن. ئەگەر قولۇڭدا باردا ئۇنى جايىدا ئىشلەتمەي بېخىللىق بىلەن سانىنى كۆپەيتمەك بولساڭ، ئۆزۈڭنىمۇ بەختلىك قىلالمايسەن ھەم بىر سەۋەب بىلەن موھتاجلىقتا چۈشۈپ قالساڭ ئەلنىڭ كۆلكىسىگە قالىسەن. ئۇ چاغدا ساڭا ياردەم قىلىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ. تىرىشىپ پۇل تاپ بالام. لېكىن ئۇنى ئورۇنلۇق ئىشلىتىشنى بىل. سېخىيلىق سىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىڭنى ياپىدۇ، بېخىللىق ئەڭ يامان ئەيىبتۇر. جايىدا سەرپ قىلغان بىر پۇڭ زەرنىڭ قىممىتىگە باراۋەر، ئورۇنسىز يەرگە بەرگەن زەرباپ تونىنىڭ قىممىتى جايىدا بەرگەن ئەسكى چاپاننىڭ خاسىيىتىگە ئەرزىمەيدۇ. ئادەمنىڭ مۇراد ئاسمىنىغا چىقىش مۇمكىن بولغان ھالدا تۆۋەن ۋە پەس جايدا تۇرۇشى ھىممەتسىزلىكتىن بولىدۇ. راھەت چىمەنزارلىقىدا پاراغەت غۇنچىسىنى تاماشا قىلىشقا قۇربىتى يار بەرگەن تۇرۇقلۇق، ئۆزىنى ئۆزى مېھنەت تىكەنلىكىگە ئۇرۇش ھىممەتسىزلىك ۋە خەسىسلىكنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

بالام، ھايات تەجرىبىلىرى ئىسپاتلىغانكى، ياخشىلىقنىڭ ساۋابىمۇ ئۆزۈڭگە، يامانلىقىڭنىڭ كاساپىتىمۇ ئۆزۈڭگە بولىدۇ. بۇ خۇسۇستا ساڭا بىر ئىبرەتلىك ھېكايە ئېيتىپ بېرەي.

### ساخاۋەتلىك تىجارەتچىنىڭ ھېكايىسى

چىن مەملىكىتىدە تىجارەت ئىشلىرىدا ماھىر ۋە دانا بىر سودىگەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىر يۈرەك پارىسى — ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ ئوغلىمۇ شەھەردىن - شەھەرگە يۆتكىلىپ تىجارەت قىلىدىكەن. شۇ ئادىتى بىلەن ئۇ پەرزەنت سودا ئىشى ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ كېتىپتۇ. كارۋانلار دۇنيا ئىشلىرى ھەققىدە پاراڭلىشىپ كېتىۋاتسا توساتتىن قاراقچىلار باستۇرۇپ

كېلىپ، بۇلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىپتۇ. سودىگەرلەر تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ جانلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپتۇ. يىگىتنىڭ دادىسى بىر ھازادا توختاپ، ھوشىنى يىغىپ قارىسا ئوغلى يېنىدا يوق تۇرغۇدەك، ئوغلىدىن ئايرىلغان بۇ سودىگەر جىگەر قانلىرىنى ئاققۇزۇپ زار - زار يىغلىدى. يېنىنى ئاختۇرغانىدى، بېلىگە تۈگۈۋالغان مىڭ تىللا ئالتۇنى قېپقاپتۇ. ئۇ شۇ دەسمايە بىلەن ھەرەم تەرەپلەرگە بېرىپ ئوغلىنى ئىزدەش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ شۇ ماڭغىنىچە بىر مەملىكەتكە يېتىپ كەپتۇ. سودىگەر شەھەرگە كىرىشىگە بىر توپ جامائەتنىڭ بىر ئادەمنى باغلاپ، ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. جاللات ئۇنىڭ بېشىدا قىلىچ تەڭلەپ تۇرۇپ كۆپچىلىككە:

— بۇ، بىر ئاجىز بىچارىنى ئۆلتۈردى. شەرىئەت بويىچە بۇ قاتىلغا ئۆلگۈچىنىڭ خۇن باھاسى ئۈچۈن مىڭ تىللا ئالتۇن تاپشۇرۇش بۇيرۇلدى. قېنى ئاراڭلاردا مىڭ تىللا تاپشۇرۇپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان كىشى بارمۇ؟! — دەپ جار سېلىۋاتاتتى. خالايىق ئارىسىدىن ئۇ ئادەمنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئۇ يىگىتنىڭ پۈتۈن چىرايى قانغا بويىلىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىغانىدى. سودىگەرنىڭ بۇ ئادەمگە ئىچى ئاغرىپ بېلىگە تۈگۈۋالغان مىڭ تىللانى جاللاتقا بەردى. جاللات ئۇ ئادەمنى سودىگەرگە تاپشۇرۇپ بەردى. سودىگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئۇ «دادا!» دەپ ئۆزىنى سودىگەرنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. سودىگەر، ئۇ مېنىڭ ھېممىتىمگە شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، يىگىتنى ئېلىپ بېرىپ يۇيۇندۇرۇپتۇ. قارىسا، قۇتقۇزۇۋالغىنى باشقا بىرى بولماستىن دەل ئۆزىنىڭ جىگەر پارىسى — ئوغلى ئىكەن. ئاتا - بالا كۆزلىرىدىن قانلىق ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ كۆرۈشتى، كېيىن ئۇقسا، قاراقچىلار ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇ بالىغا دۆڭگەپ قويغانىكەن.①

كۆردۈڭمۇ بالام، ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چاچقانلار ياخشىلىق ھوسۇلىنى ئالىدۇ، يامانلىق ئۇرۇقىنى چاچقانلارنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

---

① نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىندى.

## 3. مېھماندارچىلىق ساخاۋىتى ۋە مېھماندارچىلىقتىكى ئەدەپ تەربىيىسى

مېھمان كەلسە قۇت كېلۇر.

— قەدىمكى ئۇيغۇر ماقالى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «مېھماندوست» دېگەن نامى بار. بۇ ھەقتە قەدىمدە شىنجاڭغا كەلگەن سەيياھلارمۇ ئېنىق خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. چۈنكى مېھماندوستلۇقنى ئۇيغۇرلار بىر ساخاۋەت دەپ قارايدۇ. يەنە بىرى، مېھماندوستلۇق كىشىلەرنىڭ نامىنى ياخشى قىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر شائىرلىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ھەم مېھماندوستلۇق ھەققىدە قىممەتلىك تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بىز نېمە ئۈچۈن مېھماندوستلۇق ھەققىدىكى بۇ ماۋزۇنى پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدىكى مەزمۇنىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە بايان قىلماق بولدۇق؟ چۈنكى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە مېھماندارچىلىق ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بىر ساھە، ئۇ بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنى بىر-بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەرگە ئادىمگەرچىلىك يولىنى ئۆگىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنئەنىۋى پەرزەنت تەربىيىسىدە ساخاۋەت، بېخىللىق، ئەدەپ ياكى ئەدەپسىزلىك مانا مۇشۇ پەيتتە ناھايىتى روشەن سېزىلىپ قالىدۇ. بالىلارنىڭ تەربىيە كۆرگەن ياكى كۆرمىگەنلىكى ھەم مۇشۇنداق مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدىكى يېمەك - ئىچمەك ئەدەپلىرى، ئولتۇرۇش - قوپۇش ئەدەپلىرى، سۆزلەش ئەدەپلىرى، مېھمانلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش يوسۇنلىرى قاتارلىقلاردا سىنىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرغۇن ئەنئەنىلىرى ھەر خىل توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ۋە زىياپەت سورۇنلىرىدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ. قولغا سۇ بېرىش قائىدىسىدىن قول يۇيۇش قائىدىسىگىچە، كىشىلەر ئالدىدا ئۆزىنى قانداق تۇتۇشتىن، تۇرلۇك قائىدە - يوسۇنلارغا رىئايە قىلىشقىچە بولغان نۇرغۇن ئىشلار مېھماندارچىلىق ئەنئەنىسىگە باغلىنىپ كېتىدۇ.

يەنە بىر نۇقتىدىن، ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مېھماندارچىلىق يوسۇنلىرى بىرئاز ياتلىشىپ كەتكىلى يۈزلەندى. بۇنىڭ ئىپادىلىرى:

ھەددىدىن ئارتۇق ھەشەمەتچىلىك ئەۋج ئالدى. بۇزۇپ - چېچىش ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، توسۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر قارا دولقۇنغا ئايلاندى. ئۇلارغا گەپ قىلسا پۇل بولسا ئۆزۈمنىڭ، قانداق خەجلىسەم ئۆزۈمنىڭ ئىشى، سىېنىڭ يېنىڭ ئاغرىمىغاندىن كېيىن، ئولتۇرۇۋەرمەمسەن دەپ زەربە بەردى. بولۇپمۇ ھازىرقى ياشلاردا ھەشەمەتچىلىك ئېغىر. بەزى باللار بىر يىلدا ئىككى، ئۈچ قېتىم تۇغۇلغان كۈننى رېستوراندا ئۆتكۈزىدۇ. يەنە بەزى سورۇنلاردىكى ھەددىدىن ئارتۇق بۇزۇپ - چېچىش ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ، ھەتتا 40 - 50 يۈەن قىممىتىدىكى قورۇمىلارغا بىر چوكا تەگمەي تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا ئون ئادەم بولغان بولسا ئەمەلىيەتتە 100 يۈەن بىلەن ياخشى مېھمان بولغىلى بولىدۇ. لېكىن 400 - 500 يۈەنلىك قورۇمىلارنى بۇيرۇۋېلىپ 300 - 400 يۈەنلىكىنى ئىسراپ قىلىپ تۆكۈۋېتىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئاچ كۆزلىكىمىزمۇ ياكى قەستەن بۇزۇپ - چېچىشمۇ؟ بىر بۇرادىرىمىز بىر تويدا قىز يۆتكەش ئۈچۈنلا ئالىي دەرىجىلىك بىر خىل ماركىلىق، بىر خىل رەڭلىك ماشىنىنى ئىشلەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈنلا 8000 يۈەن پۇل سەرپ قىلغان، 10 ماشىنىنى دوستلىرى ئارىيەتكە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئەگەر شۇ قىزنى 5 ماشىنا بىلەن يۆتكىسە، ئۇ قىزنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتەمدىغاندۇ؟ بۇنى مۇشۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەممە ئادەم ئوبدان بىلىدۇ. شۇ بىز ئىسراپ قىلىۋەتكەن بىر قېتىملىق سورۇندىكى تائاملارنى يېزىلاردىكى بىر دېھقان ئائىلىسى بىر ئاي تىرىكچىلىكىگە يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئەجىبا، بىر قاچا ئاشقا تويىدىغان بۇ قورساق ئۈچۈن شۇنچە بۇزۇپ - چېچىش راۋامۇ؟

بۇ ئەھۋاللار بىزنىڭ قانچىلىك نادانلىقىمىزنى، مەدەنىيەتسىزلىكىمىزنى ئاشكارىلاپ تۇرۇپتۇ. مەدەنىيەتلىك ئەللەردە ھەرگىزمۇ مۇنداق بۇزۇپ - چېچىشقا يول قويمايدۇ. بىر سەنئەتكار بۇرادىرىم مۇنداق بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ بەردى: ئۇ بۇرادىرىم

ئامېرىكىغا چىققاندى، ئامېرىكىدا تۇغقانلىرى ناھايىتى ياخشى قارشى ئېلىپتۇ. بىر كۈنى بىر تۇغقىنى رېستورانغا ئاپىرىپ مېھمان قىلماقچى بولۇپ، بىر يەرگە كىرىپ، بىرقانچە خىل تاماق بۇيرۇپتۇ. مېھمان كۈتكۈچى بۇلارنىڭ بۇيرۇغان تائاملىرىنىڭ كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ «سىلەر قانچە ئادەم» دەپ سوراپتۇ. ئۇلار ئىككى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئالدىغا ئەپكېلىپ بولغان تائاملارنىمۇ ئېلىپ كېتىپتۇ ۋە ئىككىڭلار مۇشۇ تائامنى ئاران يەيسىلەر، دەپتۇ. دېمەك، ئۇ يەرلەردە ئاشخانا خوجايىنلىرىمۇ باشقىلارنىڭ ئوشۇق چىقىم قىلىپ بۇزۇپ - چېچىشىنى خالىمايدىكەن. بىزدىچۇ، ئەگەر بىرەر رېستورانغا ياكى ئاشخانىغا كىرىپ خوجايىنىنىڭ نىيىتىدىكىدەك قىممەتتە تاماق بۇيرۇمىساق، بىردەملا ئولتۇرغاندىن كېيىن «بىر نەرسە لازىممۇ ياكى بولدىمۇ» دەپ سوراۋېرىپ قوپۇپ كېتىشكە مەجبۇرلايدۇ. ئازراق ئىنساپ بار ۋە مەدەنىيەتلىك كىشىلەر، تەربىيە كۆرگەن مۆتىۋەر كىشىلىرىمىز ناھايىتى تېجەشلىك، ئوشۇق چىقىم قىلىشنى خالىمايدۇ. بىر قېتىم ئەڭ ھۆرمەتلىك بىر ئۇستازىمنى بىر ئىشقا ياردەملەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆيىدىن ئېلىپ چىقتىم ۋە كىرا ماشىنىسى توسماق بولدۇم، لېكىن ئۇ ئۇستازىم ھەرگىز ئۇنىمىدى، «ياق بالام، 5 مو بىلەن بارىدىغان يەرگە بىكاردىن بىكار 10 يۈەن خەجلەش بىھۇدە» دېدى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن، بىز تېخى تۇرمۇشنى، ھاياتنى چۈشەنمەيدىكەنمىز، دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئومۇمەن ئالغاندا، بىزدىكى ھەشەمەتچىلىك ئۈچۈن سەۋەب كۆرسىتىشكە ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق، پەقەت ئۇ بىزنىڭ مەدەنىيەتسىزلىكىمىز، داغۇازلىقىمىز، تەربىيە كۆرمىگەنلىكىمىزنىڭ ئىپادىسى. بۇ ئائىلە تەربىيىسى بىلەنلا چەكلەنمەي، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئېتىبارىنى قوزغىشى لازىم. بىز بۇ خۇسۇستا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئەلشىر نەۋائىينىڭ مېھماندارچىلىق ساخاۋىتى ۋە مېھماندارچىلىق ئەدەپ ھەققىدە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك نەسىھەتلىرىنى ئۆرنەك سۈپىتىدە بېرىمىز. بۇ بايانلاردىن پەرزەنت تەربىيىسى ئۈچۈن ھەم ئۆزىمىز ئىبرەت ئېلىشىمىز ئۈچۈن پايدىلىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەلشىر نەۋائىي:

ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى كىشىلەر - ھە؟ ئۇلار ھەمىشە ساخاۋەتتىن باشقا ئىش قىلمايدۇ، ئالەمنىڭ يورۇق چېھرىنى پەرۋايىغا ئالمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنى بۇ زاماننىڭ مېھمىنى دەپ بىلىدۇ. شۇنداقلا بارلىق زامان ئەھلىنى ئۆزىنىڭ مېھمىنى دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆلبىسىگە ھەرقانداق ئىنسان مېھمان بولۇپ كەلسە، جان ۋە دىلى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىپ، قورسىقىنى تويغۇزمىغىچە ئۆزىنىڭ روزىسىنى سۇندۇرمايدۇ، بەلكى تەڭرىنىڭ دوستى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدەك ساخاۋەت داستىخانلىرىنى ئېچىپ، مېھماننىڭ ئالدىدا ئايدەك نانلارنى سۇندۇرىدۇ. ئۇلارغا مېھمانسىز يېگەن ھەرقانداق لەززەتلىك تائاملارمۇ زەھەرلىك بىلىنىدۇ، مېھمان بىلەن يېگەن قۇرۇق نان جەننەت نېمىتىدىن زىيادىرەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار مېھمانى كۆرگەن ھامان ئىنتايىن خۇش مۇئامىلە ۋە ئوچۇق چىراي بىلەن مەرھەمەت ۋە ياخشىلىق ئەدەپلىرىنى، ئادەتلىرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ. قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ، گۈلدەك داستىخانلارنى يايىدۇ. مېھمان داستىخانغا قول سۇنسا جان - دىلى بىلەن مىننەتدار بولۇپ تۇرىدۇ، تاكى مېھماننى تويغۇزمىغىچە ئۆزىنى تويغۇزۇشنى ئويلىمايدۇ. مېھمان قول ئۇزارتمىغىچە ئۆزى قول سالمايدۇ. ئۇلارنىڭ مېھمىنى پادشاھ بولسۇن ياكى گاداي بولسۇن ھەممىسىگە ئۆزىنىڭ ھالىغا يارىشا مېھماندارچىلىق قائىدىسىنى ئادا قىلىدۇ. پادشاھقا شېرىن تائاملارنى قويۇپ، گاداي كەلسە قۇرۇق نان قويىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ، چۈنكى بۇ بىرى پادشاھ، ئۇ بىرى گاداي بولسىمۇ ھەر ئىككىلىسى تەڭرىنىڭ بەندىسىدۇر. تەڭرى ئالدىدا ھەر ئىككىلىسى باراۋەردۇر.

پەرزەنتلەرگە تەربىيە بەرگەندە مۇشۇ نۇقتىغا بەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بايغا بىر خىل كۆز بىلەن، كەمبەغەلگە بىر خىل كۆز بىلەن قاراش، باشلىققا بىر خىل داستىخان، پۇقراغا يەنە بىر خىل داستىخان سېلىش، كۆڭلىدىكى ئادەمنى ھەدەپ تاماققا تەكلىپ قىلىپ، باشقىلار بىلەن ئانچە كارى بولماسلىق ئەدەپسىزلىك ۋە قۇلچىلىق ھېسابلىنىدۇ، باشقا ئادەملەرنىڭ ھەم ئۆزىگە تۇشلۇق كۆڭلى بار. ھەرگىز بىر ۋاخ

تويۇۋېلىش ئۇچۇنلا مېھمان بولۇپ كەلمىگەن ـ دە. ئۆيگە كەلگەن مېھماننىڭ يېقىن ۋە يىرىقى بولمايدۇ.

— ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى، — دەيدۇ يەنە ئەلشىر نەۋائىي ـ قارىماققا پاراكەندە ھالەتتە كۆرۈنىدۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىمۇ ئارتۇقچە بېزەپ كەتمەيدۇ. ئۇلار كۆڭۈل مەملىكىتىنىڭ پادىشاھىدۇر، يوشۇرۇن سىرلاردىن خەۋەرداردۇر. ئۇلارنىڭ ھىممىتى ئالدىدا بۇ يۇكسەك ئاسمانمۇ پەستۇر. ئۇنداق كىشىلەر سېزىلسە شاھلارمۇ ئۇلارنىڭ ئايىغىغا باش قويىدۇ. تەڭرى ئۇلارنى شۇ قەدەر ئەزىز قىلغان تۇرسا، پاراكەندە ئەھۋالىغا قاراپلا خار كۆرۈشكە بولامدۇ؟ ئاقىل كىشىلەر ئەگەر مېھماندوست بولىدىغان بولسا، ئۇلارنى ھەرگىز پەس كۆرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى پىنھاندۇر. ئۇلارنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكى كۆزدىن يىراق. ساخاۋەت ئىگىلىرى ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە كەڭ ئېچىپ، ھەممىنى تەڭ، باراۋەر كۆرۈشى كېرەك. قۇياشتەك ھەممە كىشىگە ئوخشاش چىراي ئېچىشى، نۇرلىرىنى جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە تەڭ ۋە بىر تەكشى چېچىشى لازىم. قۇياش مەيلى ئالتۇن قەسىر بولسۇن ياكى ۋەيرانە خارابە بولسۇن ھەممىسىگە ئوخشاشلا نۇر چاچىدۇ.

ھەممەيلەنگە ئايانكى، مېھماندارچىلىقتا نەچچە خىل ئىللەت بار، ئۇلاردىن بىرى شۇكى، ئەگەر بىرەر باي ۋە ئىمتىيازلىق كىشى سىنىڭ ئۆيۈڭگە مېھمان بولۇپ كەلسە، ئۇلارغا ھەددىدىن ئارتۇق ئىسراپچىلىق قىلىسەن. مېھماندارچىلىق بىلەن ئۆزۈڭنى كۆرسىتىش ۋە نام ـ شۆھرەت قازىنىشنى كۆزلەپ بىر مېھمانغا 10 قوينى ئۆلتۈرۈپ، قەنت ـ گېزەك ۋە نازۇ نېمەتلەر بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا تىزىسەن. ئۇ كىشى ئۇلارنى بەرىبىر يەپ بولالمايدۇ. سەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ يالغۇز كىشىگە يېدۈرمەكچى بولۇپ، سۆزۈڭ، كۆزۈڭ ۋە قوللىرىڭ بىلەن ھە دەپ يېيىشكە زورلايسەن. ئىنساپ بىلەن ئويلاپ باق، بۇنداق قىلمىش دۇرۇسمۇ، بۇنچىلىك كۆپ يېمەكلىك بىلەن داستىخان ھازىرلايدىغانغا سىنىڭ ئۆيۈڭ شەيخ لوقماننىڭ مازىرى ئەمەس، سەنمۇ ئۇ مازارنىڭ شەيخى ئەمەسقۇ. نېمە ئۈچۈن تەڭرىنىڭ بەرگەن مېلىنى ئورۇنسىز ئىسراپ

قىلىپ، ساراڭلاردەك بۇزۇپ - چاچىسەن؟! گەرچە تەڭرى «يەڭلار، ئىچىڭلار» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە «ئىسراپ قىلماڭلار» دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئەمەسمۇ. ئۇ مېھماننى زورلاپ، يالۋۇرۇپ زەھەر يېگۈزىدىغانغا، ئۇ ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان. چۈنكى سېنىڭ ئۇ مېھمانغا زورلاپ يېگۈزگەن بىر لوقما تامىقىڭ ئۇنىڭغا بىر لوقما زەھەرگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق زەھەردىن ئۇ مېھمان ھېچقاچان ياخشىلىق كۆرمەيدۇ.
مۇنداق زىيابەت بىر خىل شۇملۇق، بەلكى ئىنتايىن زور ئاپەتتۇر. ئەقىل ئىگىلىرى مۇنداق مېھماندارچىلىقنى تولىمۇ يامان كۆرىدۇ. يەنە بىر ئىللەت شۇكى، ئۆيۈڭگە قاچانكى بىرەر ئاجىز ۋە زەئىپ مېھمان كەلسە، ئۇنىڭغا بىر لوقما تاماق بېرىشنىمۇ راۋا كۆرمەيسەن. ئۇ مۇساپىرنىڭ ئاچلىقى ۋە ئىشتىھاسى ئۇنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا مېھماندارچىلىق يوسۇنىنى بەجا كەلتۈرۈشكە رايىڭ بارمايدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىرەر ۋاخ تاماق بىلەن خۇش قىلىشنى خالىمايسەن، ھەتتا سېنىڭ بېخىللىقىڭ شۇنچىلىك چەكسىزكى، كەلگەن مۇساپىرنى قۇپقۇرۇق ياندۇرۇشتىنمۇ ئار-نومۇس قىلمايسەن. سېنىڭ مۇنداق بېخىللىقىڭ ئورۇنسىز بۇزۇپ - چاچقاندىنمۇ يامانراق قەبىھلىكتۇر.

ئاتا - ئانىلارنىڭ سەمىدە بولسۇنكى، بىرى، ئۆزۈڭلار ئۇلگە بولۇپ ئۆيۈڭلارغا كەلگەن ھەرقانداق تەبىقىدىكى مېھمان بولسۇن ئۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، پەزىلىتىڭلارنى ئىپادىلەڭلار، يەنە بىرى، پەرزەنتلەرگە ئاددىي كىيگەن ئادەمگە بىر خىل، ئالىي كىيگەن ئادەمگە بىر خىل مۇئامىلە قىلىدىغان ئىشقا يول قويماڭلار، ھەممىگە چىرايلىق، ئەدەپلىك، ھايا بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەنسۇن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مېھماندارچىلىق قائىدە - يوسۇنلىرى توغرىسىدا مۇنداق قىممەتلىك بايانلارنى بەرگەن:

بالام، مېھماندارچىلىق قائىدىسى ۋە شەكلى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، مېھمان چاقىرىش، يەنە بىرى، چاقىرغان يەرگە بېرىش، ھەرئىككىسىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى بولىدۇ. ئەگەر مېھمان چاقىرماقچى بولساڭ، ياخشى تەييارلىق قىلىپ، قولۇڭ ئۇزۇن ۋاقتىڭدا تەكلىپ قىل.

چۈنكى چاقىرماقنىڭ ئېتى ئۇلۇغ بولىدۇ. سالىدىغان كۆرپە، ئاش تارتىدىغان قاچا، سەرەمجانلىرىڭ پاكىز بولسۇن. داستىخىنىڭ مېھمانلارنى خۇرسەن قىلىغۇدەك مول بولسۇن، تائاملىرىڭ تەملىك، لەززەتلىك بولسۇن. مېھمانلار ئىشتىھا بىلەن يېسۇن. بۇنداق قىلساڭ مېھمانلىرىڭ سېنىڭ ئۇلارنى قەدىرلىگەنلىكىڭدىن مەمنۇن بولۇپ سۆيۈنىدۇ. سېنىڭ دىلىڭمۇ يورۇق بولىدۇ. ئەگەر يېتىشەلمىگۈدەك بولساڭ، ياخشىسى چاقىرمايلا قويغىن. مېھمان چاقىرىپ قويۇپ ئۆزۈڭ قىسىلىپ قالغۇدەك بولساڭ، بىر تەرەپتىن، ئۆزۈڭ ئوڭايسىزلىنىپ قالىسەن، يەنە بىر تەرەپتىن، مېھمانلار «ھالىغا قاراپ ئىش تۇتسا بولىدۇ، پىخسىقلىقىنى» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. بىر قۇسۇرۇڭنى مىڭ قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ياخشى ئىش قىلىمەن، دەپ، يامان ئاتىلىپ قالىسەن. شۇڭا، تائاملىرىڭ مېھمانلارغا يەتكۈدەك كەڭرى بولسۇن، لېكىن ئىسراپ قىلغۇدەك بولمىسۇن، مېھمان چاقىرغاندا، كۆڭۈل ئاغرىمىغۇدەك مېھمان قىلاي دېسەڭ، ساڭا يېقىنچىلىق يۈزىنى ئاچقان، كۆڭلىدە ساڭا ئەقىدىسى بار كىشىلەرنى قالدۇرۇپ قويما، گال ئاغرىقى ناھايىتى يامان.

## 4 . ئەمگەكنى سۆيۈش تەربىيىسى

ھۇرۇنلۇق موھتاجلىق ۋە خارلىققا سەۋەب بولىدۇ.

— «تەپەككۇرۇمدىن تامچىلار» دىن

ئەمگەكنى سۆيۈشكە ئادەتلەندۈرۈش، مېھنەتتىن قاچماسلىققا ئۈگىتىش ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئىلغار ئەنئەنىلىرىدىن بىرى. ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلىرى پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشقا چىدامسىز، ھۇرۇن، ھارام تاماق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ ھاياتلىقنىڭ ئۇلىنى سالغۇچى ئېتىز ـ ئېرىقلارغا ئېلىپ چىقىپ ناننىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۆي ئىشلىرىنى قىلدۇرۇش

ئارقىلىق تۇرمۇشقا پىشۇرىدۇ. بىراق ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە بالىلارنىڭ ياخشى ئوقۇيالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بالىلىرىنى ئىشقا سالمايدىغان، ئۇلارغا ئۆي ئىشلىرىنى قىلدۇرمايدىغان بىر يامان ئادەت شەكىللىنىپ قالدى. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار نورمال ھەرىكەت ۋە ئەمگەك قىلىش بىلەن ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا، ئىلمىي چۈشىنىۋېلىشى زۆرۈر.

قانۇنىيەت شۇكى، ئەمگەك ئىنسانلارنى ياراتتى، تەپەككۇرنى تەرەققىي قىلدۇردى، پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يەنىلا ئەمگەك ياراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى، ئىنسانىي قابىلىيىتى بىلەن ئەمگەك بىر دەقىقىمۇ ئايرىلغىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇشمۇ ئەمگەك، بىراق مېھنەت بىلەن ئۆگەنگەن بىلىمنى يەنە شۇ ئەمگەك بىلەن جارى قىلدۇرمايدىغان بولسا، ئۇنداق بىلىم خۇددى مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشاش ھېچ كىمگە مەنپەئەت بېرەلمەيدۇ، قۇرۇپ قالغان قاقشال دەرەخكە ئوخشاش ئۆزىگىمۇ سايە تاشلىمايدۇ. بۇ خىل باغلىنىشنى قەدىمكى ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىنتايىن ياخشى يەكۈنلىگەن. «بىلىم، — دەيدۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ، — خۇددى دېڭىز ئاستىدا ياتقان گۆھەرگە ئوخشايدۇ، ئۇنى مېھنەت بىلەن قېزىپ چىقىپ ئىشلەتكەندە، شاھلارنىڭ بېشىغا تاج بولغاندەك خاسىيەتلىك بولىدۇ، ئەگەر ئۇنى قېزىپ چىقارمايدىغان بولسا سايدىكى تاشتىن نېمە پەرقى؟» ئەلىشىر نەۋائىي: «ئىلىم ئۆگىنىپ، ئۇنى ئەمەلدە ئىشلەتمىگەن كىشى قوش ھەيدەپ ئۇرۇق سالمىغان ياكى ئۇرۇق سېلىپ ھوسۇل ئالمىغان كىشىگە ئوخشايدۇ» دەيدۇ. چۈنكى بىلىممۇ مېھنەت بىلەن ئۆگىنىلىپ، يەنە شۇ مېھنەت بىلەن جارى قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ ماھىيەتنىڭ بىر تەرىپى.

ئىككىنچى نۇقتىدىن قارىغاندا، ئەمگەك — ھەرىكەت، تەپەككۇر قىلىش، بەدەننى ۋە ئەقىلنى چېنىقتۇرۇش دېگەن گەپ. نورمال ئەمگەك بىلەن ئۆگىنىش ھەرگىز بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئەمەس، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىر - بىرىنى تولۇقلاشقا ياردەم بېرىدۇ. تەپەككۇرسىز بىلىم بولمىغانغا ئوخشاشلا تەپەككۇرسىز ئەمگەكمۇ بولمايدۇ. ئەڭ ئاددىي ھەرىكەتلەرمۇ ئەقىل ئىشلىتىشتىن، تەپەككۇردىن ئايرىلمايدۇ. قارا

ئەمگەكتىن بىلىم بىلەن قىلىنغان ئەمگەكنىڭ پەرقى شۇكى، بىلىم ئەمگەك قىلغۇچىنى شۇ ئەمگەكنى قانداق قىلىشقا ئۆگىتىدۇ. چۈنكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئەمگەكنىڭ ئاساسىي شەرتى ئەمگەك قىلىشنى بىلىشتۇر. شۇڭا، ئۆگىنىشتىكى مەقسەت ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆگىنىش ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار ئەمگىكىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئەمەسمۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەمگەك بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتىنى خۇلاسىلەپ: «ھۈنەرلىك قۇل ھۈنەرسىز پادىشاھتىن ئەۋزەل، بىلىملىك بىر ئادەم قىلغان ئىشنى بىلىمسىز مىڭ ئادەم قىلالمايدۇ» دېگەن.

تەربىيىلىگۈچىلەر ئۈچۈن يەنە بىر ئاددىي ساۋات شۇكى، پەرزەنتلەردىكى ھورۇنلۇق ئۇلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىدە ئەڭ زەھەرلىك ھاشارانتقا ئوخشاش بالىلارنى كېرەكتىن چىقىرىدۇ. ئەمگەككە ھورۇن بالا، ئوقۇشقىمۇ ھورۇن بولىدۇ. ھورۇنلۇق ئاخىرى ئەقلىنىمۇ ۋە جىسمانىيىتىنىمۇ كېرەكتىن چىقىرىدۇ. شۇڭا، نورمال ئەمگەك ۋە ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئوقۇشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ، دەپ قارىماڭ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار «ئىشچاننىڭ ئېرنى ياغلىق، ھورۇننىڭ بېشى قانلىق» دەپ، مېھنەت بىلەن بەخت - سائادەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى، موھتاجلىقنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتىنى ناھايىتى ياخشى خۇلاسىلىگەن. بالىلارنى ئەمگەكنى سۆيۈش، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھالال مېھنەتتىن، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەجىردىن تېپىشقا ئۆگىتىش كېرەك. پەن - مەدەنىيەت تەربىيىسى بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا يېتىلگەن ئىنسانىي قابىلىيەتنى قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش ئارقىلىق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىشنى كىچىكىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

پەرزەنتلەرگە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن تارتىپ ئۆز ئىقتىدارى يار بېرىدىغان ئىشلارنى ئۆزىنىڭ قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ۋە ئۇلارنى شۇنىڭغا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. ھېچ بولمىغاندا ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرۈش، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىگە قىلدۇرۇش كېرەك، ھەتتا بالىلار بۇ ئىشلارنى قىلغاندا ئىختىيارىي ۋە قىزغىنلىق بىلەن قىلىدىغان

بولسۇن، ھەرگىز بالىلارنى كىچىك چاغلاپ بۇ ئىشلاردىن چەتتە قويۇشقا بولمايدۇ. گەرچە ئۇلار ئىشنى سىلەرنىڭ تەلىپىڭلاردەك قىلالمىسىمۇ، ئەيىبكە بۇيرۇماسلىق، ئاچچىقلانماسلىق، ئىمكان بار ئىلھام بېرىپ سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلەش كېرەك. پەرزەنتلەرنىڭ ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلالماسلىقى ئەيىب ئەمەس، ئەڭ ئەيىب بولىدىغىنى ئىشتىن قېچىش، بىكار تەلەپ ئۆگىنىپ قالغان بالىلارنىڭ چوڭ بولغاندىمۇ ئىشقا چىدامسىزلىق، يارامسىز بولۇپ چىقىشى ناتايىن.

پەرزەنتلەرنى ئەركە ئۆگىتىپ قويۇش ھەقىقىي مەنىدىكى مېھرىبانلىق بولمايدۇ. پەرزەنتلەرنى ئىش قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش ھەرگىز ئۇلارنى جازالاش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەسقۇ. ئەڭ مۇھىمى پەرزەنتلەرنىڭ مۇستەقىل ياشاش، مۇستەقىل ئىزدىنىش روھىنى ۋە مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشتا. مانا بۇنى ھەقىقىي مېھرىبانلىق دەپ قارايمىز.

بۇ خىل ئەمگەكچانلىق روھىنى كىچىكىدىن تارتىپ تاكى قۇرامىغا يەتكۈچە ھەرگىز ئۈزۈپ قويماسلىق كېرەك. تەجرىبىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىكى ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشى، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنىڭ تۇغۇلۇشى پەن - مەدەنىيەت تەربىيىسىدىنمۇ كۆرە، مۇنداق ئىككى ئاساسقا باغلىق بولىدىكەن: بىرى، پەرزەنتلەرنى تۇرمۇشقا كۆپرەك ئارىلاشتۇرۇش، بازارلارغا ئېلىپ بېرىش، بالىلار بىلەن ئەركىن - ئازادە ئويناشقا يول قويۇش، يەنە بىرى، كىچىكىدىن باشلاپلا، چوڭ - كىچىك ئىشلارنى قىلدۇرۇش، كۆپ ئاڭلىتىش، كۆپ سۆزلىتىش ئارقىلىق تەپەككۇر قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.

پەرزەنتلەردە مېھنەتنى سۆيۈش، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماسلىق، ئۆزىگە ئىشىنىشتەك ياخشى پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش پەرزەنتلەرنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. چۈنكى، بەخت - سائادەتنىڭ يىلتىزى ئەجىر بۇلىقىدىن سۇغىرىلىدۇ. ئەجىر، مېھنەتسىز پەقەت ئائىلىگە تايىنىپلا بەخت - سائادەت ھۇزۇرىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ.

ئەجىرسىز، تەييارغا ھەييار بولۇپ ئېرىشكەن بەختىنىڭمۇ قەدىر - قىممىتى بولمايدۇ. كونىلارنىڭ شۇنداق سۆزى بار: «ئەجىرسىز ئېرىشكەن بۇغداي ناندىن، ئەجىر بىلەن ئېرىشكەن تېرىق زاغرىسى لەززەتلىك بولىدۇ.» جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، تۇرمۇشقا پىشقان پەرزەنت خار بولمايدۇ. ھورۇنلۇق ۋە مېھنەتتىن قېچىش نامراتلىق، موھتاجلىققا سەۋەب بولىدۇ. ھورۇن ئادەم سەممىيەتسىز، يالغانچى بولىدۇ، ھورۇنلۇق يەنە خۇشامەتكە ۋە قۇللۇققا ئادەتلەندۇرۇپ قويىدۇ. ئىنسانغا موھتاجلىقتىن ئېغىر بەختسىزلىك يوق. نامراتلىق شەرەپ ئەمەس، ئۇ، بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن مەھرۇم بولۇش دېگەن گەپ. نامراتلىق ۋە موھتاجلىق داغلىرىنى پەقەت ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئەجىر - مېھنەت بىرلەشتۈرۈلگەندىلا يۇيۇپ تازىلىغىلى بولىدۇ. مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرمىگەن بالىلار ئاخىرى «تەمەخورلۇق كېسىلى» گە گىرىپتار بولىدۇ. پەرزەنتىمىز ئۈچۈن تەمە بىلەن ياشاشتىن ئېغىر ھاقارەت بارمۇ؟ شۇڭا بىر تەرەپتىن يېتەكلەش، بىر تەرەپتىن ئادەتلەندۈرۈش بىلەن بىرگە، چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ مۇنۇ خۇسۇستا نەسىھەت قىلىپ تۇرۇش لازىم.

## نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، ئېسىڭدە بولسۇنكى، بىز ساڭا مەڭگۈلۈك ھامىي بولالمايمىز. بىز سېنىڭ نامرات ۋە موھتاجلىقتا قېلىشىڭنى خالىمايمىز. (ئەگەر نامرات بولسىڭىز) نامراتلىق ۋە موھتاجلىق دېگەن بىز بىلەنلا كەتسۇن. بۇ ھاقارەتلىك قالپاق ھەرگىز سېنىڭ بېشىڭدا تۇرۇپ قالمىسۇن بالام. نامراتلىق ۋە موھتاجلىق ئىنتايىن ئېغىر ھاقارەتلەرنى ئېلىپ كېلىشكە قابىلدۇر (بولسا بېشىڭىزدىن ئۆتكەن كۆلپەتلەرنى سۆزلەپ بېرىڭ). بالام، كۆرۈنۈشى پېقىر بولغان كىشىلەردە موھتاجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى گاداي دەيدۇ. بۇ ھەممە بالالارغا ۋە كىشىلەر ئارىسىدا خار ۋە ئېتىبارسىز بولۇپ قېلىشىڭغا سەۋەب بولىدۇ. ھەركىم موھتاجلىق يىپىغا باغلىنىپ قالسا، «ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەن رەقەممۇ سېنىڭ ھاياتىڭنىڭ ۋارىقىدىن ئۆچۈپ كېتىدۇ. بۇنداق ئېغىر كۈنگە قالغان ئادەم*

ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ لەززىتى ۋە قىممىتى بولمايدىكەن. ھاياتتىن بىزار بولۇپ ئىزا ۋە زارلىققا ئۇچرايدىكەن، ئەقىل شامىمۇ يورۇماس بولۇپ، زېھىن ۋە ئىقتىدارغا ھەم نۇقسان كەلتۈرىدىكەن. تۇرمۇشىدا شۇنداق باللار سادىر بولىدۇكى، توغرا تەدبىرنىمۇ ساڭا زىيان - زەخمەت ئېلىپ كېلىدۇ، ھەرقانچە دىيانەتلىك بولساڭمۇ خىيانەت تۆھمىتىگە ئۇچرايسەن، ھېكمەت بىلەن سۆزلىگەن قىممەتلىك پىكرىڭنى قىلساڭمۇ ئەيىبلىك ھېسابلىنىسەن. بايلار قىلسا ماختاشقا، ئالقىشقا سازاۋەر بولىدىغان ئىشلارنى سەن قىلساڭ تەنە ۋە ئەيىبلەشكە ئۇچرايسەن، بۇ خۇددى بىرەر ئەمەلدار ياكى پۇلدارنىڭ ئادەتتىكى بىر تەكلىپى پۈتۈن ئادەمنىڭ ھەرىكەت مىزانى بولۇپ قالىدۇ - يۇ، ئادەتتىكى بىر نامرات ئادەم ئۇلۇغ ھېكمەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويسىمۇ ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگەنگە ئوخشاش. يەنە رېئال تۇرمۇشقا قارا: نامرات بىرەر ئىشقا جۈرئەت قىلىشقا نىيەت قىلغان بولسا، ئۆزىنى بىلمەي ھەددىدىن ئاشقىنىنى قارا، دەيدۇ، خەير - ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلاي دېسە ئىسراپخور، دەپ تىللايدۇ. ئەگەر ئېغىر - بېسىقلىقنى ئادەت قىلسا، بوشاڭلىقتا ئەيىبلەيدۇ؛ ئەگەر يالغۇزلۇقنى خالىسا «دەرۋىش بولماقچى ئوخشايدۇ» دەيدۇ؛ ئەگەر كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماق بولسا «بۇنىڭغىمۇ ھەۋەس پەيدا بولۇپ قاپتۇ» دېسە، كۈلىدىغان بولسا «مەسخىرىۋاز» دەيدۇ. جىم ئولتۇرسا «ھېسسىياتسىز كالىدەك ئولتۇرىدۇ» دەيدۇ. ئىشقىلىپ موھتاج بولۇپ قالغان كىشى زامان ئەھلىنىڭ ئالدىدىمۇ، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ، دوست - يارەنلىرىنىڭ ئالدىدىمۇ ئەيىبدار ۋە ئېتىبارسىز كۆرۈنىدۇ، ھەرقاچان قەددىڭ كۆتۈرۈلمەيدۇ، يۈزۈڭمۇ يورۇق بولمايدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ھال بىلەن سەندە تەمە سادىر بولۇپ قالغۇدەك بولساڭ، ھەممە خالايىقنىڭ كۆڭلىگە دۈشمەنلىك سادىر بولىدۇ - دە، ھېچقانداق ھاجىتىڭ راۋا بولمايدۇ. پۇلدار ئادەم نەچچە مىڭ يۈەن سورىسىمۇ خۇرسەنلىك بىلەن بېرىپ تۇرىدىغان ئادەم، ساڭا بىر موچەن بېرىپ تۇرۇشنىمۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەقىلسىزلىك ھېسابلايدۇ.

موھتاجلىقنىڭ كەلتۈرىدىغان ھاقارىتىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن

ئەمگەكنىڭ شان - شەرىپىنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىڭ.

بالام، ئۇيغۇرلاردا «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە كۈچۈڭنى خار قىل» دېگەن جاسارەتلىك خىتاب بار. بۇ ھېكمەتنى يادىڭدىن چىقارما. ھۇرۇنلۇق بىلەن ئۆزۈڭنى يۇقىرىقىدەك خارلىق ۋە موھتاجلىق بالاسىغا مۇپتىلا قىلما. ئادەم دېگەن ئىش قىلغانغا ھېچ نەرسە بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەمگەك سېنى قەيسەرلەشتۈرىدۇ، ۋۇجۇدىڭنى جاسارەتكە تولدۇرىدۇ. سەن شۇنداق بىر قانۇنىيەتنى ھاياتىڭنىڭ مىزانى قىلغىنىكى، ئەمگەكسىز ھاياتلىقمۇ بولمايدۇ، ئەمگەكسىز ئۆتكەن ھاياتلىقنىڭ مەنىسىمۇ بولمايدۇ. سەن ئىزدىنىۋاتقان، ئىجاد قىلىۋاتقان ۋە مېھنەت قىلىۋاتقان چېغىڭدىلا ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقىي ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالايسەن. سەن ئەمگەكتىن، مېھنەتتىن نومۇس قىلما، ھەتتا ئۇ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىش بولسىمۇ بىكارچىلىقتىن، ھارام تاماق بولۇپ قېلىشتىن نومۇس قىل. ھەرقانداق ھاقارەتمۇ ئادەمگە بىكارچىلىقتىن ئېغىر بولمايدۇ، ئەمگەك ساڭا ھەمراھ بولسا ئۆزۈڭنى يالغۇز ھېس قىلمايسەن، زېرىكمەيسەن. شۇڭا، قىلىۋاتقان ئىشىڭدىن نومۇس قىلماي، بەلكى ئۆزۈڭ ئۈچۈن بىرەر مۇناسىپ ئىش تاپالمىغانلىقىڭدىن خورلۇق ھېس قىل. بىكارچىلىقتىن كەلگەن ھاقارەت دېگەننى ھېچقانداق سوپۇن بىلەنمۇ يۇيۇپ تازىلىيالمايسەن.

بالام، ئەمگەكنىلا بىلىپ ئەمگەك قىلىشنى بىلمىسە بولمايدۇ. چۈنكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئەمگەكنىڭ ئاساسىي شەرتى ئەمگەك قىلىشنى بىلىشتۇر. ئەڭ چوڭ تىراگېدىيە دېيىلسە ئۆزۈڭنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى تۈپەيلى مۇمكىنچىلىكى بار ئىشنى مۇمكىنچىلىكى يوق ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشۇڭدۇر. ئەمگەكنىڭ ئۈنۈمى ئۆزۈڭ قىلالايدىغان، چامىڭ يېتىدىغان ئىشنى قىلىش ئارقىلىق كۆرۈلىدۇ. قولۇڭدىن كەلمەيدىغان ئىشقا باسقان ھەربىر قەدىمىڭ ساڭا مەھرۇملۇقتىن باشقا ھېچنەرسە بېرەلمەيدۇ، ھېلى ئۇ ئىشقا، ھېلى بۇ ئىشقا چېپىش سېنى ئىككى كېمىگە دەسسىگەن ئادەمدەك ھالاكەتكە يېقىن قىلىدۇ. يەنە بىرى، ئايىغى چىقمايدىغان، ئۈنۈمى يوق بىر تالاي ئىشنى قىلغىنىڭدىن كۆرە بىرەر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزگىنىڭ

ياخشى. بىرەر ئىشنى قىلىپ ئايىغىغا چىقىشقا كۆزلۈك يەتمىسە ياخشىسى ئۇ ئىشقا قول تىقما. بىر ئىشنى باشلىغانىكەنسەن ھەرگىز يېرىم يولدا توختىتىپ قويما، ھەرقانداق بىر ئىشنى باشلاش ئاخىرلاشتۇرۇشتىن قىيىن بولىدۇ. قىيىننى قىلىپ ئاسنى قالغاندا بەل قويۇۋېتىش ئىرادىسىزلىك بولىدۇ. ئىشتا سەۋرلىك ئادەم ئىرادىلىك ئادەمدۇر.

بالام، ئىشىڭدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭ يەنە بىر شەرتى، سەن ئۆزۈڭ قىلىۋاتقان ئىشنى ھەقىقىي سۆيگىن، شۇندىلا ئەمگەك سەن ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك مەشغۇلاتقا ئايلىنىدۇ. ئۆزۈڭ خالىمىغان ھالاۋەتمۇ ساڭا مېھنەت يۈكىنى ئارتىدۇ.

ئىشلىگەندە ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىڭنى بىلىپ قىل. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا «كۆل پۇۋلىگىچە چوغ پۇۋلە» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش بار. كۆلنى بىر ئۆمۈر پۇۋلىسەڭمۇ مۇراد - مەقسىتىڭ ھاسىل بولمايدۇ، چوغنى پۇۋلىسەڭ ئۇنىڭدىن ئوت يېنىپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلەيسەن. بالام، ئەجىر - مېھنەت بىلەن ئېرىشىش مۇمكىن بولغان بەخت - سائادىتىڭنى ھورۇنلۇق بىلەن باشقىلارغا قول سۇنىدىغان ئېغىر كۈلپەتكە ئالماشتۇرمىغايسەن.

# ئون ئۈچىنچى باب ۋاپادارلىق تەربىيىسى

ئادەمى بولساڭ دېمەگىن ئادەمى،
ئۇنىڭكى يوق خەلق غېمىدىن غېمى.

— نەۋائىي

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ ۋاپادارلىقنى ئۇلۇغ بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەرزەنتلەرنىڭ ۋاپادار ئوغۇل، ۋاپادار قىز بولۇپ جەمئىيەتكە چىقىشى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىدۇ. ۋاپادارلىق تەربىيىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم ھالقا.

ھازىرقى رېئاللىقتا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەرزەنتلەرگە بېرىلىدىغان ۋاپادارلىق تەربىيىسىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش دەۋر تەقەززا قىلغان مۇھىم ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت بولۇپ قالدى. چۈنكى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەتلىك مىللەت بولۇشىنىڭ مۇھىم بىر ئۆلچىمى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى ۋاپادار كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ۋاپاسىزلىق ئىنسانغا ھاقارەت، ئەلگە ئاپەت. ھازىر كىشىلەر: ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىدە ۋاپا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ۋاپاسىزلىق، ساداقەتسىزلىك ئەۋج ئالدى، كىشىلەر شەخسىيەتچى، مەنپەئەتپەرەس بولۇپ كەتتى، پۇلنى دوست تۇتىدىغان، ئازغىنە مەنپەئەت ئۈچۈن ۋىجدانىنى ساتىدىغان كىشىلەر مەيدانغا چىقتى، دەپ قاراشماقتا. ھەقىقەتەن، بەزى ئادەملەردىن ۋاپادارلىقنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. پۇل ئۈچۈن دوستلارغا خىيانەت قىلىدىغان، ئاتا - ئانىسىدىن يۈز ئۆرۈيدىغان، ئەلنىڭ مەنپەئىتى بىلەن قىلچە كارى بولمايدىغان مەسئۇلىيەتسىز، بىپەرۋا كىشىلەر كۆپىيىپ قالدى. دەۋرىمىزدىن مىڭ يىل بۇرۇن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىنىڭ مەنىۋى بۇزۇلۇشىنى سۈرەتلەپ يازغان «كىشىلەر دوستلۇق ۋە ساداقەتنى

تەرك ئەتتى، جاپا ئۇستۇنلۇكنى ئالدى. ئىشەنچكە يارىغۇدەك ۋاپادار ئادەملەر قىس بولۇپ كەتتى، قېرىنداشلار ئارىسىدا يېقىنلىق يىراقلاشتى، ياخشى دوستلار مېھرىبانلىقتىن كەچتى، كىچىكتە ئەدەپ يوق، ئۇلۇغدا بىلىم يوق. كىشىلەردىكى يېقىنلىق پەقەت پۇل ئۇچۇنلا بولدى. ھەقىقەت ئۇچۇن توغرا ئىش قىلىدىغانلار نەدىدۇر ئەمدى؟ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ قالدى، كىمدە كۇمۇش بولسا شۇنىڭغا بويۇن ئەگدى. نەزەر سال ئاتىغا ئوغۇل ئاتىلىق قىلۇر، ئوغۇل بەگ بولۇپ، ئاتا قۇل بولدى. ئوغۇل - قىزلار ئاتا ھۆرمىتىنى تاشلىدى، ‹ قېرى › دېگەن نام ئۇلار ئۇچۇن ھاقارەت بولۇپ قالدى، تىلى باشقا، دىلى باشقا ئادەملەر كۆپىيىپ كەتتى» دېگەندەك ئەھۋاللارنىمۇ ھازىرقى تۇرمۇشتا ئوچۇق كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز.

بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب نەدە؟ بىز پەرزەنت تەربىيىسىدە ۋاپادارلىق توغرىسىدىكى تەلىم - تەربىيىگە سەل قارىدۇق، باللار ئىنسانىي قىممەت بىلەن ۋاپادارلىقنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بىلىشتىن مەھرۇم قالدى، ۋاپادارلىق تەربىيىسىدە ئاساسىي نۇقتا مۇنداق ئىككى ئىشقا قارىتىلىشى كېرەك:

## 1. پەرزەنتلەر ئەلگە ۋاپادار بولسۇن

كىم ئۆز يۇرتىنى سۆيمىسە، ئۇ ھېچنېمىنى سۆيمەيدۇ.
— ژ. بايرون

ئۇيغۇر خەلقىدە «ئاتاڭنىڭ ئوغلى بولغىچە ئەلنىڭ ئوغلى بول» ، «ئەل رازى، خۇدا رازى» دېگەنگە ئوخشاش ۋاپادارلىق تەربىيىسىگە ئائىت ماقال - تەمسىللەر ناھايىتى كۆپ. بۇ تەشەببۇسلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر «ئۇدۇم.» ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيەتلىرىدە بارلىققا كەلگەن نۇرغۇنلىغان داستان ۋە چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى ۋاپادارلىقنى ئاساس قىلغان. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاپادارلىق تەربىيىسىگە

قانچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلار: ھەرقانچە بىلىملىك بولغان بىلەن ۋاپادار بولمىسا بىكار، دەپ قارايدۇ. دانا ئۇستازلارنىڭ قارىشىچە، ۋاپادارلىق تەربىيىسىنى كىچىكىدىن باشلاش كېرەك ئىكەن. بولۇپمۇ باللار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن مۇنداق بىرقانچە تەرەپتىن يېتەكلەش كېرەك:

بىرىنچى، پەرزەنتلەر كىچىكىدىن باشلاپلا ۋەتەننىڭ، خەلقىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتسۇن. ئۇيغۇر خەلقى خەلق بىلەن شەخس ئۇقۇمىنى دېڭىز بىلەن تامچە سۇنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەققاسلاپ چۈشەندۈرىدۇ. بىر تامچە سۇ يەككە ـ يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ھاياتلىقىنى ھەم ساقلاپ قالالمايدۇ. بىر تامچە سۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت دېڭىز مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ نۇقتىنى ئاتا ـ ئانىلارمۇ تولۇق چۈشىنىشى ھەم ئۆزىنىڭ ئەلگە بولغان ۋاپادارلىقى بىلەن باللارغا ئۈلگە بولۇشى لازىم.

ئىككىنچى، پەرزەنتلەر ۋەتەن، خەلق ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى ۋە بۇرچى بارلىقىنى ھېس قىلسۇن. چۈنكى، ھەربىر ۋەتەندىشىنى مۇشۇ زېمىنلا باقىدۇ، ۋەتەندىلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قەدىر ـ قىممىتىنى تاپالايدۇ. ھەربىر ئادەم خەلقىلا ئەمەس، بەلكى بۇ زېمىن ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ ھاۋاسى ئۈچۈنمۇ قەرزدار.

ئۈچىنچى، ئەلنىڭ گۈللىنىشى، بەخت ـ سائادىتى ھەربىر شەخسنىڭ بەختى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن. ۋەتەننىڭ تەقدىرى، خەلقىنىڭ ئىستىقبالى ئەمەلىيەتتە ھەربىر شەخسنىڭ بەختى ۋە ئىستىقبالى، دېگەن سۆز. ۋەتىنى ئۈچۈن باش قاتۇرمىغان ئادەم، ۋەتەننىڭ تەقدىرىنى ئويلىمىغان ئادەم ئۆزىگىمۇ مەنسۇپ ئەمەس. ئۇنداق ئادەمنى بېجىرىم ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن ئەڭ ئۇلۇغۋار ئادەملەر ۋە بۈيۈك باتۇرلۇقلار ۋەتەننىڭ تەقدىرى ئۈچۈن بولغان كۈرەش داۋامىدا بارلىققا كېلەلەيدۇ.

تۆتىنچى، ئاتا ـ ئانىلار بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىنلا، پەرزەنتلەر ئۈچۈن ۋاپادارلىق تەربىيىسى بېرىش ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساسنى

سالالايدۇ. باللار ۋەتەننىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە كوللېكتىپنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى تونىسۇن، ئۇلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنلا مەكتىپىنى سۆيىدىغان، سىنىپ كوللېكتىپىنى سۆيىدىغان، سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن تىرىشىدىغان ياخشى ئىستىلنى ئادەتلەندۈرۈشى كېرەك.

پەرزەنتلەر ئازراق ئۇقۇمغا ئىگە بولۇپ، ۋەتەن ھەققىدىكى چۈشەنچىنى قوبۇل قىلالايدىغان بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردا نەسىھەت قىلىپ تۇرۇش لازىم.

## نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، ئادەم بۇ دۇنيادا خەلق بىلەن بىرگە ياشايدۇ، ۋەتەن تۇپرىقىدا ياشايدۇ، ۋەتەننىڭ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىدۇ، مۇشۇ ۋەتەننىڭ گۈللەپ ياشنىشى سېنىڭ بەختىڭنىڭ كاپالىتى. سەن ھەرگىز ياشاشتىكى مەقسەتنى يەپ - ئىچىش ئۈچۈن دەپ قارىما. يېيىش - ئىچىش ئۈچۈنلا ياشاش سېنى ئىنسانلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ. سەن ھەقىقىي مەنىدىكى ئادەم بولۇشنى ئىزدەيدىكەنسەن ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ياراملىق ئادەم بولۇشنى مەقسەت قىلىشىڭ كېرەك. بالام، ئەلنى سۆيمىسەڭ، ئەلگە كۆيمىسەڭ، ئەلنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئۆزۈڭنى پىدا قىلمىساڭ ئىمتىكەن سۈتۈمگە رازى ئەمەسمەن، سەن ئۆزۈڭنىڭ تەقدىرىنى ۋە بەختىڭنى ئەلنىڭ تەقدىرى ۋە بەختىدىن تىلىسەڭ ئەل ساڭا ئىللىق باغرىنى كەڭ ئاچىدۇ، مەنمۇ سەندىن پەخىرلىنىمەن، سۈتۈمگە رازى بولىمەن. ئەگەر ئەلگە ۋاپاسىزلىق قىلساڭ، ئۆزۈڭنى ھەرگىز مېنىڭ پەرزەنتىم دەپ قارىما، بۇ ۋەتەننىڭ ھەقداسى دەپ ھېسابلىما. سەن شۇنى چۈشەنگىنكى، ئەلنىڭ بەختى سېنىڭ بەختىڭ، ئەلنىڭ بەختسىزلىكى سېنىڭ بەختسىزلىكىڭ. ھەرقانداق چوڭ مەھرۇملۇقتىنمۇ ئەلنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قېلىشتىن ئارتۇق مەھرۇملۇق بولمايدۇ.*

*بالام، ياخشى ئوقۇپ يارامىلىق ئادەم بولساڭ ئەل ئارىسىدا يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ، ئادەم دېگەن ئۆزىگە، ئەلگە يۈز كېلەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. يارامسىز ئادەم بولۇپ قالساڭ ئەل ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىسەن. بىز سەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك تۆۋرۈك بولالمايمىز، ئەل، ۋەتەن سېنىڭ*

*مەڭگۈلۈك تۇۋرۇكۇڭ، ھەرقاچان خەلقىنىڭ ئالدىدا قىممىتىڭ، ئورنۇڭ بولسۇن.*

يۇقىرىقى مەزمۇندىكى نەسىھەتلەردىن باشقا، كىشىلىك تۇرمۇش سەھنىسىمۇ پەرزەنتلەرگە ۋاپادارلىق تەربىيىسى بېرىشنىڭ ئەڭ ياخشى قامۇسى بولالايدۇ. مەسىلەن، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەر تۈرلۈك ئادەملەرنىڭ ھەر خىل قىسمەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمىز. بەزىلەر ئەلگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ خەلق ئالدىدا، ۋەتەن ئالدىدا مەڭگۈ يۇغۇسىز ھالدا يۈزى قارا بولىدۇ. بەزىلەر يارامسىزلىقىدىن ئەل ئارىسىدا ھېچقانداق ئېتىبارغا ۋە ئورۇنغا ئېرىشەلمەيدۇ. بەزىلەر بولسا ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش داۋامىدا ئاجايىپ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئىلىم - پەندە يۇقىرى كامالەت يارىتىپ جەمئىيەتنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. شان - شەرەپ مۇنبىرىدە خەلق ئۇنىڭ كۆكسىگە گۈللەرنى تاقايدۇ. دېمەك، بالىلارغا جەمئىيەتتىكى يۇقىرىقىدەك ئوخشاشمىغان قىسمەتكە ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قەلب تۆرىدە ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ قانچىلىك بۈيۈكلۈكى، ئەل ئۈچۈن ياشاش، ئەل ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغۋار ئىش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەقىدىنى چوڭقۇر ئورنىتىش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارغا تارىخىمىزدا ئۆتكەن ئۇلۇغ پېشىۋالىرىمىزنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەل قەلبىدە يادلىنىپ كېلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ياشاپ، ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىدىن ئىكەنلىكى، شۇڭلا ئۇلار مەڭگۈلۈك قەدىر - قىممەتكە ئىگە بولالىغانلىقى، ئۇلار مەڭگۈلۈك قەدىرلىنىشكە ئەرزىيدىغانلىقىنى تونۇتۇش لازىم. بۇ خىل ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق پەرزەنتلەرگە ئەلنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇتۇشقا، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەلنىڭ يۈكسەك ئوبرازىنى تىكلەشكە پايدىلىق بولغان ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## 2 . ئائىلىگە بولغان ۋاپادارلىق تەربىيىسى

بېشىڭنى پىدا ئەيلە ئاتا قاشىغا،
جىسمىڭنى قىل پىدا ئانا باشىغا.

— نەۋائىي

پەرزەنتلەرنى ئائىلىگە ۋە ئاتا - ئانىغا ۋاپادار قىلىپ تەربىيىلەشمۇ ھەربىر ئائىلە ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. پەرزەنتلەرنىڭ ۋاپادار ياكى ۋاپاسىز بولۇپ چىقىشى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ياخشى - يامانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يەنە بىرى، پەرزەنتلەرنىڭ ئىنساپىنى سىنايدىغان ئەڭ مۇھىم گىمر تېشى. ئاتا - ئانىلارنىڭ قەلبىنى ھەرقانداق ئازابمۇ ۋاپاسىز پەرزەنتلەردەك زىدە قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار ئالدى بىلەن كېچە - كۈندۈز پەرزەنتنىڭ ئىنساپىغا دۇئا قىلىدۇ. بالزاك شۇنداق دېگەن: «ئىززەت - ھۆرمەت ئاتا ۋە ئانىنى، شۇنىڭدەك بالىلارنىمۇ قوغداپ تۇرغۇچى پاسىباندۇر، ئۇ ئاتا-ئانىنى كۈلپەت ۋە غەمدىن، بالىلارنى بولسا ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ.»

ئۇنداق بولسا پەرزەنتلەرنىڭ ئائىلىسىگە بولغان ۋاپادارلىقىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟ پەرزەنتلەردىكى ۋاپادارلىقنىڭ يېتىلىشى كۆپ تەرەپلىمە ئامىللارغا باغلىق بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى يەنىلا ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ تەبىئىتىدىكى مېھرىبانلىق، ۋاپادارلىق، كۆيۈمچانلىقنىڭ قانداق بولۇشى پەرزەنتلەرنىڭ تەبىئىتىگە چوڭقۇر ئىز سالىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ناھايىتى نۇرغۇن تەجرىبە - ساۋاقلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئاساس بولىدۇ. دانىشمەنلەر ۋاپادارلىق تەربىيىسىنى ئالدى بىلەن ئۆزىدىن باشلاشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ھەمىد زىيايىپ «بەختلىك بولاي دېسىڭىز» دېگەن ئىبرەتلىك ھېكايىلەرنى توپلىغان كىتابىدا، ۋاپادارلىق تەربىيىسىنى پەرزەنتلەر قورساقتىكى چاغدىن باشلاش توغرىسىدىكى تەشەببۇسنى ۋە مىساللارنى

ئوتتۇرىغا قويغان. ئەر - ئايالنىڭ ئۆزئارا كۆيۈنۈشى، ۋاپادارلىقى، مۇھەببىتى كۈچەيگەن پەيتتە تۇغۇلغان بالىنىڭ تەبىئىتىدە ئاتىغا بولغان مېھرىبانلىق كۈچلۈك بولىدۇ ۋە ئۇنى قەدىرلەيدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر مىسالنى ئالايلى: بۇرۇن بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ئىناق - ئىتتىپاق ۋە بىر - بىرىنى ناھايىتى سۆيۈپ يۈرگەن مەزگىلدە ئۇلاردىن بىر قىز تۇغۇلغانىكەن. بىراق، مەلۇم سەۋەبتىن دادىسى باشقا ئايالغا ئۆيلىنىپ، ئائىلىسىنى تاشلاپ كېتىپتۇ، ئانا بىلەن قىز كىشىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئاران - ئاران كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىز دادىسىنى سېغىنىپ كېسەل بولۇپ قاپتۇ، كېسەلنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلىغان تېۋىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— دادىڭىز سىزنى تاشلاپ كېتىپتۇ، سىلەردىن ھېچ بىر خەۋەر ئالماپتۇ. كۆپ ۋاقىت ئاچ - يالىڭاچ قاپسىز، شۇنچىۋالا ۋاپاسىز دادىنى سېغىنىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ قىز:

— دادامنىڭ قىلغان ئىشىدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىم راست. لېكىن ئۇنى كۆرۈپ قالسام دىلىم يايراپ، كۆڭلۈم ئېچىلىپ، خۇشاللىقىمدىن يەر - جاھانغا سىغماي كېتىمەن، شۇ كۈنى خاتىرجەم ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلايمەن، ئۇزاق ۋاقىت كۆرمىسەم يۈرىكىم چوغ بولۇپ كۆيىدۇ، — دەپتۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقە ئىككى ئوغلى بار بىر ئائىلىدىمۇ يۈز بەرگەن. بۇ ئىككى ئوغۇل باشقا ئەرگە تېگىپ كەتكەن ئانىسىنىڭ بىۋاپالىقىدىن نارازى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرمىسە ۋە بىردەم مۇڭداشمىسا ئۆزلىرىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قېلىشىدىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاتا - ئانىسى بوۋاق چاغدىلا تاشلاپ كەتكەن، باشقىلار پەپىلەپ چوڭ قىلغان بالىلار چوڭ بولۇپ قۇرامىغا يەتكەندە، «سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ باشقا» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالسىلا دەرھال بېقىۋالغان ئاتا - ئانىسىدىن سوۋۇپ، ئۆز ئاتا - ئانىسىنى تېپىش كويىغا چۈشىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئۇلار ئۆز ئاتا - ئانىلىرىنى كۆرمىگەنغۇ. بۇنىڭدا ئاشۇ نەسىل دۇنياغا كەلگەن مەزگىل مۇھىم رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بالىلار بەلكىم ئاتا - ئانىلىرى ئاشىق - مەشۇق چاغلاردا تۇغۇلغان. بۇنداق تۇغما

سېغىنىش، روھىي ئېزدىنىش ۋە تاقەتسىزلىكنى ھەرقانداق ئېغىر شارائىت، جۇدالىق پۈتۈنلەي يوق قىلالمايدۇ.

مېھرىسىز، ئىشق - مۇھەببەتسىز تۇغۇلغان پەرزەنتلەر گەرچە ئاتا-ئانىسىنىڭ باغرىدا باياشاتلىق ئىچىدە ياشىسىمۇ ئاتا - ئانىلىرىغا مېھرىبانلىق قىلىشنى، غەمخورلۇق قىلىشنى ۋە ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەشەددىرەكلىرى ياكى ھارامدىن بولۇپ قالغانلىرى بولسا ئۆتە ئەدەپسىزلىكلىرى ياكى يىرگىنچلىك قىلمىشلىرى بىلەن ئاتا - ئانىسىنى ئوتقا تاشلايدۇ، بۇ خىل تۇغما نەسىلگە تارتىش قانۇنىيىتى يەنە باشقا نۇرغۇن تەرەپلەردە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە رول ئوينىشى تەبىئىي ھال. بىراق بۇنى بىز كۆپ ھاللاردا روشەن سېزىۋالالمايمىز.

بىرىنچى، ئاتا - ئانىلار ئۆزى ئۈلگە ۋە نەمۇنە بولۇشى كېرەك.
ۋاپادارلىق تەربىيىسىدە ئۈلگىدەك كۈچلۈك رول ئوينايدىغان ھېچقانداق ۋاستە يوق. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا «ئاتا - ئاناڭغا قىلساڭ بالاڭدىن قايتىدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇ سەلبىي تەرەپتىمۇ، ئىجابىي تەرەپتىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان مۇنداق بىر مەشھۇر رىۋايەتمۇ بار: بۇرۇنقى زاماندا ئادەملەر ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ سۆڭىكى كىرىشىپ، گۆشى قېچىپ ناھايىتى كىچىكلەپ كەتكەنلىكتىن قوشۇقلۇققا سېلىپمۇ قوياركەنمىش. بىر كىشىنىڭ دادىسى شۇنداق قېرىپ ئۆز ھاجىتىدىن قەتئىي چىقالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. شۇڭا، باللىرى ئۇچۇن دادىسىنى بېقىش ئېغىر توختاپتۇ ۋە بارا-بارا زېرىكىپتۇ. بىر كۈنى پەرزەنتىنىڭ كۆڭلىگە جىن كىرىپتۇ - دە، دادىسىنى يۇدىگەن پېتى دەرياغا تاشلىۋېتىپ خالاس بوپتۇ. يىللار ئۆتۈپ ئۇ ئادەممۇ قېرىپتۇ ۋە دادىسىنىڭ ئەھۋالىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلىمۇ دادىسىدىن زېرىكىپتۇ، ئۇمۇ دادىسىنى دەرياغا تاشلىۋېتىپ خالاس بولماق بولۇپ، دادىسىنى يۇدۇپ دەرياغا قاراپ مېڭىپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندە ھېلىقى ئادەم ئوغلىغا شۇنداق دېگۇدەك: بالام، سەن مېنى دەل مۇشۇ يەرگە تاشلىۋەتكىن، مەنمۇ دادامنى دەريانىڭ مۇشۇ يېرىگە تاشلىۋەتكەنىدىم ... دادىسىنىڭ بۇ گېپى بالىغا قاتتىق تەسىر قىپتۇ ۋە

قىلىنغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ دادىسىنى يەنە قايتۇرۇپ كەپتۇ ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياخشى كۈتۈپتۇ.

بۇ گەرچە رىۋايەت بولسىمۇ، تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتىمۇ دەل شۇنداق. جاپا ئۇرۇقىنى چېچىپ ھەرگىزمۇ راھەت ھوسۇلىنى ئالغىلى بولمايدۇ. سىز ئاتا - ئانىڭىزغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ قان يىغلىتىۋاتقان چاغدا بالىڭىز شەكسىز «ھە ئىش مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ چۈشىنىدۇ. شۇڭا، پەرزەنتلەرنىڭ ۋاپادارلىقى سىلەرنىڭ ۋاپادارلىقىڭلاردىن باشلىنىدۇ. ئائىلىگە، ئاتا - ئانىسىغا ۋاپادار بولالىغان بالا ئاندىن ئەلگە ۋاپادار بولالايدۇ. شۇڭا، كونىلار «ئاتا - ئانىسىغا ۋاپا قىلمىغان بالىدىن قانداقمۇ خەلققە ۋاپا كەلسۇن» دەيدۇ. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر خەلقى ئائىلىسىگە ۋاپادار باللار ئەلگە ۋاپادار بولىدۇ، ئەلگە ۋاپادار بالا ھەم ئائىلىسىگە ۋاپادار بولىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقى چىقىدۇ.

تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىدا «بالام، ئۆيگە كۆيۈن، بىزنى ھۆرمەتلە، بىز سېنى بېقىپ چوڭ قىلدۇق، تۇزكورلۇق قىلما، بىزنىڭ ئەجرىمىزگە قايتۇرىدىغان جاۋابىڭ شۇمۇ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ئىنتايىن پاسسىپ ئۇسۇل. بۇنداق قىلغاندا، پەرزەنتلەرنىڭ ۋاپادارلىقى پەقەت ئاتا - ئانىسىنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنىغان زورۇقۇش بولۇپ قالامدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئائىلىدە ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئۆزئارا چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت ئورنىتىلىشى كېرەك. بەزى باللارنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلىشىغا ئاتا - ئانىلار ئۆزى سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «ساندۇقتىن چىققان ۋەسىيەتنامە» دېگەن بىر چۆچىكى بار. ئۇنىڭدا: بىر دادىنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن، دادا بولغۇچى باللارغا بولغان مېھرىبانلىقى سەۋەبلىك، ئالدىراپ - سالدىراپ بار بىساتىنى باللىرىغا مىراس قىلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئاتا ئەڭگۈشتەرنى قولىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. باللار بىر - بىرىگە ئىتتىرىشىپ دادىسىغا قارىغىلى ئۇنىماپتۇ، بار ۋەسلىدىن ئايرىلغان دادا موھتاجلىق ۋە زارلىق ئىچىدە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ، كېيىن ئېغىر كېسەل بولۇپ قاپتۇ، باللىرى يەنىلا دادىسىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىشنى خالىماپتۇ.

بىر كۈنى بۇ ئەھۋالنى ئۇققان يۇرت چوڭى بوۋاينىڭ ئۆيىگە كېلىپ بوۋاينىڭ بالىلىرىنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلىپ دادىسىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئۇقۇپتۇ. يۇرت چوڭى بۇ ئىشنى قانداق ھەل قىلىش ھەققىدە ئويلاپ، كۆڭلىگە بىر ئەقىل كەپتۇ. بوۋاي بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئوغۇللىرىنى چاقىرىپتۇ. ئوغۇللىرى كەلگەندىن كېيىن، بوۋاي يېنىدىن بىر ساندۇقچىنى ئېلىپ، يۇرت بېشىغا تاپشۇرۇپ: مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالغان بىساتىم مۇشۇ ئىدى، كۆزۈم يۇمۇلغاندىن كېيىن، قايسى بالام ۋاپادارلىق كۆرسەتسە، شۇنىڭغا كۆپرەك بېرەرسىلەر، قالغان گەپنى ۋەسىيەتنامە پۈتۈپ ساندۇققا سېلىپ قويدۇم، دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئوغۇللار دادىسىنىڭ يېنىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، ھېلى بىرى مەن ئۆيگە ئېلىپ كېتىمەن دېسە، ھېلى بىرى مەن ئېلىپ كېتىمەن، دەپ تالىشىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە ۋاخ ياخشى كۈتۈلگەن بوۋاي ئاخىرى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ، پۈتۈن جامائەت ئۆلۈمگە يىغىلغان چاغدا، ھېلىقى يۇرت كاتتىسى جامائەتكە ئېلان قىلىپ ساندۇقنى ئېچىپتۇ. جامائەت ساندۇقتا ھېچقانداق خەزىنە يوق، پەقەت بىر پارچە خەت يېزىلغان قەغەز بارلىقىنى كۆرۈپتۇ. يۇرت كاتتىسى قەغەزدىكى خەتنى ئوقۇپتۇ: «كىمكى ئۆزى ھايات تۇرۇپ مال - مۈلۈكلىرىنى بالىلىرىغا مىراس قىلىپ بېرىۋەتسە ئۆزى خورلۇقتا قالىدۇ.» بۇنى ئاڭلىغان جامائەت ھېلىقى ۋاپاسىز بالىلارغا غەزەپ - نەپرەت بىلەن تىكىلىپتۇ، بالىلار ئەل - جامائەت ئالدىدا نومۇسقا قاپتۇ.

خەلقىمىز ئارىسىدا بۇنداق تەجرىبە - ساۋاقلار ئىنتايىن كۆپ. ئاتا-ئانىلار ھەرقاچان پەرزەنتلىرىگە بولغان كونتروللۇق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك. سىز باي بولۇڭ ياكى نامرات بولۇڭ بالىلار ھەرقانداق ئىشتا سىلەردىن مەسلىھەت سورايدىغان، ھەرقانداق چوڭ ئىشلارنى قىلسا سىلەرنى بېشىدا تۇرغۇزىدىغان بولسۇن، بولسا ئىقتىسادىي كونتروللۇق ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇرلاردا «بىر ئاتا ئون بالىنى باقىدۇ، ئون بالا بىر ئاتىنى باقالمايدۇ» دېگەپ گەپ بار. يەنە «مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا» دېگەن گەپمۇ بار. قەدىمكى بىر شائىر بۇ

خىل ئەھۋالنى مۇھاكىمە قىلىپ: ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىسى بار، دادىسى يوق ئىدى، ئۇ شۇڭا بالىلىرىغا قارىغان، شۇنىڭدىن بۇ ئادەت ئۇدۇم بولۇپ قالغان، دەپ قارايدىكەن. ياق، ئاتا - ئانىسىنى ئۇنتۇغان ئادەم ئۆزىنىڭ يارىلىشىغا سەۋەب بولغۇچىنى (يەنى ئاتا - ئانىسىنى) ئۇنتۇغان بولىدۇ. پەقەت هايۋانلارلا چوڭ بولۇۋېلىپ ئاتا - ئانىسىنى تونۇمايدۇ.

ئىككىنچى، قەدىمدىن كېلىۋاتقان بىر ئادەت ۋە ئەنئەنە شۇكى، ئوغۇل پەرزەنتنىڭ ئاتا - ئانىسىنى بېقىش، ئاتا - ئانىسىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىش مەسئۇلىيىتى يۇقىرى. شۇڭا، ئائىلىگە بولغان ۋاپادارلىق مەجبۇرىيىتى ئوغۇللارنىڭ ئۇستىگە كۆپرەك چۈشىدۇ. لېكىن كۆپلىگەن بالىلار ئۆي - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن ۋاپا ئەھدىنى بۇزىدۇ، بۇنىڭ توپ سەۋەبى نەدە؟ ئەڭ مۇھىم مەسىلە كېلىن بولغۇچى قىزنى ياخشى تاللىمىغانلىقتا. بەزى ئاياللار شۇنداق بىشەمكى، «هەسىنكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىق» دېگەندەك، ئېرىنى ياخشى كۆرگەن، ئۆيىگە كۆيۈنگەن بولۇۋالىدۇ - دە، ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسىغا قىلىشقا تېگىشلىك ۋاپادارلىق مەسئۇلىيىتىگە يول قويمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كەلسە «قازاندا كاژ - كۇژ، پاژ - پۇژ، يىگىتنىڭ ئۆيىدىكىلەر كەلسى ئىككى ئارىدا غاژ - غۇژ، غاژ - غۇژ» ئۇرۇش پارتلايدۇ. بۇ خىل ئىجتىمائىي ئەھۋاللار سەنئەت شەكلىدە سەھنىگە چىقىرىلىپ تەنقىد قىلىندى. شۇنداقتىمۇ جەمئىيەتتە بۇ خىل ناچار ئەھۋاللار خېلىلا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. بۇ بىر تەرەپتىن، بەزى ئاياللارنىڭ ناچار خاراكتېرىدىن كېلىپ چىقسا، يەنە بەزىلىرى، ئوغۇللارنىڭ خاراكتېرىنىڭ بوشلۇقى، ئايالىغا تومۇرىنى تۇتقۇزۇپ قويغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. كونىلاردا مۇنداق بىر يۇمۇر بار ئىكەن: «تېۋىپ تومۇرنى بىلەكتىن تۇتىدۇ، خوتۇن كىشى يۈرەكتىن تۇتىدۇ، كىچىك بالا پۇزىتسىيىدىن تۇتىدۇ.» دېمەك، ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، بىر - بىرىنىڭ هەق ئىشلىرىنى قوللاش مەجبۇرىيىتى بار، ناهەق ئىشلارغا يول قويماسلىق هەققى بار. ئاتا - ئانىلارغا بولغان ۋاپادارلىققا يول قويمىغان ئەرمۇ، ئايالمۇ ئەڭ پەزىلەتسىز ئادەم بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

※ ※ ※

ۋاپادارلىق مەسىلىسىدە ئاتا - ئانىلارنى خاتىرجەمسىزلەندۈرىدىغان ھەم ئەنسىرىتىدىغان بىر مۇھىم ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزئارا ئىناق ۋە ئىتتىپاق بولۇپ ئۆتۈش مەسىلىسىدۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىدىسىدە «ئىناق ئائىلىگە بەرىكەت ياغىدۇ، ئىناقسىزلىق ئاپەت ۋە پالاكەت كەلتۈرىدۇ» دېگەن چۈشەنچە بار، بۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئاتا - ئانىلار ئوبدان چۈشىنىدۇ.

ئۇنداق بولسا بەزى ئائىلىلەردە پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدا نېمە ئۈچۈن ئۆتكۈر زىددىيەت يۈز بېرىدۇ، بىر - بىرى بىلەن چىقىشالماي ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ قالىدۇ؟ بەزى ئائىلىلەردە بولسا شۇنچىلىك ئىناق ياشاپ ئورتاق مەنپەئەت، بىر نىيەتلىك ۋە ھەمدەملىك بىلەن ئائىلىنىڭ چىرىغىنى ياخشى يورۇتىدۇ؟

ئائىلىدە بۇنداق ئوخشاشمىغان ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتا ئائىلە تەربىيىسى يەنىلا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى ئىككى نۇقتىغا بېرىپ ياتىدۇ. بىرى، ئەگەر پەرزەنتلەر شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنپەئەتپەرەسلىككە ئادەتلىنىپ قالغان بولسا، ئۇنداق پەرزەنت جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ زور زىيانلارنى سېلىشنىڭ ئاپتى بولۇپلا قالماي، ئائىلە ئىناقلىقىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئورتاق مەنپەئەتنىڭ ۋە ئائىلە بىر گەۋدىسىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىنىڭمۇ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ. شۇنى ئېتىراپ قىلىمىزكى، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى كىچىك ماجىرالاردىن تارتىپ، چوڭ - چوڭ ئۇرۇشلارغىچە بولغان ئۆتكۈر توقۇنۇشلارنىڭ تۈپ سەۋەبى دەل شۇ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق بىر سۆزنى ئېيتقان: «ئۇۋۇچى مەنپەئەتنى دېمىسە، ئۇۋۇغا چىقماي ئۆيىدە قېرىيدۇ.» شۇنىڭدەك بارلىق ئىنسانلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا شۇ مەنپەئەت مەسىلىسىنى نېگىز قىلىدۇ.

ئۇنداق بولسا بىز پەرزەنتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەت كۆزقارىشىنى قانداق يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك؟ بۇ ھەقتە ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ھەممىسگە ئورتاق بولغان ئاددىي بىر ھەقىقەت بار، يەنى «بىر تال چوكىنى سۇندۇرۇش ئوڭاي، ئۈچ چوكا بىرلەشتۈرۈلسە

سۇندۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ.» بۇ ھەقىقەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوغۇزخاندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئەڭ خاراكتېرلىك بولغان ئۇلۇغ سەنئىتىنىڭ بىرى. بۇ ھەقىقەتنى پەرزەنتلەرگە كىچىك چاغدىن تارتىپ سىڭدۈرۈش ۋە ئەمەلىي مىساللار بىلەن ئىسپات قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

يەنە بىرى، پەرزەنتلەرگە شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ ئادەمنى ۋىجداندىن، غۇرۇردىن ۋە ئىنسانىي پەزىلەتتىن مەھرۇم قىلىدىغان يامان كېسەل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش؛ قېرىنداشلار ئارىسىدىكى ئورتاق مەنپەئەت، ئۆزئارا مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ھەرقانداق مەنپەئەتتىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش لازىم. جەمئىيەتتە شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنپەئەتپەرەسلىك بىلەن پەرزەنتلەر ئارىسىدا ياتلىشىش پەيدا بولۇپ، ئائىلە ئىقتىسادىنى بۇزغۇنچىلىققا ۋە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىۋاتقان پەرزەنتلەر ئازمۇ؟ بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، ئورتاق تىرىشىپ، بىر - بىرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، قىلغان ئىشلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ گۈللەپ ياشناۋاتقان پەرزەنتلەر ئازمۇ؟ پەرزەنتلەر شۇنى چۈشەنسۇنكى، پۇل، مەنپەئەت بىردەملىك، قېرىنداشلىق مېھىر - مۇھەببەت مەڭگۈلۈك بولىدۇ. ئاتا - ئانىلاردىن قالسا دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر ئادەم قېرىنداشلاردەك بىر - بىرىگە كۆيۈملۈك، مېھرىبان ۋە جان قايىدىغان بولمايدۇ. ئۇلارغا كىچىككىنە مەنپەئەت ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بايلىقنى سېتىۋېتىش ئەڭ چوڭ ئەقىلسىزلىق ۋە مەھرۇملۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلدۇرۇش لازىم.

پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزئارا ۋاپادارلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان يەنە بىر ئامىل، ئاداۋەتخور ۋە پىتنىخورلارنىڭ ئارىدا گەپ توشۇپ پەرزەنتلەر ئارىسىغا زىددىيەت ئۇرۇقىنى چاچقانلىقىدىن پەيدا بولىدۇ.

پەرزەنتلەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى، ئىناقلىقنى بۇزىدىغان يەنە بىر مۇھىم تەجرىبە - ساۋاق بار، ئۇ بولسىمۇ ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرگە ھەرگىز ئىككى خىل مۇئامىلە ۋە ئىككى خىل كۆز بىلەن قارىماسلىقى لازىم. بىر بالىنى ئەتىۋارلاپ ئامراقلىق قىلىش، يەنە بىرىگە

ئانچە ئامراقلىق قىلماسلىق باللار ئارىسىغا ئاداۋەت ئۇتىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم بىر سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە تارىختا ئاتا ـ ئانىلارغا ناھايىتى ياخشى ساۋاق بولغۇدەك تەجرىبىلەر بار. مەسىلەن، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دېگەن ئەسەردە بايان قىلىنىشىچە، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت پەرزەنتى بار ئىدى. كەنجىسىنىڭ ئىسمى يۇسۇپ ئىدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يۇسۇپكە بەكرەك ئامراقلىق قىلاتتى، قالغان بالىلىرىغا ئانچە ئامراقلىق قىلمايتتى، شۇڭىمۇ يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى ئۇكىسى يۇسۇپكە ئاداۋەت ساقلايتتى. بۇ خىل ئاداۋەت كېيىن تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرى ئۇلار ۋاپاسىزلىق يولىنى تۇتۇپ يۇسۇپنى كۆزدىن يوقىتىشنى مەسلىھەتلەشتى، شۇنىڭ بىلەن يۇسۇپنى ئېلىپ چىقىپ قۇدۇققا تاشلاپ، دادىسىغا بۆرى يەپ كەتتى، دەپ مەلۇم قىلىشتى. يۇسۇپنى كارۋانلار قۇتۇلدۇرۇۋالغاندا بۇ بىزنىڭ قۇلىمىز ئىدى، دەپ پۇچەك يارماققا سېتىپ، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنى 40 يىل پەرزەنت پىراقىدا كۆيدۈردى. ئاتا ـ ئانىلار بۇ تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

**نەسىھەتتىن نەمۇنە**

*بالىلىرىم، ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، سىلەر بىر قېرىنداشتىن تۇغۇلدۇڭلار، بىر ئانىنى ئېمىپ چوڭ بولدۇڭلار، بىر ناننى تەڭ تالىشىپ ئۆستۇڭلار. بۇلاق ۋە كارىز سۈيى دەريا سۈيىگە قوشۇلماستىن ۋە ئەۋرەز سۇلىرىغا ئارىلاشماستىن بۇرۇن ناھايىتى شېرىن ۋە لەززەتلىك بولىدۇ. دەريا ۋە ئەۋرەز سۇلىرىغا قوشۇلغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئاۋۋالقى شېرىنلىكىدىن ئۇمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. بالىلىرىم، ھەرگىز يامان نىيەتلىكلەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، قېرىنداشلىق مېھرىگە تەسىر يەتكۈزمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا ھەرگىز زىيان سالىدىغان خىيالنى كۆڭلۈڭلارغا كەلتۈرمەڭلار. يامان نىيەتلىك بولساڭلار، نىيەتنى يامان قىلىپ بارلىق ۋەسلىدىن ئايرىلغان بىر تۇغقانلاردەك ئەھۋالغا قالىدىغان ئىش بولىدۇ.*

قىر ـ دالىلاردا ياشايدىغان بىر تۇركىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. ئاتا ـ ئانىسى ۋاپات بولۇپ، بۇ ئىككى بالا يېتىم قاپتۇ. سەھرادا تۇرماي شەھەرگە كەپتۇ. ئۇلار كەلگەن شەھەر دەريا بويىدا ئىكەن. چوڭ ئوغۇل شەھەرمۇشەھەر كېزىپ سودىگەرچىلىك قىلىشقا ھەۋەس قىلىدىكەن. بىرقانچە زامان شەھەر ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. ئاخىرى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئىنىسىنىڭ شەھەردە سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرۈپ، چوڭ سودىگەرلەردىن بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئىنىسى شەھەردە ھەيۋەتلىك سارايلارنى بىنا قىلدۇرغانىكەن. چوڭ ئوغۇل ئۆز ـ ئۆزى بىلەن كېڭەش قىلىپ: «ئىنىم ھەيۋەتلىك سارايلارنى بىنا قىلدۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇ باشقا شەھەرلەرگە كېتىشنى ئىختىيار قىلسا، بۇ سارايلارنى بىللە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. مەن كېمە ئۈستىگە بىر ساراي بىنا قىلدۇراي، قەيەرگە كەتمەك بولسام، ئېلىپ كېتىش مۇمكىن بولسۇن، مۇنداق سارىيىمنىڭ بارلىقىنى ھەممە خالايىق بىلسۇن، شۆھرىتىم ئالەمگە يېيىلسۇن» دەپتۇ. ئۇ كېمىنىڭ مۇنداق زور بىنانى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەپتۇ. ئۇكىسىغا ھەم مەسلىھەت سالماپتۇ. ئاخىرى ئۇ كېمە ئۈستىگە ساراي بىنا قىلدۇرۇپتۇ، ساراي پۈتكەندىن كېيىن كېمە دەريا تەرەپكە راۋان بوپتۇ ۋە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن سۇغا چۆكۈپ غەرق بوپتۇ، بارلىق مال-مۈلكى قولىدىن چىقىپ كېتىپتۇ ...

نىيەتنىڭ يامان بولۇشى، ھەسەتخورلۇق ۋە شەخسىيەتچىلىك ئۇنى ئاشۇنداق چوڭ مەھرۇملۇققا سۆرەپ كىرىپتۇ. بالام، جەمەت دېگەن بىر چوڭ دەرەخ، تۇغقان دېگەن شۇ دەرەخنىڭ شاخلىرى. كونىلاردا «يات دېگەن پۇلۇڭ تۈگمىگىچە، تۇغقان دېگەن ئۆلگىچە» دېگەن گەپ بار. ۋاقتى كەلگەندە ھەرقانچە ئەسكى بولسىمۇ يەنىلا تۇغقان ئەسقاتىدۇ بالام. شۇڭا تۇغقانلارغا مېھرىبان، كۆيۈملۈك بول، قولۇڭدىن كەلسە ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بول. «ئىزدىسە تۇغقان، ئىزدىمىسە يات» دېگەندەك، تۇغقانلارنى

يوقلاپ، ھال - ئەھۋالىنى سوراپ تۇرغىن. كۆڭلىنى چىكىپ قويىدىغان ئىش قىلىپ قويما. تۇغقانلارنىڭ رەنجىمىگى بەك ئوڭاي، كۆڭلىنى ئالماق تەس. تۇغقانلار دېگەن ئۆلۈمدە يىغلاپ بىرىشكىلا لازىم ئەمەس، بەلكى ھاياتلىقتا سەن بىلەن ئورتاق كۈلۈپ، ئۆزئارا غېمىنى يەپ، بىر - بىرىنى يۆلەشسە ئاندىن تۇغقانلىق ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز، بالىلىرىمىز بىزدىن كېيىن قالىدۇ. ئۇلارغا بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ئوبدان تونۇتۇپ قويغۇلۇق. ئانا جەمەتلىرى كىملەر، دادا جەمەتلىرى كىملەر، قۇدا تۇغقانلار كىملەر، ئۇنى ياخشى بىلگۈلۈك. سەن ھېچ بولمىغاندا يەتتە ئەۋلاد يىلتىزىنى ساناپ بېرەلەيدىغان بولۇشۇڭ كېرەك، ئۆزىڭنىڭ ئەجدادىنى ئۇنتۇشمۇ ۋاپاسىزلىق بولىدۇ، بالام.

# ئون ئۈچىنچى باب  مىللىي ئەنئەنە ۋە مىللەتنى سۆيۈش تەربىيىسى

بىر مىللەت ئۆزىنىڭ تارىخىنى يوقاتسا، مەدەنىيەت تارىخىنى يوقاتسا، ئەنئەنىسىنى ئۇنتۇسا ئىتائەتمەن قۇلغا، ئىتائەتمەن ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

— چىڭغىز ئايتماتوف

ئەنئەنە تەربىيىسى ۋە مىللەتنى سۆيۈش تەربىيىسى ۋاپادارلىق تەربىيىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر گەۋدىسى. شۇڭا، پەرزەنتلەرگە بېرىلىدىغان ۋاپادارلىق تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئەنئەنىنى سۆيۈش ۋە مىللەتنى سۆيۈش تەربىيىسى ئىگىلىشى لازىم. پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشى، ئۆزىنى سۆيۈشى، ئۆزىگە بولغان تەلەپچانلىق روھىنى ئاشۇرۇشتا بۇ تەربىيىنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسىنى ۋە مىللىتىنى چۈشەنمىگەن ئادەم ھەرگىزمۇ ئۆزىنى چۈشەنمەيدۇ.

## 1 . مىللىي ئەنئەنە تەربىيىسى

ياخشى ئەنئەنىدىن ۋاز كەچسەڭ، يامان تەقدىرنىڭ قولىغا تۇتۇلىسەن.

— «تەپەككۇرۇمدىن تامچىلار» دىن

ئۇيغۇر خەلقى مۇكەممەل، گۈزەل ۋە پارلاق ئەنئەنىگە ئىگە مىللەت. بۇ ئەنئەنە ئۇزاق يىللار داۋامىدا ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ قىممەت قارىشى، ئېتىقادى، ئېستېتىك ئېڭى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، تارىخىي تەرەققىياتى، مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقادى ئارىسىدا بارا - بارا مۇكەممەللىشىپ بىر

پۈتۈن مىللەتنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم كاتېگورىيىگە ئايلانغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنى سۆيىدۇ، ھاياتلىقنى سۆيىدۇ، تۇرمۇشنى قەدىرلەيدۇ، مىللىي ئەنئەنىسىنى ھۆرمەت قىلىدۇ. خەلقىمىز شۇنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدۇكى، ئەنئەنىدىن ئايرىلغان مىللەت مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ئەنئەنىدىن مەھرۇم بولغان مىللەت قىسپىلىڭاچ قۇرۇق گەۋدىگە ئايلانغان تىرىك جەسەتكە ئوخشايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئەنئەنە.

ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خەلقنىڭ ئورتاق بىر ساداسى ۋە ئەندىشىسى شۇكى، ھازىرقى ياشلىرىمىز ئارىسىدا ئۆزىدىن ياتلىشىش، غەرب مەدەنىيىتىگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇش خاھىشى بىر خىل ئومۇملۇققا ئايلانماقتا. مۇنداق ياتلىششىنىڭ ئىپادىلىرى ئىدېئولوگىيە جەھەتتىنلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى مىللىي ئەنئەنىگە، مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە جەڭ ئېلان قىلىش ئارقىلىقمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، ھەتتا جىنسىي ئەركىنلىك تەشەببۇسلىرىمۇ بىر قىسىم نادان ياشلىرىمىزنى سېھرىي جادۇسىنىڭ ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشتىن باش تارتمايۋاتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، قىممەت قارىشىمىزدا خېلى زور ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماي تۇرۇپتىمىز. يەنە بىر جەھەتتە، ئەخلاقىي جەھەتتىكى ئىجتىمائىي كونتروللۇقنىڭ تىزگىنىدىن بوشىنىشقا ئۈرۈنۈپ تېپىرلاۋاتىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئۆزئارا قوللاش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئاجىز - كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولۇشتەك ئىلغار ئەنئەنىمىز ئورنىغىمۇ شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، پۇلغا ھەددىدىن ئارتۇق چوقۇنۇش، پۇچەك يارماق ئۈچۈن ۋىجدانى ۋە ئىمانىنى بۇلغاش قاتارلىق ئىللەتلەرگە يول بەردۇق. چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئاممىۋى سورۇنلاردا شەرم - ھايانى ساقلايدىغان، ئۆزئارا سىلىق - سىپايە، خۇشخۇي مۇئامىلە قىلىدىغان بۇ مىللەتنىڭ ئارىسىدا چوڭلارنى پىسەنتىگە ئالمايدىغان، قوپال-تولڭ، ئۇرۇشۇۋاتقاندەك مۇئامىلە قىلىشىدىغان، بولمىغۇر تىللار بىلەن

بىر - بىرىگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ئەدەپسىز ياشلار كۆپىيىپ قالدى. بۇ خىل ئەھۋال مىللەتنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئاتا - ئانىلىرىنى ئەپسۇسلاندۇرماقتا، ئۇلار ھازىرقى ياشلار نېمە بولۇپ كېتىپ بارغاندۇ، دېگەندەك ئۈمىدسىز كەيپىياتتا خۇرسىنىشماقتا. ياشلار بولسا: زامان ئۆزگەردى، دەۋر ئۆزگەردى، ھازىرقى زامان سىلەرنىڭ دەۋرىڭلارغا ئوخشىمايدۇ، دەپ ئىنكاس قايتۇرۇۋاتىدۇ.

ئۇنداقتا زامان ئۆزگەرسە، دەۋر ئۆزگەرسە مىللەتتە ئۆزىنىڭ ئىلغار، قىممەتلىك ئەنئەنىسىدىن ئايىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلامدۇ، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى مىللەتنىڭ ئۆزىدىن ياتلىشىشىغا سەۋەب بولامدۇ؟ پەقەت روھىي جەھەتتىن زەئىپلىشىشكە يول تۇتقان كىشىلەرلا ئاشۇنداق ئايىنىش، ئۆزىنى ئۇنتۇش، قارىغۇلارچە باشقىلارغا چوقۇنۇش خاھىشىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ، مىللىتىگە بولغان يۈكسەك ھۆرمەت، ئۆزىگە بولغان مۇھەببەت پارلىغان جۇشقۇن روھلۇق ياشلار روھىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى ئىزدەش، ئۆزىنى قايتىدىن قۇرۇش، ئەنئەنىسىنى زامانغا يارىشا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇكى، ھەرگىزمۇ مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىگە ئاسىيلىق قىلمايدۇ. نادان كىشىلەرلا ياتلىشىش، ئايىنىشنى ئەنئەنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دەپ چۈشىنىدۇ، مەنىۋى جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈكنى ئەركىنلىشىش دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

قەدىرلىك ئاتا - ئانىلار، بىز نېمە ئۈچۈن ئەنئەنە تەربىيىسىنى ۋاپادارلىق تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە كىرگۈزدۇق؟ بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى مۇھىم ئاساس بار: بىرى، مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن ئەنئەنىسى ئائىلىنى بىرلىك قىلىش ئاساسىدا بىر پۈتۈنلۈكنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. پەقەت بايرام ۋە چوڭ مۇراسىملارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئائىلىنى بىرلىك قىلمىغان ئەنئەنە بىر پۈتۈنلۈكنى يوقىتىدۇ. شۇڭا، جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ھۈجەيرىسى بولغان ئائىلە مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىنى بىخلاندۇرىدۇ، كۆكەرتىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇ خىل بىر پۈتۈنلۈكتە شۇ ئائىلە ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا بۇ بىرلىككە قاتناشقان بولسۇن يەنىلا مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىگە، مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە

قوشقان تۆھپىسى بولۇپ قالىدۇ. ئىككىنچى تەرەپتىن، ئەنئەنىگە خىلاپلىق قىلىش ھەرگىزمۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي خاھىشى ئەمەس، بەلكى كونكرېت ئائىلە ۋە شەخسنىڭ يا ئۇنداق ياكى مۇنداق تەسىرنى قوبۇل قىلىشى، مۇنداق تەسىرنىڭ بارا - بارا كېڭىيىشى ئارقىلىق ئومۇملىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ، شۇڭا، ھەربىر ئائىلە ۋە ھەربىر شەخسنىڭ مىللەتنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسىنى قوغداش، ئۇنىڭغا چاكىنا مەزمۇنلارنى ئارىلاشتۇرماسلىق، مىللىي ئەنئەنىنىڭ ساغلام سىماسىنى بۇلغايدىغان تەركىبلەرنىڭ ئېقىپ كىرىشىنى توسۇش، چەكلەش مەجبۇرىيىتى بار. مۇنداق مەجبۇرىيەتنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى پەرزەنتلەرنى ئىلغار مىللىي ئەنئەنە بىلەن تەربىيىلەش جەھەتتە ئىپادىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزىدىن ياتلىشىشىنى چەكلەش، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە ئاتا - ئانىلار ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشى، قارىغۇلارچە بۇرۇندىن چۈلۈك ئۆتكۈزۈۋېلىپ يېتەكلىمەسلىكى كېرەك. ئەنئەنە مەسىلىسىدە ئاتا - ئانىلارنىڭ باشلامچىلىق رولى ناھايىتى مۇھىم.

ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئاتا - ئانىسىنى قەدىرلەيدۇ، ئائىلىسىنى سۆيىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىدىكى ئاتا - ئانىلار ئوبرازىنى ھېچقانداق كۈچ باسالمايدۇ. شۇڭا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىسىنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلايدۇ ۋە يېتەكلىشىنى قوبۇل قىلىدۇ. قىسمەن بالىلار ئاتا-ئانىلارنىڭ يېتەكلىشىنى، نەسىھەتنى قوبۇل قىلماي، «بىز بىلەن كارىڭ نېمە، سېنىڭ بىزنى باشقۇرۇش ھوقۇقۇڭ يوق» دەپ قارىسىمۇ، كۆپ ساندىكى پەرزەنتلەر ئۇنداق ھۆرمەتسىزلىكنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدۇ. دېمەك، ئاتا - ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل مۇناسىۋەت ۋە مېھىر - مۇھەببەت ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنى مىللىي ئەنئەنىگە ھۆرمەت قىلىش جەھەتتە توغرا يولغا يېتەكلىشى ئۈچۈن ياخشى ئىمكانىيەت ھازىرلىغان. ئۇنىڭدىن قالسا ئوقۇتقۇچىلار ۋە جامائەت پىكرى مۇھىم رول ئوينىيالايدۇ.

يۇقىرىقىدەك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ھەر تۈرلۈك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەردىن

باشقا ئەنئەنە تەربىيىسى جەھەتتىكى جىددىي ۋە تارىخىي مەسئۇلىيەتنىمۇ يەنىلا قەدىرلىك ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەشكە ھەقلىقمىز. بۇ مەسئۇلىيەتچانلىقنى سىلەرنىڭمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستۈڭلەرگە ئېلىشىڭلارنى ۋە ئۇنىڭغا پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە جىددىي قارىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇنداق بىرقانچە تەرەپنى بىلىش ۋە چۈشىنىش كېرەك:

1) ئەنئەنە تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى

بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى كۆپ مەزمۇنلۇق ۋە كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ. ئادەم تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ تاكى ئۆلگىچە بولغان ھاياتلىق سەپىرىدە مىللەتنىڭ ھەربىر ئەزاسى شۇ مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن ئەنئەنە كاتېگورىيىسى ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇنداق بولسا ئەنئەنە دېگەن نېمە؟

مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى دېگەندە، شۇ مىللەتنى تەشكىل قىلغان ئومۇمىي جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە ياشاش ئادەتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەنئەنە دېگەن ئۇقۇم مەزمۇن جەھەتتە كەڭ ۋە تار مەنىدە قوللىنىلىدۇ. كەڭ مەنىدىكى ئەنئەنە شۇ مىللەتنىڭ قېلىپلاشقان تۇرمۇش ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى، ھېيت - بايرام مۇراسىملىرى، ئولتۇرۇپ-قوپۇش، كىشىلىك مۇناسىۋەت قائىدىلىرى، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرى، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرى، ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇش قائىدىلىرى، سالاملىشىش ئادەتلىرى، شۇنداقلا مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدىكى قىممەت قارىشى، ئېستېتىك قارىشى، ئەخلاقىي ئۆلچەملىرى، بەخت - سائادەت جەھەتتىكى تەلەپلىرى، مىللىي خاسلىق ۋە خاراكتېرى قاتارلىقلارنىڭ بىر پۈتۈن قوشۇلمىسىغا قارىتىلىدۇ. تار مەنىدىكى ئەنئەنە دېگەندە ئاساسەن مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە ياتىدىغان كىشىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

2) پەرزەنتلەرنى يېتەكلەش ۋە تەربىيىلەش تەلەپلىرى

ئاتا - ئانىلار باشلامچى بولۇپ، ئەڭ ئاددىي تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن

تارتىپ پەرزەنتلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشنى ئۇلارنىڭ تىلى چىقىپ گەپ ئۇققىدەك چاغدىن باشلاپلا باشلاش كېرەك. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ سالاملىشىش ئادىتى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»، قىز - ئاياللار بولسا «ئەسسالام» دەپ قويىدۇ. بۇ بىر ئەنئەنە. «ياخشىمۇ سىز» دېگەن سالام ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سالاملىشىش ئادىتى ئەمەس. ئەنئەنىۋى سالاملىشىش ئادىتى ھەرگىز دىنىي تۈس ئالغان سالامۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ كونكرېت مەنىگە ئىگە سالامەتلىك تىلەش سالىمى، چۈنكى سالامەتلىك ھەرقانداق تىلەكلەرنىڭ ئاساسى. سالامەت بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت بولىدۇ، بەختلىك بولىدۇ. تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادىتى ئەمەس، شام ئۈچۈرۈش ئەنئەنىگە تېخىمۇ يات. بىراق بۇ ئادەت ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىندى. ئۇيغۇرلاردا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى تۆرگە چىقىرىش ياخشى ئەنئەنىنىڭ بىرى. بىراق ھازىر ئازراق ئەمەلى بار كىشىلەرنى مويسىپىت بوۋايلارنىڭ ئۈستىگە قويۇش ئادىتى شەكىللىنىپ قالدى. ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، قوشنا - قولۇملارنىڭ ئېغىر - يەڭگىل ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشتەك گۈزەل ئەنئەنىسى بار ئىدى، بىراق ھازىر بۇ ئەنئەنىنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باسقىلى تۇردى. مەن بىر كۈنى مۇنداق بىر ۋەقەگە يولۇقۇپ قالدىم: بىر گەپدان ساتىراش بار ئىدى، ئۇ بازاردىن ئىككى باغلام ئوتۇن ئالغانىكەن. ئۇ قوشنىسىنىڭ بالىسىغا «ئۇكام، بەش مو بېرەي، ئوتۇننى هارۋاڭغا سېلىۋالغىن» دېدى. بىراق ئۇ بالا بەش مونى ئاز كۆردى بولغاي، ئۇنىمىدى. ساتىراش «بىر كوي بېرەي» دېدى، يەنىلا بويۇن تولىغىدى. شۇ چاغدا ساتىراش «ھەي ماۋجۇشى قېنى سەن، ماۋۇ دېھقانلىرىڭنى كۆردۈڭمۇ، بىر كۈن كەچكىچە توپا توشۇپ بىر كويغا ئىشلىيەلمەيتتى. ئىككى باغلام ئوتۇننى بىر كويغا ئۆيگە ئالغاچ كەت دېسەم ئۇنىمايۋاتىدۇ» دەپ توۋلىدى. ئەتراپتىكى ئادەملەر كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ ھال نېمىنى ئۇقتۇرىدۇ؟ ھازىر كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا پۇل ھەممىدىن قىممەتلىك ئورۇنغا ئۆتكەن. قولچىلىق ئەدەپ كەتكەن. بالدۇرقى ئات ئۈستىدىكىلەر پىيادىلەرگە سالام قىلىش ئادىتى ئەكسىچە بولۇپ كەتتى.

توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىدا ئەنئەنىدىن ياتلىشىش تېخىمۇ ئېغىر، كىيىم - كېچەك، يۈرۈش - تۇرۇش ئىشلىرى تېخىمۇ ئۆزىمىزدىن يىراقلىشىپ كەتتى. مەسىلەن، بىر قىسىم ئۇيغۇر يىگىتلىرىنى بىر قاراشتا ئەر - ئاياللىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇلار قوللىرىغا ئۈزۈك سالغان، بوينىدا زەنجىر، چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشكەن، كىيىملىرى قىزىل - تۈزۈل، پارقىراق رەختلەر. ئۇيغۇر قىزلىرى شۇنداق گۈزەل، قەددى - قامىتى چىرايلىق، كۆزلىرى بۇلاقتەك، سۇمبۇلدەك چاچلىرى گۈزەللىك ئۈستىگە گۈزەللىك قوشاتتى، ئەمدى ئۇ چاچ قايسى مەدەنىيەتكە پۈتلاشتىكىن، ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس سۇمبۇل چاچلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

ئومۇمەن، ياتلىشىش تېخىمۇ ئېغىر. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ تەرەققىي قىلىپ كەتكەنلىكىمىزدىن، ئەنئەنىمىز تەرەققىيات يولىمىزدا پۈتلىكاشاڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ بىر تەرەپتىن، بىزدىكى ئەنئەنىنى سۆيۈش، ئەنئەنىنى قەدىرلەش ئاڭلىقلىقىمىزنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ؛ يەنە بىرى، بىزنىڭ نادانلىقىمىزنى، گۈزەللىكنى، ھەقىقىي قىممەتنى تاللاش ئىقتىدارىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۈچىنچى تەرەپتىن، ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك، يادرولۇق رولىنى يوقىتىپ قويغان، ئەنئەنىۋى تەربىيىگە ئاسان كۆڭۈل بۆلمىگەن.

ئومۇمەن، پەرزەنتلەردىكى مىللىي روھنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى تونۇشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى، تەلىم - تەربىيىدىكى كەمتۈكلۈكلەر پەرزەنتلەردە ئۆزىدىن ياتلىنىش، ئەنئەنىگە ھۆرمەت قىلماسلىق، ئەسلىنى ئۇنتۇش، باشقىلارغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش قاتارلىق يامان خاھىشلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان. ئەڭ مۇھىمى پەرزەنتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى، ئەنئەنىۋى گۈزەللىك قارىشى ياتلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلغار مىللىي خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان باتۇرلۇقنى، مەردلىكنى ئۇلۇغ بىلىش، ۋىجداننى، غۇرۇرنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، پاكىزلىقنى سۆيۈش قاتارلىق

ئىلغار مەنىۋى ئەنئەنىلەرنىڭ ئورنىنى نامەردلىك، ۋىجدانسىزلىق، مەينەتچىلىك قاتارلىق ئىللەتلەر ئىگىلىگىلى تۇردى. بۇنى قانداقمۇ مەدەنىيلىشىش، تەرەققىيات دېگىلى بولسۇن؟ ئاتا - ئانىلار يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ئۈستىدە چوڭقۇرراق ئويلىنىشى، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن پەرزەنتلەرگە ئەنئەنە تەربىيىسىنى بېرىش ئۈچۈن بەلگىلىك ئىلمىي ئاساسلارنى سېلىشى كېرەك.

### نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى ئىلغار ئەنئەنىگە ئىگە مىللەت. قەدىمكى بوۋىلىرىمىز يىراق قەدىمكى تارىخىي مۇساپىسىدە تۇرمۇشىنى بېيىتىش، ھايات پائالىيەتلىرىنى مەنىلەر بىلەن بېزەش، ئۆزىگە خاس مىللىي خاسلىقنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە خاس بولغان مىللىي ئەنئەنىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن تېخىمۇ بېيىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ ھازىرقى دەۋرگە ئېلىپ كىرگەن. ئۇنىڭغا خەلقىمىزنىڭ گۈزەل ئىستەكلىرى، ئارزۇ - ئارمانلىرى، غايىۋى تىلەكلىرى ۋە مىللىي روھى مۇجەسسەملىنىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنىۋىيىتىنى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان جانلىق سىماغا ئايلانغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرنىڭ دوپپىسىدا بىر پۈتۈن ئالەمنىڭ سىماسى، ئاسمان، يەر - زېمىن، تاغ ۋە دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارنىڭ قىياپىتىنى كۆرىمىز. ئۇيغۇر ئەتلەسلىرى زېمىنىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى، يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن - ھۈسەننى ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ تال - تال چاچلىرىدىن مەجنۇنتاللارنىڭ لەرزان ئەركىلىشىنى تاماشا قىلىمىز. قىرىق تال ئۆرۈلگەن چاچلاردىن ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ گۈزەللىككە، كامالەتكە يېتىش ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ گۈزەل زوقلىرىنى كۆرىمىز. تويدىكى قىزلارنىڭ يۈزىگە يېپىلغان چۈمپەردىدىن كىشىلىك تۇرمۇش ھايا پەردىسى ئۈستىگە قۇرۇلسا تېخىمۇ جەلپ قىلىش كۈچى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەخلاقىي ئىنتىلىشلىرىنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىسىنى كۆرىمىز. شۇنداق بالام، خەلقىمىزنىڭ ھەربىر مىللىي ئادەتلىرى مىللەتنىڭ روھى بىلەن*

يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ئەگەر مۇنداق مىللىي ئەنئەنە بولمىغان بولسا، بىزمۇ ئۇيغۇر نامىدا ئاتالمىغان، مىللەت سۈپىتىدە ھەم مەۋجۇت بولمىغان بولاتتۇق. شۇڭا، ئەنئەنىنى سۆيۈش ئەمەلىيەتتە مىللەتنى سۆيۈش، ئۆزىنى قەدىرلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەنئەنىنى ئۇنتۇش، ئەنئەنىدىن ياتلىشىش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

ھازىر باشقا مىللەتلەر مەدەنىيەت جەھەتتە بىزدىن خېلىلا ئالدىغا كەتتى. بىز مەدەنىيەت جەھەتتە، بولۇپمۇ مەنىۋى مەدەنىيلىك جەھەتتە تولىمۇ كەينىدە قالدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى كىشىلەر چەت ئەلنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇۋاتىدۇ. توغرا، قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك، بىراق بىزنىڭ ئىلغار ئەنئەنىمىزگە يات بولغان چۈشكۈن، زەئىپ ئادەتلىرىنى ئەمەس، بەلكى مىللىي ئەنئەنىمىزنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان تەرەپلەرنى، بولۇپمۇ ئىلىم - پەن جەھەتتىكى، ئاڭ جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى مىللىي قان - گۆشىمىزگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

بالام، سەن مىللەتنىڭ پەرزەنتى ئىكەنسەن، مىللىي ئەنئەنىنى قوغدىشىڭ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشقا تىرىشىشىڭ كېرەك، مىللىي ئەنئەنىنى سۆيۈشمۇ ساڭا ۋاپادارلىقتىن ئىبارەت ياخشى خىسلەتنى بەخش ئېتىدۇ. شۇندىلا ئەجدادلارغا ۋە ئەنئەنىگە يۈز كېلەلەيسەن. بالام، يەنە شۇ تەرەپمۇ باركى، تەرەققىياتقا، ئىلىم - پەنگە، زامانىۋىلىشىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان، ئۇنىڭغا كۈشەندە بولىدىغان بىر قىسىم قالاق ئەنئەنىلەردىن ئىككىلەنمەي ۋاز كەچكىن. ئۇنداق ئەنئەنە ھەرقاچان ساڭا زىيان كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

بالام، بىز گۈزەل، قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىمىزدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمىز، بەلكى ئۇنى ئۆزىمىز ئۈچۈن نەمۇنە قىلىمىز. بىزنىڭ گۈزەل ۋە قىممەتلىك نەرسىلىرىمىز كېيىنكى تەرەققىياتىمىز ئۈچۈن ئۇل بولۇپ بېرىدۇ، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا ئۆزلەشكەن ئەنئەنىدىن ۋاز كېچىش ئۆزىمىزدىن يىراقلىشىشقا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىلەر ئۆزىمىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، ھەتتا ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئەمەسمۇ؟

*قىممەتلىك نەرسىلەر ھەرگىز كونىرىمايدۇ، شۇڭا ئەنئەنە «كونا» بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكۈلۈك ئەمەس، بالام. ئەگەر ئۇنداق دەپ قارالسا ۋەتىنىمىزمۇ بىز ئۈچۈن كونا، ئۇنىڭدىنمۇ ۋاز كېچىش كېرەكمۇ؟ ئەجدادلىرىمىزنىمۇ كونا دەپ ئۇنتۇپ كېتىشكە توغرا كېلەمدۇ؟ خەلق قىممەتلىك ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلار ساقلانغان خەزىنە. ئۇلار ئېسىل، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى تاللىۋېلىپ قەلب سارىيىدا ساقلايدۇ ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرىدۇ. ئەجدادلار قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسلاردىن ياتلىشىش ياخشى ئەمەس، بالام.*

## 2. مىللەتنى سۆيۈش تەربىيىسى

مەنپەئەتلەر بىرلىكى بولمىغان جايدا ھەرىكەت بىرلىكى بۇياقتا تۇرسۇن، مەقسەت بىرلىكىنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.
— ف. ئېنگېلس

ئالدىنقى بابتا پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئەلگە ۋاپادار بولۇش خۇسۇسىدا قانداق تەربىيىلەش توغرىسىدا توختالغاندۇق. مىللەتنى سۆيۈش تەربىيىسىنى ئەتراپلىق ئېلىپ بېرىشمۇ ۋاپادارلىق تەربىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ۋەتەن - ئەل چوڭ ئۇقۇم. ئۇ ۋەتەننىڭ پۈتۈن تۇپرىقى، ھاۋاسى، تاغ - دەريالىرى، مال - ۋارانلىرى ۋە مۇشۇ تۇپراقتا ياشاپ، مۇشۇ ۋەتەننىڭ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىۋاتقان ۋەتەننىڭ بارلىق ئەزالىرى — خەلق ۋەتەن ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. مىللەت ئۇقۇمى ۋەتەننىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ.

ۋەتەن ھەققىدە گۇمنام مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

دىلرەبالەر باغرىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلىگەي،
بىر نىگاھى غەمزەسىدىن گۈلئۈزارى كاشغەر.
ئابى رۇكىناباب، گۈلگەشتى مۇسەللا سەھل ئېرۇر،

خۇللىدىن ئەفزۇن تۇمەن مىڭ لالە زارى كاشغەر.
ئەيشى ئىلىگە خارىدىن كەلگەي گۇلى ئىشرەت ئىسى،
چۇ سۇلايمان دۆلەتىدۇر خارى - زارى كاشغەر.
ئۇد، ئەنبەر تۇپرىقىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۇيى،
دوررى - مارجان تاشلىرىدۇر كوھسارى كاشغەر.
ھۇشمەندۇ، دەردۇمەندۇ، مەرد زەندۇ لەپ چوقەند،
نار خەندان، سىب رەنا ھەر نەبارى كاشغەر. ①

شائىر ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى شۇنداق ئىپادىلەيدۇكى: قەشقەرنىڭ گۇل پورەكلىرى جىلۋىلىك بىر بېقىشى بىلەن ھەرقانداق گۇزەللەرنىڭ باغرىنى خۇددى بەدەخشان ياقۇتىدەك قىزىل قان قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا رىۋايەتلەردىكى روكنابات سۇيى ۋە مۇسەللا گۇلشىنى دېگەن ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدۇ، ۋەتەننىڭ لالە زارى جەننەتتىن تۇمەن مىڭ ھەسسە ئارتۇق. كۆكۈل ئاچاي دېگەن كىشىلەرگە ۋەتەننىڭ تىكەنلىرىدىنمۇ يېقىملىق گۇل پۇرىقى كېلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ۋەيرانە - خارابىلىرىمۇ سۇلايمان دۆلىتىگە تەڭ. ۋەتەننىڭ توپىسى ئىپار پۇرايدۇ، سۇلىرى بولسا ئابى كەۋسەر، ۋەتەننىڭ تاشلىرىمۇ ئۈنچە - مارجاندۇر. ۋەتەندە ياشاۋاتقان ئەقىللىق كىشىلەر بولسۇن، دەردمەنلەر بولسۇن، ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن لەۋلىرى خۇددى قەنت - شېكەرنىڭ ئۆزى، ۋەتەن ئوغلانلىرىنىڭ يۈزى كۆلۈپ تۇرغان ئانار ياكى قىپقىزىل ئالما.

مانا بۇ ۋەتەن چۈشەنچىسى ۋە ۋاپادار ۋەتەن پەرزەنتىنىڭ ۋەتەنگە بولغان ئوتلۇق سۆيۈنۈش ھېسسىياتى.

ئۇنداق بولسا مىللەتنى سۆيۈش تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟

پەرزەنتلەرگە بېرىلىدىغان مىللەتنى سۆيۈش تەربىيىسى مۇنداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللىنىشىگە ۋە ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۆزىنىڭ

① «گۇمنام غەزەللىرى» دىن پارچە.

تەقدىرىنى بىر دەپ قارايدىغان، مىللەتنىڭ مەدەنىيەتلىك، يۇقىرى ساپالىق تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، مىللەتنىڭ ئار - نومۇسىنى ئۆزىنىڭ ئار - نومۇسى، مىللەتنىڭ شان - شەرىپىنى ئۆزىنىڭ شان - شەرىپى دەپ بىلىدىغان، مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىگە ھۆرمەت قىلىدىغان، مىللەتنىڭ ئۆتمۈشىدىن خەۋەردار، ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن تونۇش، كەلگۈسىگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان سۆيۈملۈك ۋاپادار پەرزەنتلەرنىڭ جەمئىيەتكە چىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاتا - ئانىلار تەلىم - تەربىيىنىڭ يۇقىرىقى تەلەپلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن قانداق مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇندىشى لازىم؟

بىرىنچى، ئاتا - ئانىلاردىن مەدەنىيەت ساپاسى جەھەتتە مىللەتنى چۈشىنىدىغان، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى بىلىدىغان، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىن بەلگىلىك دەرىجىدە خەۋەردار بولغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۆز مىللىتىنى تولۇق چۈشەنمىگەن ئاتا - ئانىنىڭ ھەرگىزمۇ پەرزەنتلەرگە مىللەتنى سۆيۈش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا شەرتى توشمايدۇ.

ئىككىنچى، پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەرىكىتى، تىلى ۋە دىلىدىن مىللەتنى سۆيىدىغانلىقى، مىللەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ۋاپادارلىقىنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرۈپ چوڭ بولسۇن.

ئۈچىنچى، پەرزەنتلەرنى مۇمكىن بولسا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شانلىق ھەم قان - ياشلىق تارىخىنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. پەرزەنتلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىدا ياراتقان ئۇلۇغۋار مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرى، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرى توغرىسىدا بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولسۇن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغان مەشھۇر ئەربابلارنى ۋە ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەجرى بەدىلىگە كەلگەن مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىدىن ۋاقىپ بولسۇن. ئۇ سەركەردىلەرنىڭ قىممەتلىك تۆھپىسى ئۇيغۇر مىللىتىنى دۇنياغا تونۇتۇشقا قانچىلىك ھەسسە قوشىدىغانلىقىنى

ھېس قىلسۇن.

ئۈچىنچى، ھازىرقى سوتسىيالىستىك جۇڭگودىكى 56 مىللەتنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇتقان ئورنى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى، مىللىي ساپا سېلىشتۇرمىسىدا قانداق ئورۇن تۇتۇۋاتقانلىقىدىن ۋاقىپ بولسۇن.

بەشىنچى، پەرزەنتلەر ئۆزىنىڭ مىللەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقى ھەققىدە ئويلايدىغان ۋە ئىشلەشكە، تۆھپە قوشۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولسۇن.

### نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، سەن ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇيغۇر مىللىتى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسەن، مىللىتىڭنى قانچىلىك چۈشىنىسەن، قانچىلىك سۆيىسەن بالام. بىز ئۇيغۇر نامى بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن مىللەتنىڭ XXI ئەسىر بوسۇغىسىدىكى ئەۋلادلىرى. ئۇيغۇر خەلقى قەھرىمان، ئەقىللىق ۋە مەدەنىيەتلىك مىللەت. ئۇيغۇرلار نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخىي مۇساپىدە بېشىدىن نۇرغۇنلىغان ئاچچىق ساۋاقلارنى ئۆتكۈزۈپ، ياشاش ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي بىر پۈتۈنلۈكىنى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇيغۇر دېگەن بۇ شۆھرەتلىك نامنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت سەھنىسىدە تونۇلۇشقا باشلىغىلى ئىككى مىڭ يىلدىن ئاشتى. بۇ جەرياندا ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت مۇقەددەس مۇنبەت تۇپراقتا ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجادچانلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ، تەرەققىيپەرۋەرلىك خىسلىتىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. ئۇلار بۇ زېمىننىڭ گۈللىنىشى ۋە ئاۋاتلىقى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئەقىل - پاراسەتلىك، مەدەنىيەتلىك، قەھرىمان، باتۇر خەلق دەپ سۈپەتلىنىپ كەلگەن.*

*ئۇيغۇرلاردىن ئوغۇزخاقاندەك باھادىر سەركەردىلەر، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭغا ئوخشاش تەڭداشسىز بۇددا ئالىملىرى ۋە تەرجىمانلىرى، مەھمۇد*

قەشقەرىدەك ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىملار، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئالىم، دۆلەت ئەربابلىرى، ئەلىشىر نەۋائىيدەك ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت پادىشاھلىرى، ئامانىساخاندەك سەنئەتكار ۋە شائىر خانىشلار، نۇزۇگۇمدەك ۋىجدانلىق قەھرىمان قىزلار، يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش مىڭلىغان تۆھپىكار قىز - ئوغلانلار بۇ زېمىنغا تۆرۈلۈپ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى نامايان قىلىپ كېتىشكەن، بالام.

ئۇيغۇر مىللىتى بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار مۇقەددەم ناھايىتى يۇقىرى مەدەنىيەت باسقۇچىغا كىرگەن. تەخمىنەن تۆت مىڭ يىل بۇرۇن دەپنە قىلىنغان كىرورەن گۈزىلى بىلەن بىرگە كۆمۈلگەن ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدىكى قاتلاق گارمون ئىشتان، نەقىشلىق خۇرۇم ئۆتۈك، سېپتا توقۇلغان گىلەملەر دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۆجىزە، دەپ قارالدى. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئەجدادلىرىمىز كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە تاڭ قالدۇرارلىق يېڭىلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى ئۈچۈن تۆھپىلەر قوشقانىدى. مەسىلەن، قەدىمكى دەۋرلەردىلا كىيىمگە دەزمال سېلىپ كىيىش، ئاياغقا پېتەك سېلىپ كىيىش، باغىرداق تاقاش قاتارلىقلارغا ئوخشاش مەدەنىيەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرغانىدى.

ئۇيغۇرلار يەنە مىلادىيىدىن بۇرۇنلا يېزىقتىن ئىبارەت مەدەنىيەت مۆجىزىسىنى ئىختىرا قىلىپ ئالاقىدە قوللىنىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەغەز ئىشلەش، مىخ مەتبەئە قاتارلىق مەدەنىيەت پېشاڭلىرىنى قوللىنىشتىمۇ دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغانىدى. سۆزلىسەك، بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ، بالام.

بالام، بىز مىللىتىمىزدىن تامامەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز، بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغانلىقى ئۈچۈن تامامەن ئىپتىخارلىق ھېس قىلساق بولىدۇ.

بىراق بالام، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختا ياراتقان مۇۋەپپەقىيەتلىرى پەقەت شۇلارغىلا مەنسۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ نەتىجىمىز ئەمەس.

ھازىرقى ئىلىم - پەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان، زامانىۋىلاشقان دۇنيادا ئۇيغۇر خەلقى تولىمۇ كەينىدە تۇرماقتا. فېئوداللىق قالاق، چۈشكۈن ئەنئەنىلەر مىللەتنى نادانلىق ئاسارىتىگە بەند قىلىپ كەلمەكتە. بىز ئۆزىمىزنى ئۆگىنىش، تەربىيىلىنىش پۇرسىتىدىن چەكلەپ كېلىۋاتىمىز. ئوغلۇم، بىزدە «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەن گەپ بار. ئەتراپىڭغا نەزەر سال، ئىزىڭدا تەمتىرەپ قايمۇقۇپ يۈرمە، يىراققا نەزەر سال، ئورنۇڭغا قارا، دەۋرىڭگە قارا! بىر دەۋردە، بىر ئەسىردە ياشاپ تۇرۇپ تۇرمۇشۇڭ، تەسەۋۋۇرۇڭ، مەقسىتىڭ، غايەڭنىڭ قايسى سەھرايى كەبىرلەردە قالغانلىقىنى ئويلا. سەنمۇ دەۋرداشلىرىڭنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشكە، ھېچ بولمىغاندا شۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشقا تىرىشقىن.

بالام، مىللىتىمىز ئارىسىدا نۇرغۇن ئاجىزلىقلار بار. بىراق بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھى ئەمەس، بەلكى ئۇلار ياخشى تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. شۇڭا، مىللەتنىڭ ئىچكى قاتلىمىدا يۇرتپەرەسلىك، تەپرىقىچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، تەمەخورلۇق قاتارلىق خېلى نۇرغۇن ئىللەتلەر داۋاملىق ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. يەنە تېخى «ئۇچامدا ئىشتان يوق، ئىسمىم مارجان بۇۋى» دېگەندەك، باشقا مىللەتلەرنى ياراتمايدىغان، ئۆزىنى چوڭ كۆرىدىغان ئەھۋاللار بار. بالام، ئورتاق مەنپەئەتنى نەزەردە تۇتقىن، ھەرگىز سەن ئۇ يەرلىك، مەن بۇ يەرلىك دېگەندەك بىر - بىرىڭلارنى چەتكە قاقىدىغان ئىشلارنى قىلما. ئورتاق مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قوي، قايسى يۇرتلۇق بولسۇن ھەممىسى سېنىڭ قېرىنداشلىرىڭ. كەمبەغەللىرى بولسۇن، بايلىرى بولسۇن، ئالىملىرى بولسۇن، نادانلىرى بولسۇن، ياخشىسى بولسۇن، يامان خۇيلۇقلىرى بولسۇن ھەممىسى يەنىلا شۇ ئۇيغۇرغۇ. شەرەپلىك ئىشلارنى قىلغان ئادەم مىللەتكە ھۆرمەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئەكسى، ۋىجدانغا خىلاپ ئىشلارنى قىلغان ئادەم مىللەتكە ھاقارەت كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، مىللىتىڭگە مەسئۇل بولۇشنى بىل بالام، ياخشىلارنى قوللا، يامانلارغا ياردەم بېرىپ ياخشى يولغا يېتەكلەشكە تىرىشقىن.

# ئون بەشىنچى باب دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىك تەربىيىسى

بىلگىنكى، دوستلۇق سەۋەبىدىن ئادەملەر بەختىياردۇر.
— قابۇس

پەرزەنت تەربىيىسى مەسىلىسىدە پەرزەنتلەرنىڭ دوستلۇق ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارنى سەمىمىي، سادىق دوستلۇققا يېتەكلەش بالىلاردا ساغلام پسىخىكا ۋە جۇشقۇن روھىي ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا، ھاياتقا قاتنىشىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۆزىگە بولغان تەلەپچانلىق ئىستىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، دادىل ۋە مەردلىك خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىراق بەزى كىشىلەر پەرزەنتلەرنىڭ دوست تۇتۇش ئىشىنى پەرزەنت تەربىيىسى بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوق، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھازىرقى زامان پەرزەنت تەربىيىسىگە دائىر كىتاب، ماقالىلاردا بۇ نۇقتىغا ئاساسەن ئورۇن بېرىلمىدى.

بىز بالا چاغلىرىمىزدا بالىلارغا خاس ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئاداش بولۇپ ئوينايتتۇق. «ئاداش - ئاداش بولايلى، بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى» دېگەن بالىلارچە سەمىمىي قەسەملىرىمىزمۇ بار ئىدى. بۇ ئاداشلىق بىزگە گۈزەل ئەسلىمىلەرنى، بالىلىقنىڭ شېرىن زوقلىرىنى قالدۇرۇپ، بىزنىڭ ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا قوللاشتەك ياخشى پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشىمىزنىڭ مەنىۋى تۈرتكىسى ۋە ئوزۇقى بولغانىدى. دادىلىرىمىزمۇ ئاداشلىقنىڭ شۇنداق ياخشى ئۈنۈملىرىدىن بەھرىمەن بولغان بولسا كېرەك، شۇڭا، دادام مېنى خېلى كىچىك چاغلىرىمدىلا مەھەللىدىكى ياخشى، ئەدەپلىك بالىلار بىلەن رەسمىي رەۋىشتە ئاداش قىلىپ قوياتتى.

دادام ماڭا: «بالام، ئادەم ھەقىقىي سەمىمىي دوستلۇق ئارقىلىق ھاياتنى، ئادەملەرنى چۈشىنىدۇ. ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھېس قىلىدۇ. بالىلىق چاغدىكى دوستلۇقنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر بولىدۇ. بۇ چاغلاردىكى دوستلۇق غەرەزسىز ۋە غۇبارسىز بولىدۇ» دەيدىغان. كېيىن ھېس قىلسام خەلقىمىزنىڭ «چاپاننىڭ يېڭىسى ياخشى، دوستنىڭ كونىسى»، «يېڭى دوست تاپقاندا كونا دوستنى تاشلىما» دېگەن تەۋسىيىلىرى تۇرمۇشنىڭ ئاشۇ ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرگەن بولسا كېرەك.

## 1. دوستلۇقنىڭ تەربىيىۋى رولى

ئاداش - ئاداش بولايلى،
بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى.

— بالىلار قوشاقلىرىدىن

بالىلارنىڭ دوستلۇقى ئۇلارغا ئاتا - ئانىلار بېرەلمىگەن ناھايىتى قىممەتلىك مەنىۋى ئوزۇقلارنى بېرىدۇ.

بىرىنچى، دوستلۇق بالىلاردا سەمىمىيلىك ۋە ئاق كۆڭۈللۈك پەزىلىتىنى يېتىلدۈرىدۇ. دوستلۇقتا ساداقەتمەنلىكنى ئەڭ مۇھىم ئۆلچەم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار سەمىمىيەتسىزلىك ۋە ساداقەتسىزلىكنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەيىب، دوستلۇققا ھاقارەت كەلتۈرۈش دەپ قارىغاچقا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ.

ئىككىنچى، بالىلارنىڭ دوستلۇقى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە باشقىلارغا ئىشىنىش، باشقىلارنى چۈشىنىشكە تۈرتكە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ھەقىقىي دوستلۇق ھاياتقا نىسبەتەن تەلەپچان ئادەملەرنى يېتىلدۈرىدۇ.

تۆتىنچى، دوستلۇق ئۇلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتتە تاكامۇللىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بىز شۇنى بىلىمىزكى، بىر ئادەم نامۇۋاپىق ئىش قىلىپ قويسا ھەرقانداق ئادەمدىنمۇ كۆرە، دوستىدىن نومۇس قىلىدۇ. شۇڭىمۇ

دوستلۇق كىشىلەرنى ھالال ياشاشقا ئادەتلەندۈرىدۇ.

بەشىنچى، دوستلۇق پەرزەنتلەرنىڭ زېرىكىش، يالغۇزسىراش ھېسسىياتىغا جۇشقۇنلۇق بېغىشلايدۇ. ئادەمنىڭ بۇ كىشىلىك ھاياتتا ھەقىقىي، ئىشەنچلىك، سەمىمىي، كۆيۈمچان بىرەر دوستىنىڭ بولماسلىقى كىشىگە ئۆزىنى تىغدەك يەككە - يىگانە ھېس قىلدۇرىدۇ - دە، كۆڭلىنى زېرىكىش، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. باللار ئۆزى ئەقىدە قىلىپ ئىشەنگەن دوستىدىن ئازراق كۆڭلى رەنجىپ قالسا، باللارچە ھېسسىيات بىلەن ئايرىلىپ كېتىشىدۇ. ئايرىلىپ كېتىپ بولۇپ، غەم - قايغۇغا پاتىدۇ، تېرىككەك بولۇپ قالىدۇ، ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلىدۇ. بۇنداق چاغدا باللار بىرەر كېلىشتۈرگۈچىگە موھتاج بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئاتا- ئانىلار ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ، باللارنى دوستى بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇشى كېرەك. «دوستلۇق خۇشاللىقنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرىدۇ، غەم - ئەندىشىنىڭ يېرىمىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ» (بېكون) . ئادەم ئۈچۈن يالغۇزلۇقتەك ئېغىر يۈك بولمايدۇ، دوستلۇق مانا شۇ يۈكتىن خالاس قىلىدۇ.

ئالتىنچى، دوستلۇق پەرزەنتلەرنى شەخسىيەتچىلىك پسخىكىسىدىن غالىب كېلىپ كۆپرەك باشقىلارنى ئويلاشقا ئۆگىتىدۇ. ۋاپادارلىق دوستلارنىڭ بىر - بىرىگە قىلغان ئەڭ ياخشى سوۋغىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ خۇسۇستا ئەلىشىر نەۋائىي مۇنداق بىر ھېكايىنى مىسال قىلىدۇ:

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا تۆت ئۇلۇس خانى — قۇدرەتلىك شاھ ئەمىر تېمۇر كوراگانى ئەتراپتىكى جايلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، ھىندى دىياردا قاتتىق جەڭ بوپتۇ، دەۋران غەلىبە نۇسرىتىنى ئۇنىڭغا يار قىلىپ، دۈشمەنلىرىنىڭ باغرىنى تىلىپتۇ. شاھ «قەتلى ئام [1] قىلىنسۇن» دەپ يارلىق قىپتۇ. ھەر كىشى ئۆز ئالدىغا قىرغىنغا ئاتلىنىپ، كېسىلگەن باشلار سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپتۇ. پۈتكۈل دەشتنى جەسەت قاپلاپ، قانلار دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ، ھەممە تەرەپتە ئۆتكۈر قىلىچلار يالتىراپ، گويا

[1] قەتلى ئام — ئومۇمىي قىرغىن.

قىيامەت قايىم بوپتۇ.

قىرغىن بولۇۋاتقان ئاشۇ مەھەللىدە ئىككى بىچارە دوست قىرغىنغا دۇچ كەپتۇ - دە، بىر نەۋكەر ئۇلارنىڭ بىرسىنى چاپماق ئۈچۈن قىلىچنى قىنىدىن سۇغۇرۇپتۇ، دوستىنى قىلىچ ئاستىدا كۆرگەن ئۇنىڭ دوستى ئۆز بېشىنى قىلىچ ئاستىغا سۇنۇپ:

— ئەگەر ساڭا باش كېرەك بولسا، ئۇنى چاپما، مانا بۇ باش ئۇنىڭغا ئەرزىيدۇ، — دەپ نەۋكەرگە ئىلتىماس قىپتۇ. نەۋكەر بۇنى چاپماق بولۇپ يۈزلەنگەنىكەن، ئۇنىڭ دوستىمۇ شۇ سۆزنى تەكرارلاپتۇ. قايسىسىنى چاپاي دېسە ئۇلارنىڭ يەنە بىرى قاتىلنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپتۇ. نەۋكەر غەزەپلىنىپ ئىككىلىسىنى چاپماق بوپتۇ. نەۋكەر ئىككىيلەننىڭ قايسىسىغا يۈزلەنسە يەنە بىرى تاقەتسىزلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ:

— ئاۋۋال مېنى چاپ، مەن كۆزۈمنى يۇمغىچە ئۇ تىرىك تۇرسۇن! — شۇ يوسۇندا ئۇلار ئۆز دوستىنىڭ بىردەملىك ھاياتى ئۈچۈن بېشىدىن كېچىپ، ئۆز بويىنىغا چۈشىدىغان قىلىچنى تالىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئارىدا خېلى تالاش - تارتىش بوپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەنلەر ئارىسىدا غەۋغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئىككى دوستنىڭ بىر - بىرى ئۈچۈن ئۆز جېنىدىن كەچكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان شاھ تەسىرلىنىپ، ئەلنىڭ قېنىدىن كېچىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ۋاپا ۋە ساداقەتنىڭ خاسىيىتىدىن ھەم ئۇلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇ، ھەم خەلق قىرغىندىن خالاس بوپتۇ.

يەتتىنچى، بالىلارنىڭ دوستلۇقى ئۆزئارا قوللاش، ئۆزئارا ئىلھام بېرىش؛ ئۆزئارا دوستلارچە رىقابەتلىشىش ئارقىلىق، ئۇلارنى خۇددى كۆچلۈك بىر تايانچقا ئىگە بولغاندەك ئالغا باستۇرىدۇ، ئادەم ھەرقانچە نامرات بولسىمۇ، يېنىدا ساداقەتمەن بىرەر دوستى بولسا كۆڭلى توق بولىدۇ. ھەقىقىي دوستلۇقتا يارالغان ئادەم ھەممىگە يارايدۇ.

دوستلۇقنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەمەلىي مەنپەئەتدارلىق رولىدىن قارىغاندا، پەرزەنتلەرگە كىچىكىدىن تارتىپ دوستلۇق ھەققىدە تەربىيە بېرىش، دوستلۇق ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇش، دوستلۇق رىشتىسىنى باغلاشقا

ياردەم بېرىش بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ھەم تۇرمۇشىغا زور ياردىمى بولىدۇ.

## نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، دەرەخ يىلتىزى بىلەن ياشىرىدۇ، ئادەم دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن دېگەندەك، بەختنىڭ گۈلى دوست - بۇرادەرلىرىڭ بىلەن بولغان ھەمسۆھبەتلىك ۋە ھەمدىللىق تۇپرىقىدا ئېچىلىدۇ، ھەرقانداق ئېغىر يۈكنى دوستلار بىلەن بىرگە كۆتۈرسەڭ ھارغىنلىق ھېس قىلمايسەن، ھاياتتا ئەڭ ئېغىر كۈلپەتنىڭ يالغۇزلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندىلا، دوستلۇقنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايسەن. ھەرگىز ياۋايىلىقنى ئادەت قىلما، ئادەم دېگەن ئادەم بىلەن ئادەم بولىدۇ، ئادەم بولغان ئادەمدە مىڭ كىشىنىڭ ئىشى، ئادەم بولمىغان ئادەمدە كىشىنىڭ نېمە ئىشى، دېگەن گەپ بار. ئۆزۈڭ ياخشى بولساڭ ياخشى دوستلارغا ئېرىشەلەيسەن، ياخشى دوستلار قولۇڭغا قول، پۇتۇڭغا پۇت بولىدۇ. سەن داۋاملىق بىرلا خىلدا ئۆتمەن دېيەلمەيسەن، قېرىيسەن، ئاجىزلايسەن، كېسەللىك مۇشەققىتىنى تارتىسەن، بېشىڭغا ھەر خىل مۇسىبەتلەر كېلىدۇ، شۇنداق چاغلاردا قېشىڭدا تۇرغان دوستۇڭ ساڭا زور مەدەت ۋە ئىلھام بولىدۇ. يالغۇزلۇق ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەت ئەمەس، بەلكى ياۋايىلىقنىڭ بەلگىسى، ياۋايى ئادەمگە ھېچ كىشى قوۋۇشمايدۇ ھەم ئۇنىڭدىن ھېچ كىمگە ياخشىلىق كەلمەيدۇ. كىشىلەرگە نەپ يۇقتۇرمايدىغان ئادەمنى ئۆلۈك دەپ قاراش كېرەك. يالغۇزلۇق قۇرۇق خادىغا ئوخشايدۇ، قۇرۇق خادا ئۆزىنىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ سايە چۈشۈرەلمەيدۇ. ھەقىقىي ئادىمىيلىك دوست - بۇرادەرلەرگە، ئەلگە يەتكۈزگەن مەنپەئەت بىلەن تېخىمۇ جىلۋىلىنىدۇ.*

*دوستنىڭ كۆپ بولۇشىدىن قورققۇلۇق ئەمەس، دوستى كۆپ ئادەمنىڭ تۇرمۇش تىرىكچىلىكىنىڭ ئاقسىغانلىقىنى نەدە كۆرگەن، دوستلۇق دېگەن ھەرقانداق تىلەكلىرىڭگە يۆلەك بولىدۇ، ھەتتا نامىڭ ياخشى بولۇپ، ئىشلىرىڭ كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈپ تۇرىدۇ، تامنىڭ غوجا تېمى بولسا تاممۇ مەزمۇت تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟! ئادەمنىڭ تۇرمۇشتا بىرەر كۆيۈملۈك، ساداقەتمەن، ئىچ - سىرلىرىنى ئېيتالايدىغان، غەمگۇزار بولالايدىغان دوستىنىڭ بولماسلىقى كىشىگە ھاياتىدا زېرىكىش، بۇرۇقتۇرمىلىقنى*

ھەمراھ قىلىدۇ، ئادەم بىر قانىتى يوق قۇشقا ئوخشاش ئەركىن پەرۋاز قىلالمايدۇ. ئە. تىلمان: «ئەگەر تەقدىر ئادەمگە ساخاۋەت كۆرسىتىپ، دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك بەختنى ئىنئام قىلماقچى بولسا، ئۇنى سادىق دوستلار بىلەن مۇكاپاتلايدۇ» دېگەن. بالام، بىرەر ساداقەتمەن دوستى بولمىغان ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى مۇكەممەل دېگىلى بولمايدۇ، شۇڭا، ئۆزۈڭگە ياخشى دوستلارنى تاللىغىن. «يالغۇز ئۆزۈڭ بەختلىك بولالمايسەن، بەختنى ئىككى كىشى يارىتىدۇ» (پىفاگور). يەككە - يېگانىلىقتا بەخت زەۋقى بولمايدۇ، ھېچ بولمىغاندا سېنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭنى تەبرىكلىگۈدەك، بەختىڭگە ئورتاق بولغۇدەك بىرەر دوستۇڭ بولمىسا بولامدۇ؟ ئاكا - ئۇكا دوست بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن دوست دېگەن ھەمىشەم ئاكا - ئۇكا (فىرانكلىن). سەن ئۆزۈڭگە ھەقىقىي ئىشەنگەن چېغىڭدا، ساڭا ئىشىنىدىغان دوستلارنىڭ چىقىشىدىن غەم يېمە. ئەگەر ئۆزۈڭ باشقىلارغا ئىشەنمەي، ياكى باشقىلار ساڭا ئىشەنمەي دوستلۇق بەختىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقۇڭدىن مەھرۇم بولغۇدەك بولساڭ، خىيالىي تۈيغۇڭدا بولسىمۇ بىرەر غايىۋى دوستلۇقنى يارانقىن، بولمىسا بۇ كىشىلىك تۇرمۇشتا ياشىمىقىڭ ۋە بەختلىك بولمىقىڭ تولىمۇ تەسكە توختايدۇ.

دوست - بۇرادەرسىز، يەككە - يېگانە ئۆتۈشكە ئۆزىنى بەخشەندە قىلغان بايدىن، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن ئۆتكەن نامرات تۇرمۇش ساڭا كۆپرەك لەززەت بېرىدۇ. ھەقىقىي دوستلۇققا ئىگە بولالىساڭ ھاياتىڭنى يېڭىۋاشتىن تەرتىپكە سالالايسەن، دوستلۇقنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتى ئۈچۈنمۇ ئۆزۈڭنى كونترول قىلىشنى يېتىلدۈرەلەيسەن. دوستۇڭغا بولغان ساداقەتمەنلىك تۈپەيلى ئۆزۈڭنى سەممىيلىككە ئادەتلەندۈرەلەيسەن.

بالام، دوست تۇتماق ئوڭاي، لېكىن ھۆددىسىدىن چىقماق بەكمۇ تەس. دوستلۇق دېگەن خۇددى ئەينەككە ئوخشايدۇ، سەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى كۆرۈپ تۇرىسەن، بىراق ئازراق سەۋەنلىكتىنمۇ ئۇنى سۇندۇرۇپ قويۇشۇڭ مۇمكىن. سۇنغان ئەينەكنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، ئەسلىگە كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ ئەسلىدىكى بېجىرىم ھالىتىگە ئوخشىشى ناتايىن. بۇ خۇسۇستا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، بالام.

## سەئىدىنىڭ دوستى بىلەن ياراشقانلىقى

— مېنىڭ بىر دوستۇم بار ئىدى، — دەپ ھېكايە قىلىدۇ شەيخ سەئىدى، — ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىم سەپەردە بىللە بولغان، نان - تۇزنى تەڭ يېگەنىدۇق ۋە ئارىمىزدا چەكسىز دوستلۇق ئورنىتىلغانىدى. كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئازغىنە مەنپەئەت سەۋەبى بىلەن كۆڭلۈمنى رەنجىتىشنى راۋا كۆرگەنلىكىدىن، دوستلۇقىمىز ئاخىرلاشتى. شۇنىڭغا قارىماستىن، ھەر ئىككىمىزدە سەمىمىي مۇھەببەت ساقلىنىپ قالدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ مېنىڭ شېئىرلىرىمدىن تۆۋەندىكى ئىككى بېيىتنى بىر ئولتۇرۇشتا ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم:

كىرىپ كەلسە يارىم كۈلۈپ، ئېچىلىپ،
دىلدىكى يارامغا تۇز سېپەر يېڭى.
ئاھ، زۇلپى قولۇمغا چۈشسە نە بولغاي،
يەتكەندەك مىسكىنگە سېخىيلەر يېڭى.①

بىر بۆلەك دوستلىرىم بۇ شېئىرىمنىڭ نەپىسلىكىگە (ياق، ئۆزلىرىنىڭ ئالىيجانابلىقىغا) گۇۋاھلىق بېرىپ، ماڭا ئاپىرىن ئوقۇشقان، جۈملىدىن ئۇمۇ ماختاشقا تىرىشىپ، بۇرۇنقى دوستلۇقىمىزنىڭ يوقالغانلىقىغا ئەپسۇس، پۇشايمان يېگەن ۋە ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلغان. مەن ئۇنىڭ تەرىپىدىنمۇ ئىنتىلىش بارلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن مۇنۇ بېيىتلەرنى ئەۋەتىپ يارىشىپ قالدۇق:

ئارىمىزدا بولمىغانمۇ ئەھدى - ۋاپا؟
بىزگە جاپا سالدىڭ، بۇزۇپ ئەھدىڭنى سەن.
ئەل - جاھاندىن كېچىپ ساڭا كۆڭۈل بەرسەم،
بىلمەيمەنكى، تېزلا بۇزدۇڭ چېھرىڭنى سەن.

① يېڭى — بۇ يەردە يەڭ مەنىسىدە.

ياراشماققا مەيلىڭ بولسا قايتىپ كېلىپ،
مەھبۇب بولغىن، باغلاپ يەنە مېھرىڭنى سەن. ①

مانا بۇ، دوستلۇقنىڭ بىر خىل ئالىيجانابلىق، لېكىن ھەممە ئادەم بۇنداق ئالىيجاناب بولۇشى ناتايىن. دىققەت قىلىنمىسا دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ، بۇنداق دۈشمەننىڭ زىيىنى بەك چوڭ بولىدۇ، بالام.

بالام، دوستلۇقنىڭ بېغىنى چىڭىتىدىغان مۇنداق بىرقانچە ئىشقا قەتئىي ئەمەل قىلغايسەن:

بىرىنچى، سەن ھاياتنى سۆيسەڭ دوستۇڭنىمۇ سۆيگىن، سەن تۇرمۇشتا ياخشى ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشەن، ھەرگىز بەتگۇمان بولما، بەتگۇمان بولۇش سېنى دوستلاردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ئۆزۈڭگە ئىشەنسەڭ باشقىلارغىمۇ ئىشەن. ئىشەنچ دوستلۇق ئۇلىنى مۇستەھكەملەيدۇ. بەتگۇمان بولۇش دوستلۇق رىشتىسىنى ئۈزۈشكە سەۋەب بولىدۇ. ھەرگىزمۇ باشقىلارغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيە تۇتما. ئازراق ئاداۋەت بىلەن دوستلۇقنى دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇۋالما. «دۈشمەن» دېگەن يامان چوڭ ئۇقۇم، بىر يولدا مېڭىۋاتقان، بىرگە ئوقۇۋاتقان، بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچىۋاتقان، بىر تۇپراقتىن ئوزۇقلىنىۋاتقان، ۋەتەننىڭ ھاۋاسىدىن ئورتاق نەپەسلىنىۋاتقان دەۋرداشلىرىڭنى دوست - دۈشمەن، دەپ قاراش يارىمايدۇ. كىچىك بالا دېگەننىڭ دۈشمىنى بولمايدۇ، يەنە بىرى نادان ئادەمنىڭ دۈشمىنى بولمايدۇ. ئازراق زىددىيەتلىشىپ قالغانغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىدە بولۇش ئەرلىك ھېسابلانمايدۇ. ھەر ئىشتا قارنى - كۆكسۈڭنى كەڭ تۇتساڭ، باشقىلارنىڭ ئانچىكى سەۋەنلىكلىرىنى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئەپۇ قىلالىساڭ، دۈشمەنلىك دېگەن ئىش بولمايدۇ.

ئىككىنچى، بالام، دوستلۇقنىڭ قۇدرىتى ساداقەتتە. دوستىڭدىن جېنىڭنىمۇ ئايىمىساڭ، بۇنداق دوستلۇقنى سادىق دوست دەيمىز. چۈنكى ئۇ

① سەئدى: «گۈلىستان»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، 214 - بەت.

جان دوستكى، نان دوست ئەمەس. كىمكى يەنە بىر كىمگە تەمە بىلەن دوست بولماقچى بولسا، ئۇ خۇددى قۇشلارنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز پايدىسى ئۈچۈن دان چاچقان ئوۋچىغا ئوخشايدۇ. غەرەز ئارىلاشقان دوستلۇقتىن پايدا كۆرمەيسەن. ھەرقانداق جايدا دوستلارنىڭ مۇھەببەت تەڭگىلىرى ئىخلاس سەرراپخانىسىدا تاۋلانغان بولسا ياكى دوستلۇق دەريخى ئىخلاس بېغىدا يەكدىللىق سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان بولسا، بۇ جاھاننىڭ راھىتى ۋە خۇشاللىقىنىڭ مەدىنى بولۇپ، بۇنداق دوستلۇقنىڭ پايدا - مەنپەئەتى ھەددى - ھېسابسىزدۇركى، ئۇ بەختلىك كۈنلەردە شادلىق ۋە خۇشاللىققا ئورتاق، قىيىنچىلىق كۈنلەردە ھەمدەم ۋە يار - يۆلەك بولىدۇ. بىر بۇزرۇك بىر كىشىدىن نەچچە دوستۇڭ بار دەپ سورىغانىكەن، ئۇ كىشى: بىلمەيمەن، ھازىر دۆلىتىم پاراۋان، نېمىتىم كەڭرىچىلىك، شۇڭا ھەممە كىشى ماڭا دوستلۇق ئىزھار قىلىشىدۇ، مەن بىلەن قەلبى بىر ئىكەنلىكى توغرىسىدا لاپ ئۇرۇشىدۇ. خۇدا ساقلىسۇن، ئەگەر ئىززەتنىڭ كۆزىنى مېھنەت قارىغۇ قىلسا، شۇ چاغدا ئاندىن كىمنىڭ دوست، كىمنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. شۇنداق بالام، «ئۇرۇش باتۇرنى، جاھىل دانانى، يوقسۇزلۇق دوستنى سىنايدۇ» (ئەل خارەزمى). ئامەتنىڭ بار چاغدا دوست تېپىش ئاسان، ئامەت قاچقاندا بەك قىيىن. ئادەم بەختسىزلىككە يولۇققاندىلا دوست سىنىلىپ، دۈشمەن پاش بولىدۇ. بۇزرۇكۋار شۇڭا: تۆت گۇرۇھنى تۆت ۋاقىتتا سىناش كېرەك، يەنى باھادىرلارنىڭ شىجائىتىنى جەڭدە، خىيانەتسىز ئىنساپلىق كىشىلەرنىڭ دىيانىتىنى ئېلىم - بېرىمدە، خوتۇن، پەرزەنتلەرنىڭ ۋاپاسىنى نامراتلىق چاغلاردا، ھەقىقىي دوستلارنى بالا - قازا كەلگەن ۋاقىتتا سىناش كېرەك، دېگەن. مۇنۇ شېئىر ھەر دائىم خاتىرەڭ دەپتىرىدە ساقلانسۇن:

دوستلىرىڭ دوست بولغۇسىدۇر ئىشىڭغا،
يەتسە مېھنەت بىرى كەلمەس قېشىڭغا.
بولسا كىم مېھنەتتە دوست، ئۇ جانغا دوست،
دوست ئەمەس دۆلەتتە دوست، ئۇ نانغا دوست.

بۇ شېئىر ھېكمەت كىتابلىرىدا يېزىلغان مۇنۇ ھېكمەتنى ئىپادىلىگەن:

بالام، پادىشاھلارنىڭ بىرىدىن بىر كىم «خالايىقلارنىڭ مالدار كىشىلەرنى دوست تۇتۇشىدا نېمە ھېكمەت بار؟» دەپ سورىغانىكەن. ئۇ پازىل كىشى «مال ئۇلارنىڭ مەشۇقىدۇر، مەشۇق قەيەرگە بارسا، ئاشىق شۇ يەرگە كېلىدۇ، مەشۇق كەتسە ئاشىقمۇ كېتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بالام، بۇ بايانلاردىن ئىبرەت ئېلىپ بىرىگە ھەرگىز تەمەخورلۇق بىلەن دوستلۇق ئىزھار قىلما، تەمەخورلارنىڭمۇ دوستلۇقىنى قوبۇل قىلما. دوست بولساڭ ساداقەتنى ئۇنتۇما، دوستقا بولغان ساداقەتمەنلىكىڭ مەردلىكتۇر، ساداقەتسىزلىك نامەردلىكتۇر، بېشىڭ ئاسمانغا تاقاشقان تەقدىردىمۇ بېشىڭ كۆلپەتكە پاتىدىغان چاغلارنىمۇ ئويلا، ئورنۇڭ كۆتۈرۈلسە دوستلىرىڭغا بويۇنتاۋلۇق قىلساڭ كۆلپەتكە پاتقىنىڭدا سېنى تارتىپ چىقىرىدىغان ئادەم بولمايدۇ. بىر كىشىنىڭ دوستى چوڭ مەنسەپكە ئولتۇرغانىكەن، ئۇنىڭ بىر يېقىن دوستى ئۇنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن ئالدىغا بېرىپتۇ.

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئەمەلى ئۆسكەن كىشى دوستىنى تونۇماسقا سېلىپ. يوقلاپ كەلگۈچى كىشى ئۇنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ئوسال ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ ۋە:

— مېنى تونۇمامسەن؟ مەن سېنىڭ كونا دوستۇڭ بولىمەن، سېنى كور بولۇپ قاپتۇ، دەپ يوقلاپ كەلگەنىدىم، — دەپتۇ. شۇڭا بالام، دوستۇڭنىڭ ئورنى كۆتۈرۈلگەنسېرى سېنىڭ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئورنۇڭ تۆۋەنلەپ ماڭسا، دەرھال ئۆزۈڭنى تارتقىنىڭ تۈزۈك. ئۆزىنى سەن بىلەن تەڭ كۆرمىگەن دوست دوست ئەمەس، خۇشامەتچىلىككە ئارىلاشقان دوستلۇق دوستلۇق ئەمەس، قۇلچىلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئادامىس: «ئەمەلدار بولغان دوست يوقالغان دوست» دېگەن. سەن ھەقىقىي دوست بولىدىغان بولساڭ، دوستلۇقنى ئورۇن، مەرتىۋە، بايلىق، كەمبەغەللىك بىلەن ئۆلچىمە، ھەقىقىي دوستلار ئارىسىدا دەرىجە پەرقى بولمايدۇ.

بالام، دوستلۇق بەختىدىن بەھرە ئېلىش ئۈچۈن دوست تاللاش ئىنتايىن مۇھىم، ئادەم دوست ـ بۇرادەرسىز ياشاش مۇمكىن بولمىسىمۇ،

لىكىن ھەممىلا ئادەم دوستلۇققا ياراۋەرمەيدۇ. سەن دوست تاللاشتا بىرىنچىدىن، پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق، بىلىملىك، ئەقىللىق ئادەملەرنى تېپىپ دوست بول. ئىككىنچىدىن، مەرد ئادەملەرگە دوستلۇق ئىزھار قىل. ئۈچىنچىدىن، تېگى ياخشى، پاك نەسەبلىك ئادەملەرنىڭ پەرزەنتى بولسۇن، ئۇنداق ئادەملەر غەرەزسىز، تەمەسىز بولىدۇ، دوستلۇق بىناسىنى ساداقەت ۋە ئىخلاس ئاساسىغا قويىدۇ. مۇنداق ئۈچ خىل كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىدىن پەرھىز قىلىشىڭ لازىم: بىرى، پاسىق كىشىلەر، ئۇلارنىڭ خاھىشى نەپسىنىڭ پېيىدە بولىدۇ. يەنە بىرى، يالغانچى، سەممىيەتسىز ئادەملەر، ئۇنداق ئادەملەر ھەرداۋىم دوستلۇققا خىيانەت قىلىدۇ. ئۈچىنچى، نادانلار. كونىلار «نادان دوستتىن دانا دۈشمەن ياخشى» دېيىشكەن، نادان دوستتىن ساڭا زىيان يېتىش ئىمكانى بار، دانا دۈشمەندىن ياخشىلىق كېلىشى مۇمكىن.

دانادىن ياندىشقىن، قاچ نادان دوستتىن،
چۈنكى ئۇ خەۋپلىكتۇر دانا دۈشمەندىن. (رۇمى)

چۈنكى بالام، يامان دوست دۈشمەندىن يامان، ساختا ئادەملەرنىڭ دۈشمەنلىكىدىن كۆرە دوستلۇقى خەۋپلىكرەك (روسسو). ھاراق ئىچىپ دوستلۇق ئىزھار قىلغان ئادەمگە گول بولما، ئۇنداق ئادەمنىڭ دوستلۇقى شۇ داستىخان ئۈستىدە.

دوست دېمە گەر نازۇ - نېمەت ئۈستىدە،
ئۇرسا لاپ، دوستۇمدىن ئەزىز مېھرىبان.
دوست ئۇدۇر - دوستقا سوزىدۇ قولىن،
دوست بولغىنىدا يوقسۇل ناتاۋان. (سەئدى)

بالام، «دوستنىڭ كونىسى ياخشى، چاپاننىڭ يېڭىسى» دېگەندەك، كىچىكىڭدىن بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولغان، سېنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان،

سەنمۇ ئۇنى چۈشىنىدىغان دوستلۇقنىڭ رىشتىسى بەك چوڭقۇر بولىدۇ. چۈشىنىش بولمىغان يەردە دوستلۇق بولمايدۇ، چۈنكى نىيەت بىرلىكى دوستلۇقنى مۇستەھكەملەيدۇ.

بىراق، دوستلۇق بۇرچىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىغايسەن. شۇنىڭغا دىققەت قىلغىنكى، دوستلۇقتا مىننەت بولمايدۇ، مىننەتلىك دوست قەرز بېرىپ قەرزنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، دوستۇڭ ئېغىر كۈنگە قالغاندا ھەرگىز يېنىدىن يىراق قاچما، مۇبادا ئېغىر كۈنگە قالغان دوستۇڭنى تاشلاپ قېچىپ كەتسەڭ پۈتۈن دۇنيا سەندىن قاچىدۇ. سېنىڭ دوستۇڭغا ئەسقاتىدىغان ۋاقتىڭ ئۇنىڭ ساڭا موھتاج بولغان ۋاقتى. شۇنداق چاغدا دۇنيادىكى ھەرقانداق تەسەللىمۇ ھەقىقىي دوستتەك يۈرەككە مەلھەم بولالمايدۇ، دوستلۇقنىڭ يەنە بىر بۇرچى شۇكى، دوستلىرىڭ ئارىسىدا ھەرگىز مېنىڭ، سېنىڭ دېگەن ئايرىمچىلىققا ئورۇن قالدۇرماسلىقىڭ كېرەك. دوستۇڭغا ئىشەنسەڭ ھەرگىز ئۈچىنچى بىر كىشىنىڭ سۇخەنچىلىكىگە ئىشەنمە، بۇ ساڭا چوڭ كۆلپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. دوستلار ئارىسىدا سىپايىگەرچىلىككە ۋە ھەددىدىن ئارتۇق تەكەللۇپ قىلىشقا يول يوق. سەن دوستلىرىڭنىڭ سەندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئۆتۈنۈشىنى كۈتۈپ تۇرما، ئۇنىڭ كۆزىدىن ۋە سۆزىدىن ئۆزۈڭنىڭ دوستۇڭ ئۈچۈن نېمە قىلىپ بېرىشىڭ كېرەكلىكىنى بىلگىن. ھېكايىدە كەلتۈرۈلۈپتۇكى: بىر كىشىنىڭ سادىق دوستى ئۇنى يېرىم كېچىدە ئىزدەپ ئىشىك قېقىپتۇ. بۇنداق كېچىدە كەلگەنگە قارىغاندا چوقۇم بىرەر ھاجەت بىلەن كەلدى، ئۇ دوستۇمنى تەلمۈرتمەي چىقاي دەپ، ھەميانىنىمۇ ئېلىپتۇ، قىلىچىنىمۇ ئېسىپتۇ، ئۆيىدىكى دىدەكنىمۇ ئېلىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ دوستىنى قارشى ئاپتۇ. دوستى بۇنىڭدىن ھەيران قېلىپ سوراپتۇ، بۇ نېمە ئالامەت؟ ئەي دوستۇم، دەپتۇ ھېلىقى كىشى، سېنىڭ بۇ كېچىدە ئىزدەپ كېلىشىڭنى بىرەر ھاجەتتىن دەپ قارىدىم. شۇڭا، ئاقچا لازىم بولسا مانا ئاقچا، ئەگەر بىرەرسى سېنى خورلىغان بولسا مانا قىلىچنى ئېلىپ جابدۇنۇپ چىقتىم. ئەگەر باشقا ئىش - كۈشلىرىڭ بولسا بۇ دىدەك ساڭا تەئەللۇق، دەپتۇ. بۇنى كۆرگەن دوستىنىڭ ئىخلاسى تېخىمۇ ئېشىپتۇ.

بالام، ھەرقاچان دوستلۇق بۇرچىنى بەجا كەلتۈرگىن. دوستۇڭ بار ياكى يوق بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغىن، ئاتا - ئانىسىغا مېھرىبان بولۇپ، خىزمىتىنى قىلغىن. دوستلىرىڭنىڭ دوستىنى ھەم ياخشى قەدىرلىگىن، بۇمۇ يەنىلا دوستۇڭغا بولغان ساداقىتىڭ بولۇپ قالىدۇ، ھەرگىز دوستۇڭنىڭ دۈشمىنىگە قول بەرمە، چۈنكى دوستۇڭنىڭ دۈشمىنى ھەم سېنىڭمۇ دۈشمىنىڭدۇر. بالام، بۈزرۈكلار دوستلۇق شەرتىنى بەجا كەلتۈرۈشنىڭ مۇنداق بىرقانچە مىزانلىرىنى قويۇشقان: دوستىنىڭ ئەيىبىنى بىلسە ئۇنى ھەرگىز باشقىلارغا ئىزھار قىلماسلىق كېرەك. دوستىنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسە بىرنى مىڭ قىلىپ كۆرسىتىش كېرەك، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولسا مىننەت قىلماسلىق ۋە نەزەردە تۇتماسلىق كېرەك. دوستىدىن كۆرگەن مەنپەئەتنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق كېرەك، دوستىدىن بىرەر خاتالىق سادىر بولۇپ قالغان بولسا ئۇنى كۆڭلىگە ئالماسلىق ۋە ئەپۇ قىلىش كېرەك، ئۆزرە سورىسا قوبۇل قىلىش كېرەك. دوستۇڭغا قوپال، يىرىك سۆز قىلما، قوپال، يىرىك سۆز دوستۇڭنىڭ كۆڭلىنى خۇددى تاشقا ئوخشاش بىسىپ تۇرىدۇ. بۇ تاش ئۇزاق يىللاردىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى تەس. دوستۇڭ ئۈچۈن ھەرقاچان ئادىمەتچىلىك يوسۇنلىرىنى ئۇنتۇپ قالما، دوستۇڭدىن نېمىنى تەلەپ قىلساڭ، سەنمۇ دوستۇڭغا شۇنى بەر. دوستلىرىڭنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ياخشى بىلىۋالغىن. قۇسۇرسىز دوست تىلىمە. دۇنيادا قۇسۇرسىز ئادەم بولمىغانغا ئوخشاش، قۇسۇرسىز دوستمۇ بولمايدۇ. كەمچىلىكلىرىنى كۆرسەڭ سەممىيلىك بىلەن ياردەم بەر. دوستۇڭنىڭ نەسىھەتلىرىنى سەممىيلىك بىلەن قوبۇل قىل. ھەق ئىشلاردا ئۇنى قوللا، ناھەقچىلىق سادىر بولغاندا ھەرگىز سىپايىگەرچىلىك قىلما.

بالام، يۇقىرىقى ئىشلارغا دىققەت قىلالىساڭ، دوستلىرىڭ كۆپىيىدۇ، ئۆزۈڭمۇ بەختىيارلىقتا چۆمىسەن.

## 2. دۈشمەنلىك ۋە بىخەتەرلىك

يېغى بىر بولسىمۇ مىڭدۇر زىيىنى،
مىڭ بولسىمۇ دوست، ئاز دەپ بىل ئۇنى.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

پەرزەنت تەربىيىسىدە دىققەت قىلىدىغان يەنە مۇنداق بىر ئىش بار: ئۇ بولسىمۇ بالىلارنى كىچىكىدىن تارتىپ زېرەك، ھوشيار بولۇپ ئادەملەرنى توغرا تونۇشقا، دوست - دۈشمەننى توغرا پەرق ئېتىشكە يېتەكلەش كېرەك. بالىلار گۆدەك چاغلاردا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى چۈشىنىش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولىدۇ، ئادەملەرگە بولغان تونۇشى چوڭقۇر بولمايدۇ، ھېسسىياتقا كۆپرەك بېرىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا سەممىي، ئاق كۆڭۈل ئادەملەردىن قاچىدىغان، ساختىپەز، ھىيلىگەر ئادەملەرگە ئەگىشىدىغان، ئويۇنغا قىزىقتۇرغانلارنى دوست بىلىپ، ئۆگىنىشكە ئىشتىراك قىلغان دوستلارنى يامان كۆرىدىغان ئەھۋاللارمۇ پەيدا بولىدۇ.

بولۇپمۇ بالىلار ئۆسمۈرلۈك مەۋسۇمىدىن ياشلىق مەۋسۇمىگە ئۆتۈش مەزگىلىدە، ئۇلاردا قاراملىق، تەۋەككۈلچىلىك، ئۆز بېشىمچىلىق، ئۆزىگە تەمەننا قويۇشقا ئوخشاش پىسخىك ئەھۋاللار بىر قەدەر ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا چىققان بولىدۇ. تۇرمۇش تەجرىبىسى چوڭقۇر بولمىغانلىقى ئۈچۈن كۆپىنچە ھەۋەسكە بېرىلىپ كېتىدۇ. قىلمۇاتقان ئىشىنىڭ پايدا - زىيىنىنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيدۇ، ماڭىدىغان يولىنىڭ ئۆزىنى نەگە ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىغا تازا ئېتىبار بەرمەيدۇ. ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇلاردا مۇستەقىللىق بىلەن بېقىندىلىق، ئاڭلىقلىق بىلەن گۆدەكلىك ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەت بولىدۇ. بالىلاردا كۈچلۈك مۇستەقىللىق، خاسلىق ئىپادىلىنىدۇ، ئۆزلىرىگە بولغان باھاسى يۇقىرى بولۇپ، ئۆز ئىشىغا باشقىلارنىڭ ئارىلىششىنى خالىمايدۇ، چوڭلارنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە ئىشەنمەيدۇ، ئاتا - ئانىلار ناھايىتى دىققەت قىلمىسا پەرزەنتنى قولىدىن

چىقىرىپ قويىدىغان مەزگىل دەل مۇشۇ ئۆتكۈنچى دەۋر ھېسابلىنىدۇ.

ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىگە ئۆتۈش ھارپىسىدىكى بالىلاردا دوست-دۈشمەن توغرىسىدىكى بىلىش چوڭقۇر بولمايدۇ. بەزى ھاللاردا ئۇلار ھەقىقىي دوستنى دۈشمەن دەپ قارايدىغان، دۈشمەننى بولسا دوست دەپ قارايدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار دوستلار ئارىسىدىكى يۈزەكى كېلىشمەسلىكلەرنىمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈپ دۈشمەنلىك ئۆلچىمىدە ئۆلچەيدۇ. نەتىجىدە بالىلار بىلەن چىقىشالماي كۆپ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېپىۋالىدۇ. ئاخىرىدا بۇنداق ئەھۋاللار تەرەققىي قىلىپ رەسمىي دۈشمەنلىشىشكە ئېلىپ بارىدۇ، ئاتا - ئانىلارغىمۇ باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىدىغان، ئۆزىمۇ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالىدىغان قارشىلىشىش پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، بالىلارغا ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە دۈشمەن ۋە دۈشمەنلىشىش ھەققىدە سۆزلىمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە دۈشمەن دېگەن مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما پەرزەنتلەر ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويۇش مەزگىلىدە بالىلارنىڭ نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلاردا دوست - دۈشمەننى توغرا پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. بالىلارنى ئىمكان بار كىشىلەر بىلەن دۈشمەنلەشمەسلىككە، كىشىلەرنى ياخشى سىناپ ئارىلىشىشقا، ئۆزىگە دۈشمەننى كۆپەيتىۋالماسلىققا، ھەرقاچان يامان نىيەتلىك كىشىلەردىن ھوشيار بولۇشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش لازىم.

ھازىر ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغان ئىشى بالىلارنىڭ يامان ئادەملەرگە ئارىلىشىپ قېلىپ يامان يولغا كىرىپ قېلىشى ۋە يامان تەسىرلەرنى قوبۇل قىلىپ نورمال تۇرمۇش سىزىقىدىن چىقىپ كېتىشى، يامان ئادەملەر بىلەن دوست بولۇپ، ئۇنىڭ كاساپىتى بىلەن ئۆزلىرىنى خاراب قىلىشى. چۈنكى ھازىرقى جەمئىيەتتە بالىلارنىڭ خاراكتېرىگە ئەڭ ئىتتىك تەسىر قىلىۋاتقان ئامىل جەمئىيەت دەپ قاراشقا بولىدۇ، ناھايىتى ياخشى، ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىلەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغانلار، ئائىلىنىڭ ياخشى تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان بالىلارمۇ نېمە ئۈچۈن يامان ئىشلار بىلەن

شۇغۇللىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ تۈرمىلەرگە تاشلىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىچىملىك - چېكىملىككە بېرىلىپ ئۆزىنى ئۆزى نابۇت قىلىدۇ؟ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ساداسى ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىنكاسى شۇكى، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەر، پەرزەنتلەرنىڭ يامان، ئەسكى، ئەخلاقتىن چەتنىگەن، تۇرمۇشقا تەلەپسىز، غايىسىز، كەيپ - ساپا، ئويۇن - تاماشىنى بەخت دەپ قارايدىغان ناچار باللارغا ئارىلىشىپ قېلىشى، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت، ھەمتاۋاق بولۇشى پەرزەنتلەرنىڭ ئەخلاق چېگراسىدىن چىقىپ كېتىشىگە، يامان يول، يامان كويلارغا بېرىلىپ ئۆزىنى نابۇت قىلىشىغا سەۋەب بولۇۋاتىدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر خەلقى جەمئىيەتنىڭ باللارغا بولغان تەسىرىنى ھەم بۇ توغرىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى كۆپ توپلىغان. ئۇيغۇرلاردا «ئىتقا ئارىلاشساڭ يەيدىغىنىڭ پوق» دېگەن چۈشەنچە بار. يەنە «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى» دېگەندەك تەمسىللەرمۇ بار. بۇ خەلقىمىزنىڭ رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلىگەن ساۋىقى. بۇ توغرىدا كۆپ قائىدە سۆزلىمىسەكمۇ ئاتا - ئانىلار بۇ قانۇنىيەتنى تولۇق چۈشىنىدۇ. بىر ھەدىستە: «بىر ئادەم بىر جامائەت بىلەن 40 كۈن بىللە يۈرسە، شۇ جامائەتنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ» دېيىلگەن. بۇ ئىبارە يۇقىرىقى قانۇنىيەتنى ئىزاھلاشقا يېتىپ ئاشىدۇ. ئۆسمۈر باللار ۋە ياشلار جەمئىيەتنىڭ تەسىرىنى بەك تېز قوبۇل قىلىۋالىدۇ.

ئاتا - ئانىلار شۇڭا باللارنىڭ كىملەر بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقىغا، نەگە بېرىپ نەدە تۇرغانلىقىغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كۆز - قۇلاق بولۇشى كېرەك. بەزى ئاتا - ئانىلار بۇ مەسىلىگە يۈزە قاراپ بىخەستەلىك ۋە بىغەملىك قىلىپ، باللارغا كۆپ ئىشىنىپ كېتىپ، ئاخىرقى ھېسابتا بارماق چىشلەپ قالىدىغان ئىشلار كۆپ سادىر بولۇۋاتىدۇ.

قەدىرلىك ئاتا - ئانىلار، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىلەرگە مەسلىھەت تەرىقىسىدە بېرىدىغان تەۋسىيىمىز مۇنداق:

كىچىك، ئاددىي ئىشلارغا سەل قاراپ چوڭ مەھرۇملۇققا يولۇقۇش،

باللارغا ھەددىدىن ئارتۇق ئىشىنىپ كېتىپ، زۆرۈر ئاگاھلاندۇرۇشلارنى، دەل ۋاقتىدا بېرىدىغان نەسىھەتلەرنى بېرىپ تۇرۇشتا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەسلىك سىلەرگە كۆتۈرگۈسىز كۆلپەتلەرنى ئېلىپ كېلىشكە سەۋەب بولۇپ قالمىسۇن، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ قويغىنىڭلار تۈزۈك:

بىرىنچى، پەرزەنتلەر 15 ياشتىن ھالقىش پەيتلىرىدىن باشلاپ، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى، ئولتۇرۇش - قوپۇشلىرى، دوست - يارەنلىرى كۆپىيىشكە باشلىغاندا، پات - پات كىملەر بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقىنى، نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى، ئارىلىشىۋاتقان دوستلىرىنىڭ تېگى - تەكتى، ئاتا - ئانىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇڭ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ باللارنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى، ئەخلاق - پەزىلىتى توغرىسىدا كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈڭ. تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى - يامان خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى كۆپ ھاللاردا ئارىلاشقان ئادەملىرىنىڭ خاراكتېر - مىجەزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدىكەن. بولۇپمۇ باللار تېخى مۇستەقىل دۇنيا قاراشقا، كىشىلىك قارىشىغا ئىگە بولمىغان ھالقىلىق پەيتلەردە بۇنداق تەسىر تېخىمۇ خاراكتېرلىك بولىدىكەن. ياخشى خاراكتېردىكى، ئەدەپلىك، قائىدە - يوسۇنلۇق باللار مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن جەمئىيەتتىكى يامان باللار بىلەن ئارىلىشىپ قالسا، چوقۇم ئۇلارنىڭ يامان تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. نەتىجىدە خاراكتېرى يامان تەرەپكە ئۆزگىرىدۇ. ئەكسىچە، خۇي - پەيلى ئەسكى باللار ياخشى باللار بىلەن بىر مەزگىل بىرگە تۇرسا، ئەدەپلىك، قائىدە. يوسۇنلۇق بولۇپ قالىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنداق تەسىرنى «يامانلارغا قوشۇلما، كۈنلىرىڭنى ياخشىلار بىلەن ئۆتكۈزگىن، تۇز- ئەگرىگە قوشۇلسا كۈنلىرى قارىيىدۇ. ئادەم بالىسى تۇغۇلۇشىدىن ياخشى تۇغۇلىدۇ، يامانلارغا قوشۇلۇش بىلەن يامان خۇي، يامان قىلىقلارنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ» دېگەن.

ئىككىنچى، سىز باللارنى باشقۇرۇش، كونترول قىلىش، نەگە بارغانلىقى، نەدە تۇرغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ھوقۇقىڭىزدىن مەھرۇم

بولۇپ قالماق. بەزى باللار ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ نەگە بارغانلىقىنى سۈرۈشتۈرسە، «چاتىقىڭ نېمە، سوراپ نېمە قىلىسەن» دەپ ئاچچىقلايدۇ، بۇنداق چاغلاردا قاتتىقراق بولۇپ «ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ھەققى بار. سېنىڭمۇ ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىڭدىن بىزنى ۋاقىپلاندۇرۇش قەرزىڭ بار. چۈنكى بىز سەندىن خاتىرجەم بولۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك» دەپ مەقسەتنى ئېنىق ئېيتىش لازىم. زۆرۈر تېپىلغاندا تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردا نەسىھەت قىلىپ تۇرۇڭ:

نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، ئاگاھ بولغىنكى، تۇرمۇش دېگەن ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئادەملەر تېخىمۇ سىرلىق، جەمئىيەت دېگەن بىر جاڭگال، ئۇنىڭ ئىچىدە گۈل - چېچەكلەرمۇ بار، زەھەرلىك تىكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس، شۇنى سەمىڭگە سېلىپ قويايكى، «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» بولىدۇ. سەن ياخشى، دۇرۇس ئادەملەر بىلەن ئارىلاشقىن، يامان يولدىكى، يامان خۇيدىكى ئادەملەردىن ئۆزۈڭنى تارتقىن. ھېچقانداق ئادەم ساڭا ئۆزىنى مەن يامان ئادەم دەپ ئاشكارىلىمايدۇ. دۇنيادىكى ھەممە ئادەملەر مەن ياخشى ئادەممەن، دەپ دەۋالىشىدۇ. شۇڭا، سەن ئارىلىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ گەپ - سۆزىنىڭ چىرايلىقلىقىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئادەملەرنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، سېنى قانداق ئىشقا سايە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆلچەم قىل. سەن ئارىلىشىۋاتقان ئادەم دۇرۇس نىيەتلىك ئادەم بولسا، ئۇ سېنى ھەرگىز يامان يولغا باشلىمايدۇ. ساڭا زىيانكەشلىك قىلىش، سەندىن پايدىلىنىش قەستىدىمۇ بولمايدۇ. ياخشى نىيەتلىك ئادەم سېنى يامان يولدىن توسىدۇ. يامان خۇيلۇق، يامان يولدىكى ئادەم ساڭا يامان، ئەسكى ئىشلارنىمۇ، ھەتتا جىنايەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنىمۇ ياخشى كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. ئاقىۋەتتە بالا - قازا تورىغا چۈشۈپ قالغانلىقىڭنىمۇ سېزەلمەي قالىسەن. بالام، سېنىڭ جەمئىيەتتە كىم بىلەن ئارىلىشىش، كىم بىلەن ئارىلاشماسلىق ھوقۇقۇڭ ئۆزۈڭنىڭ قولىدا. سېنى ھېچ كىم مەجبۇرىي ۋاستىلەر بىلەن يامان ئىشنى قىلىشقا، ئۆزى بىلەن ئارىلىشىشقا زورلىيالمايدۇ. بىز سېنىڭ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشىڭنى*

چەكلىمەيمىز، لېكىن ياخشى كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقىن، جەمئىيەتتە ياخشى باللار بەك كۆپ، يامان ئادەملەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشتىن ھەزەر قىل، يامانىنىڭ مۇڭگۈزى ئىچىدە بالام.

(زۆرۈر تېپىلغاندا دانىشمەنلەرنىڭ مۇنۇ تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ئەسكەرتىپ تۇرۇڭ:)

«جاھاندا ئالتە نەرسىنىڭ يەنە ئالتە نەرسىسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بالام. بۇ دۇنيانىڭ مىلى ھەرىكەتسىز قولغا كەلمەيدۇ، خوتۇنلار بىلەن بىرگە بولماق بالاسىز بولمايدۇ، يامانلارغا قوشۇلماق نادامەتسىز بولمايدۇ، بېخىلدىن نەمە قىلماق خارلىقسىز بولمايدۇ، ھەر كىشى دۇنيا مەيخانىسىدىن بىر يۇتۇم مەينى قولغا كەلتۈرگەن بولسا، ئۇ ئەلۋەتتە مەست ۋە ناپاك بولىدۇ. ئىنسان بېشىنى تەكەببۇر ياقىسىدىن چىقىرىدۇ، ھەر كىمەرسە نەپسى يولىغا قەدەم قويغان بولسا، ئۇ چوقۇم ھالاكەت چوڭقۇرلۇقىغا تىقىلىدۇ، ھەرقانداق ئادەم يامان ۋە پىتنىخورلار بىلەن ئولتۇرسا ئاقىۋەت پۇشايمانغا قالىدۇ. ھەربىر نامەرد، بېخىل ۋە پەسلەردىن مەنپەئەت ئىزدىسە خار ۋە ئېتىبارسىز بولىدۇ.

كىمكى يامان ئادەملەر بىلەن ئۇلپەتتە بولسا گەرچە ئۇلارنىڭ مىجەز-خۇلقىنى يۇقتۇرۇۋالمىدىڭ دېگەن تەقدىردىمۇ، يامانلار بىلەن بىر يولدا ماڭغان ئىكەنسەن، «ئۇ يامان ئادەملەر بىلەن بىر يولدا ماڭىدۇ» دېگەن بەتنامغا قالىسەن. ئەگەر سەن «مەكتەپكە بارىمەن» دەپ مەكتەپكە ماڭساڭ كىشىلەر سېنى قاۋاقخانىغا بارىدۇ، دەپ گۇمان قىلىدۇ. ①

بالام، توغرا يولدا ماڭسەن، خاتا يولدا ماڭمايمەن، ياخشى ئادەم بىلەن ئارىلىشىمەن، يامان ئادەملەرگە قوشۇلمايمەن دېيىش ئۈچۈن، كىمنىڭ ياخشى، كىمنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى بىر قاراشتا بىلگىلى بولمىغانغا ئوخشاش، نېمە ئىشنىڭ ياخشى، قايسى ئىشنىڭ خاتا، قايسى يولدا ماڭساڭ توغرا، قايسى يولدا ماڭساڭ خاتا بولىدۇ، دېگەن مەسىلىنى روشەن پەرقلەندۈرۈشمۇ ئوڭاي ئەمەس. شۇ ئىش ئېسىڭدە بولسۇنكى، يامان

---

① «كەلىلە ۋە دىمنە» دىن ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىندى.

ئىشنىڭ ئەڭ يامىنى، سېنى مەڭگۈلۈك كۈلپەتكە قويىدىغان خاتالىق — ئەلگە ۋە ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ، ۋەتەن، خەلق ئالدىدا قارايۈز بولۇشتۇر. ئىنسانىيەت تارىخىدا ۋەتەن، خەلققە ئاسىيلىق قىلغان ۋە ۋاپاسىزلىق قىلغان ئادەم، تېرىقتەك مەنپەئەتى، رەزىل نەپسانىيىتى، ئۆتكۈنچى ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە ۋەتەن، خەلقنى زور زىيانلارغا ئۇچرىتىشنى راۋا كۆرگەن ئادەم، ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا قارا يۈز بولىدۇ، بالام. بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق بىر شەخسنىڭ مەنپەئەتىگە قەستەن زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى خاتا ئىش - ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئارىلىقى پەقەت بىر ئىلىكلا. يامانلىقنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى ئەلگە، جامائەت ئەسلىھەلىرىگە ۋە شەخسكە سالغان ماددىي ۋە مەنىۋى زىياننىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. شۇڭا، خەلققە، شەخسلەرگە زىيان سېلىشقا سايە قىلغان ۋە شۇنىڭغا ئىشتىراك قىلغان ھەرقانداق ئادەم ساڭا دوست ئەمەس، بەلكى ئەشەددىي دۈشمەندۇر. ئەگەر مەن ياكى ئاناڭ سېنى ئاشۇنداق يامان يولغا دەۋەت قىلغۇدەك بولساقمۇ، دەرھال بىزدىن ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزسەڭمۇ گۇناھكار بولمايسەن، ئۇقتۇڭمۇ بالام؟ ئەلىشىر نەۋائىي بوۋىمىز: «ماڭا جەبرى - زۇلۇم قىلسا پەقەت بىرلا قېتىم پەرياد قىلىمەن، ئەگەر ئەلگە جەبرى - زۇلۇم قىلسا مىڭ قېتىم پەرياد قىلىمەن» دېگەنىكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋىمىز نەسىھەت قىلىپ: «ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىماي ئاۋۋال ئەلنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلا، ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئەتى ئەلنىڭ مەنپەئەتى ئىچىدە بولىدۇ» دېگەنىكەن. ئەلگە قىلغان زىيانكەشلىك ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭگە قىلغان زىيانكەشلىكىڭ بولىدۇ، بالام. شۇڭا، ئەلنىڭ زېمىنىغا، شەخسلەرنىڭ زېمىنىغا باشلىغان ئادەملەر بىلەن ئارىلاشما. ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىنى ئادىمىلىك غۇرۇرۇڭ بىلەن توسقۇچى قورغان بول. باشقىلارنىڭ يامان ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرمىغان ۋە ئۇنىڭغا تەنبىھ قىلمىغان ئادەم يەنىلا جىنايەتكار ھېسابلىنىدۇ.

بالام، ئامان - ئېسەن بولاي دېسەڭ، ئىچ سىرىڭنى ھەرقانداق ئادەمگە

ئېھتىياجى بولسا، قوشنىلىرىنى، ئاغىنىلىرىنى يوقلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا مەمەدانلىق قىلىپ پو ئاتما، دۈشمەنلىك بولۇپ قالىسەن. دۈشمەندىن ھەرگىز ياخشىلىق كەلمەيدۇ، دوستلار ئارىسىدىمۇ ئارىلىق بوشلۇق قالغىنى ياخشى، ھەرقانداق يېقىن دوستۇڭنىڭ مېھرىبانلىقى ئۆزۈڭنىڭ ئۆزۈڭگە بولغان مېھرىبانلىقىڭدەك شېرىن بولمايدۇ. ئەگەر دوستۇڭنىڭ كۆڭلى سەندىن سۇنسا، دۈشمەنلىك دۇبۇلغىسىنى كىيىشى مۇمكىن. بۇ چاغدا روزىغارنىڭ ئاراملىق لەززىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. كۆڭۈللىرىڭ تىنچسىزلىنىپ، تۇرمۇشۇڭ بىتابلىققا يۈز تۇتۇپ، ھەرقاچان زىياندىن خالىي بولالمايسەن.

بالام، ئەمدى قانداق ئادەم ئاسان دۈشمەنلىك بولۇپ قالىدىغاندۇ؟ دەپ سورىساڭ، شۇنى دەيمەنكى، پەزىلىتى يۇقىرى، بىلىم - شۆھرىتى ئۈستۈن، جەمئىيەتتىكى ئورنى، تەسىر كۈچى زور بولغان ئادەم كۆپ دۈشمەنلىك بولىدۇ. چۈنكى دۈشمەنلىك پايدا - مەنپەئەتتە كۆرەلمەسلىك ئوتى ۋە يېتىشەلمەسلىك زەھىرىدىن سۇغىرىلغان تىغ بولۇپ، ئېھتىيات قالقىنىنى تۇتمىساڭ، كۆكسۈڭ دۈشمەن ئوقىغا نىشان بولۇپ قالىدۇ. يامان، كىبىرەكسىز ئادەمنىڭ دۈشمىنى بولمايدۇ، كىبىرەكسىز ئادەم ئۆلۈك بىلەن باراۋەر، يامان ئادەمنىڭ ئۆزى ئۆزىگە دۈشمەن. ئىلاج بار كىشىلەر بىلەن دۈشمەنلەشمە، دۈشمەنلىك بولغان بولساڭ ھەرگىز قورقما، بىراق ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويما، بولۇپمۇ ھەسەتخورلارنىڭ زەھەرلىك كۆزىدىن ئۆزۈڭنى پىنھان تۇتقايسەن. ھەسەتخور ئادەم باشقىلارنىڭ بەختىدىن قىزغىنىدۇ ۋە بىگۇناھ بەندىلەرنى دۈشمەن تۇتىدۇ، ھەسەت ئوتى بىلەن كۆيدۈرۈپ كۈل قىلماقچى بولىدۇ. سەن ھەرقانچە پاك، دۇرۇس بولساڭمۇ ھەسەتخورلارنىڭ، پىتنە - پاساتچىلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالساڭ زىيان تارتماي قالمايسەن.

كىشىلەر قارىسا بىر تۈلكە يىقىلىپ، قوپۇپ، جان - جەھلى بىلەن قېچىپ كېتىۋاتقۇدەك. بىرەيلەن ئۇنىڭدىن:

— ساڭا نېمە بولدى، نېمانچە قورقۇپ كەتتىڭ؟ — دەپ سورىغانىكەن، تۈلكە:

— ئاڭلىشىمچە، تۆگىلەرنى سەيسىگە تۇتۇۋاتقۇدەك، — دەپ جاۋاب

بىرىپتۇ. ھېلىقى كىشى:

— ھوي پەس، تۆگە بىلەن سېنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار ۋە قانداق ئوخشاشلىقىڭ بولسۇن؟ — دەپتىكەن.

— ئوخشايدۇ، — دەپتۇ تۈلكە، — ئەگەر ھەسەتخورلار غەرەزلىك ھالدا مۇنۇ تۆگە دەپ قويسا، مەنمۇ قولغا چۈشۈپ قالىمەن، ئۇ چاغدا مېنىڭ ئەھۋالىمنى تەكشۈرۈشكە كىم كۆڭۈل بۆلۈپ، مېنى غەمدىن خالاس قىلىدۇ؟ ئىراقتىن تىرياق① ئېلىپ كەلگۈچە، يىلان چاققان ئادەم ئۆلۈپ تۈگەيدۇ…

بالام، ئېھتىيات قالقىنىنى تاشلىما، دۈشمىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىپ قالمىغاي. سېنىڭ مەردلىكىڭ، باتۇرلۇقۇڭ قەبىھ ياۋ بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا سىنىلىدۇ. «مەردنى مەيداندا سىنا» دېگەندەك، دۈشمەنلىك رىقابىتى بولمىغۇچە مەردلىكىڭنى كىم بىلىدۇ؟ بىراق، دۈشمەننى ئاجىز، ئۆزۈڭنى كۈچلۈك چاغلاپ، تەييارلىقسىز تۇرما، دۈشمەن سىرىڭنى بىلىۋالسا كۈنى تۇغۇلىدۇ. ئاجىزلىقلىرىڭ ئۇنىڭغا كۆپ ياردەم قىلىدۇ. ئۆز دۈشمىنى ئالدىدا بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ كۈنىنىڭ قانچىلىك قارا بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن. كۆردۈڭمۇ، چىۋىنمۇ پىلنىڭ يوغان دۈشمىنى بولدى. ئۇلار توپلىشىپ چىچقىۋەرگەندىن كېيىن پىلمۇ سەكرەپ كېتىدۇ. شۇڭا، دۈشمەن تاياق تۇتسا، سەن قالقان ۋە نەيزە بىلەن تاقابىل تۇر. ئاگاھ بولغىنكى، دوستۇڭ دۈشمىنىڭگە ئايلىنىپ قالمىغاي، يېنىڭدىن چىققان دۈشمەن ھەرقانداق كۈچلۈك دۈشمەن قىلالمىغان زىيانكەشلىكنى قىلالايدۇ.

---

① تىرياق — زەھەر قايتۇرۇش دورىسى.

# ئون ئالتىنچى باب قىز پەرزەنتلەرگە بېرىلىدىغان تەربىيە

قىزلار تۇرمۇشىمىزنىڭ گۈل ـ غۇنچىلىرى، كەلگۈسىنىڭ ئانىلىرى، ئۇلارنى ئوبدان ئاسرىمىساق ۋاقتىسىز خازان بولۇپ كېتىدۇ.

—— «تەپەككۇرىمدىن تامچىلار» دىن

قىز پەرزەنتلىرىمىز مىللىتىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئانىلىرى. ئۇلارنى ئاسراش ۋە ياخشى تەربىيىگە ئىگە قىلىش مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. شۇڭىمۇ ئاتا ـ ئانىلار قىزلار تەربىيىسىگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى ئەنئەنىسىدە قىزلارنى ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق، مېھرىبان، ئۆز خۇلقلىق قىلىپ تەربىيىلەشكە زور ئەجىر قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇر قىزلىرى گۈزەل، نازاكەتلىك ۋە پەزىلەتلىك. بىراق تارىختىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ۋە ئىدېئولوگىيىلىك چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن قىز پەرزەنتلەر ئىنتايىن قاتتىق چەكلىمە ئىچىدە ياشاپ كەلگەن، ئۇيغۇر قىزلىرى كۆپ ھاللاردا ئىنسانىي ئەركىدىن مەھرۇم ھالەتتە ياشاپ كەلگەن. فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك چەكلىمىسى، فېئوداللىق ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆلچەملىرى قىزلارنى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە، نىكاھ مەسىلىسىدە، ئائىلىدىكى ئورنى قاتارلىق جەھەتلەردە ئاساسەن بويسۇنغۇچى ئورۇنغا مەھكۇم قىلغان، قىزلار ئاساسەن ئىلىم ـ مەرىپەتتىن چەتتە قالدۇرۇلغان. بىر قىسىم يۇقىرى تەبىقە ئائىلىلىرى قىسمەن دىنىي بىلىم ئالغاندىن باشقا ئاۋام پۇقرالارنىڭ قىزلىرى ساۋاتسىز قالدۇرۇلغان. نەتىجىدە تەربىيىلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغان قىزلار «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» لىقتا ئەيىبلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ

مەسئۇلىيىتى قىزلار ئۈچۈن ھاقارەت تامغىسى بولۇپ بېسىلغان. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە مەسئۇلىيىتى بالا تۇغۇش ۋە بېقىش، تاماق ئېتىش، كىر - قات يۇيۇش، ئۆي بېقىش، ئەرلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن كۇپايىلەنگەن. ئۇلار جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇلمىغان، ئىجتىمائىي پائالىيەتتىن مەھرۇم ھالەتتە ياشىغان. ئەسلىدىن ئالغاندا، قەدىمكى جەمئىيەت ھەقلىق بولىدىغان بولسا، قىزلىرىمىزنىڭ مۇنتىزىم تەربىيىگە ئىگە بولۇپ يۇقىرى ساپالىق ئانىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى پۈتۈن مىللەتنىڭ ساپاسى بىلەن ئىنتايىن قويۇق ئالاقىسى بارلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىشى كېرەك ئىدى.

تارىختىكى بىر تەرەپلىمە قاراشلار قىزلىرىمىزنى تەربىيىلىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى. شۇڭا، ئاياللارنىڭ نەزەر دائىرىسى ئىنتايىن تار ئىدى. ئۇلار بىكارچىلىقتىن نەچچە ئايال بىر يەرگە كەلسە ئۇنىڭ، بۇنىڭ گېپىنى قىلاتتى، بۇ جەرياندا پىتنە - پاسات، غەيۋەت خاراكتېرلىك گەپ - سۆزلەرمۇ كۆپ بولۇپ قالاتتى. ئىشنىڭ ئالدى - كەينىنى ئويلىيالماي، بەزى سىرلارنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ قالاتتى - دە، «ئايال كىشىگە سىر ئېيتىشقا بولمايدۇ» دېگەن ئەيىب بىلەن ئەيىبلەنگەن. بىز تارىخىمىزدا بارلىققا كەلگەن بەزى يىرىك ئەسەرلەردە ئاياللار ھەققىدە خېلى ھاقارەتلىك بايانلارنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆردۇق. ئەڭ ئۇقۇمۇشلۇق ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ئاياللارنى ھەرگىز سىرتقا چىقارما، ئۇلارنىڭ ئىچى تېشىدەك ئۇنداق ئاق بولمايدۇ» دېگەن. ئەلىشىر نەۋائىي «مەھبۇبۇلقۇلۇب» دېگەن ئەسىرىدە قىسمەن ئاياللار ھەققىدە: «كىتابلارغا يېزىلغان ياخشى ئاياللارنىڭ يۈز يىلدىمۇ بىرى ئانىدىن تۇغۇلماس، ئۇنداقلارغا يولۇققان كىشىگە تاج تەرك بولسۇن ۋە بۇ بەخت ئۇنىڭغا مۇبارەك بولسۇن، ئۇلارنىڭ تىللىرى ھەقنى سۆزلەيدۇ، دىللىرى ھەقنى كۆيلەيدۇ. ئىسلام ئالىملىرىغا ئۇلاردىن پايدا، ئۈمىد ۋە ئۇلارنىڭ نەپەسلىرىدىن ئەۋلىيالار مەنپەئەتدار. پەيغەمبەرلەرنى ئۇلارنى ماختىغۇچى دېسەڭ بولىدۇ. مۇقەررەپ پەرىشتىلەرنى ئۇلارغا ئىگىچى - سىڭىل دېسەڭ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ باشلىرىدا ئىپپەتنىڭ تارىدىن توقۇلغان روماللىرى بار، يۈزلىرىدە

پاكلىق رەختىدىن راسلانغان چۈمبەللىرى بار» دەپ مەدھىيلىگەن بولسىمۇ، ئومۇمىي نۇقتىدىن مۇنداق ئەيىب - نۇقسانلارنى ئارتقان:

«خوتۇنلار تائىپىسىنى ھەقتائالا چەپ ۋە ناقىس يارىتىپتۇ. تولۇق راستلىقنى ئۇلارنىڭ زاتىدىن يىراق قىلىپ، ئۇلارنىڭ خۇي ئەپئالىنى ناخۇش قىلىپتۇر. كۆپرەك ئەرلەرنى ئۇلارغا خار ۋە ھامال قىلىپتۇر. ئۇلارنىڭ ھۈنىرى پىتنە ۋە ھىيلە. ئۇي، غەرىزى خىيانەت. ئۇلار خۇدانىڭ نېمەتلىرىگە ناشۈكۈرلۈك قىلىدۇ. خەلقنىڭ ياخشىلىقلىرىنى تونۇمايدۇ. دىنلىرىدا سۇسلۇق، ئادەتلىرىدە نائىنساپلىق بار. ئۆزىنى كۆرۈش ئۇلارغا ئادەت ۋە ئۆزىنىلا دېيىش ئۇلارغا لەززەت. ئۇلارنىڭ ئەقلى كەملىكىدىن دىنلىرىدا قۇسۇرلۇق، دىنىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەقىللىرىدە كۈپۈرلۈق بار. نەپسىنىڭ كاساپىتىدىن كىيىملىرىدە ناپاكلىق، نەپسىدە ۋە كىيىملىرىدە زاتىدىن بىباكلىق بار. ئۇلار ھوشسىز، چۈنكى نادانلىق بىلەن مەست، مەست بولغاندا ئويۇنپەرەس. ئۇلارنىڭ نەزەرى كىشىلەرنىڭ ئەيىبىدە، ئۇلارنىڭ ھۈنىرى ئەيىب ئىزدەش، ھىيلە - ئالدامچىلىقتا سېھىر ئوينايدۇ، گۇناھسىزلارغا قەست قىلىدۇ، يالغاندىن تۆھمەت ياسايدۇ ... ئەڭلىك بىلەن يۈزلىرىنى قىزارتىدۇ، ئەمما يالغاننى راست قىلىشتا يۈزىگە قارا سۈرتىدۇ. پەردەك شاھزادىلەرگە خىيانەت قىلىپ، دىۋىدەك زەڭگىلەر بىلەن ئاشنا ئوينايدۇ. پەردىدە تۇرۇشلىرى تامامەن ھىيلە بولۇپ، ياسىنىپ سىرتقا چىقىشقا ئالدىرىغانلىقى، بۇنداق خوتۇنلارنىڭ ئەرلىرى يۈك توشۇيدىغان ئېشەكلىرى، يۇمشاقۋاش قۇللىرى ... بىر ياخشىلىققا يۈز يامانلىق ئۇلارنىڭ ئىشى، ھەسەل بەرگەنلەرگە زەھەر بېرىش ئۇلارنىڭ ئادىتى. ئۇلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىپپەت - نومۇس ئۆيلىرى بۇزۇلغان. بۇ خىل خوتۇنلار ھەققىدە نۇرغۇن ئالىملار كىتاب يېزىپتۇ ۋە مۇبالىغە بىلەن مۇنازىرە قىلىشىپتۇ، لېكىن ھامان ئۆزلىرىنى ئاجىز ۋە كەم - كۈتە ھېسابلاپتۇ. دېمەك، بۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆز بىلەن ئۇلارنى تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.»

ئەلىشىر نەۋائىي بەرگەن يۇقىرىقى ئىككى خىل باھادىن قەدىمكى چاغلاردا ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە تەسىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى روشەن

تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. بىراق ئەمەلىيەت شۇكى، ئەسلىدىن ئالغاندا ئۇيغۇر قىزلىرى ئىلىم - پەن بىلەن قوراللىنىپ جەمئىيەت ئۇچۇن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۇرۇلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر قىزلىرى گەرچە ھەر تۈرلۈك بويۇنتۇرۇقلار ئىچىدە چەكلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئائىلە ئىچىدە ياراملىق، ئۆي ئىشلىرىغا پىشقان، پەرزەنت تەربىيىسىگە كامىل ئىدى. ئۇلار ئائىلىسى ۋە ئېرىگە ساداقەتمەن بولۇش، ئەدەپ - ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ساقلاش، پاكلىقنى جېنىدىنمۇ ئەزىز بىلىش، يۈزى تۆۋەن، نازاكەتلىك بولۇش، ھايالىق ۋە نومۇسچان بولۇش قاتارلىق تەرەپلەردە خېلى ئەتراپلىق ئائىلە تەربىيىسىگە ئىگە بولاتتى. بۇ نۇقتىدىن ئۇلار ھۆرمەتلىنىشكە ھەقلىق ئىدى.

ھازىرقى جەمئىيەت ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە قانداق تەلەپلەرنى قويىدۇ؟ ئائىلىنىڭ قىز پەرزەنتلەرگە بېرىشكە تېگىشلىك تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى قانداق بولۇشى كېرەك؟

## 1. قىزلار دۇنياسىدىكى بۈگۈنكى ئۆزگىرىش

تارىخ ئۆزگەردى، دەۋر يېڭىلاندى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ قىز - ئاياللارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرى دۇنياۋى خاراكتېرلىك كاپالەتكە ئىگە بولدى. ئاياللار ھۆرلۈكى دۇنياۋى بىرلىك سۈپىتىدە ھەل قىلىندى، قىز- ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتلىرى قوغدالدى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. قىز - ئاياللار يۈزلىرىدىكى چۈمپەردىلەرنى چۆرۈۋېتىپ دۇنياغا نەزەر سالدى، جەمئىيەتكە يۈزلەندى. ئۇلار ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا، جامائەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىغا بىر پۈتۈن ئىنسان سۈپىتىدە قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. قىز - ئاياللارنىڭ مەنپەئەتى قانۇن بىلەن قوغدىلىدىغان بولدى. ئەر - ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەرلىككە ئېرىشتى.

ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ يىرىم دۇنيالىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىدا ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى نامايان قىلىپ جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشقا باشلىدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئائىلىرى قىزلىرىنى ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس پەزىلەت، ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس پاراسەت بىلەن تەربىيىلەش ئۈچۈن كۆپ ئەجىر قىلىشتى. قىزلار يېڭى مەدەنىي ئاڭ ۋە ئىلغار دۇنيا قاراش بىلەن قوراللاندى.

دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە دۇنياغا يۈزلىنىش چاقىرىقى بىلەن نەچچە ئەسىر بېكىنمىچىلىكتە دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەردىن بىخەۋەر ھالەتتە ياتقان ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرى دۇنياغا يۈزلەندى. بۇنداق يېڭى يۈزلىنىش ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى خىل ئۆزگىرىشكە سەۋەب بولدى.

بىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىلغار مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقى بىلەن دۇنيانىڭ ئىلغار پەن - مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى دەۋرگە يارىشا يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. ئۇلار تارىخىي پۇرسەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ قەددىنى كۆتۈرۈپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئاتلىنىپ كەتتى.

يەنە بىرى، يەنىلا فېئوداللىق بويۇنتۇرۇقنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئۆزلىرىنى تولۇق قۇتۇلدۇرۇشقا تېخى جۈرئەت قىلالمىدى. ئائىلىدە فېئوداللىق تەربىيە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان يەنە بىر خىل ئېغىش شۇكى، ئۇيغۇر قىزلىرى ئارىسىدا غەربلىشىش، ئەركىنلىشىش ۋە ئۆزىدىن ياتلىشىشتەك يەنە بىر خىل تەتۈر ئېقىم بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ 90 - يىللاردىن باشلاپ بۇ خىل تەتۈر، قارىغۇلارچە، ئاڭسىز تاللاشنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر دوقمۇشقا كېلىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئۇيغۇر قىزلىرى ئارىسىدا مەنىۋى جەھەتتە مەدەنىيلىشىش بىلەن كىشىلىك

مۇناسىۋەت ۋە تاشقى بىرلىكتە مەدەنىيلىشىش ئوتتۇرىسىدا گاڭگىراش كېلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن قىزلار ئارىسىدا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ۋە ئىنتايىن خەۋپلىك چېكىدىن ئاشقان ئەركىنلىشىش تەرەپكە ئۆتكەن قىزلار بارلىققا كەلدى. ئۆزلىرىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى پۇل ئۈچۈن هاقارەتلەۋاتقان، نومۇسىنى بىر ياققا چۆرۈپ قويۇپ، پۇلغا، كىيىم - كېچەككە دۇم چۈشكەن ئاهانەتلىك قىزلارمۇ پاك ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى بۇلغاشقا باشلىدى. مۇقەددەس مۇهەببەت هاقارەتلەندى. قىزلار ساختا مۇهەببەتنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىشقا باشلىدى، هايا، ئەدەپ ئۇنتۇلۇپ ئاشكارا سورۇنلاردا قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈش ۋە هەر خىل قىلىقسىزلىقلارنى قىلىشتىن هارلىق هېس قىلمايدىغان بولۇپ كەتتى. هازىر بەزى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۇيغۇرنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان ئىنتايىن زور ياتلىشىش بارلىققا كەلدى، هەتتا ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، پەردازلىرى، چاچلىرى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىن ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس بىرەر ئالاهىدىلىكنىمۇ هېس قىلغىلى بولمايدۇ، بەزىلەر يېرىم يالىڭاچ كوچىلارغا چىقىپ ئۆزلىرىنى كۆز - كۆز قىلىشىدۇ.

بۇ خىل بۇلغىنىش ئاتا - ئانىلارنى ئىنتايىن ئازابلىماقتا. بەزى ئاتا-ئانىلار قىزلىرىنىڭ جەمەتكە كەلتۈرگەن هاقارىتى سەۋەبلىك باش كۆتۈرەلمەي قان يۇتۇۋاتىدۇ، بۇنداق ئىجتىمائىي پاجىئەنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبى نېمە؟

بىزنىڭ هېس قىلىشىمىزچە، بۇ خىل ناچار ئادەت كۆچىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە سەۋەب بولۇۋاتقان ئامىل مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا تاقىلىدۇ:

بىرىنچى، ئىچكى سەۋەبتىن ئالغاندا، بەزى ئاتا - ئانىلار قىزلارغا بېرىشكە تېگىشلىك ئەنئەنىۋى پەزىلەت تەربىيىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويغان. بەزى هاللاردا هەتتا قىزلىرىغا ئىگە بولالمىغان، چىڭ تۇتمىغان. بەزى ئاتا-ئانىلار قىزلىرىنىڭ مەيلىگە قويۇپ بېرىۋەتكەن.

ئىككىنچى، تاشقى تەسىر نۇقتىسىدىن ئالغاندا، هازىرقى جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي بۇلغىنىشنىڭ تەسىرى بەزى ئىرادىسىز،

غۇرۇرسىز قىزلارنى يالماۋۇزدەك يۇتۇپ كەتكەن.

ئۇچىنچى، قىزلار نادانلىقى، گۆدەكلىكى تۈپەيلى ئۆزلىرىنى كونترول قىلالمىغان. كىچىكىدىن باشلاپ گۈزەللىك ھەققىدىكى يېتەكلەش يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، گۈزەللىك بىلەن چاكىنىلىق پەرقلەندۈرۈلمىگەن.

بۇ خىل ئۆزگىرىشتە ئائىلىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ھەم مەكتەپلەرنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى بار. بىز بۇ يەردە پەقەت ئائىلە ئۈستىگە ئېلىشى لازىم بولغان بىر قىسىم مەسئۇلىيەت توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

## 2. پەزىلەت غۇنچىسى چۈمپەردە ئىچىدە ئەمەس، قەلب تۆرىدە ئېچىلسۇن

پەزىلەت تەربىيىسى قىزلارغا بېرىلىدىغان تەلىم - تەربىيىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇيغۇر خەلقى قىزلارنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىنى پەزىلەت تەرەپتىن كۆزىتىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر ماقاللىرىدىمۇ: «يۈزىگە قارىما، ئەردەم تىلە، رەڭگى - رويىغا، چىرايىغا قارىما، ئەدەپ - ئەخلاقىغا قارا» دېيىلگەن. يەنە ئۇيغۇرلاردا «چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولمايدۇ» دېگەن گەپ بار. ھەقىقەتەن، چىن ئىنسانىي گۈزەللىك تاشقى گۈزەللىك ئەمەس، بەلكى قەلب گۈزەللىكى. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار قىز پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتە قەلب گۈزەللىكىگە كۆپ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. چۈنكى قىزلارنىڭ پەزىلەتلىك، قەلبى گۈزەل بولۇپ ئۆسۈشى قىزلارنىڭ ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئاشۇرۇۋېلا قالماي، بەلكى ئۇ ئائىلىنىڭ شان - شەرىپى، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ شان - شەرىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قىزلار ئائىلىگە گۈزەللىك ئېلىپ كېلىشى، جەمئىيەتكە گۈزەللىك ئېلىپ كېلىشى كېرەك.

تارىختىن بۇيان يۈزىگە يېپىۋالغان چۈمپەردىسى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي پەزىلىتىگە كاپارەت بولالمىغان. ئەلىشىر نەۋائىي تىلغا ئالغان «ئېپپەتنىڭ تارىدىن توقۇلغان رومال، پاكلىق رەختىدىن راسلانغان چۈمبەل» دەل

گۈزەللىكىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى قەلبتە بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. قەلبىدە پەزىلەت غۇنچىسى ئېچىلدۇرۇلغان قىزلارنى ھەرقانداق مۇستەھكەم تەقىپ قىلىشمۇ كونترول قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ. ھەقىقىي پەزىلەتلىك قىزلار ھەرقانداق شەرت - شارائىتتا يەنىلا ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ قالالايدۇ. شۇڭا، قىز پەرزەنت تەربىيىسىدە مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەردىن يېتەكلەش ۋە تەسىر كۆرسىتىش لازىم:

بىرىنچى، ئانا قىزلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پەزىلەت ئۈلگىسى بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇرلاردا «قىزنى بۇزغان ئانىسى» دېگەن گەپ بار. ئانىنىڭ خۇلقى، مىجەزى قىز بالىغا ئىنتايىن چوڭقۇر ئىز سالغان بولىدۇ. قىز بالا ئانىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، گەپ - سۆزلىرى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىغىچە بولغان ھەممە تەرەپلىرىنى دورايدۇ ۋە چوڭقۇر تەسىرگە ئۇچرايدۇ. پەزىلەتلىك ئانىلاردىن پەزىلەتلىك قىز تەربىيىلىنىپ چىقىدۇ. پەزىلەتسىز ئانىلاردىن پەزىلەتلىك قىزلارنىڭ چىقىشى ناتايىن. بۇ كىشىلىك تۇرمۇش ئىسپاتلىغان ھەقىقەت. شۇڭا، ئانىلار قىزى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى كېرەك، گۈزەل خۇلق ۋە ياخشى نەمۇنىلىك پەزىلەت بىلەن قىزلارغا ئۈلگە بولۇشى لازىم.

ئىككىنچى، قىز پەرزەنتلەرنىڭ تەبىئىتىدە قىزلارغا خاس تۇغما ئالاھىدىلىك بولىدۇ. ئۇلار ئوغۇللارغا قارىغاندا تارتىنچاق، نومۇسچان بولىدۇ. كۆيۈمچانلىقىمۇ يۇقىرى، خاراكتېرىمۇ كۆچلۈك بولىدۇ. بۇ خىل خاسلىقنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يەنىلا ئەتراپلىق تەربىيىگە موھتاج بولىدۇ.

ئۈچىنچى، پەرزەنتنى ھەرگىز كىچىك چاغلاشقا بولمايدۇ. سەل بويىغا يەتكەندە تەربىيە بەرسەممۇ كېچىكمەيمەن دەپ قارىساق، يامان نەتىجە ئالدىبۇرۇن كېچىكىپ قالغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. تەجرىبىلىك ئانىلار قىزلار بوۋاق چاغدىلا، نومۇس قىلىش، ئىزا تارتىش، ھايالىق بولۇش تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن قىزلارنىڭ قىزلىق تەبىئىتىنى كۈچەيتىشكە تىرىشىدۇ. ئاززاق يامان، ئەخلاقسىز گەپ - سۆزلەر ۋە قىلىقلارنى قىلىپ قالسا دەرھال «نومۇس، ئىزا ... ئىزا ... ئۇيات، ئۇيات»

دېگەن سۆزلەر بىلەنلا گۆدەك قەلبىگە قانداق ئىشلارنىڭ پەزىلەتلىك ئىش، قانداق ئىشنىڭ ئۇياتلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. قوپال، ناشايان گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ قالسا، دەرھال، ئۇنداق گەپ - سۆزلەرنى قىلىشنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. دېمەك، پەزىلەتكە يات بولغان ھەرقانداق كىچىك ئىشلار سادىر بولۇپ قالسىمۇ دىققەت قىلىدۇ ۋە تۈزىتىشكە ياردەمدە بولىدۇ.

ئۆتىنچى، قىزلار گۆدەك چاغدا باللار بىلەن بىرگە ئوينايدۇ، بەزى باللارنىڭ قىلىقسىز، ئەدەپسىز ئىش - ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن «ئۇ باللار ئەسكى، قىلىقسىز باللار، ئۇنداق باللارنىڭ ئىشىنى دورىما قىزىم، ئەدەپلىك، ياخشى باللارنىڭ پەزىلىتىنى ئۆگەنگىن، بولمىسا ئەسكى قىز بولۇپ قالىسەن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىك، پەزىلەتسىز ئىشلارنى پەرقلەندۈرۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

بەشىنچى، قىزلار مەكتەپ يېشىغا توشقاندىن كېيىن، پەزىلەت تەربىيىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن ئائىلە تەربىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، قىزلاردا ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئۆزىنىڭ قىزلارغا خاس پەزىلىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم، چۈنكى بۇ چاغدا سىرتقى تەسىرنى قوبۇل قىلىشى تېخىمۇ روشەن بولۇشقا باشلايدۇ. ھەردائىم قىزلاردىن ئەھۋال ئىگىلەپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ قانداق تەسىرلەرنى قوبۇل قىلمۇاتقانلىقىغا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇش لازىم. چۈنكى پەرزەنتلەرنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكىتىدە بۇ خىل تەسىر ئوچۇق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. كۆزىتىشىمىزگە قارىغاندا، قىزلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنلا قىزلارغا خاس خاراكتېر ۋە خۇسۇسىيەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە بەك ئەھمىيەت بېرىدىكەن. ئۇلاردا نومۇس قىلىش، ئىزا تارتىشتەك پسىخىك ھالەت ئوغۇللارغا قارىغاندا خېلى گەۋدىلىك بولىدۇ، قىزلار ساۋاقداشلىرىغا كۆيۈنۈش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش، ھېسداشلىق قىلىش جەھەتتىمۇ ئوغۇللاردىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ياخشى خاراكتېرنى

يېتىلدۈرۈشكە ئىلھام بېرىش كېرەك، ھەرگىزمۇ «خەق بىلەن كارىڭ نېمە» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپمەسلىك لازىم.

نەسىھەتتىن نەمۇنە

قىزىم، سەن بىزنىڭ پەخرىمىز، ئوماق غۇنچىمىز، ئەمدى سەن ئەدەپلىك، پەزىلەتلىك بول. قىز بالا دېگەننىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەل پەزىلىتى بولىدۇ. ئوغۇللار قىلغان بەزى ئىشلارنى قىزلار قىلسا ئەدەپسىزلىك سانىلىدۇ. ئوغۇل بالىلار چازا قۇرۇپ ئولتۇرسا ئەدەپسىزلىك ھېسابلانمايدۇ، لېكىن قىز بالا دېگەن ئىككى تىزىنى جۈپلەپ ئولتۇرسا ئەدەپ ھېسابلىنىدۇ. قىز بالا دېگەن ئىسسىق، يېقىملىق، خۇش چىراي بولغىنى ياخشى. سوغۇق، قوپال، تونۇق بولۇپ قالساڭ كىشىلەر پەزىلەتسىز ئىكەن دەيدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ قېشىدا ئېغىزىڭدىن ئەسكى گەپ چىقىرىپ قالما، سەت گەپ قىلىش بەك نومۇسلۇق ئىش. باشقىلار ئەسكى گەپ قىلىۋاتقان بولسا دەرھال قېشىدىن كەتكىن، ئۆيگە بىرەر ئادەم كىرسە ئەدەپ بىلەن «ياخشىمۇسىز ئاكا، ياخشىمۇسىز ئاچا» دەپ ئىللىق مۇئامىلە قىل. گومۇشتەك تۇرساڭ بولمايدۇ، قىزىم، تاماق يېگەندە ئاز - ئاز، ئالدىرىماي يېيىشكە ئادەتلەنگىن، قىز بالىغا نىسبەتەن ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ يەۋېلىش، ئالدىراپ يېيىش، ئېغىزغا كۆپ نەرسىلەرنى سېلىۋېلىش ئەيىبلىك ھېسابلىنىدۇ. كوچا - كويلاردا بىرەر نەرسە يەپ مېڭىشمۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

قىزلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن:

قىزىم، مەكتەپكە كۆنۈشتۈڭمۇ، ساۋاقداشلىرىڭ ياخشىمىكەن. ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك بالىلار كۆپمىكەن. قىزىم، ئەمدى ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدىڭ، پەزىلىتىڭنى ساقلا، پەزىلەتتە باشقىلارغا ئۈلگە بولغىن. جەمئىيەتتىكى كىشىلەرمۇ سىلەرنى قايسى مەكتەپتە ئوقۇيدىغاندۇ، كىمنىڭ قىزىدۇ، ئەجەب پەزىلەتلىك بالا ئىكەن، دەپ قالسۇن. ھەرگىز سەندىن ئەدەپسىز قىلىقلار سادىر بولۇپ قالمىسۇن، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇلارغا ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ ئۆزىنىڭ قىممىتى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم

*ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش لازىم.*

قىزلار بويىغا يېتىپ قالغاندا:

قىزلار باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرىغا چىققاندىن كېيىن، پەرزەنت تەربىيىسىدە خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ قىزلار 12 ياشتىن ھالقىغاندا تەربىيىگە تېخىمۇ دىققەت قىلىش لازىم. بۇ باسقۇچ قىزلار فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىمۇ ۋە پسىخىك جەھەتتىمۇ بۇرۇلۇش ياسايدىغان ھالقىلىق دەۋر. شۇڭا، قىزلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، جەمئىيەتكە ئارىلىشىشى، نەلەرگە بارغانلىقى، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى قاتارلىقلارنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇش لازىم. ئۇلارنى مەكتەپتىن كەچ قالماسلىققا، ئۆزى يالغۇز بىر يەرگە بارماسلىققا، تونۇمىغان ئادەم بىلەن باردى - كەلدى قىلماسلىققا، رېستوران ۋە باشقا ئويۇنخانىلارغا بارماسلىققا، باشقىلار بېرىشقا زورلىسىمۇ قىزىقىپ كېتىپ قالماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك.

ئۆي ئىچىدىكى ئەدەپ - قائىدىگە ۋە ھاياغا بەك دىققەت قىلىش لازىم. ھازىر ئاتا - ئانىلار تېلېۋىزورنى بالىلار بىلەن بىرگە كۆرگىلى بولمايدىكەن دەپ بەزى ئائىلىلەردە ئىككى تېلېۋىزور قويىدىغان بولدى، بۇ مەلۇم جەھەتتە رول ئوينىسىمۇ، لېكىن ماھىيەتلىك مەسىلىنى ھەرگىز ھەل قىلالمايدۇ. ئۇلارنى بۇ تەسىردىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى ئاتا - ئانىلار بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ماس كەلمەيدىغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەندە، بالىلارغا مۇنداق تەۋسىيە قىلىشى كېرەك.

*بالام، ئۇ دېگەن غەربنىڭ تۇرمۇشى، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئۇنداق ئىشلار تولىمۇ ھاياسىزلىق ھېسابلىنىدۇ. قىزىم، بىزدە قىز - ئوغۇللار توي قىلىشتىن بۇرۇن ھەرگىزمۇ ھاياسىز ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ. قىزلارنىڭ ئەڭ چوڭ پەزىلىتى ئۆزىنىڭ قىزلىق ئىپپەت - نومۇسىنى تاكى توي كېچىسىگىچە پاك ساقلاش. ساڭا غەيرىي تەلەپ قويغان ئادەم ھەرگىزمۇ ياخشى ئادەم ئەمەس، ئۇ ھەقىقىي مۇھەببەت ئىگىسىمۇ ئەمەس، بەلكى شەھۋەتپەرەس بۇزۇق ئادەم، سەن پەقەت ئۆزۈڭنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى چىڭ ساقلىيالىساڭلا ئۆزۈڭنىڭ ئىنسانىي قىممىتىڭنى قولۇڭدا تۇتالايسەن،*

ئەڭگۈشتەر قولۇڭدا بولىدۇ، ئەگەر ئەڭگۈشتەرنى قولۇڭدىن بېرىپ قويدۇڭمۇ، ئۇ چاغدا «سەن ئۈچۈن جېنىم پىدا، سەن مېنىڭ ھاياتىم» دەپ مەيدىسىگە ئۇرغان ئوغۇل بالىنىڭمۇ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىسەن، قەدىر - قىممىتىڭنى يەرگە ئۇرىسەن، ئەڭگۈشتەر قولۇڭدىكى چاغدا گۆھەردەك قىممەتلىكسەن، ئۆزۈڭنى تۇتقۇزۇپ قويدۇڭمۇ خۇددى خىش پارچىسىدەك قىممىتىڭنى يوقىتىپ قويىسەن. ئۇ چاغدا بېشىڭنى تاشقا ئۇرغىنىڭ بىلەنمۇ پاكلىقىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيسەن. جەمئىيەتكە نەزەر سالغىن، نۇرغۇن قىزلار بالدۇر ئۆزىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، بىردەملىك ھېسسىياتنىڭ ۋە كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالدىمۇ، ھەتتا بەزىلەر نومۇسقا چىدىماي ئۆزىنى سۇغا تاشلىۋالدى، بەزىلەر ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى، بۇنىڭ تېگىدە نېمە ئىش بارلىقىنى ئويلاپ باق. ئۇلار ساختا مۇھەببەتنىڭ قۇربانلىرى، سەن ئوقۇشىڭنى تاماملىغانغا قەدەر «مۇھەببەت» دېگەن ئىشلارنى خىيالىڭغا كەلتۈرمە، قىزىم. سېنىڭ ھازىرقى كۆڭۈل بۆلىدىغىنىڭ ئوقۇش. مۇھەببەت ئىشىنى ئاددىي چاغلىمىغايسەن. بۇ ئىش ئۆزۈڭنىڭ ئار - نومۇسۇڭ بىلەن، ئىستىقبالىڭ بىلەن، كېيىنكى تۇرمۇشۇڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش. بەزىلەر بىردەملىك ھېسسىياتنىڭ تەقەززاسىدىن خاتا يول تۇتۇپ قالدى - دە، شۇ بىر قېتىملىق سەۋەنلىكىنىڭ دەردىنى، شۇنىڭ ئار - نومۇسىنى بىر ئۆمۈر كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىپ قالىدۇ، قەلبىدە ئويۇپ قالغان بۇ قارا داغ مەڭگۈ يۇيۇلمايدۇ، قىزىم. مەن سېنىڭ ئاناڭ، شۇڭا بەزى گەپلەرنى ئوچۇق ئەسكەرتىپ قويمىسام، ساڭا بولارنى كىم دەيدۇ. سەن جەمئىيەتنىڭ يامان تەسىرىنى ھەرگىز يۇقتۇرۇۋالما، ئۆزۈڭنى يەرگە قارىتىدىغان، ئائىلىمىز شان - شەرىپىگە داغ چۈشۈرىدىغان ئىش سادىر بولۇپ قالمىسۇن.

قىزىم، ھەر ئىش ۋاقتى كەلگەندە بولغىنى ياخشى، پەزىلەتلىك، دۇرۇس نىيەتلىك، ھايالىق ياخشى يىگىتلەر بولسا ئارىلاشساڭ، بىز ئۇنىڭغا قارشى ئەمەس. بىراق ئادەمنى بىلىپ بولمايدۇ. بەزىلەر مەقسەتكە يەتكىچە خۇددى سەن نېمىنى ئويلىساڭ، ئۇمۇ شۇنداق ئويلىغان بولۇۋالىدۇ، سەن نېمىنى ياخشى كۆرسەڭ، شۇنى ياخشى كۆرگەن بولۇۋالىدۇ. راستلا سەن

*بولمىسا تۇگىشىپ كېتىدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. بۇ چاغلاردا ئۇ پەرۋانىدەك ئەتراپىڭدا چۆرگىلەيدۇ، مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنى سەندىن قاچۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ، سەندىن تۈرلۈك ئەيىب - نۇقسانلارنى تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ، باھانە ئىزدەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن كۈچۈكتەك ئەگىشىشكە مەجبۇر بولىسەن. بوپتۇ دەي دېسەڭ، ئۇ سېنى ھاقارەتلىدى، باشقىلارغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن، دەيسەن. بوپتۇ دېمەي دېسەڭ، ئۇ سېنىڭ ئىشەنچىڭنى، ئۈمىدىڭنى خاراب قىلدى، كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش ئىستىقبالىڭ قاراڭغۇلاشتى، سېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىڭ. شۇڭا، قىزىم مۇھەببەت مەسىلىسىدە، ئەڭ مۇھىمى ئۆزۈڭنىڭ پاكلىقىنى ساقلاشنى بىلسەڭلا، ۋىجدانىڭ بۇلغانمايدۇ، ھەرقانداق چاغدا يۈزۈڭ يورۇق بولۇۋېرىدۇ، تۇرمۇشتا بەخت دېگەن شۇ، قىممەت دېگەن شۇ.*

يۇقىرىقىدەك نەسىھەتلەرنى بەرگەندە، قىزلاردا بىرەر ئىش سادىر بولغاندا ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن توغرا ۋە مۇۋاپىق بىر پەيتنى تاللاش، جەمئىيەتتە بولۇپ ئۆتكەن مىساللاردىن ئۆرنەك كۆرسىتىش ۋاستىسى بىلەن جەمئىيەتتىكى مۇھەببەت تراگېدىيىلىرىنىڭ سەۋەبىنى سەمىگە سىڭدۈرۈش لازىم. بولۇپمۇ پۇل ۋە بايلىققا، مەنسىپكە تايىنىپ قىزلارنىڭ ۋىجدانىنى بۇلغايدىغان، نۇرغۇن نادان، ئىرادىسىز قىزلارنىڭ ئاشۇ پۇلدار نائەھلىلەرنىڭ چاڭگىلىدا نابۇت بولۇپ، قەدىر - قىممىتىنى يەرگە ئۇرۇۋاتقانلىقىنى دارتىملاش يولى بىلەن چۈشەندۈرۈش ۋە جەمئىيەتنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

*«ئاڭلىدىڭمۇ قىزىم، پوكۇنى قىز شۇنداق چىرايلىق چوڭ بولغانتى، ئەمدى كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قاپتۇ، بىر ئايالى بار نائەھلى باي ئۇ قىزنى خارلاپتۇ. ئادەم دېگەندە ئەقىل بولمىسا، نومۇس بولمىسا، ۋىجدان بولمىسا، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ باھاسىنى بىلمىسە ئاشۇنداق نومۇسسىز يولغا كىرىپ قالىدىغان گەپتە. پۇل ھەرگىزمۇ ئىنسانىي قىممەتتىن، نومۇستىن ۋە پاكلىقتىن يۇقىرى ئەمەس. ھەقىقىي ئار - نومۇسلۇق، ئىنساپى بار ئادەم ھەرگىزمۇ پۇلنى دەستەك قىلىپ ئۆزىنى*

ئاياغ ئاستى قىلىشىغا يول قويمايدۇ. ئۇ قىزلار ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان، رەزىل پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق ئەسكى ئىپلاسلىقلارنى قىلىشتىن يانمايدىغان يامان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغان. قىزىم، ئادەم دېگەن كۈندە بىر نان يېيىشمۇ، بىر كىيىمنى بىر يىل كىيىشمۇ، پەزىلەتتىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك لىباسنى ھەرگىز سالماسلىقى كېرەكتە. پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدىغان نومۇسنى، كىيىم - كېچەككە ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان ۋىجداننى قانداقمۇ نومۇس، ۋىجدان دېگىلى بولسۇن. ئۇ قىزلار پۇلغا، كىيىم - كېچەككە ئۆزىنى قارا يۈرەك ئەبلەخلەرنىڭ خورلىشىنى، ھاقارەتلىشىنى سېتىۋالغان. ئەسلىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇر قىزلىرى پۇلنى دەستەك قىلىپ قىزلارنى ئالدايدىغان، پۇلغا تايىنىپ قىزلارنى ئاياغ - ئاستى قىلىشنى نىيەت قىلغان نائەھلىلەرنى تېزەك چاغلىق كۆرمەسلىكى، ھەتتا ئۇلارنى ئادەم سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلماسلىقى كېرەك ئىدى بالام» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن قىزلارنىڭ قەلبىدە بۈيۈك غۇرۇر، نومۇس تۇيغۇسىنى ئويغىتىش كېرەك. بۇ يالغۇز قىزلارنىڭ مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ پاك بولۇشى ئۈچۈن قوشۇلغان تۆھپە بولۇپ قالىدۇ.

## 3. قىزلار ئۆي ئىشلىرىغا پىشسۇن

قىزلارغا بېرىلىدىغان پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ بىرى، ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆي ئىشىغا پۇختا، ئىشقا پىشقان، پاكىز، ئاش - تاماقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەش لازىم. بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ كەلگەن.

ھازىر مۇتلەق كۆپ ساندىكى قىزلار مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلار ئوقۇشقا تەسىر يەتمىسۇن دەپ ئۇلارنى ئۆي ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرمايدۇ. نەتىجىدە بەزى قىزلار ھەتتا تۇرمۇشلۇق بولغانغا قەدەر تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، ئۆيىنى سەرەمجانلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى

ياخشى بىلمەيدۇ. بۇنداق بولۇش قىزلار ئۈچۈن بىر ئەيىب سانىلىدۇ. ئۆي ئىشلىرىغا سالماي ئۆگىتىپ قويغان قىزلار ئۆي - ئوچاقلىق بولغاندا، يېڭى ئائىلە تۇرمۇشىغا كۆنەلمەي، كۆپ سوغۇقچىلىقلارنىڭ بولۇشىغا، ھەتتا مۇشۇ سەۋەبلىك تۇرمۇشىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇۋاتىدۇ.

بىلىش كېرەككى، ئۆي ئىشلىرىغا پۇختا، پىشقان بولۇش، پاكىز، تەرتىپلىك ۋە رەتلىك بولۇش كىشىلىك تۇرمۇشتىكى قەتئىي بىلىش زۆرۈر بولغان ئاددىي بىر تەلەپ ھېسابلىنىدۇ. ئانچە - مۇنچە ئائىلە ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇش بىلەن ئوقۇشقىمۇ تەسىر يېتىپ كەتمەيدۇ. ئۇيغۇر قىزلىرى قەدىمدىن تارتىپ قونچاق ئويۇنى، ئۆي تۇتۇش ئويۇنى، ئاش ئېتىش، مېھمان كۈتۈش ئويۇنى قاتارلىق بالىلار ئويۇنلىرىنى ئويناپتتى. بۇ ئەنئەنە بالىلارنىڭ چوڭلارغا تەقلىد قىلىش يولى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلىشىگە ئىمكانىيەت ھازىرلاپتتى.

ھازىرقى بەزىبىر رېئال ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە ئاجايىپ پەزىلەتلىك، ئۆي ئىشلىرىغا پۇختا، پاكىز، ئاش - تاماققا ئۇستا ئاياللار بار. بۇنداق ئاياللارنى ئۇيغۇرلار «ئوڭلۇق» دەپ ئاتايدۇ. ئەمما يەنە بىر قىسىم خوتۇنلار باركى، ئىنتايىن مەينەت، ئۆيگە كىرسە بەتبۇي پۇرايدۇ، ئولتۇرغان يېرى ئېغىلغا ئوخشايدۇ، ئۇماچ بىلەن سۇيۇقئاش ئېتىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، ئەتكەن ھالەتتىمۇ ئاشقا ئوخشىمايدۇ، ئورۇن- كۆرپە، چىنە - قاچىلىرى قاسماق. بۇنداق ئوخشىماسلىق نەدىن كېلىپ چىققان؟ دەل ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان. شۇڭا، ئانىلار بۇ جەھەتتىمۇ ئۆزىمىزگە بەكرەك تەلەپ قويۇشىمىز ھەم پەرزەنتلىرىمىزنى ئەتراپلىق تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم.

**نەسىھەتتىن نەمۇنە**

*قىزىم، ئۆي ئىشىدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرما، ماڭا يېقىن تۇرغىن، ئۆي ئىشلىرىنى كۆرۈپ كۆزۈڭ پىشسۇن، قىز بالا دېگەنگە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى، ئاش - تاماق ئېتىشنى بىلمەسلىك ئەيىب. كەلگۈسىدە بىر ئۆي بېشىڭغا كېيىلگەندە ساڭا باشقا بىر كىشى كىرىپ ئاش - تاماق ئېتىپ ئۆي تۇتۇشۇپ بەرمەيدۇ. بازاردىن تاماق يېسە تاغمۇ توشمايدۇ. بەزىلەر ئۆيىدە*

تۇزۇك تاماق قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا بازاردا تاماق يەيدۇ. ئۆينىڭ بەرىكىتى بولىدۇ، بىر كۈن كوچىدا تاماق يېگەن پۇلغا ئۆيدە ئىككى، ئۈچ كۈن جاھاندارچىلىق قىلغىلى بولىدۇ. بالام، ئۆي دېگەندە مېھمان ئۈچۈر بولىدۇ، ئۇلارنى ياخشىراق كۈتمىسەڭ كەينىڭدىن سۆز - چۆچەك قىلىدۇ. ئىش قىلغاندا تېجەشلىك، پىلانلىق، تەرتىپلىك بولۇش كېرەك. بۇزۇپ - چېچىش بەك ئېغىر گۇناھ. تېجەشلىك، پىلانلىق بولسا ئۆينىڭ بەرىكىتى بولىدۇ، قىزىم. كىمنىڭ ئۆيىدە بول ئائىلىگە كۆيۈنۈشنى بىلىش لازىم. كۆڭۈل قويساڭ تاماق ئېتىش دېگەن ئوينىغاندەكلا بىر ئاددىي مەشغۇلىيەت بولۇپ قالىدۇ، ھەربىر تاماقنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئالاھىدىلىكى ۋە نازۇك تەرىپى بولىدۇ. شۇنى ئېگىلىيەلمىسەڭ، ھەرقانچە كۆپ گۆش، ياغ ئىشلەتسەڭمۇ ئېغىزغا تېتىمغۇدەك تاماق چىقارغىلى بولمايدۇ (زۆرۈر تېپىلغاندا، ھەربىر تاماقنىڭ ئىنچىكە، نازۇك نۇقتىلىرى، قانچىلىك گۈرۈچكە قانچىلىك سۇ، ياغ كېتىدىغانلىقى، قانچىلىك ئۇنغا قانچىلىك تۇز لازىملىقى، خېمىرنى قانداق يۇغۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا تەپسىلىي چۈشەنچە بەرسە بولىدۇ).

قىزىم، پاكىزلىق ئۆزۈڭنىڭ مۇھىم خىسلىتى بولسۇن. پاكىزلىق سالامەتلىكنىڭ، بەرىكەتنىڭ ئاساسى. نەدە مەينەتچىلىك بولسا شۇ يەردىن ئامەت قاچىدۇ، بەرىكەت كۆتۈرۈلىدۇ. سېنىڭ نام - ئابرۇيۈڭنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغانمۇ، يەرگە ئۇرىدىغانمۇ شۇ پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىش - بەرمەسلىكىڭدە. بىلىسەن، ئۇيغۇر قىزلىرى سەھەردە قوپۇپ بىرىنچى قىلىدىغان ئىشى ئۆي تازىلىقى. ئۇلار ھويلا - ئارامنى پاكىز سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ناشتىغا ئولتۇرىدۇ. شۇنىڭدىلا كۆڭۈل روشەن ھالدا ناشتا قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چىنە - قاچا، چەينەك، چۆگۈن، ئورۇن - كۆرپە، كىيىم - كېچەككىمۇ بەك ئەھمىيەت بەر بالام. ئۆي دېگەننى چىنىدەك پاكىز تۇتالىساڭ سېنى ھەممە ئادەم پەزىلەتلىك، پاكىز دەپ ماختايدۇ. ئەگەر مەينەتچىلىككە ئادەتلىنىپ قالساڭ، ئۆيۈڭگە كىرگەن ئادەممۇ شەكلىنىپ تامىقىڭنى يېمەيدۇ. بۇ ساڭا نومۇس بولىدۇ. قىزىم، پاكىزلىققا بايلىق، كەمبەغەللىك ئۆلچەم

*قىلىنمايدۇ. ھەرقانچە نامرات بولۇپ ئۆيۈگدە بىسات بولمىسىمۇ، ئۆي پاكىز بولسا كۆڭلۈڭ روشەن بولىدۇ، ئاغرىق ـ سىلاقتىن خالىي بولىسەن.*

## 4. يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە كىيىنىش تەربىيىسى

ھازىر جەمئىيەتنى ئەپسۇسلاندۇرۇۋاتقان، ئاتا ـ ئانىلارنى خەۋپسىرىتىۋاتقان بىر ئەھۋال شۇكى، ئۇيغۇر قىزلىرى يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە كىيىنىش جەھەتتە بەكمۇ غەيرىيلىشىپ كېتىشكە باشلىدى. گۈزەل، يارىشىملىق مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي ئۆزىمىزگە يات بولغان كىيىم ـ كېچەكلەر ئىگىلىدى. زىبۇ زىننەت تاقاش ۋە پەرداز جەھەتتە ئەسلىي ئۆلچەم بۇزۇلۇپ چاكىنىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇنىڭ روشەن ئىپادىسى شۇكى، بىزنىڭ ھازىرقى بەزى خوتۇن-قىزلىرىمىزنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىغا خاس ئالاھىدىلىكنى تاپقىلى بولمايدۇ، ھەتتا تەگرى يارانقان قوندۇزدەك قاپقارا چاچلىرىنىمۇ سېرىق بوياپ، ئۆزىنىڭ تەبىئىي يارىتىلىشىغا ئۆكتە قوپماقتا. بىز ھازىرقى ئۇيغۇر قىزلىرىدىن خەنزۇ قىياپەتلىك قىزلارنىمۇ، پاكىستان، ھىندىستان قىزلىرىغا خاس ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ، ياۋروپا قىزلىرىغا خاس ئالاھىدىلىكنىمۇ، ئەرەب ئاياللىرىغا خاس ئالاھىدىلىكنىمۇ، نەچچە خىل تەركىبلەر بىر گەۋدە بولغان ئەھۋاللارنىمۇ ئۇچرىتىمىز. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، ئۆزىنى «مەدەنىي» چاغلاۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇر قىزلىرى ئۆزىنىڭ بوي ـ تۇرقى، رەڭگىرويى، مىجەز ـ خاراكتېرى، ياش قۇرامى ۋە مۇھىتقا ئۇيغۇن كېلىش ـ كەلمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، كىنو، تېلېۋىزوردىن قانداق كىيىم مودىسىنى كۆرسە، ئۇنى خۇددى مەخسۇس ئۇيغۇر قىزلىرى ئۈچۈنلا لايىھىلىگەندەك ھېس قىلىپ شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كىيىۋېرىدىغان بولۇپ كەتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، يارىشىملىق، كەڭ، سىلىنىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر كىيىملىرى گۈزەللىك ئۆلچىمىنىڭ قايسى يېرىگە چۈشمىدىكىن تاڭ، مېڭىش ـ تۇرۇشتىمۇ قىينىلىدىغان، ئىنتايىن تار، يېڭى ياكى پۇشقىقى يوق يېرىم يالىڭاچ

كىيىم- كېچەكلەرنى ئىمىشكە باشلىدى، ھەتتا بەزى قىزلار ئېخمۇ ھەددىدىن ئېشىپ پۇتىغا ئالتۇن ھالقا سېلىشقا باشلىغان. مىللىي كىيىم- كېچەكلىرىمىزنى ياراشتۇرۇپ كىيگەن قىزلىرىمىزنى مەدەنىيەتسىز، زاماننىڭ كەينىدە قالغان، سەھرالىق دەپ ئەيىبلەۋاتىمىز.

بۇنداق ئېزىز سۇرئەتتە ياتلىشىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟

بىرىنچى، ئۇيغۇر قىزلىرى گۈزەللىك تەلىم - تەربىيىسىدىن خەۋەرسىز قالدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىدا تۇرغۇنلۇق يوق، باشقىلار نېمىنى كىيسە مودا قوغلىشىپ، ئۆزىگە يات، ئەسلىي گۈزەللىككە نۇقسان يەتكۈزىدىغان كىيىملەرنىمۇ قوبۇل قىلىۋەرگەن. ئىككىنچى، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى، قىممىتىنى، تەن سالامەتلىك بىلەن، شەرم - ھايا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھېس قىلىشتىن مەھرۇم قالغان. ئۈچىنچى، نوقۇل دوراش پسىخىكىسى ئۈستۈنلۈكنى ئالغانلىقى ئۈچۈن، سىرتتىن كىرگەن غەيرىي كىيىم - كېچەكلەرنىڭ قىممەت جەھەتتە ئۆزىمىزنىڭ مىللىي كىيىملىرىمىزنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغانلىقىنى چۈشەنمىگەن. تۆتىنچى، ئانىلار ئۆزى باش بولۇپ مىللىي كىيىملەردىن ۋاز كەچكەن. شۇڭا قىزلىرىنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز قالغان. ئەگەر ئاتا - ئانىلارنىڭ قۇربىتى ۋە سەۋىيىسى يار بېرىدىغان بولسا، پەرزەنتلەرگە كىچىكىدىن باشلاپ گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىكنى چۈشىنىش، گۈزەللىكنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە تەربىيە بېرىشى لازىم.

نەسىھەتتىن نەمۇنە

قىزلار مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا:

*قىزىم، گۈزەللىك ئاددىي - ساددىلىقتا، ئوقۇغۇچى دېگەن غەيرىي، غەلىتە نەرسىلەرنى كىيىۋالسا بولمايدۇ. ئادەمنىڭ گۈزەللىكى ھەشەمەتلىك، غەيرىي كىيىنىۋېلىشتا ئەمەس، بەلكى بىلىم، قابىلىيەتتە ۋە پەزىلەتتە. سەن كىيىنىۋېلىشنىلا قىممەت، ئابرۇي دەپ قارايدىغان قىزلاردىن ئۆگەنمىگىن. كىيىم - كېچەككىلا ھەۋەس قىلىش ئادەمنى ياخشى كويغا سالمايدۇ. ئوقۇغۇچى دېگەن ھازىر كىرىم بۇيۇملىرىنى ئىشلەتسە*

بولمايدۇ، شۇنچە چىرايلىق ھۆسن - جامالىڭ، ئالمىدەك چىرايلىق يۈزۈڭ، بۇلاقتەك كۆزۈڭ، ئايدەك قېشىڭ تۇرۇپ، خامىنغا چۇشكەندەك يۈزلىرىڭنى بويىۋېلىش گۈزەللىك ئەمەس، بەلكى گۈزەللىككە نۇقسان يەتكۈزۈش بولىدۇ. ھەرگىز باشقىلارنى دوراپ، گىرىم قىلىش مەدەنىيلىك ئوخشايدۇ، دەپ قارىمىغىن. ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆز ۋاقتى بولىدۇ. غۇنچىنىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ئۆزىگە يارىشىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە پەرداز بېرىش نەھاجەت. ئالتۇن ئۈستىگە كاكۇل لاي بېرىش ئەقىلسىزلارنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى.

قىزلار سەل بويىغا يېتىپ قالغاندا:

قىزىم، ئۆزۈڭنىڭ ئۇيغۇر قىزى ئىكەنلىكىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما. يەنە بىرى، ئۆزۈڭنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇما، ۋىجدانىڭنى يوقاتما. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي خاسلىقى بولىدۇ. ئۆزىگە خاس مىللىي خاسلىقى بولمىغان خەلق ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يوقاتقان خەلقتۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىيىنىش، زىبۇ زىننەت تاقاش ۋە پەرداز قىلىش جەھەتتە ئۆزىگە خاس گۈزەل ئەنئەنىسى بار، بۇ خىل ئەنئەنە بىزنىڭ ياشاش شارائىتىمىز، ئېستېتىك ئېڭىمىز، فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىمىزگە ماس ھالدا شەكىللىنىپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىمىزغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي خاسلىقىنى تەشكىل قىلغان مۇھىم بىر تاشقى ئىپادىگە ئايلانغان.

قىزىم، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ھەرگىزمۇ غەرب دۇنياسىنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىدىن تۆۋەن تۇرمايدۇ. بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنلا ئۇيغۇرلار نەپىس، نازۇك ۋە سىپتا، رەڭگارەڭ كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت مەدەنىيىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇنداق مەدەنىيەت باشقا ئەللەرگىمۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە تەسىرىنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئاياللىرى بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل مۇقەددەملا باغىرداق (لىپتىك) مەدەنىيىتىنى كەشىپ قىلىپ، دۇنيا كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتىنى بېيىتىشقا تۆھپە قوشقان. كىرورەن ئانا

كىيگەن گارمۇن ئىشتان ۋە نەقىشلىك ئۆتۈكلەر دۇنيا كىيىم - كېچەك مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر مۆجىزە. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، VIII ئەسىرلەردە ئاڭ سۇلالىسىدا ئۇيغۇرچە ياسىنىش، ئۇيغۇرچە زىبۇ زىننەت تاقاش مودا بولغانلىقى مەلۇم. تاڭ دەۋرىدىكى بىر شائىر مۇنداق يازغان:

بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز - ئوغۇللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق، سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇ زىننەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەسبەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان. ①

بۇنىڭدىن قىياس قىلغىنىكى، ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنى چۈشىنىشى، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىشنى بىلىشى كېرەك. بىزنىڭ چىرايلىق گۈل چېكىلىپ ئىشلەنگەن چىمەن دوپپىلىرىمىز، كەڭ پۇشقاقلىق يارشىملىق كۆڭلەكلىرىمىز مەدەنىيەتنىڭ قايسى يېرىگە يۇتلاشتى، قىزىم؟

ھازىر بەزى قىزلار بىر ئىنلىك كەڭلىكتىكى، بىر ئىلىك ئۇزۇنلۇقتىكى يوپكىلارنى كىيىۋېلىپ، يا خاتىرجەم ماڭالمايدىكەن، يا خاتىرجەم ئولتۇرالمايدىكەن. شۇمۇ گۈزەللىكمۇ؟ ھازىر جەمئىيىتىمىزدىكى ئاڭ ئۇ دەرىجىگە بارغىنى يوق، ئۇنداق يېرىم يالىڭاچ كىيىملەر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغىمۇ مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. قىزلارنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ھەرگىز ئوچۇقلۇقتا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى يوشۇرۇش ۋە ھايادا.

قىزىم، بەزى قىزلارغا چېچى نېمىگە يۇتلاشتىكىن تاڭ، چىرايلىق سۇمبۇل چاچلىرىنى كېسىۋېتىپ «توبا باش» ، «چاڭگا باش» بولۇۋالغان. ئۇيغۇرلاردا «ئاياللار زىننىتى چاچ، ئەرلەر زىننىتى ساقال» دېگەن گەپ

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

بار. ئۇيغۇر خەلقى 40 تال ئۆرۈلگەن مەجنۇن تالدەك گۈزەل چاچلارنى قىزلار گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى دەپ قاراپ كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇر شائىرلىرى گۈزەل سۇمبۇل چاچلار ئۈچۈن باغرىنى كاۋاپ قىلىپ، بۇلبۇل گۈلگە شەيدا بولغاندەك چاچنىڭ تەرىپى ئۈچۈن گۈزەل مىسرالارنى تىزىشقانىكەن.

ئاداقىڭغە تۇشەر ھەرلەھزە گىسو،
مەسەلدۇركىم: «چىراغ تۇۋى قاراڭغۇ.»

(تەمسىلدە ئېيتىلغان: «چىراغ تۇۋى قاراڭغۇ» دېگەندەك، ئۆرۈم چاچلىرىڭ تاپىنىڭغا چۈشۈپ تۇرىدۇ.)

ئەي ئارەزى نەرسىن، ساچى سۇمبۇل، قەددى شەمشاد،
بۇلبۇل كەبى ھىجرىڭدە ئىشىم نالەھۇپەرياد.

(ھەي يۈزى نەرسىن گۈلدەك گۈزەل، چېچى سۇمبۇل، قەددى شەمشاد يار. مېنىڭ ئىشىم بۇلبۇلغا ئوخشاش سېنىڭ ئىشقىڭدا نالە ـ پەرياد قىلىش بولدى.) ①

قىزىم، سەن ھەرگىز ئۆزۈڭدىن نومۇس قىلما، ئۆزۈڭنىڭ مەدەنىيىتىدىن پەخىرلەن، ئۆزۈڭنى تۆۋەن چاغلىما؛ ئۆزۈڭدىن ياتلاشماقچى بولساڭ، ئۆزۈڭنى ئۇيغۇر قىزى دەپ قارىما، ئۆزۈڭنى ئۇيغۇر قىزى دەپ تونۇساڭ، ئۆزۈڭنىڭ گۈزەل مىللىي خاسلىقىڭنى تاشلىما. مەدەنىيلىشىش دېگەن ياتلىشىش ئەمەس قىزىم، بەلكى مىللىي مەدەنىيەتنى زامانغا يارىشا تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاڭ جەھەتتە يۈكسىلىشتۇر.

① لۇتفى.

## 5. قىزلارنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە ۋە قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك

بۈگۈنكى دۇنيادا قىزلارغا قويۇلىدىغان نۇرغۇن ئىجتىمائىي چەكلىمىلەر بۇزۇپ تاشلاندى. قىزلارمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بىراق بەزى ئاتا - ئانىلار قىزلارغا «سەن دېگەن قىز بالا، شۇنچىلىك ئوقۇساڭلا كۇپايە، ھەرقانچە تىرىشساڭمۇ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىۋېتىشىڭ مۇمكىن ئەمەس» دەپ قىزلارنىڭ جەمئىيەت سېپىگە قاتنىشىشتەك ئوتلۇق ئىنتىلىشىگە سوغۇق سۇ سېپىدىغان ئەھۋاللار بار. بىراق بۇ دۇنيا ئوغۇل ۋە قىزلار بىلەنلا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولالايدۇ. خىزمەت نۇقتىسىدىن ئوغۇللار قىلالىغان ھەرقانداق ئىشنى قىزلارمۇ قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆمۈر بويى ئۆي ئايالى بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا بولمايدۇ، ئۇلارغىمۇ شان - شەرەپ، قەدىر - قىممەت كېرەك، ئۇلارنىڭمۇ ئەل ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇش مەجبۇرىيىتى ۋە قابىلىيىتى بار. بۇ نۇقتىدا ھەرقانداق بىر ئاتا-ئانا قىزىنى رىغبەتلەندۈرۈش، ئىلھام بېرىش ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىش ھەققى باركى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشلىرىنى، ئۇلۇغۋار ئارزۇلىرىنى بوغۇشقا ھەقلىق ئەمەس. بۇ جەھەتتە ئۇلارغا ئۈمىد بېغىشلايدىغان، ئۇلارغا جۈرئەت ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىدىغان نەسىھەتلەرنى قىلىشى كېرەك.

### نەسىھەتتىن نەمۇنە

*قىزىم، سەن ھەرگىز «مەن دېگەن قىز بالا، مەن قانچىلىك چوڭ ئىشلارنى قىلالايتتىم، ئەپلەپ بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپ جان باقسام‌لا كۇپايە» دەپ ئىلگىرىلەش يولۇڭنى قاشالاپ قويمىغىن، سەندىمۇ ئوغۇللارغا ئوخشاشلا كاللا بار، قابىلىيەت بار، ئۆزۈڭگە قاتتىق تەلەپ قويساڭلا، ئوغۇللار قىلالىغان ئىشلارنى قىلالاپلا قالماي، بەلكى ئوغۇللاردىن ئېشىپ كېتەلەيسەن. سەن ئەقىل جەھەتتە ھەرگىز ئۆزۈڭنى تۆۋەن چاغلىما، ئۈمىدسىز بولما. دۇنياغا نەزەر سال، جەمئىيەتكە قارا، نۇرغۇنلىغان*

*قىزلار ئىرىشىپ ئۆگىنىپ ئاسپىرانت، دوكتور بولۇۋاتىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىپ ئەل ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشۇۋاتىدۇ. سېنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى قىسمەن ئاجىزلىقىڭ ھەرگىزمۇ ئوغۇللاردىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىڭنى ئىسپاتلىمايدۇ. ئىقتىدار دېگەن جىسمانىي كۈچ ياكى جىنسىي پەرق بىلەن ئۆلچىنىدىغان زامان كەلمەسكە كەتتى، قىزىم. سېنىڭ ھازىر تەربىيىلىنىش پۇرسىتىڭ بار. ۋۇجۇدۇڭدا تەڭداشسىز يوشۇرۇن ئىقتىدار مۇجەسسەم. بۇنداق ئىقتىدارنى پەقەت ئۆي تۇتۇشقىلا سەرپ قىلىۋېتىش تولىمۇ ئەقىلسىزلىق ۋە ھايات بىھۇدىچىلىكى. سەن جۈرئەتلىك، ئۈمىدلىك ۋە تىرىشچان بولۇپ، بۈيۈك تۆھپىلەر بىلەن قىزلار ئۈچۈن شان - شەرەپ قۇچۇشقا ھەقلىق. سەن ئۇلۇغۋار مەقسەت، قەتئىي ئىرادە بىلەن دۇنياغا، ئوغۇللارغا رىقابەت ئېلان قىلالىغۇدەك جاسارەتكە ئىگە بولۇشۇڭ لازىم.*

## 6. قىزلارنىڭ نىكاھ ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىغا توغرا مەسلىھەت بېرىش كېرەك

نىكاھ ۋە تۇرمۇش ئىشى ئاتا - ئانىلارنىڭ بېشىنى ئەڭ قاتۇرىدىغان ۋە خاتىرجەمسىزلەندۈرىدىغان مۇھىم ئىش. چۈنكى «نىكاھ دېگەن ئۆمۈر سودىسى» دېگەن گەپ بار. پەرزەنتلەرنىڭ نىكاھتا ۋە تۇرمۇشتا بەختلىك بولۇشى ئىككى ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى، يەنە بىر ئائىلىنىڭ بەختلىك بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش. تۇرمۇش خاپىلىقى ئائىلىلەرگە ئىنتايىن چوڭ كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ بۇ چوڭ ئىشىغا نىسبەتەن ئىنتايىن سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، پەرزەنتلەرگە توغرا يول ۋە ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزئارا مۇئامىلە مۇناسىۋەتلىرى، ئائىلە ئىشىدا ئىقتىسادچان بولۇشى، قېيناتا - قېينانىسىغا تۇتقان مۇئامىلە مۇناسىۋەتلىرى پەرزەنتلەرگە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ. بىزنىڭ كۆزىتىشىمىزگە قارىغاندا، پەرزەنتلەرنىڭ نىكاھ ئىشىدا ئاتا - ئانىلار

مۇنداق بىرقانچە تەرەپتىن يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم:

بىرىنچى، پەرزەنتلەرنىڭ مۇھەببىتىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم. چۈنكى بىر ئائىلە مۇھەببەتسىز پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، ئائىلىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى مۇھەببەت، مۇھەببەتلا پەرزەنتلەرنى ھەرقانداق قىيىن شارائىتلارغا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك بۈيۈك كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. مۇھەببەت ئۇچقۇندىغان كۆزلەر ئالدىدا قۇسۇر ۋە ئەيىب كۆرۈنمەيدۇ. مۇھەببەتسىز ئائىلىدە ھەرقانچە بەختلىك، باياشاتلىق ئىچىدە ياشىسىمۇ يەنىلا قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بىر كەملىك ھېس قىلىدۇ. كىچىككىنە زەربىمۇ ئۇلارغا كۆتۈرگۈسىز ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا نىكاھ ھەرگىزمۇ زورلۇق ئۈستىگە قۇرۇلماسلىقى كېرەك. ئەگەر نىكاھ ئىشىدا ئۆزىڭىزنىڭ خاھىشىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويسىڭىز، پەرزەنتلەرنىڭ بەختسىزلىكىگە پۈتۈنلەي سەۋەبچى بولۇپ قالىسىز.

ئىككىنچى، ئۆزىڭىزنىڭ خاھىشى ياكى پەرزەنتلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە قارشى تەرەپنىڭ باي ۋە كەمبەغەل بولۇشىنى ئۆلچەم قىلىش تولىمۇ خاتا. ئەگەر پەرزەنتلەر قارشى تەرەپنى باي، پۇلدار دەپ قىزىقىپ قالغان بولسا، بۇ مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى تەمە. بۇنداق قۇرۇق تەمەدىن پەرزەنتلەر ئۆزىگە نىسبەتەن پەس كۆرۈشنى، كەمسىتىشنى ۋە خورلۇقنى سېتىۋالىدۇ. بايلار ھېچقاچان قىزىڭىز بەدىلىگە بايلىقىنىڭ يېرىمىنى سىزگە بۆلۈپ بەرمەيدۇ، ئەكسىچە سىزنى ئۆزى بىلەن بىر قاتاردا تۇرالمايدۇ، داستىخاننى بىزدەك سالالمايدۇ، دەپ قاراپ ئالدىڭىزدا غادىيىدۇ. ئۇنداق ئائىلىدە قىزىڭىز كېلىن ئەمەس، بەلكى ئاددىي بىر خىزمەتچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر پەرزەنتلەر ئاشۇنداق بىر تەمە بىلەن توي قىلماقچى بولىدىكەن، بۇنداق نىكاھنى توسۇشقا ھەقلىقسىلەر.

ئۈچىنچى، قىز پەرزەنتلەرنى ھەرگىز ئۆزىدىن ياشتا پەرقى زور كىشىلەرگە زورلاپياتلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭ. چۈنكى چوڭ ياشتىكى كىشىلەر بىلەن ياش قىزلار ھېسسىيات جەھەتتە ھەرگىز ئورتاقلىشالمايدۇ. يەنە بىرى، يىللار ئۆتكەنسېرى، ئارىدىكى پەرق تېخىمۇ زور بولىدۇ. ئۈچىنچى تەرەپتىن، ئەر بالدۇرلا ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئېغىر

يۈكى قىزىڭىزنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. بۇ دەرد ـ ئەلەمگە سىلەرمۇ شېرىك بولىماي ئىلاجىڭلار يوق، بۇ خۇسۇستا مۇنداق بىر ھېكايىنى مىسال تەرىقىسىدە سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي: شەيخ سەئدى مۇنداق بىر ھېكايىنى قىلىدۇ: بىر قېرى ئادەم مۇنۇلارنى ھېكايە قىلىپ بەرگەنىدى، — دەيدۇ ئۇ، — بىر قىزغا ئۆيلەنگەنىدىم، ئۆيىنى گۈل بىلەن بېزىدىم، ئۆيدە ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز ئولتۇراتتۇق، دىلىم ئۇنىڭغا باغلانغانىدى. ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەيتتىم، قىز مەندىن ئۆزىنى قاچۇرمىسۇن، ماڭا كۆنۈپ قالسۇن دەپ، ئۇزۇن كېچىلەردە لەتىپە، چۆچەكلەرنى ئېيتىپ چىقاتتىم. بىر كېچىسى قىزغا مۇنداق دېدىم: ساڭا بەخت يار بولدى، ئامەت كەلدى، چۈنكى سەن تەجرىبىلىك، ئوقۇغان، جاھان كۆرگەن، تىنچ، ئىسسىق ـ سوغۇقنى باشتىن ئۆتكۈزگەن، ياخشى ـ ياماننى سىنىغان، مۇھەببەتنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان، دوستلۇقنىڭ شەرتىنى ئادا قىلىدىغان، كۆڭلى يۇمشاق، مېھرىبان، مجەزى ئوبدان، شېرىن سۆزلۈك بىر قېرىنىڭ قولىغا چۈشتۇڭ. سەن تەكەببۇر، كۆڭلى قارا، ئويۇنچى، شاختىن ـ شاخقا قونىدىغان، دائىم ھەۋەسكە بېرىلىدىغان، پىكرىدە تۇرمايدىغان، ھەر كېچىسى بىر جايدا قونۇپ قالىدىغان، ھەر كۈنى بىر يار تۇتىدىغان يامان يىگىتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىدىڭ. ئەمما قېرىلار يىگىتلەرگە ئوخشاش بەڭۋاش ئەمەس، ئۇلار ئەقىل، ئەدەپ بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ.

— شۇ يوسۇندا قىزغا بىرمۇنچە سۆزلەرنى قىلدىم، — دېدى قېرى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، —ئۇنىڭ كۆڭلى ماڭا باغلاندى، ئەمدى ئۇنى ئۆزۈمگە قارىتىۋالدىم، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن قىز دەردلىك كۆڭلىدىن سوغۇق بىر ئۇھ تارتتى ـ دە:

— سەن ئېيتقان بۇ سۆزلەرنى ئەقلىمنىڭ تارازىسىدا تارتىپ كۆرگىنىمدە، بىر سۆزچىلىك ۋەزنى يوق، بىر چاغدا مەن ئىنىكئانامدىن، «ياش چوكانغا قېرى ئادەم يېنىدا ئولتۇرغاندىن بىقىنىغا ئوقيا ئوقى سانچىلىپ تۇرغان ياخشى» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، بىز كېلىشەلمىدۇق. ئاخىرى ئاجرىشىپ كەتتۇق. قىز ئىددەت ۋاقتى توشۇش بىلەنلا بىر يىگىتكە تېگىۋالدى. بۇ قېتىمقى

ئېرى ئاچچىقى يامان، تولۇق، سىجەزى ئۇسال، قولىدا ھېچنېمىسى يوق بىر ساياق بولۇپ، قىز ئۇنىڭدىن جەبرى - جاپا كۆرەتتى ۋە رەنجى - مۇشەققەت تارتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، خۇدانىڭ بۇ نېمىتىگە شۇكۇر قىلاتتى: «ئەلھەمدۇلىللا، ئاشۇ قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇم، ئەمدى مۇقىم نېمەتكە ئۇلاشتىم! » دەيتتى.

دېمەك، مۇنداق ئىشلار تۇرمۇشىمىزدا ئاز ئەمەس، بەزى قىزلار چىشىنى چىشلەپ ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. يەنە بەزىلەر ئائىلىسىگە ۋە سىلەرگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان يولنى تاللاشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختى ئۈچۈن پەرزەنتلىرىنىڭ كۆڭۈل خاھىشىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارغا زورلۇق ۋاستىسىنى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. مۇبادا قىزلار ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىزلىكى ۋە بىردەملىك كۆڭۈل خاھىشىغا بېرىلىپ كەتكۈدەك بولسا، سەۋرچانلىق بىلەن ئۇلارغا تۇرمۇش يولىنى بىردەملىك قىزغىنلىق ۋە ھەۋەسكە تايىنىپلا تاللىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ نەسىھەت قىلىپ چۈشەندۈرۈش كېرەك.

## 7. قىزلار تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆپ ئارىلىشىۋالماسلىق كېرەك

ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نىكاھتىن ئاجرىشىش ئىنتايىن ئېغىر پاجىئە بولماقتا. بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئاتا - ئانىلار نىكاھنى ئاددىي بىر ئويۇن قاتارىدا كۆرۈۋاتىدۇ. ئەرزىمىگەن ئازغىنە مەنپەئەت ياكى كىچىككىنە كۆڭۈل ئاغرىقى بىلەنلا بىر ياخشى ئەر - خوتۇننى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى ئېغىر. بولۇپمۇ بەزى ئانىلار قىزلارغا ياخشى تەربىيە قىلمايدۇ، قۇلىقى ئازراق گەپنى ئاڭلاپ بولغۇچە، «ئۇ ئاقچى، كۆكچىلەر سېنى شۇنداق دېدىمۇ، سەن نېمىشقا ئۇنى دېمىدىڭ، بۇنى دېمىدىڭ» دەپ يارىنىڭ ئۈستىگە تۇز قۇيىدۇ. تەجرىبىلىك ئانىلار بولسا، سەممىيلىك بىلەن نەسىھەت قىلىپ، قىزىدا توغرا چۈشىنىش

ھاسىل قىلىدۇ. ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، 10 - 20 يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي مەنپەئەت نۇقتىسىدىنلا ئادىمىگەرچىلىكى يوقكەن، داستىخىنى يوقكەن، دەپ بىر ئائىلىنىڭ بېشىغا چىققىدىغان ئەھۋاللار خېلى كۆپ ئىكەن. نىكاھ توغرىسىدىكى چۈشەنچىنىڭ ۋە تەربىيىنىڭ ياخشى، چوڭقۇر بولماسلىقى سەۋەبلىك بەزى قىزلار تۇرمۇش ئىشىغا ئىنتايىن يۈزە قارايدىغان ئەھۋاللار بار ئىكەن. مەن بىر قېتىم بىر ئاشپۇزۇلدا بىر جۈپ ئەر - خوتۇننى ئۇچراتتىم. ئۇلار تاماق يەپ ئولتۇراتتى. ياش چوكان يىگىتكە: بولمىسىز، ھېلى خەت كېسىدىغان ئادەم ئىشتىن چۈشۈپ كېتىدۇ، دېدى. مەن بۇلارغا قىزىقىپ، ئۇلاردىن ئەھۋال سوراپ باقتىم، ئەسلىدە ئۇلار ئاجراشماقچى بولۇپ كەلگەنلەر ئىكەن. مەن يىگىتتىن نېمىشقا ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى سورىغىنىمدا، چوكان جاۋاب بەردى: ئىككى يەكشەنبە ئۆتۈپ كەتسىمۇ بىر قېتىم بازارغا ئېلىپ كەلمىگەن ئادەم بىلەن قانداق ئۆي تۇتقىلى بولىدۇ؟... مانا بۇ ئىككى ياشنىڭ ئاجرىشىش سەۋەبى ئىكەن. بۇنى قانداقمۇ نىكاھ دېگىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق يەڭگىلتەكلىك بىلەن كۆپلىگەن ئائىلىلەر بۇزۇلۇپ، باللار يېتىملىك ئازابىدا ئىڭراۋاتىدۇ. بۇ ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مۇھىم بىر ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇ نۇقتىدا ئاتا - ئانىلار مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئالىيجانابلىق بىلەن پەرزەنتلەرگە ئەتراپلىق نەسىھەت قىلىشى كېرەك. ماكارېنكو مۇنداق دېگەن: «سۆيۈشكە ئۆگىتىش، سۆيگۈنى چۈشىنىشكە ئۆگىتىش، بەختلىك بولۇشقا ئۆگىتىش — بۇ ئۆز-ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىشقا ئۆگىتىش، ئىنسانلىق قەدىر - قىممىتىنى چۈشىنىپ يېتىشكە ئۆگىتىشتۇر.»

نەسىھەتتىن نەمۇنە

قىزلار تۇرمۇشلۇق بولۇپ باشقا ئائىلىگە بېرىشنىڭ ئالدىدا مۇنۇ خۇسۇستا نەسىھەت قىلىشىڭلار كېرەك:

*قىزىم، نىكاھ مۇقەددەسلىك سۈپىتى بىلەن ساڭا پاكلىق ۋە ھەقىقىي مەنىدىكى ئاياللىق خىسلىتىنى بەخش ئېتىدۇ. سەندە ئۆي تۇتۇشقا بولغان چوڭ روھىي تەييارلىق بولۇشى كېرەك. ئەمدى سەن باشقا بىر ئائىلىگە*

بارسەن. ئۇ ئائىلىگە پەزىلەت، گۈزەللىك، ئالىيجانابلىقنى ۋە پاكلىقنى ئېلىپ كىرىپ، ھەرگىزمۇ سەندىن ناپاكلىق سادىر بولۇپ قالمىسۇن. بىر قېتىم بولسىمۇ ئازراق خاتالىقىمۇ يول قويماسلىق كېرەك. ئەر - خوتۇن ئارىسىدا ئەدەپ، ھايا بولغاندا، پاكلىق بولغاندا، نىكاھ نېمىتىمۇ بەركامالىلىق بىلەن ياشايدۇ ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. سەن ئۆزۈڭنىڭ ساداقىتىڭ، سەممىيلىكىڭ ۋە كۆيۈمچانلىقىڭ بىلەن ئېرىڭنىڭ مۇھەببىتىنى تېخىمۇ لاۋۇلدىتالايسەن، ئائىلىدىكى ھۆرمىتىڭمۇ يۇقىرى بولىدۇ، ئەگەر ئەقىلسىزلىق قىلىپ مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولۇپ قالساڭ، ئۇ ئۆي سەن ئۈچۈن دوزاختا ئايلىنىدۇ. سەندىن مۇھەببىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئادەم ھەرقاچان سېنىڭ ئەيىبىڭنى ئىزدەپ تۇرىدۇ، ياخشى ئىشلىرىڭمۇ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدۇ، ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىڭمۇ ئەرزىمىگەن ئىش بولۇپ تۇيۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆيدە جېدەل قۇرمايدۇ، بۇ رەۋىشتە ئۆتكەن تۇرمۇشنىڭ قىلچە لەززىتى بولمايدۇ. شۇڭا، بولمىغۇر يامان ئىشلاردىن، ھاياسىزلىقلاردىن، ئەدەپسىزلىكلەردىن بەك ئېھتىيات قىل. يامان كۆرۈپ قېلىش بىر قاباھەت قىزىم، تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكىن.

قىزىم، ئېرىڭگە ئىتائەت قىلغىن. ئېرىڭنىڭ ئۆزۈڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىل، ھەرگىز ئېرىڭگە خىيانەت قىلما، ھەرگىز ئەرزىمىگەن ئىشلار ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چەكمە. بولۇپمۇ ئېرىڭنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا تېگىدىغان ئىش - ھەرىكەت ۋە گەپ - سۆزلەرنى قىلما، يوق ئىشلار ئۈچۈن ئۇنى تەڭلىكتە قويما، كىيىم - كېچەك ۋە گالنى دەپ ھەرگىز ئۆزۈڭنى بۇزما. ھاياتتىكى مەقسىتىنى ياسىنىش دەپ قارايدىغان ئايالLARنىڭ ھاياتىدىنمۇ بەختسىز ھايات بولمايدۇ. چىراي، كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت بىلەن بېزىنىش بىردەملىك ئۆتكۈنچى جىلۋە. بۇنىڭغا تايىنىپلا بىراۋنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئورۇن تۇتۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۆمۈرلۈك مەپتۇنكار جىلۋە قەلب گۈزەللىكى ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. قەلب گۈزەللىكى ھەتتا سەت چىرايغىمۇ كۆركەملىك بەخش ئېتىدۇ. قىلىقىنىڭ سەت، قەلبىنىڭ ناپاك بولۇشى ئەڭ گۈزەل رۇخسارغىمۇ

كىشىنى غەش قىلغۇدەك قارا داغ چۈشۈرىدۇ. ھەددىدىن ئارتۇق ھەشەم ـ دەرەم گۈزەللىكنىڭ ئېھتىياجى ئەمەس، ئاددىي ـ ساددىلىق گۈزەللىككە تېخىمۇ بەك يارىشىدۇ. گۈزەللىككە باشقا پەزىلەتلەر قوشۇلغاندا، ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ياراشقاندەك تېخىمۇ جىلۋىگەر گۈزەللىك نامايان بولىدۇ. رۇخسارى گۈزەل غۇنچىدەك تۇرۇپ، پەزىلەتسىز بولسا گۆھەرنى نىجاسەتكە ئاتقانلىق بولىدۇ، بالام.

قىزىم، كونىلاردا «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەن گەپ بار. مال ـ دۇنيا بىلەنمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان گۈزەل ۋە بەختلىك تۇرمۇشنى ياخشى خۇلق ـ مىجەز بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئېرىڭ بىلەن ياخشى ئۆت ياكى يامان ئۆت، ساڭا ياخشىلىق قىلسۇن ياكى يامانلىق قىلسۇن، ھەتتا ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولساڭمۇ ھەرگىز ئېرىڭنىڭ چوڭ ـ كىچىك سىرىنى ئاشكارىلىمىغىن. ئۇ سېنىڭ ئېرىڭگە قىلغان زىيانكەشلىكىڭ بولۇپ قالماي، بەلكى ئۆزۈڭگە قىلغان زىيانكەشلىكىڭ بولۇپ قالىدۇ. كىشىلەر سېنى ئەسكى، ناچار خوتۇن ئىكەن، دەپ سەندىن قاچىدۇ. ھەرقانچە ئاچچىقىڭ كەلسىمۇ ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ئېغىزىڭدىن ئەسكى، ناچار سۆزلەرنى چىقارغۇچى بولما. ئېرىڭگە قول ئۇزاتما. ناچار، ئەسكى سۆز بىھايا خوتۇنلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدۇ، ئۇنداق ئاياللارنى كىشىلەر جەددال ئايال دەپ ئاتايدۇ. تۇرمۇشتا قانائەتلىك بولغىن، بۇ سېنىڭ بەختلىك بولۇشۇڭنىڭ ياخشى يولى، قانائەتلىك بولۇش ئاياللارنىڭ ئەڭ مۇھىم پەزىلەتلىرىدىن بىرى. ئېرىڭ باي بولسۇن ياكى كەمبەغەل بولۇپ كەتسۇن، ئۆزۈڭنى مەڭگۈلۈك ئېرىڭگە ئاتىغىن. ئېرىڭ باي بولۇپ كەتكەندە كۆرەڭلەپ قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىۋالساڭ، ئېرىڭنىڭ پۇلىنى بۇزۇپ ـ چاچساڭ، ئۇنى ئېلىپ بەرمىدىڭ، بۇنى ئېلىپ بەرمىدىڭ دەپ خاپا قىلساڭ، سەن ئەڭ ئەسكى خوتۇن ھېسابلىنىسەن. ئىمكان بار بارىغا قانائەت قىلىپ، تېجەشلىك، ئىقتىسادچىل بولساڭ ئۆيۈڭ تېخىمۇ باياشاتلىققا تولىدۇ، كۆڭلۈڭمۇ ئارامىدا بولىدۇ. بىر كىيىم ئۈچۈن ھەرگىز خاپىلىقنى سېتىۋالىدىغان بىشەم خوتۇنلاردىن بولۇپ قالما. ئەگەر ئېرىڭ كەمبەغەللىشىپ كەتسە، سەنمۇ تىرىشىپ ئۇنىڭغا ياردەم بەر، ئىلھام

بەر، كۆڭلىنى ياسا، ھەرگىز ئېرىڭنى گاداي، سەندىن نېمە خۇشلۇق كۆردۇم، ساڭا نېمە ئۈچۈن تېگىپ قالغان بولغىيتتىم دەپ ئېرىڭنى خىجالەت قىلىپ ئۆزۈڭنى گۇناھكار قىلما. ھەرقانداق تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا بەرداشلىق بەرگىن. ئېرى نامراتلاشسا يۈز ئۆرىگەن خوتۇن ئەڭ ئىپلاس خوتۇن ھېسابلىنىدۇ. خوتۇننىڭ ئەڭ ئېسىلى ئېرى يامان كۈنگە قالغاندا دائىم ئۇنىڭغا تەقدىرداش بولالىغان خوتۇندۇر. قىزىم، قانائەتسىزلىك يامان كېسەل. ئۇ سېنى ئاچ كۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىككە گىرىپتار قىلىدۇ. سەن ئۆزۈڭنىڭ تۇرمۇشىنى ھەرگىز باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا سېلىشتۇرۇپ، «ئۇلار ئۇنداق ئىكەن، بۇلار بۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ ئېرى مۇنداق ئىكەن، بۇنىڭ ئېرى ئۇنداق ئىكەن» دېگەندەك گەپ-سۆزلەرنى قىلما. باشقىلارغا ھەم ئېرىڭنىڭ يامان گېپىنى قىلما، ياخشى گېپىنى قىل. ئۆزۈڭنىڭ تۇرمۇشىنى بىل. «يونقانىغا قاراپ پۇت سۇن» دېگەن گەپ بارغۇ. باشقىلارغا سېلىشتۇرغان بىلەن تۇرمۇشۇڭ باشقىچە ئۆزگىرىپ قالمايدۇ، ئەكسىچە كۆڭۈلسىزلىككە سەۋەب بولىدۇ. ئايالنىڭ ۋەزىپىسى ئەر كىشىنىڭ قەلب دىتىنى، ئۇنىڭدىكى ئالىيجاناب ھېس-تۇيغۇنى يالقۇنجىتىش، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ۋە يۈكسەكلىك ھەمدە بۈيۈكلۈككە بولغان قىزىقىشىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەشتىن ئىبارەت، ئايالنىڭ قىممىتى ئەنە شۇ. بۇ قىسمەت ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەستۇر (بېلىنسكىي). سېنىڭ ئاياللارغا خاس نازاكىتىڭ ئېرىڭگە قانات بېغىشلىسۇن، ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە، ئۆي ئىچىدىمۇ پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ يۈرگىن، ھەرگىز ئەرلىك دەۋاسى قىلما، ئايال كىشى ئاخىرىغىچە ئاياللىقىنى قىلالىسا، ئۇ كۆپرەك ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. ئەگەر سەن ئۆزۈڭدىكى ئاياللىق پەزىلەتلەردىن يىراقلاپ، ئەرلىك خىسلەتلىرىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇنساڭ، بۇ ھال ئۆزۈڭگە زىيان يەتكۈزىدۇ. مەردلىك ئەرلەر ئۈچۈن كۆپرەك يارىشىدۇ، ئاياللار ئۈچۈن بولسا ئەيىب سانىلىدۇ، مال-دۇنيانىڭ قەدرىگە يەتكەن ئايال بىر چىمدىم ئۇننىمۇ بۇزمايدۇ، ناننى ھاجەتتىن ئارتۇق سۇندۇرمايدۇ، نان پارچىلىرىنى خالىغان جايغا تاشلىمايدۇ. قىزىم، شۇ بىر نان ئۈچۈن قانچىلىك ئەجىر كەتكەنلىكىنى ئەسلەش كېرەك. بىر

بۇردا نان ئۇچۇن دۇنيادا قانچىلىغان كىشىلەر جان بەرمەكتە. ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر كىشىگە دالىدا يولۇققان بىر چامادان پۇلدىن كۆرە بىر بۇردا نان ئەۋزەلغۇ. ئەگەر سېنىڭ ئىسراپخورلۇقۇڭ سەۋەبىلىك ئېرىڭنىڭ ئىشتىنى تىزىدىن ئاشماي ناتوغرا يولغا ماڭغۇدەك بولسا، بۇنىڭ گۇناھىمۇ ساڭا بولىدۇ.

قىزىم، پاكىزلىقنى ئادەت قىل، شەخسىي تازىلىققا بەك ئەھمىيەت بەرگىن، ھەرگىز تاھارەتسىز يۈرۈپ قالما. ناپاكلىق شۇملۇقنى ۋە بەختسىزلىكنى چىللايدۇ. ئېرىڭ ئۇچۇن ئۆزۈڭگە خۇش - پۇراق نەرسىلەرنى چېچىپ ئۆزۈڭدىكى بەزى يات پۇراقلارنى ھەيدەشكە تىرىشقىن. سەن شۇنى چۈشەنگىنكى، كۆڭۈل دېگەن تولىمۇ نازۇك، كىچىككىنە ئىش ئىسسىتسا، كىچىككىنە ئىش سوۋۇتۇشقا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، ياخشى بىر ئايال بولماق تولىمۇ قىيىن. ھەرقانداق ئىشتا پىلسىراتتىن ماڭغاندەك ئېھتىيات بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. ئېرىڭنىمۇ پاكىز تۇتقىن، يۈرۈش-تۇرۇشىغا ئاگاھ بول. ھەرقانداق قىلىپ بولسا ئېرىڭنىڭ كۆڭلىنى ئۆزۈڭگە مايىل قىل. شۇندىلا ئېرىڭنى قولۇڭدا تۇتۇپ تۇرالايسەن، ئېرىڭنى قولۇڭدىن بېرىپ قويۇش ياكى قولۇڭدا تۇتۇپ تۇرۇش يەنىلا ئۆزۈڭگە باغلىق. ئېرىڭنىڭ كۆڭلى سەندىن سۇ ئىچمىسە، چوقۇم باشقا بىرىگە كۆڭۈل بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. قولدىن چىقىرىپ قويدۇڭمۇ قايتۇرۇپ كەلمىكىڭ تولىمۇ تەس.

قىزىم، سەن ھەمسۆھبەتتە بولىدىغان ئاياللارنى ئوبدان تاللىغىن. پەزىلەتلىك، ياخشى خۇلقلىق خوتۇنلار بىلەن سۆھبەت قىل. بۇزۇق، سۇخەنچى خوتۇنلارنى ھەرگىز ئۆيۈڭگە يولاتما. ياخشىلار بىلەن بولغان سۆھبەت ياخشىلىققا سەۋەب بولسا، يامانلار بىلەن بولغان سۆھبەت يامانلىققا سەۋەب بولىدۇ، يامان خوتۇن خوتۇن ئەمەس، بەجايىكى بىشەم شەيتاندۇر. ئۆزۈم ياخشى بولغاندىكىن، ئۇنىڭ يامانلىقىنىڭ نېمە زىيىنى دېمىگىن.

ھېكايە قىلىنىشىچە: كاتتا بىر سودىگەر بىر چاكار سېتىۋالدى. ساتقۇچى:

— بۇ قۇلنىڭ بىر ئەيىبى بار، — دېدى ئۇ، —ئۇ بولسىمۇ

سۇخەنچىلىكتۇر.

— قۇل سۇخەنچى بولسا نېمە بولاتتى؟ — دېدى سودىگەر. چاكار سودىگەرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بىرقانچە كۈن ئۆتمەيلا، سودىگەرنىڭ خوتۇنىغا:

— ھەي ئاغىچام، خوجايىنىڭ سىزنى قويۇپ بېرىپ بىر خوتۇن ئېلىش نىيىتى بار ئىكەن — دېدى، ئاغىچا بەك پەرىشان بولدى. ئۇ يەنە:

— مەن تىلسىم بىلىمەن، ئەگەر خالىسىڭىز خوجايىنى سىزگە مۇھەببەتلىك قىلاي، — دېگەنىدى، ئاغىچا خۇش بولۇپ كېتىپ ئۇ چاكارغا كۆپ ئىلتىپاتلار قىلدى. ئۇ بىر كۈنى:

— غوجام ئۇخلىغاندا ئۇستىرا بىلەن ساقىلىنىڭ ئۇچىدىن بىرئاز كېسىپ ماڭا بېرىڭ، ئۇنىڭغا ئەپسۇن دۇئاسى ئوقۇپ بېرەي، ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلىڭ، — دېدى. ئاندىن سودىگەرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ھەي خوجايىن، سىزنىڭ مەندە تۇز ھەققىڭىز بار، مەن بىر خەۋەر ئاڭلىدىم، ئېيتمىسام ساداقەتسىزلىك بولىدۇ، خوتۇنىڭىز بىر كىشىگە كۆڭۈل بېرىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى ئۆلتۈرۈشكە نىيەت قىپتۇ. ئەگەر بۇ گېپىمگە ئىشەنمىسىڭىز ئۆيگە بېرىپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋېلىڭ، نېمىلەرنى كۆرەرسىزكىن، — دېدى. خوجايىن ئۆيىگە كىرىپ ئاش - تائام يەپ، تەكىيىگە باش قويۇپ ئۇخلىغان بولۇپ ياتتى. خوتۇنى ئەمدى ئۇخلىغاندۇ، دەپ ئۇستىرىنى ئىنتىلدى، خوجايىن دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، خوتۇنىنىڭ قولىدىن تۇتتى، ئۇستىرىنى تارتىۋېلىپ خوتۇنىنىڭ بېشىنى كەستى. خوتۇنىنىڭ تۇغقانلىرى كېلىپ، شاھقا ئەرزنامە سۇنۇپ، ئايالىنىڭ خۇن ھەققى ئۈچۈن ئۇ سودىگەرنى ئۆلتۈرگۈزدى. ئۇ سۇخەنچى غۇلامنىڭ شۇملۇقىدىن ئەر - خوتۇن ئۆلۈپ ئەسلى - ۋەسلى ۋەيران بولدى.

كۆردۈڭكى، شەيتان بىلەن بولغان دوستلۇقتىن كىم پايدا كۆرگەن. يامان خوتۇنلارنىڭ ھىيلە - مىكرىسى ئىبلىسنىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ، بالام. بۇنداق خوتۇنلار ئىز باسقان ئۆيدىن بەرىكەت كۆتۈرۈلىدۇ، ئىناق، مۇھەببەتلىك تۇرمۇش جاڭجالغا ئايلىنىدۇ. بەختسىزلىك بەختنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ھەرقانچە زېرەك بولساڭمۇ، ئۇنىڭ پىتنە - پاساتلىرىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولىسەن. ئۆزۈڭنى ھەرقانچە تارتاي دېسەڭمۇ بارا - بارا ئۇنىڭ

سېھرىسى يىپىغا ئىلىنىپ قالىسەن. ئۇ ھە دېگەندە سېنى ماختايدۇ، باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىدۇ، ساڭا ئىنتايىن كۆيۈنۈۋاتقاندەك پوستۇڭغا كىرىپ ئاندىن قېنىڭنى ئىچىدۇ.

قىزىم، ئۆزۈڭنى ۋە ئېرىڭنى بەختلىك قىلاي دېسەڭ، يۈزۈڭنى يورۇق، بېشىڭنى ئېگىز قىلاي دېسەڭ، قارنى - كۆكسۈڭنى كەڭ قىل. قېيىناتا، قېيىنانىلىرىڭنى بەك ھۆرمەت قىل. چۈنكى ئۇلار سېنىڭ ئىككىنچى ئاتا - ئاناڭ، ئېرىڭنىڭ مېھرىبان ئانىسى ۋە دادىسى. سەن ئۇلارغا چىن كۆڭلۈڭدىن ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلدۈرەلىسەڭ، ئېرىڭمۇ سەندىن خۇرسەن بولىدۇ، سېنى سۆيىدۇ. سەن ئۇلارغا ئۆز قىزىدەك كۆيۈن. پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ قوي، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ بەر. كۆڭلى قانداق غىزا تارتىدۇ، سوراپ تۇرغىن، ھەرگىز ئۆز بېشىمچىلىق قىلما، كىچىك ئىشلاردا بولسىمۇ ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىغىن، سىرتتا ھەرگىز ئۆيىنىڭ گېپىنى قىلما. ئۆيدە بولغان ئىشلارنى تالادا كۆتۈرۈپ يۈرسەڭ، كۆڭلۈڭ ئارام تاپمايدۇ. بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىساڭ ئىچىڭدە بىل، ھەتتا ماڭىمۇ ئېيتىپ كەلگۈچى بولما. ئۇنداق قىلساڭ بىر كۆڭۈلسىزلىكنى چوڭايتىپ نەچچە قىلىۋالىسەن. ئارىغا بىر قېتىم سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالسا ئۇنى ئىللىتماق تولىمۇ تەسكە چۈشىدۇ. كىچىككىنە ئىشنى باھانە قىلىپ كۆدە - كۆرپەڭنى كۆتۈرۈپ يامانلىما. ئەگەر ئاشۇ ئۆيىنى مەڭگۈ تۇتۇش نىيىتىڭ بولىدىغان بولسا، خېلى چوڭ ئىشلار بولسىمۇ يامانلىما، ئىككىنچى بارماسلىققا نىيەت قىلغان بولساڭ ئاندىن يامانلا.

ئېرىڭنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرىگە ھەم ياخشى مۇئامىلىدە بول، ئۇلارنى ھۆرمەتلە. «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى» دېگەندەك، ئۇلارغا چوڭ ئىشلار قىلىپ بېرەلمىسەڭمۇ ئېغىزىڭدا بولسىمۇ كۆڭلۈڭنى ئىزھار قىل. ئۆزۈڭنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوستلىرىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولساڭ، ئېرىڭنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، دوست - بۇرادەرلىرى ۋە مېھمانلىرىغا ئوخشاش پوزىتسىيىدە بول، ھەتتا تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىل. ئۇمۇ ئەلۋەتتە ئېرىڭنىڭ

*ئىززەت۔ ھۆرمىتى، قەدىر - قىممىتىنى قىلغىنىنىڭ بولىدۇ.*

ئاتا - ئانىلارغا كىچىككىنە تەۋسىيە:

سىلەر ئوغلۇڭلارنى ئۆيلىدىڭلار، شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئائىلىنى بىرلەشتۈرگەن ۋە ئىككى ئائىلىنى تۇغقان قىلىپ باغلىغان بىر رىشتە بارلىققا كەلدى. ئۆيۈڭلارغا باشقا ئۆيدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، باشقا بىر ئاتا۔ ئانا بېقىپ كۆزىنىڭ قارىچۇقىدەك ئاسراپ، پەپىلەپ چوڭ قىلغان بىر ئەتىۋارلىق قىز — سىلەرنىڭ ئەتىۋار ئوغلۇڭلارغا ئايال بولىدىغان، سۆيۈملۈك نەۋرەڭلەرگە ئانا بولىدىغان بىر قىز كىردى. كېلىنلىك بولۇش سىلەر ئۈچۈنمۇ تۇرمۇشۇڭلاردىكى يېڭى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. بىر ئوقۇمۇشلۇق كىشى بۇ ھالەتنى سۈرەتلەپ: «بىز بۇرۇن چەللىدە ئىدۇق، ئەمدى ئۆي تۇتتۇق» دېگەنىدى. ئەمدى سىلەر قۇدا - باجىلىق بولدۇڭلار، جامائەت ئارىسىدىكى ئورنۇڭلارمۇ كۆتۈرۈلدى، بۇ سىلەرگە ئۆزۈڭلارنى قانداق تۇتۇش ھەققىدە يېڭى مەجبۇرىيەتلەرنى ئارتىدۇ. قۇدىلار بەك نازۇك، ئۇلارغا باشقىلارغا قىلغان مۇئامىلە مۇناسىۋىتىنى قىلغىلى بولمايدۇ. پەيغەمبىرىمىزمۇ قۇدىسىنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشۈپتىكەن. شۇڭا قۇدىلار ئارا ئىززەت - ئىكرام، ئۆزئارا قەدىر - قىممىتىنى قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. قۇدىلار ئارا كۆڭۈل چىگىلىپ قالسا يېڭى بىر ئائىلىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا ئەكس تەسىر بېرىدۇ. كېلىنىڭلار سىلەرنىڭكىگە كېلىپ سىلەرنى ئانا، دادا دېگەنىكەن ئۇمۇ خۇددى ئۆزۈڭلارنىڭ قىزىغا ئوخشاش، ھەتتا ئۆزۈڭلارنىڭ قىزىدىنمۇ چارە كۆرۈپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كېلىن قىزغا قىزىڭلارغا تۇۋلىغاندەك تۇۋلىغىلى، ئاچچىقلاپ خاپا بولغىلى بولمايدۇ. ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن بۇ يېڭى ئائىلىگە كۆنۈۋېلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىڭلار. ئۇ قىز تېخى تۇنۇگۈن ئەركىن، شوخ، غەمسىز قىز ئىدى. مانا بۈگۈن ئىككى ياش بىر ياستۇققا باش قويۇش بىلەن سىلەرنىڭ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى، يېڭى بىر ئائىلىنىڭ بېشى بولۇپ، بىر ئائىلىنىڭ يېرىم مەجبۇرىيىتى ئارتىلدى. بۇ يېڭى مۇھىتقا ئۆزلىشىپ كېتىش ئۈچۈن بىر مەزگىل كېرەك. بۇ جەرياندا سىلەر ياخشى

پەزىلىتىڭلار ۋە كەڭ قورساقلىقىڭلار بىلەن ئۇ قىزغا مېھرىبانلىقىڭلارنى يەتكۈزۈڭلار. ئۇ قىز سىلەردىن سۆيۈنسۇن، ئۇنىڭ بەزى يېتەرسىزلىكلىرى سېزىلسە، سەممىيلىك بىلەن نەسىھەت قىلىپ تۈزىتىۋېلىشىغا ياردەم قىلىڭلار، ئۆي ئىشلىرىغا پىشمىغان تەرەپلىرى بولسا، بۇنىڭغا خاپا بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ. سىلەر ئىككىنچى ئاتا - ئانىسى سۈپىتىدە تەلىم بېرىپ ئۆگىتىڭلار. ئۇلار تېخى گۆدەك، تۇرمۇش تەجرىبىسى يوق، تۇنۇگۈن بالا ئىدى، بۈگۈن ئانا بولۇۋاتىدۇ. ھەممە ئىشلارنى سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلاردەك قىلالىشى ناتايىن. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىزغا ھەرگىز ئازار بەرمەڭلار. سىلەر كېلىنىڭلارغا ئازار بەرگەن، يوق يەردىن پۇتاق تېپىپ زەربە بەرگەن ۋاقىتتا ئوغلۇڭلارنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىنى، سىلەرگە قانداق قارايدىغانلىقىنى ھەم ئويلاپ قويۇڭلار، بەلكىم سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلار ئۈچۈن سىلەر تەرەپتە تۇرغان بولار، لېكىن ھەقىقىي كۆڭلىگە كىرىپ باقساڭلار، ئوغلۇڭلار سىلەرنىڭ يولسىزلىقىڭلاردىن نارازى بولىدۇ. يەنە بىرى، ئۆزۈڭلارنىڭ قىزىنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈڭلار، سىلەر كېلىنىڭلارغا يامان كۆز بىلەن قاراۋاتقاندا، باشقىلارمۇ سىلەرنىڭ قىزىڭلارغا يامان كۆز بىلەن قارىسا، ئازار بەرسە ئۆزۈڭلارنىڭ يۈرىكى قانچىلىك ئېچىشىدىغانلىقىنى كۆڭۈل ئەينىكىڭلاردىن ئۆتكۈزۈڭلار، سىلەر ئىمكان بار كېلىن بىلەن يۈزلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار. بەزى ئىشلار بولسا ئوغلۇڭلارغا ئېيتىپ نەسىھەت قىلىشنى تاپشۇرۇڭلار، ھەرگىزمۇ سىرتتا كېلىنىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن، باشقىلار ھەرگىز ياخشى كېلىننى سىزگە ئەپكېلىپ بەرمەيدۇ، ئەكسىچە سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارىلىغانلىقىڭىز بولۇپ قالىدۇ. «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» دېگەندەك، ھەر ئىش بولسا ئۆي ئىچىدە تۈگەتكەن ياخشى. داۋراڭ سالغاندىن نېمە پايدا؟

## 8. ئوغۇللار ھەققىدە

كېلىنلەر ھەققىدە توختالغان ئىكەنمىز، نۆۋەتتە كەلگەندە يىگىتلەر ھەققىدىمۇ توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

دېموكرىتنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: «ياخشى كۈيئوغۇلغا دۇچ كەلگەن كىشى ئوغۇل تاپىدۇ، ناچار كۈيئوغۇلغا ئۇچرىغان ئادەم قىزىدىنمۇ ئايرىلىدۇ.» بۇ سۆزنى تەتۈرىگە ئۆرىسەك، ياخشى كېلىنگە ئېرىشسىڭىز قىزلىق بولۇپ قالىسىز، ناچار كېلىنگە دۇچ كەلسىڭىز ئوغلىڭىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالىسىز. شۇنداق، ئوغۇلنى ئۆيلەش خۇددى قىزلارنى تۇرمۇشلۇق قىلغانغا ئوخشاشلا ئاتا - ئانىلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، بېشىنى ئەڭ قاتۇرىدىغان مۇھىم ئىش. كۆپ ھاللاردا ئوغۇللارنىڭ خاھىشى بىلەن ئاتا - ئانىلارنىڭ خاھىشى بىر يەردىن چىقمايدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ. يىگىتلەر ئۆزىنىڭ قىزغىنلىقى، ھېسسىياتى ۋە مۇھەببەت كۈچى بىلەن ئاتا - ئانىلار بىلەن قارشىلىشىدۇ، بۇنداق نىكاھنىڭ بەزىلىرى ئۇ يىگىت بىلەن قىزغا بەخت ئېلىپ كەلسە، بەزىلەرگە بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ. نىكاھ جەمئىيەتنى جەمئىيەتكە باغلايدىغان ۋە ئەۋلاد قالدۇرىدىغان ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ خاھىشىنى ئالدىنقى قاتارغا قويۇۋېلىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ۋە يۇرت - مەھەللە قىزلىرى بىلەن ئوغلىنى نىكاھلاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆپ نىكاھ يېرىم يولدا بۇزۇلۇپ نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولىدۇ. نۇرغۇن بالىلار يېتىم قېلىپ نىكاھنىڭ قۇربانلىرى بولۇپ كېتىدۇ. ئاتا - ئانىلار بولسا بۇ يىگىتلەرنىڭ دەردىنى بىر ئۆمۈر تارتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئۇنداق بولسا بۇ ئىشتا ئاتا - ئانىلار زادى قانداق پوزىتسىيىدە بولۇشى، پەرزەنتلەرنىڭ نىكاھ مەسىلىسىدە قانداق ئاڭدا بولۇشى لازىم؟

سىلەر بىلىسىلەر، «نىكاھ غايىب» دېگەن گەپ بار. ئادەم خۇددى قاچان ئۆلۈشنى تاللىۋالالمىغانغا ئوخشاش، ھېچقانداق ئادەم ئۆمرىدە كىم بىلەن نىكاھلىنىپ بىر ئۆمۈر بىرگە ئۆتۈشنى تاللىۋالالمايدۇ. يىگىتلەر

قۇرامىغا يېتىپ قالغاندا تۇرمۇشقا ئارىلىشىشى، خىزمەت تەقسىماتى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەر داۋامىدا ئۆزى ئەزەلدىن تونۇمايدىغان ۋە ئويلىمىغان قىزلار بىلەن، قىزلار بولسا ئوغۇللار بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق تۇرمۇش مۇساپىسىنى بىرلىكتە بېسىپ قالىدۇ. قىزلارنىڭ ياخشى - يامىنى بولغانغا ئوخشاش، ئوغۇللارنىڭمۇ ياخشى - يامىنى بار. ياخشى قىز بىلەن ياخشى ئوغۇل سىلەرنىڭ جەمەتىڭلاردا ياكى سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردا بولۇپ قالماي، باشقا جەمەت ۋە باشقا يۇرتلاردىمۇ بار. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار ئالدى بىلەن نىكاھ مەسىلىسىدە ھەرگىزمۇ تار يۇرتپەرەسلىك ئېڭىدا بولماسلىقى كېرەك. پەرزەنتلەر كىم بىلەن بەختلىك ئائىلە قۇرۇشقا كۆزى يەتسە ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم. شۇنداق بولغاندىلا ئۇلار بەختلىك بولالىسا سىلەردىن مىننەتدار بولىدۇ، ئەگەر بەختسىزلىككە ئۇچرىسا، سىلەردىن ئاغرىنمايدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن، ئۆزى تاللىغان تۇرمۇش بولغانلىقى ئۈچۈن ئىمكان بار ياخشى ئۆتۈپ كېتىشكە تىرىشىدۇ.

مۇبادا پەرزەنتلەر مۇھەببەتتىن ئەمەس، ئارزۇ قوغلىشىپ، ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىپ، پەقەت چىراي گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپلا توي قىلماقچى بولسا، سەمىمىي نەسىھەت قىلىش كېرەك.

بۇ ھەقتە قەدىمدىن كېلىۋاتقان مۇنداق بىرقانچە تەۋسىيەلەر بار:

بىرىنچى، پەرزەنتىڭىزگە ھەرگىز پۇلدار، ئەمەلدارلارنىڭ قىزىنى سايە قىلماڭ. بۇ بىر خىل تەمەخورلۇق بولۇپ قالىدۇ. ئوغلىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزمۇ ئېسىلىپ قالىسىز. قۇدا تەرەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ قالسا سىلەرنىڭ غۇرۇرىڭلارغا تېگىدۇ، ئوغلۇڭلارنىڭ دىلى رەنجىيدۇ، نەتىجىدە نىكاھ بۇزۇلۇشقا يۈزلىنىدۇ، بىراق ھەقىقىي ئادىمگەرچىلىكى بارلىرىغا ئىشەنسەڭلار بولىدۇ.

ئىككىنچى، ھەرگىزمۇ چىراي قوغلىشىپ تويلاشماڭلار، بەلكى پەزىلەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇڭلار. پەزىلەت بولسا ھەممە تېپىلىدۇ، پەزىلەتسىز بولسا ھەممە نېمىدىن مەھرۇم بولىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا، «چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولمايدۇ» دېگەن گەپ بار. مۇبادا ئۆزى گۈزەل، پەزىلىتىمۇ گۈزەل بولسا ئۆيۈڭلارغا بەخت ئېلىپ كېلىدۇ، ئەگەر

پەزىلەتسىز بولسا ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۈچىنچى، نەۋرىنى نەۋرىگە چاتىدىغان نادانلىقتا ھەرگىز يول قويماڭلار. تۇرمۇشتا مۇشۇ ئىشقا دىققەت قىلماي تۇرغۇن باللار ھەرقىسما تۇغۇلۇپ ئاتا ـ ئانىغىمۇ ئۇمۇرلۇك كۆلپەت ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەربىر ئائىلە باشلىقىنىڭ قەتئىي ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشى بولۇپ قالدى. سىلەر ئىلىمگە ھۆرمەت قىلىڭلار.

تۆتىنچى، قۇدا بولغۇچى كىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئوبدان سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئادىمىگەرچىلىكى يوق، ئەسكى، ئۆكتەم ئائىلە بولىدىغان بولسا، سىلەرنىڭ ھەرقانچە تىرىشچانلىق قىلغىنىڭلار بىلەن ئاخىرى قىزنى نان يېگۈزمەيدۇ، ئۇرۇش ـ جېدەلدىن قۇتۇلالمايسىلەر.

قەدىمكى كىتابلاردا قەيت قىلىنغان مۇنداق بىرقانچە ساۋاقنى سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي، سىلەرمۇ پەرزەنتلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇڭلار:

بەش خىل خوتۇن ئۈچۈن غەم يېمەك راۋا، — دەپتۇ كونىلار، — بىرىنچى، نەسەبى ئۇلۇغ، ئۆزى ساھىبجامال ۋە پاك بولغان خوتۇنلار؛ ئىككىنچى، ئۆزى دانا، ئېغىر بېسىق، ئەقىدىلىك ۋە كۆڭۈللۈك بولغان خوتۇنلار؛ ئۈچىنچى، ھەمىشە تەرەپدارلىق، ۋاپادارلىق قىلىدىغان، نەسىھەتگۆي، شەپقەتلىك خوتۇنلار؛ تۆتىنچى، يۈزى قۇتلۇق، سۆزى مۇبارەك ۋە ئايىغى يارىشىدىغان خوتۇنلار؛ بەشىنچى، ئۆزىگە خاھى زىيان يەتسۇن، خاھى پايدا كەلسۇن، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، قانداق يول بىلەن بولسۇن ئېرىگە پايدا تېپىشنى كۆزلەيدىغان خوتۇنلار. مانا بۇلار مەڭگۈلۈكتۇر.

سىلەر ئوغلۇڭلارنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىسىلەر، كېلىن قىزىڭلار يۇقىرىقىدەك مۇبارەك بەخت بىلەن ئۆيۈڭلارغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ پەزىلىتى بىلەن ئوغلۇڭلارنىڭ بەزى ئەدەپ ـ ئەخلاقتا يات ۋە ئېچىملىككە، چېكىملىككە بېرىلىش ئادەتلىرىنى چەكلىمەك بولۇپ تىرىشچانلىق قىلماق بولسا، سىلەر كېلىن قىزنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشىڭلار،

ئوغۇلنى بولسا ئەدەپلەپ ياخشى ماسلىشىشىڭلار كېرەك، ھەرگىزمۇ «ئەرلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماڭ» دېگەندەك سوغۇق گەپلەر بىلەن كېلىن قىزنىڭ ياخشى كۆڭلىگە سوغۇق سۇ سەپمەڭلار، مۇبادا ئوغلۇڭلار بىر مەزگىل ئۆي تۇتقاندىن كېيىن، ئەمىلى ئۆسۈش، پۇل تېپىش ياكى سىرتتا بۇزۇلۇشتەك سەۋەبلەر بىلەن نىكاھنى بۇزماق بولسا، قەتئىي تىرىشچانلىق قىلىپ ئائىلىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈنمۇ، پەرزەنتىڭلار ئۈچۈنمۇ ياخشى. بۇ ئىشتا ئوغلۇڭلارنىڭ رايىغا بېرىپ ياخشى كېلىنىڭلارنى قولدىن چىقىرىپ قويساڭلار، يەنە بىر ئالۋاستىدىن ئۈۋالىنى تارتىپ قالىسىلەر. شۇڭا، ئوغۇلغا ھەربىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە زۆرۈر نەسىھەتلەرنى بېرىپ تۇرۇشۇڭلار سىلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىق بۇرچۇڭلار.

نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، قۇرامىڭغا يەتتىڭ، تۇرمۇش ئىشىنى سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىشىڭغا توغرا كېلىدۇ. مۇھەببەت دېگەننى ئۆگەتكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، نىكاھتىن بۇرۇن كۆزۈڭنى ئوبدان ئېچىپ قارىمىساڭ، تويدىن كېيىن كۆزۈڭنى ئېچىشقىمۇ پېتىنالمايسەن. سەمىڭگە سېلىپ قويايكى، بىر قىزغا ئۇنىڭ قەددى - قامىتىنىڭ كېلىشكەنلىكىگە قاراپلا ئۆيلىنىش، خۇددى بازاردىن زۆرۈرىيەتسىز بولسىمۇ، كۆزىگە ياخشى كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈنلا سېتىۋالغان نەرسىگە ئوخشايدۇ.*

نىكاھتىن كېيىن، پەرزەنتلەرگە ئۆي تۇتۇشنى، خوتۇننى تۇتۇشنى، ئۆزىنى تۇتۇشنى، ئائىلىسىگە كۆيۈنۈشنى ئۆگىتىش كېرەك.

*بالام، ئەمدى سەن بىر ئائىلىنىڭ ئىگىسى بولدۇڭ. بالىلىق سايىقلىقىڭ تۈگىدى. ئەمدى سەن ئەرلىك خىسلىتىڭنى جارى قىلدۇرۇپ بىر ئائىلىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشكە بەل باغلىشىڭ كېرەك. ئايالىڭغا ھەقىقىي كۆيۈن، يوق ئىشلارنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭغا ئازار بەرمە. ئايالىڭنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنى بىل، ئۆزۈڭنى ھەم ئايا، ئۆزۈڭنى تۇتۇشنى بىل. ئەر دېگەن خوتۇن نېمە دېسە ھە دەۋېرىدىغان يۇمشاقۋاش بولۇپ قالسا بولمايدۇ. توغرا بولسا قوبۇل قىل، ئەگەر مۇناسىپ بولمىغان گەپ - سۆزلەر بولسا دەرھال نەسىھەت قىل. ئەر - خوتۇنچىلىقتا ئۆز ئارا بىر - بىرىگە ئىگە*

بولمىسا بولمايدۇ، مۇھىم ئىشلاردا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئادەتتىكى ئىشلارغا ئېسىلىۋالماي، كۆرمەسكە سال؛ ئۇنى ئىشلىرىغا كۆپ ئارىلىشىۋالما، كىيىم - كېچەك ۋە پۇلدىن قىسما. ئائىلىڭگە ھەرقانچە ئىشەنسەڭمۇ، ئۇنىڭدە ئۇزۇن ۋاقىت يالغۇز تاشلاپ قويما، يالغۇز سەپەرگە چىقارما، ئۆزۈڭ بىرگە بولمىغان ئولتۇرۇش - قوپۇشقا بارغۇزما. ئائىلەڭدە ئىقتىسادىي ئورتاقلىق بولسۇن، ئىقتىسادىي بىرلىك بولمىغان ئائىلە ئىشەنچلىك ئائىلە ئەمەس، سەن ھەرقانچە چوڭقۇر ئىشەنچ ھاسىل قىلغان بولساڭمۇ دېيىشكە بولمايدىغان سىرلىرىڭنى ئائىلىڭگە ئېيتمىغىن، بۇ قەدىمكىلەردىن قالغان تەجرىبە - ساۋاق.

بالام، كونىلاردا «كوچا سۆيگۈسى ئۆيىنى بەربات قىلار، ئۆيۈڭنى خوتۇن مېھرى ئاۋات قىلار» دېگەن گەپ بار، ھەرگىز كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمىگىن. «كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ، كۆڭۈل ھەريانغا باشلايدۇ، سەمەرقەنت ئالمىسىدەك، ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ.» خوتۇنۇڭغا قانداق تەلەپ قويساڭ ئۆزۈڭگىمۇ شۇنداق تەلەپ قويغىن، ھەرگىز ۋىجدانىڭنى قولۇڭدىن بېرىپ قويمىغايسەن.

# ئون يەتتىنچى باب تولۇقلىما
# تەلىم - تەربىيە

تەجرىبىلىك ئىت يەيدۇ يولۋاسنى تۇتۇپ،
جەڭ كۆرمىگەن شىر قاچار تۈلكىدىن قورقۇپ.
— ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىسىدىن ئېيتقاندا، ئاتا - ئانا مەڭگۈ ئاتا - ئانا، ئۇلار پەرزەنتلەرنىڭ مەڭگۈلۈك تەربىيىچىسى، پەرزەنت بولسا ئاتا-ئانىغا مەڭگۈ ئەقىدە قىلغۇچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

هازىرقى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تەسىرى بىلەن چەت ئەللەرنىڭ تۇرمۇش، ئائىلە ۋە پەرزەنتلەر بىلەن ئاتا - ئانىلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئۆزىگە خاس بولغان مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەرخىل يوللار بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تەسىر قىلىشقا باشلىدى، بۇ خىل تەسىر مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

ئالدى بىلەن، چەت ئەللەرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدىكى ئىلغار تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن بىر قىسىم يېڭى تەجرىبە تونۇشتۇرۇلدى، بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئەھۋال. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، غەرب دۇنياسىنىڭ تۇرمۇشى، ئادىتى، قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشىغا ماس كەلسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ تۇرمۇش ئادىتىمىزگە، ئەخلاق ئەنئەنىمىزگە يات بولغان بىر قىسىم ئامىللارمۇ سىڭىپ كىرىپ ئاتا-ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك زىددىيەتلەرنى، تەلىم - تەربىيە مەسىلىسىدە مەلۇم چەكلىمىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولدى. مەسىلەن، بەزى بالىلار ئازراق چوڭ بولۇۋېلىپ، ئوقۇغىنىغا تەمەننا قويۇپ، ئۆزىنى ئاتا - ئانىسىدىن ئەقىللىق، بىلىملىك چاغلاپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ نەسىھەتىنى قوبۇل قىلمايۋاتىدۇ. ئۇلار ئەيمەنمەي:

«سىلەر نېمىنى بىلەتتىڭلار، ئۆزۈمنىڭ بىلگىنىمگە قويۇپ بەر. مەن دېگەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ماڭا ئەمدى تەربىيىچى كېرەك ئەمەس، نەسىھەتمۇ لازىم ئەمەس» دەپ كېيىنكى تولۇقلىما تەربىيىنى قوبۇل قىلمايدىغان ئەھۋال بار. يەنە بىرى، ئاتا - ئانىلارمۇ «بالىلار چوڭ بولدى، ئوقۇدى، ئاق - قارىنى پەرق ئەتتى (بالىلىرى باشلىق بولغان بولسا، ئوغلۇم چوڭ باشلىق)» دەپ قاراپ، تەلىم - تەربىيىگە سەل قارايدىغان، تەلىم - تەربىيىنى بوشاشتۇرۇپ قويىدىغان ئەھۋاللار بار. نەتىجىدە خېلى كۆپ پەرزەنتلەر دەل مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەت قىلىش داۋامىدا، ئەمەلدار بولۇپ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مەزگىلدە تېخىمۇ كۆپ ناچار قىلمىشلار بىلەن ئاتا - ئانىلىرىنىمۇ يەرگە قارىتىۋاتىدۇ، ئەلگىمۇ كۆپ زىيانلارنى سېلىۋاتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ھازىرقى بەزى ئۇيغۇر ياشلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك پەزىلەت بايلىقلىرىدىن بىرى بولغان ھايانى ئۇنتۇپ قالدى. ئاتا - ئانىلارنىڭ، چوڭلارنىڭ ئالدىدا ھاياسىز سۆزلەرنى قىلىشتىن نومۇسلۇق ھېس قىلمايدۇ، بۇ خىل خاھىشلارغىمۇ يول قويۇشقا بولمايدۇ.

بىلىش كېرەككى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھەرگىزمۇ چەت ئەل ئەمەس، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز، قىممەت قارىشىمىز، مەدەنىيەت سەۋىيىمىز، مائارىپ ئەھۋالىمىز، ئىجتىمائىي مۇھىتىمىز، ماددىي ۋە مەنىۋى سەۋىيىمىز چەت ئەللەردىن تۈپتۈپلۈك پەرق قىلىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، چەت ئەللەردە بالىلار كىچىكىدىن تارتىپ تاكى چوڭ بولۇپ ئۆز يولىنى تاپقۇچە يەسلى ۋە مەكتەپ تەربىيىسىدە بولىدىكەن. بىر ھەپتىدە، بىر ئايدا بىر قېتىم ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشىدىكەن، ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ نېمە ئىش قىلىشى بىلەن كارى بولمايدىكەن، مۇستەقىل ياشاشقا ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ ياردەم بەرمەيدىكەن، ئورتاقلىقمۇ بولمايدىكەن، دېگەنگە ئوخشاش كوچا پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ، بەزى بالىلار بالدۇرلا ئاتا - ئانىلارنى كېرەك قىلماسلىققا ئالدىراۋاتىدۇ. ئاتا - ئانىلارنى ساۋاتسىز، مەدەنىيەتسىز ھېسابلاپ، گەپ - سۆزلىرىنى پىسەنتكە ئالمايۋاتىدۇ.

بىزنىڭ چۈشەنچىمىزچە، چەت ئەللەرنىڭ هازىرقى تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىزدىن نەچچە هەسسە ئالدىدا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ مائارىپى ئىنتايىن مۇنتىزىم ۋە ئىلغار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلارغا چوڭ بېسىم بولمايدۇ. بىراق خاتا چۈشىنىۋالماسلىق كېرەككى، چەت ئەللەردە باللار ئىنتايىن ئەركىنكەن، ئاتا ـ باللار ئوتتۇرىسىدا ئورتاق مەنپەئەت كۆزقارىشى يوقكەن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرى بىلەن كارى بولمايدىكەن، دېگەن ئۇندۇرمە گەپلەرنىڭ هەممىسى ئەپقاچتى گەپلەر. هەرگىز چەت ئەللەردىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرى بىلەن كارى بولمايدىغان، باللىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئىش يوق. ئۇلار باللىرىغا بىزدىنمۇ ئارتۇقراق كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇلاردىكى ئورتاق مەنپەئەت قارىشى ئىنتايىن يۇقىرى، بىر ـ بىرىگە مەسئۇل بولۇش ئاڭلىقلىقى تېخىمۇ يۇقىرى. بەزى پەرقلەر تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىدىكى پەرقتىن كېلىپ چىققان ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىك. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى باياشاتچىلىق، تەرەققىياتىدىكى يۈكسەكلىك، ئەقلىي كامالىتىدىكى ئارتۇقچىلىق دەل ئائىلە تەربىيىسى بىلەن مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ كۈچىدىن بارلىققا كەلگەن، ئۇ پاكىتلارغا هەرگىزمۇ كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىمىز ئىنتايىن ئارقىدا، ئاڭمۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئىدېئولوگىيىسىدىن تېخى تولۇق ئازاد بولۇپ كەتمىگەن، مائارىپىمىزغا قارايدىغان بولساق، تەلىم ـ تەربىيە جەھەتتىكى ئېغىر مەسئۇلىيەتلەرنى تولۇق ئارتقۇزالاشقا قۇربىتى يار بەرگۈدەك ئەھۋالدا ئەمەس. شۇڭا ئىجتىمائىي تەلىم ـ تەربىيە مەجبۇرىيىتى يەنىلا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىگە كۆپرەك تىرەلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئاتا ـ ئانا مەڭگۈ ئاتا ـ ئانا، پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نەزەرىدە يەنىلا مەڭگۈ بالا، بىز بۇ نۇقتىدا ئىككى مەسىلىنى كۆزدە تۇتىمىز. بىرى، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىدە ئاتا ـ ئانىلار بۈيۈك ئوبراز، ئۇلارنىڭ قەلب تۆرىدە ئاتا ـ ئانىلاردىنمۇ ئۇلۇغ يەنە بىر كىشى يوق. شۇڭا، پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلارنى هۆرمەتلەيدۇ، قەدىرلەيدۇ. يەنە بىرى، پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن تۇرمۇش بىلىملىرى ئوتتۇرىسىدا

بەلگىلىك پەرق بار. پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتىن پەرزەنتلەر دوكتور بولۇپ كەتسۇن، چوڭ ئەمەلدار بولۇپ كەتسۇن، يەنىلا ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە مەسئۇل بولۇش، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش، يامان، ناچار ئىشلار سادىر بولسا چەكلەش ھوقۇقى بار. يەنە بىر جەھەتتىن، ياشتا چوڭنىڭ ئەقلى چوڭ دېگەندەك، ئاتا - ئانىلارنىڭ تۇرمۇش، ھايات تەجرىبىسى مول، ئۇلار ھاياتنىڭ ئاچچىق - چۇچۇكلىرىنى كۆپ تېتىغان، بىرقانچە ئىشتاننى كۆپ يىرتقان.

ئۇنداق بولسا تولۇقلىما تەربىيىنىڭ تەلەپلىرى نېمە؟

## 1. بالىسى ئەمەلدار بولغان ئاتا - ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى

پەرزەنتى باشلىق بولغان ئاتا - ئانىلار پەرزەنتىنىڭ ئەڭ ياخشى نازارەتچىسى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىسى بولۇشى كېرەك. باشلىق بولغانلىكى ئادەم ئەقىللىق، پاراسەتلىك، ئەخلاقلىق بولۇپ كېتىشى ناتايىن. گەرچە بەزى ئەمەلدارلار مەدەنىيەت سەۋىيىسى نۇقتىسىدىن يۇقىرىراق تۇرسىمۇ، ئەقلىي ئىقتىدار ۋە ئەخلاقىي ساپا نۇقتىسىدىن ناھايىتى تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، بىر قىسىم ئەمەلدارلارنىڭ ئەمەلدارلىق تاجىنى كىيىۋېلىپ ياكى كىچىككىنە مەنسەپ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇۋېلىپ خەلققە گىدىيىشلىرى، ئۆزىنى چاغلىماي كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ كېتىشلىرى، قول ئاستىدىكىلەرنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەي، ئۇلارغا بويۇنتاۋلىق قىلىشى، قىلغان ئەمەلىي ئىشىنىڭ تايىنى يوق مەيدىسىنى چىقىرىشلىرى ... دەل ئۇلارنىڭ تېخى تولۇق پىشمىغانلىقىنى، ئەقلىنىڭ تولمىغانلىقىنى، تەلىم - تەربىيىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئاتا - ئانىلار تۆۋەندە بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەردىن، خەلقنىڭ ساداسىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرىدۇ، كىشىلەر ئەمەلدارلارنىڭ ئۆز ئېلىشىدىن قورقۇپ ئالدىدا گەپ قىلالمىغىنى بىلەن باشقا ئامما سورۇنلاردا ئۇلارغا باھا بېرىدۇ، ئۇلاردىن نۇرغۇن

ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ. بىراق ئەمەلدارلارغا يۈزمۇيۈز دېيىشكە پېتىنالمايدۇ، پەقەت ئاتا - ئانىلارلا بۇ چەكلىمىدىن ئۆتۈپ يۈرەكلىك نەسىھەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىلىقتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىمتىيازىغا تايىنىپ، ھەرقانچە يۇقىرى ئورۇنغا چىققان ئەمەلدار بالىسى بولسىمۇ، ئۇلارغا كۆز - قۇلاق بولۇشلىرى لازىم. خەلقنىڭ نازارىتىدىن قالسىلا، ئاتا - ئانىلارنىڭ نازارىتى ناھايىتى كۈچلۈك رول ئوينايدۇ. شۇڭا، پەرزەنتىنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقى، ئۇ خەلق تاپشۇرغان ۋەزىپىنى توغرا ئادا قىلىۋاتامدۇ - يوق، ئادىل، ھەققانىي ئىشلەۋاتامدۇ - يوق، خەلق ئۇنىڭدىن رازىمۇ ياكى نارازىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇش، ئەھۋال ياخشى بولسا ئىلھام بېرىش، ئەگەر ياخشى بولمىغان گەپ- سۆزلەر قۇلاققا كىرىپ قالسا، ۋاقتىدا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. ئەگەر زۆرۈرىيەت تېپىلسا، مۇنداق مەزمۇندا نەسىھەت قىلىپ تۇرۇش بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ بۇرچۇڭلارنى توغرا ئادا قىلغان بولىسىلەر.

نەسىھەتتىن نەمۇنە

*بالام، سەن ھەرقانچە يۇقىرى ئورۇندا بولساڭمۇ ئەلدىن چوڭ بولالمايسەن، ئۆزۈڭنى چوڭ چاغلىما، خەلققە بويۇنتاۋلىق قىلما، خەلقنىڭ چاكىرى مەن دەپ ھېسابلىغىن. ھەر دائىم خەلقنىڭ غېمىنى يېگىن. ئۇلارنىڭ بەختىنى ئۆزۈڭنىڭ بەختى دەپ قارا، باشلىقلىق دېگەن ساڭا باقىي ئەمەس، ئۇ ئورۇن بۈگۈن ساڭا تەگكەن بولسا، بۇرۇن يەنە بىرىنىڭ قولىدا ئىدى، ئەتە سەندىن يەنە بىرىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. بۇ مەزگىلدە ھەرگىز ئەلنىڭ ئالدىدا يامان ئاتاققا قالمىغىن، بالام. ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئەلنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكىن. «باش» دېگەن خەلقنى بەخت يولىغا باشلايدۇ، ياخشىلىقتا، جاپا - مۇشەققەتتە باش بولىدۇ، ھەرگىزمۇ مەن باشلىق دەپ ئەلنىڭ بوينىغا مىنىۋالما. خەلقنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتىگە ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلىسەڭ، ئاندىن يۈرەكلىك خىزمەت قىلالايسەن، يۇقىرى ئورۇنغا چىقتىم دەپ ئەلنىڭ نەزەرىدىن تۆۋەن تۇرۇپ قالمىغايسەن. بىلسەڭ ئەل قەلبى ئەڭ ئۇلۇغ تەخت. ئەمەلدارلىق دېگەن سېنىڭ شەخسىي مۈلكۈڭ ئەمەس، ئۇ خەلقنىڭ ساڭا تاپشۇرغان ئامانىتى،*

خەلقىنىڭ ساقچى بولغان ئىشەنچى، خەلقىنىڭ نۇرغۇن ئۈمىد رىشتىسى ساقچىغا باغلانغان. ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بول، ئۇلار ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ سۆيۈندۈرگىن. ھەرقاچان ھەققانىي، توغرا، ئادىل يول تۇتقايسەن. مۇبادا ھەققانىيەتنى ياقلىيەن دەپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايمەن دەپ شۇ يولدا قارا نىيەتلەرنىڭ تۆھمىتىگە، پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئەمەلدىن يىقىلساڭمۇ ئەلنىڭ قۇچىقىغا چۈشسەن، ئەل قەلبىدىكى ئورنۇڭ يىقىلمايدۇ. سەن ئەمەلنى جان بېقىشنىڭ قورالى قىلىۋالما، خەلق ساقچى ئىشىنىپ ھوقۇقنى تۇتقۇزغانىكەن، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويما، خەلققە يۈز كېلەلمىگۇدەك ئىشلار سادىر بولۇپ قالمىسۇن، ئەگەر خەلقنى قاقشىتىپ، ئۆكتەملىك، زوراۋانلىق قىلىپ بىر مەزگىل ئاسماندا ئۇچساڭمۇ، يەنىلا يەرگە چۈشىدىغان ۋاقتىڭ بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئۆزۈڭگە بىرەرمۇ ھەمدەم تاپالمايسەن، ئەلنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭ قارا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يۈزىگىمۇ قارىيالمايسەن، ئەلمۇ سېنى قوتۇر ئىتچىلىك كۆرمەيدۇ.

بالام، سېنى ئەڭ پەسكەش، قورقۇنچاق ۋە بېقىندى قىلىپ قويىدىغان ئىش تەمەخورلۇق قۇللۇقى ۋە نەپسانىيەتچىلىك بويۇنتۇرۇقىدۇر. كانىيىڭدىن ئىلىنىپ قالدىڭمۇ ھەرگىزمۇ يۈرەكلىك ئىشلىيەلمەيسەن، سەن بىرسىدىن پارا ئېلىپ بىر ئىشنى بېجىرىپ بەرگەن بولساڭ، سېنىڭ قىممىتىڭ، ئورنۇڭ شۇ پۇلنىڭ قىممىتىگىمۇ ئەرزىمىگەن بولىدۇ، ۋىجدانىڭ، غۇرۇرۇڭ ۋە ئەمەلدارلىقىڭنى شۇ پۇلغا ساتقان بولىسەن. سېنىڭ ئىختىيارىڭ ئالىلىبۇرۇن باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئورنۇمنى ساقلاپ قالىمەن، دەپ ھەق - ناھەق مەسىلىلىرىدە سۈكۈتتە تۇرۇۋالما.

ھەق - ناھەق مەسىلىسى سېنى سىنايدىغان گىر تېشى، نەپسىڭگە بېرىلىپ ناتوغرا يول تۇتۇپ قالساڭ ئۆزۈڭنىڭ پۇت - قولىنى ئۆزۈڭ چۈشەپ قويغان بولىسەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «پارا پىشقان ئاشنى خېمىرغا ياندۇرىدۇ، توغرا ئىشنى خاتاغا ئېلىپ بارىدۇ» دېگەنىكەن. ئەركىن، ئازادە، يۈرەكلىك بولاي دېسەڭ پاك ئەمەلدار بولغىن، قەدىمدىن

تارتىپ ھازىرغىچە، خەلقىنىڭ باشلىقلارغا قويغان تۆۋەندىكى ئۆلچەملىرىنى ئۆزۈڭگە مىزان قىل: ① پاك، ئادىل، ھەققانىيەتچى بولغىن؛ ② كەڭ قورساق، سېخىي بول؛ ③ تىلىڭ بىلەن دىلىڭ، دېگىنىڭ بىلەن قىلغىنىڭ بىردەك بولسۇن؛ ④ خەلقپەرۋەر، ئەلسۆيەر بول؛ ⑤ ئار - نومۇسلۇق، ۋىجدانلىق بول؛ ⑥ مىجەز - خۇلقۇڭنى ياخشى قىل. غەزەپلىك، ئاداۋەتچى بولما؛ ⑦ تۇراقلىق مەيدانىڭ بولسۇن، راستچىل بول، يۇمىلاق تاۋۇز بولما، شامال قاياققا ئۇچۇرسا شۇياققا ئۇچما، مەزمۇت بول؛ ⑧ كەمتەر، كىچىك پېئىل بولغىن؛ ⑨ ئەلگە ۋاپادار دېگەن ياخشى نامنى قولغا كەلتۈر؛ ⑩ ھەر ئىشنى قىلساڭ ئەقىل بىلەن، پاراسەت بىلەن قىلغىن. مۇنۇ ئون ئىللەتنى ۋۇجۇدۇڭدىن پاكىز سۈپۈرگىن: ① شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك قىلما؛ ② تەمە قۇللۇقىغا ئۆزۈڭنى بەند قىلما؛ ③پارىخورلۇق تۇزىقىغا چۈشمە؛ ④ ئاچ كۆز، كۆزى كىچىك بولما؛ ⑤ تەنتەكلىك ۋە ئالدىراڭغۇلۇق قىلما؛ ⑥ قوپال ۋە زوراۋان بولما؛ ⑦غاپىل، بىپەرۋا بولما؛ ⑧ ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلمە؛ ⑨ تەكەببۇر، مەنمەنچى بولما؛ ⑩ يۇقىرىدىكىلەرگە خۇشامەت قىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى باسما. يۇقىرىقى تەرەپلەرگە دىققەت قىلساڭ، ۋەتەن، خەلق ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايسەن، ئەلنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىغان بولىسەن.

ئوغلۇم، دانىشمەن پازىللار شۇنداق ئېيتقانكى، «بۇ جاھاندىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل تەبىئەت ۋە مىجەزدە يارىتىلغان. ئادەم پەرزەنتلىرى بولسا بىر - بىرىگە زىت ۋە خىلاپ كېلىدىغان مىجەزدە يارىتىلغان. شۇ ۋەجىدىن ئىنساننىڭ روھى ۋە جىسمىغا لاتاپەت بىلەن كاساپەت، نۇر بىلەن زۇلمەت ئارىلاشقان بولىدۇ. ئالەمدە بار بولغان ئېسىللىق ۋە پەسلىككە ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەرمۇ ئىنسان قەلبىنىڭ قاچىسىدىن مەلۇم ئورۇن ئالغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەركىمدە ئالاھىدە بىر خىل مىجەز پەيدا بولغان. ئىنسانغا پەرىشتىلەر ئەقلىدىن بەھرە بەرگەن، شەيتان نەپسىدىن ھەسسە قوشقان. شۇڭا، ھەركىم ئەقىل بىلەن بىر ئىش قىلسا يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ئۇلۇغ دەرىجىگە ئېرىشىدۇ. ئەگەر نەپسىنىڭ پەرمانىغا بويۇن سۇنسا ھايۋاندىن تۆۋەن پەس ئورۇنغا چۈشۈپ،

بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خارۇ زارلىقتا قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ يامان خۇلق ۋە يارىماس ئىشلارغا قەدەم قويىدۇ-دە، ھېرىس ۋە ھەسەت، زۇلۇم ۋە رىيا، غەيۋەت ۋە تۆھمەتكە ئوخشاش ئىشلارنى سادىر قىلىدۇ.» ئوغلۇم، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ باشقىلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالساڭ ئىختىيار تىزگىنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ-دە، ئۇ چاغدا ھەرقانچە ئۇرۇنساڭمۇ بوتىلىقىغىمۇ رەھىم-شەپقەت قىلىشقا قۇربىتى يەتمىگەن تۆگىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىسەن: بىر بوتىلاق ئانىسى بىلەن بىللە ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ھېرىپ-ئېچىپ ماڭغۇدەك مادارى قالماپتۇ، ئۇ ئانىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ: ھەي مېھرىبان ئانا، بىردەم توختىساڭچۇ، مەن سەل دېمىمنى ئېلىۋالاي، مادارىم قالمىدى، سەل ھاردۇقۇم چىققاندىن كېيىن يەنە ماڭايلى دېگەنىكەن، ئانىسى: ھەي قارىغۇ، كۆرمەيۋاتامسەن، بۇ بالانىڭ ئارغامچىسى خەقنىڭ قولىدا تۇرسا، مەن قانداق قىلاي. ئەگەر مەندە كىچىككىنە ئىختىيار بولسا، ئۆزۈمنى بۇ ئېغىر يۈكنى يۈدۈشتىن، سېنى يول يۈرۈشتىن خالاس قىلغان بولاتتىم، دېگەنىكەن.

بالام، قول ئاستىڭدىكىلەرگە كەڭ قورساق بول، كىمكى قول ئاستىدىكىلەرگە كەڭ قورساق بولمىسا، ئۆزىدىن ئۈستۈنلەرنىڭ جەبرىگە ئۇچرايدۇ. بىلگىنىكى، يامان ئاقىۋەتكە قالغان ئەمەلداردىن ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن خاتىرجەم ياشىغان پۇقرانىڭ كۈنى ياخشى، قولۇڭدىن كەلسىلا ياخشىلىق يولىنى تۇتقىن، ياخشىلىق قىلىشقا قۇربىتىڭ يەتمىسە ئۆكتەملىك بىلەن ئورۇننى ئىگىلەپ ياتماي، قىلالايدىغانلارغا بوشىتىپ بەرگىنىڭ ياخشى، ئۆز نەپسىڭنىلا ئويلىساڭ سېنى قابىلىيەتلىك باشلىق دېگىلى بولمايدۇ، قابىلىيەتسىز كىشى ئەمەلدار بولۇشقا يارىمايدۇ، سەن ھەقىقىي كۆيۈملۈك، خەلقپەرۋەر، ئەلسۆيەر باشلىق بولمىغان بولساڭ كىچىككىنە نەپسانىيىتىڭ ئۈچۈن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلما، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ساتما. بولمىسا خەلق ئالدىدا قارا يۈز بولۇپ قالىسەن. كىمكى كۈچ-قۇدرىتى بار چاغدا باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى راۋا كۆرمىسە، يامان كۈنگە

*قالغاندا خەلقىنىڭ كۆلكە ۋە مەسخىرىسىگە قالىدۇ.*

## 2. خەلق ۋە قانۇن ھەرقانداق ھوقۇقتىن يۇقىرى

پەرزەنت تەربىيىسىدە، بالىلارغا ئۆزىنى تونۇشنى، ئۆزىنى قەدىرلەشنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى قانۇن - تۈزۈمنى ئۆگىنىشكە ئىشتىراك قىلدۇرۇش كېرەك. پەرزەنتلەر كىچىكىدىن باشلاپ قانۇن - تۈزۈمنى ھۆرمەتلەيدىغان، قانۇن - تۈزۈم بىلەن ئىش قىلىدىغان بولسۇن. ئۇلار قۇرامىغا يەتكەندە ئۆزىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىدىن تولۇق پايدىلىنالايدىغان، ئۆزىنى خەلقنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىيالايدىغان جاسارەتكە ئىگە بولسۇن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئەسكەرتىپ نەسىھەت قىلىپ تۇرۇش زۆرۈر.

**نەسىھەتتىن نەمۇنە**

*بالام، خەلق ئۇلۇغ، سەن بولساڭ شۇ ئۇلۇغ خەلقنىڭ بىر ئەزاسى. شۇڭا، ئۆزۈڭگە مەسئۇل بولۇش بىلەن بىرگە، جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇشۇڭ، قانۇنغا مەسئۇل بولۇشۇڭ، ئەمەلدارلارنىڭ نازارەتچىسى بولۇشۇڭ كېرەك. ئۆزۈڭنى قانۇن بىلەن قوغداشنى بىل، بولمىسا زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن، بولۇپمۇ ئەمەلدارلارنى باھالاشتا بىخۇدلۇق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلما. چۈنكى قايسى دەرىجىلىك باشلىق بولسۇن سېنىڭ جانجان مەنپەئەتىڭ بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر ھوقۇق، تامغا بىر نەپسانىيەتچى، ئىقتىدارسىز، ۋىجدانسىز ئادەمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلىدىكەن، خەلققە ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ خۇسۇستا ئەزەربەيجان خەلقىنىڭ مۇنداق بىر مەشھۇر مەسەلى بار:*

*بىر سودىگەر ئۆزۈن يىل كارۋان تارتىپ جاھان كېزىپتۇ، ئاخىرى ھاياتلىق كارۋىنىمۇ ئاخىرقى بېكەتكە يېقىنلاپ قاپتۇ. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن رازىلىق ئاپتۇ. ئاخىرىدا ئۆزىگە ئۇزۇن يىل ھەمراھ بولغان تۆگىسى يادىغا يېتىپ تۆگىسىنى ئالدۇرۇپ كىرىپ تۆگىدىن رازىلىق ئالماق بولۇپ مۇنداق دەپتۇ: «ھەي تۆگەم، سەن بىلەن مەن*

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھەمسەپەر بولۇپ جاھان كەزدۇق. مەن ساڭا ئېغىر يۈكلەرنى ئارتتىم، قىشتا سوغۇقتا قويدۇم، يازدا سۇسىز قويدۇم. ئۇنى ئاز دەپ تېخى ئۈستۈڭگە مىنىۋالدىم. ساڭا كۆپ جاپالارنى سالدىم، مانا مەن ئەمدى ئۆلۈش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. مەندىن رازى بولساڭ.» تۆگە ئىگىسىگە مۇنداق دەپتۇ: «توغرا، سەن دېگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى راست، نۇرغۇن قېتىم ئاچ قالدىم، سۇسىز قالدىم، قەھرىتان قىشتا، تومۇز ئىسسىقلاردا ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈپ چەكسىز چۆللەرنى كەزدىم، بۇنىڭ ھەممىسىگە رازىمەن، لېكىن بىر ئىشىڭنى ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا ھەرگىز كەچۈرمەيمەن.» ھەي ھەمراھىم تۆگەم، — دەپتۇ ھەيران قالغان بوۋاي، — نېمە ئىش ئۇ كەچۈرمەيدىغان؟ بىر قېتىم، — دەپتۇ تۆگە، — دۆڭدىن چىقىۋاتقاندا چۇلۇۋۇرۇمنى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويغىنىڭ يادىڭدىمۇ، مانا شۇ ئىشىڭنى مەڭگۈ كەچۈرمەيمەن ① ...

بالام، خەلقنىڭ ئىشى بەك ئۇلۇغ ۋە نازۇك ئىش، ئۇنى ئادەم سۈپەت ئېشەكلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، تارىختا نۇرغۇن دۆلەتلەر دەل ئەمەلدارلارنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى تۈپەيلى زاۋال تاپقان ۋە خەلقنى قانغا پاتۇرغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋىمىزنىڭ مۇنداق مەشھۇر رۇبائىيسى بار:

بولۇۋەرسە ئىتقا، كۆر، باش ئارسلان،
بولۇر ئىتلار ھەممە ئارسلانسىمان.
ئەگەر بولسا ئىت ئارسلانغا باش،
بولۇر ئارسلانلار ھەممە ئىتتەك ھامان.

شۇنداق بالام، ئىقتىدارلىق، بىلىملىك، پەزىلەتلىك باشلىق خەلقنىڭ بەختى؛ ئىقتىدارسىز، بىلىمسىز، پەزىلەتسىز باشلىق خەلقنىڭ كۈنلىرىنى قارا قىلىدۇ. بەزى كىشىلەر «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ» دېگەندەك

① «كېلىدۇ بىر كۈن» دېگەن روماندىن ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىندى.

مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، كېيىن بارماق چىشلەيدۇ - يۇ، ئورنىغا كەلتۈرگىسىز زىيان بولىدۇ. شۇڭا، پائالىيەتچانلىق بىلەن هوقۇقۇڭنى توغرا ئىشلىتىپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدىغان كىشىلەرنى، ياخشى خاراكتېرلىك كىشىلەرنى تاللاپ كۆرسىتىشكە تىرىشقىن. خەلق دېگەن ئۇلۇغ، ھەم سايلىيالايدۇ، ھەم ناچارلىرىنى شاللىيالايدۇ. ئەگەر خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالمايدىغان ئادەم ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ قالغان بولسا، دەرھال ئومۇمىي خەلق جامائەت پىكرى ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ھوقۇقىنى ئېلىۋېتىش كېرەك. ئۇنداق ئادەم بىر كۈن ئوشۇق ھۆكۈم سۈرسە، نۇرغۇن زىيانلارنى سالىدۇ. ھەرقاچان ئەڭگۈشتەر خەلقنىڭ قولىدا، خەلق ئىتىراپ قىلسا ئۇ باشلىق، خەلق ئىتىراپ قىلمىسا قۇرۇق ئىبرىقتا مىراپ بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

بالام، ئەگەر ئۆزۈڭدە خەلقنى باشلىيالىغۇدەك ئىقتىدار بولمىغان بولسا دادىللىق بىلەن ئۆزۈڭنى نامايان قىل، يۈرەكلىك ھالدا ھوقۇقنى قولۇڭغا ئېلىپ خەلققە بەخت كەلتۈرۈشكە تىرىشقىن. ئەگەر ئىقتىدارىڭ بولمىسا ھەرگىز بۇ ئىشقا ھەۋەس قىلمىغىن، ئىقتىدارسىز ئادەمنىڭ ئەمەل تۇتۇشىنى چۈمۈلىنىڭ هارۋا سۆرىشى دەپ تەسەۋۋۇر قىل !

## 3 . پەرزەنتىڭىز دوختۇرلۇق كەسپىدە بولسا، مۇنداق مەزمۇندا تەربىيە قىلىڭ

بالام، سەن كىشىلەرنىڭ جىسمانىي كېسەللىكىنى داۋالاپ روھىي ئازابتىن ئازاد قىلىدىغان، ئۆلۈمگە ئامال قىلىپ، ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ساۋاپلىق كەسىپنى قىلىدىغان بولدۇڭ. سەن ئۆزۈڭنى بىر سەۋەبچى دەپ بىلگىن، كېسەللىكنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارمايدۇ، بىراق ئەجىلى توشقان بولسا ھەرقانچە ئۇستا دوختۇرمۇ سەۋەبتىن ئاجىز كېلىدۇ. ئەجىلى توشمىغان بولسا سەۋەب قىلساڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمىنىڭ، بەختسىزلىكنىڭ، رەھىمسىز جۇدالىقنىڭ ئالدىنى ئالالايسەن. بىراق ياخشى، يارامىلىق، ئىقتىدارلىق دوختۇر بولماق ئوڭاي ئەمەس، ياخشى،

يارامىلىق دوختۇرنى كىشىلەر «ئاق پەرىشتە» دەپ ئاتايدۇ، يارامسىز، قابىلىيەتسىز دوختۇرنى كىشىلەر «رەھىمسىز قاتىل» ھېسابلايدۇ. بۇ خۇسۇستا ئەلىشىر نەۋائىي مۇنداق سېلىشتۇرما قىلغان: «نادان تېۋىپ جاللاتنىڭ ئۇستىسى، جاللات تىغ بىلەن ئۆلتۈرسە، نادان تېۋىپ دورا بىلەن ھالاك قىلىدۇ. جاللات نادان تېۋىپتىن ياخشىكى، جاللات گۇناھكارلارنىڭ كاللىسىنى ئالسا، نادان تېۋىپ بىگۇناھ ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ.» ئىبرەت ئالغىنكى، ھۆكۈم قىلالمىغان ئەھۋالدا ئالدىراپ رېتسېپ يازما، ئۆزۈڭنىڭ ئاجىزلىقىنى يوشۇرما، جان بىلەن ئوينىشما، كېسەلگە قارىتا توغرا ھۆكۈم قىلىشقا ئاجىزلىق قىلساڭ، سەمىمىيەتلىك بىلەن باشقا دوختۇرلارغا كۆرۈنۈپ بېقىش تەكلىپىنى بەرگىن، دىئاگنوز يۈزدە - يۈز مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگىچە بىمارغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېغىزىڭغا كەلگىنىچە قالايمىقان بىر نەرسىلەرنى دەپ قويما. بىلگىنكى، دوختۇرلۇق دېگەن ناھايىتى نازۇك كەسىپ، ھەردائىم جان بىلەن ھەپىلىشىسەن، بىر قېتىملىق سەۋەنلىكىڭ ئۆزۈڭنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغان خاتالىققا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن، شۇڭا ھەرقاچان كەسپىي ئىقتىدارىڭنى ئاشۇرۇشقا تىرىشقىن.

بالام، دوختۇر دېگەن ياخشى خۇيلۇق، ياخشى مىجەزلىك ۋە خۇشخۇي بولۇشى كېرەك. كېسەل كىشى دېگەن تولىمۇ نازۇك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرىكى لەڭپۇڭدەك لىغىلداپ تۇرىدۇ، ناھايىتى كۆپ ئەندىشە، تەشۋىش، قورقۇش ئۇلارنىڭ روھىنى ئاجىزلاشتۇرغان بولىدۇ. شۇڭا، سەن ئىشنى ئاۋۋال بىمارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشتىن باشلا، ئۇلارغا ئۈمىد، ئىشەنچ ئاتا قىلغىن، ئۇلارنىڭ روھىي بېسىمىنى يەڭگىللەتمىسەڭ بەرگەن دورىلىرىڭ ئۇلارغا شىپا قىلماي، بەلكى زەھەرگە ئايلىنىدۇ، ئىشەنچ، ئۈمىد پەيدا قىلىپ، روھىدا جۇشقۇنلۇق ئويغاتساڭ بىر سىقىم تالقاننى دورا دەپ كاپ ئەتكۈزسەڭ شىپا بولۇشى مۇمكىن. بۇ كۆپ سىناقتىن ئۆتكەن ئىش بالام. شۇڭا، بىمارلارغا شەپقەتلىك، مېھرىبان، ئوچۇق چىراي ۋە ئىللىق بولغىن، دوراڭ بىر ئۆلۈش داۋالىسا، پەزىلىتىڭ يەنە بىر ئۆلۈش داۋالايدۇ. بىمار سەن بىلەن تۇنجى ئۇچراشقاندا مېھرىڭدىن سۆيۈنسە، ئۇنى

ئۇچتە بىر ئۆلۈش داۋالاپ بولغان بولىسەن. سەندىن قوپاللىق، سوغۇقلۇق سادىر بولۇپ بىمارنىڭ كۆڭلى ئاغرىغان بولسا، كېسەلنى ئۇچتە بىر ئۆلۈش ئېغىرلاتقان بولىسەن. ئەگەر بىمار سەن بىلەن بولغان تۇنجى سۆھبەتتە ئىشەنچىگە ئىگە بولالمىسا، ئۆزىدە يەڭگىللىك ھېس قىلالمىسا، سەن ئۆزۈڭنى دوختۇر دەپ ئاتىمىساڭمۇ بولىدۇ.

بالام، دوختۇر دېگەن كېسەلنىلا تونۇيدۇ، ئادەملەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلمايدۇ. سېنىڭ ئالدىڭغا ھاجەتمەن بولۇپ كەلگەن بىمارلار باي بولسۇن، كەمبەغەل بولسۇن، تۇغقىنىڭ بولسۇن، يات بولسۇن، باشلىق بولسۇن، پۇقرا بولسۇن ھەممىسىلا ئوخشاشلا دەردمەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولغىن، ھەرگىز پەرقلىق مۇئامىلە قىلما. مەسىلەن، بىر كېسەلخانىدا تۆت بىمار ياتقان بولسا، بىرىگە ھەددىدىن ئارتۇق كۆيۈنۈپ غەمخورلۇق قىلىپ كەتسەڭ، باشقىلارغا ئانچە ئېتىبار بەرمىسەڭ كەسپىي ئەخلاقىڭغا ماس كەلمەيدۇلا ئەمەس، ئادىمىگەرچىلىككىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. شۇڭا، ھەرقايسىسىدىن يولىدا ئەھۋال سوراپ كۆڭلىنى ياسىغىن. قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارغا ئۈمىد بېغىشلا. كىشىلەرنىڭ ھاجىتى چۈشۈپ قالسا خۇشاللىق ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان، كېسىلىگە شىپادار بولغىن. مەنپەئەت قوغلىشىپ كىشىلەر كېسەللىك دەستىدىن جان بىلەن ئېلىشىۋاتسا كۆزۈڭنى يۇمۇۋالما. جاننى پۇل بىلەن ئۆلچەشكە بولمايدۇ، جاننى قۇتقۇزۇش سېنىڭ بىردىنبىر مەقسىتىڭ بولسۇن. پۇلى يوقكەن دەپ بىرەر كېسەلنى داۋالىماي ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالساڭ جانغا زامىن بولغان بولىسەن، ئۇ ھالدا بىر ئۆمۈر ئۆزۈڭنى كەچۈرەلمەيسەن.

بالام، دوختۇر دېگەن نوقۇل كىتابىي بىلىمگە تايانغان بىلەنلا ياخشى دوختۇر بولالمايدۇ، ئەمەلىي تەجرىبە دېگەن مىڭ كىتابتىن ئەۋزەل. ھەممە كېسەل كىتابتا پۈتۈلگەندەك بولۇشى ناتايىن. گەرچە ئوخشاش بىر كېسەل ئىككى ئادەمدە پەيدا بولغان بولسا، بىر ئادەم كىتابتىكى داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن ئۈنۈملۈك داۋالىنىشى مۇمكىن، يەنە بىرىگە ياخشى ئۈنۈم بەرمەسلىكى مۇمكىنغۇ؟ شۇڭا سەن ئادەملەرنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى،

ياشاش مۇھىتىنى، ئۇلارنىڭ كېسەللىك پەيدا قىلىشتىكى ئامىللىرىنى ئىلمىي پەرەز قىلالىساڭ كېسەلنىڭ ئەسلىي مەنبەسىنى تاپالايسەن، سەۋەبىنى ئېنىقلىيالمىساڭ كېسەلنى تۈپ يىلتىزىدىن ساقايتالمايسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن سەن دوختۇر بول، پسىخولوگ بول، جەمئىيەتشۇناس بول. بەزى كېسەللەر دورا بىلەن ساقىيىدىكەن، بۇ بەدەن تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، بەزى كېسەللەر دورا بىلەن ساقايمايدىكەن، بەلكى روھىنى داۋالاش بىلەن شىپا تاپىدىكەن. ھېكايە قىلىنىشچە: بىر پادىشاھ غەلىتە بىر كېسەلگە گىرىپتار بوپتۇ. ئۇنى شۇنچە داڭلىق تېۋىپلارمۇ داۋالاشقا ئاجىزلىق قىپتۇ. ھەرقانچە ئامال قىلغان بولسىمۇ ئۈنۈم بەرمەپتۇ، بەلكى شاھنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ مېڭىپتۇ. شۇ كۈنلەردە شەھەرگە بىر تېۋىپ كېلىپ قاپتۇ، ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، شاھقا خەۋەر بېرىپتۇ. شاھمۇ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ، تېۋىپ بىر مەزگىل شاھنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزەتكەندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— شاھىم، سىلىنىڭ كېسەللىرى كۆزلىرىدە بولسا كېرەك.

— يالغان ئېيتىسەن، — دەپتۇ شاھ تېرىكىپ، — كۆزۈم ئىنتايىن نورمال، دەرد دېگەن ئىچىمدە، دىلىم ھەمىشە قاراڭغۇ، كۆڭلۈمگە ھېچنەرسە ياقمايدۇ، تېرىكىپ تىت - تىت بولىمەن، راھەتلىنىپ ئۇخلىيالمايمەن.

— دېگەنلىرى توغرا، دەل شۇ دەردلەرنى داۋالاشنى كۆزدىن باشلاش كېرەك، — دەپتۇ تېۋىپ.

— مېنىڭ كۆزۈم ساپمۇساق، — دەپ غەزەپلىنىپتۇ شاھ.

— ئۇنداق بولسا ماڭا ئىجازەت بەرسىلە، مەن كېتىپ قالاي، — دەپتۇ تېۋىپ.

شاھ بىرئاز ئويلىنىپ، تېۋىپنىڭ داۋالاش تەكلىپىنى قوبۇل قىلماق بوپتۇ. تېۋىپ شاھتىن سۆزنگە كىرىشنى، ئەمەل قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، شاھمۇ رازىلىق بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تېۋىپ شاھنىڭ ئەڭ يېقىن بىر تۈركۈم كىشىلىرىنى بىرگە ئېلىپ سەپەرگە چىقىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار سەپەرگە ئاتلىنىپ شۇ كۈنلا خېلى ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ، كەچتە گۈزەل

بىر ۋادىغا يېتىپ كەپتۇ. شۇ كېچىسىلا شاھ شۇنداق شېرىن ۋە قاتتىق ئۇخلاپتۇكى، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئاران ئويغىنىپتۇ. شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ گۈزەل تاغ باغرىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۈزۈك سۇلارنى تاماشا قىپتۇ. رەڭمۇرەڭ گۈل - گىياھلار دىلىغا ئارام بېرىپتۇ. ئۇ بارا - بارا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلاپتۇ، كىچىك بالىدەك ئۇياق - بۇياققا سەكرەپ بېقىپتۇ، قەددىنى رۇسلاپ چوڭ - چوڭ نەپەس ئېلىپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم تىنغاندا ئاغزىدىن ۋە دىمىغىدىن قانداقتۇر سىبىق بۇس چىققاندەك بوپتۇ. بىر ھەپتە ئىچىدىلا ساپمۇساق ساقىيىپ كېتىپتۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ھەيران بولغان شاھ تېۋىپتىن سوراپتۇ:

— دورا - دەرمەكسىز مېنى قانداق قىلىپ ساقايتتىڭ، بۇنىڭدا قانداق سىر بار؟

— شاھىم، بۇنىڭدا ھېچقانداق سىر يوق، — دەپتۇ تېۋىپ، — مەن سىلىنى كۆرۈشتىن ئاۋۋال بىرنەچچە كۈن سىلىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى كۆزەتتىم، ماڭا شۇ مەلۇم بولدىكى، سىلى ئۇزاق ۋاقىت داۋامىدا تەخت ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەردە، ھەربىي يۈرۈشلەردە بولدىلا، يۈزلەپ كىشىلەرنى قەتلى قىلىش ئۈستىدە تۇردىلا، خاتىرجەمسىزلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق تۈپەيلىدىن كۆپىنچە ئوردىدىن چىقماي ياشىدىلا، مۇنداق مۇھىت ئۇزاق داۋام قىلسا كىشىنىڭ دىلى خىرەلىشىدۇ - دە، غەزەپتىن ئۆزىنى بېسىۋالالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئازغىنە ئىشقا تېرىكىدۇ، داۋاملىق مۇنداق تۇرمۇش ئۆتۈۋەرگەندە كۆزلىرى بىر نەرسىدىن ئاسانلا زورىقىدىغان بولۇپ قالىدۇ، ۋۇجۇدلىرى بولسا راھەتلىنىش ۋە ھوزۇرلىنىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئادەتتە تېۋىپلار مۇنداق كۆزلەرنى كۆرگەن چاغدا ئۇنى كېسەللىكنىڭ ئالامىتى دەپ قارايدۇ. شۇڭا، مەن سىلىنى كۆرۈپلا كېسەللىرىنى كۆزلىرىدە ئىكەن دەپ ئېيتقانىدىم. مۇنداق كېسەلنى داۋالاشتا ساياھەتتىن باشلاش تولىمۇ ئۇنۇملۇكتۇر، تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلىرى، خۇسۇسەن دەريالار، تاغلار، ئاق چوققىلار، بىپايان ۋادىلار، رەڭمۇرەڭ گۈللەر، ياپ - يېشىل مايسىلار، ئېگىز چوققىلار ھەم ياپ - يېشىل قارىغايلار ... كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، دىلنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

مانا بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە روھنى كۆتۈرىدۇ، ئەتراپتىكى شاد - خۇراملىقنى كۆرۈش ۋە تاماشا قىلىشنى ئۆگىتىدۇ، نەتىجىدە كىشى ئۆزىدە ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ھېس قىلىدۇ.

دېمەككى بالام، ھەممىلا كېسەلنى كىتابتا خاتىرىلەنگەن رېتسېپلار ئاساسىدىلا داۋالايمەن دەپ قارىساڭ تەرەققىي قىلمايسەن، بەزى كېسەللەر مۇھىت ئالماشتۇرۇش بىلەن، بەزى كېسەللەر سۇنى ئالماشتۇرۇش بىلەن، بەزىلەر ھاۋانى ئالماشتۇرۇش بىلەن، بەزىلەر يېمەكلىك ئادىتىنى ئۆزگەرتىش بىلەن، بەزىلىرى دەردىتىن ساقىت بولۇش بىلەن شىپا تېپىشى مۇمكىن. شۇڭا بالام، كېسەلگىمۇ قارا، ئەڭ مۇھىمى ئادەمگە قاراپ كېسەل داۋالاشنى ئۆگەنگىن. ھەقىقىي ئاق پەرىشتىدەك بۇرچۇڭنى ئادا قىلالىساڭ ئەلمۇ رازى بولىدۇ، مەنمۇ سەندىن رازى بولىمەن.

## 4 . پەرزەنتىڭىز ئوقۇتقۇچىلىق شەرىپىگە ئېرىشكەن بولسا، مۇنداق مەزمۇندا تەربىيە قىلىڭ

بالام، سەن ئوقۇتقۇچى بولدۇڭ. ئوقۇتقۇچى دېگەن «مىللەتنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ ئۇستازى.» «ئۇستاز» دېگەن بۇ شەۋكەتلىك نامنى ھالال ئەجرىڭ بىلەن ئاقلاشقا تىرىشقايسەن. ئوقۇتقۇچى دېگەننىڭ مەسئۇلىيىتى ئەڭ ئېغىر خىزمەت، چۈنكى سەن ياكى يېڭى بىر ئۇلۇغ ئىنساننى يارىتىسەن، ياكى ئەۋلادلارنى نابۇت قىلىسەن. ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەربىر سۆزى ۋە ھەربىر ھەرىكىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئىز قالدۇرىدۇ، سەندىن نەمۇنە قالغان ياخشى بىر سۆز جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدا يادلىنىدۇ، ئەگەر سەن سۆزۈڭ ياكى ھەرىكىتىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا يامان تەسىر بەرگەن بولساڭ، ئۇ مەڭگۈ يۇغىلى بولمايدىغان داغقا، ساقايتقىلى بولمايدىغان جاراھەتكە ئايلىنىپ قالىدىكەن، بالام. ئەقلىڭ بولسا مۇنبەردە ئۆتكەن ھەربىر سائەتنى پۇرسەت ۋە ئامەت دەپ بىلگىن، خەلق ۋە مېھرىبان ئاتا - ئانىلار سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنى ساڭا ئىشىنىپ تاپشۇردى، ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى تولۇق

ئاقلاشقا تىرىشقىن، ئۇ مەسۇمە باللارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى مەلۇم جەھەتتە سېنىڭ قولۇڭدا. ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنىڭ قانداق تەربىيىلىنىشىگە باغلىق، ئۇلارنىڭ قانداق خاراكتېردىكى ئادەم بولۇشىمۇ ئۇلارنىڭ قانداق خاراكتېردە تەربىيىلەنگەنلىكىگە باغلىق.

ياخشى تەلىم ـ تەربىيىگە ئىگە بولالىسىلا ئادەم دېگەن ئاجايىپ بۈيۈك مۆجىزىگە ئايلىنىدىكەن، ئەگەر ياخشى تەلىم ـ تەربىيىدىن مەھرۇم بولسا قاپقارا ئاپەتكە ئايلىنىدىكەن، نادانلىق دېگەن قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئوخشايدىكەن بالام. سەن ئالدىڭدا ساڭا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان باللارنىڭ قەلبىنى چۈشەنگىن. ئۇلارنىڭ چاڭقىغان، تەلەپچان روھىغا ئىلىم ـ پەندىن سۇنماس قانات بەرگىن. ئۇلارغا ئىشەنچىنى يىقىلماس پىرامىدا ئاتا قىلغىن، ئۇلارغا ئىشەنچ بەرگەن چېغىڭدىلا ئۇلار ئاندىن سەندىن ھالقىپ كېتەلەيدۇ، تەرەققىيات دېگەن مانا شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ، باللار ساڭا ئىشەنسۇن، ئۆگەنگەن ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىگە ئىشەنسۇن، ئۆزىگە ئىشەنسۇن. ئۇلار كەلگۈسىمىزنىڭ تۈۋرۈكىگە ۋە يارامىلىق ئىزباسارلىرىغا ئايلانسۇن. پەرزەنتلىرىمىز زېرەك، ئەقىللىق، جاسارەتلىك، كەم نەرسە شۇكى، ئۇلار كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيىلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەقىل بۇلىقى ياخشى ئېچىلمايۋاتىدۇ، ئادىمىيلىك بۈيۈك ئىقتىدارى تولۇق جارى بولمايۋاتىدۇ، بىلسەڭ ئادەم دېگەن ئاجايىپ بۈيۈك مۆجىزە، ئۇنىڭدا تەڭداشسىز يوشۇرۇن سېھرىي كۈچ مۇجەسسەم، ئوقۇتقۇچى دېگەننىڭ ۋەزىپىسى مانا شۇ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش، ئەقىل بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن ئاساس سېلىش. بۇ ۋەزىپە ھەرگىزمۇ شەكىللىۋازلىق بىلەن، ئۆلۈك، قاتمال ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن ئورۇندىلىدىغان ئىش ئەمەس بالام. ئوقۇتقۇچى دېگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرىشى، ئۇلارغا تۇرمۇشنى، ھاياتنى ھەر تەرەپتىن چۈشىنىش ئىمكانىيىتىنى بېرىشى، ئۇلارنىڭ ياشاش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. دەرسلىكتىكى ھەربىر مەسىلە ھاياتتىكى پەقەت بىرەر كىچىك زەررىچە، ئوقۇتۇشتىكى مەقسەت شۇ نەرسىنى ئۆلۈكلا قۇيۇپ قويۇش ئەمەس، بەلكى شۇ كىچىك تامچە ئارقىلىق باللارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى

ھايات دېگەنگە باشلاپ كىرىش، ئۇنى ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىشنىڭ پەقەت بىر يىپى ئۇچى قىلىش كېرەك. چۈنكى ئوقۇتقۇچى ئەگەر ئوقۇغۇچىلارنى فورما بولۇپ قالغان قاتمال پرىنسىپلار، رامكا بولۇپ قالغان كونا نەزەرىيىلەرنى قارىغۇلارچە يادلاتقۇزسا، ئۇنى تەكرار - تەكرار دېگۈزۈپ، كىتابىي ئىبارىلەر چېگراسىغا بەند قىلىپ قويسا بولمايدۇ، بەلكى ئۇلارنى يېڭىلىق يارىتىشقا، پىكىر قىلىشقا، قانائەتسىزلىككە ئۆگىتىش كېرەك. چۈنكى ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىمۇ ئۇنىڭ پىكىر قىلىشىدىن، ھەرگىزمۇ ئۆتكەن قۇشتەك نېمىنى ئۆگەتسە شۇنى قايتا - قايتا تەكرارلاۋېرىش ئەمەس، پېداگوگىكىنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان ۋەزىپىسىمۇ ئوقۇتۇش ئارقىلىق بىرى ياشاشنى ئۆگىتىش بولسا، يەنە بىرى پىكىر قىلىشنى ئۆگىتىش ئەمەسمۇ؟ بىلىشنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان تۈپ ۋەزىپىسى — بۇ دۇنيانى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش، ئۆز ھېسسىياتى ۋە چۈشەنچىسى بويىچە باھالاش، ئۆز مەقسەت، نىشانىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش. ئەگەر سەن ھەممە ئوقۇغۇچىلاردىن بىرلا نەرسىنى ئەينەن ۋە بىر خىل چۈشىنىشنى، بىرلا نەرسىنى دېيىشنى، بىرلا نەرسىنى تەكرارلاشنى تەلەپ قىلساڭ، ئۇنداقتا مائارىپ نېمىگە تايىنىپ تەرەققىياتنىڭ ئۇلۇغ پىشاڭى بولۇشتىن ئىبارەت قۇدرەتلىك كۈچىنى جارى قىلدۇرالايدۇ؟ «نەرسىلەرنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقىنى بىلىش ئەقىللىي ئادەملەرگە خاس، نەرسىلەرنىڭ ھەقىقەتەن قانداقلىقىنى بىلىش تەجرىبىلىك ئادەملەرگە خاس، نەرسىلەرنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرغان ھالدا بىلىش بۈيۈك ئادەملەرگە خاستۇر» (دىدرو) . شۇڭا، ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم، ئۆزى نېمىدېگەن بولسا شۇنىلا 100 پىرسەنت دەپ بېرەلىگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئەمەس، بەلكى سەندىن ۋە سۆزلىرىڭدىن ئېشىپ تاپالىغان ۋە قويۇۋالغان پىكرى خاتا بولسىمۇ قارشى پىكىر قويۇشقا جۈرئەت قىلالىغان ئوقۇغۇچىدىن ئۈمىد كۈتسە بولىدۇ. ھەقىقىي شاگىرت دېگەن كونكرېت نەرسىلەر ئارقىلىق مەۋھۇم نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلىيەلەيدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇ سەندىن ھالقىيالايدۇ.

بالام، مەكتەپ دېگەن بالىلارنىڭ جەننىتى بولۇشى كېرەككى،

ئۆزۈڭنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، زالىملىقى بىلەن ئۇنى دوزاخقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشۇڭ مۇمكىن. سەن ھەقىقىي پېداگوگقا ئايلىنالىساڭ باللار سېنىڭ ئەتراپىڭدا پەرۋانىدەك ئايلىنىدۇ، سەن شامدەك ئۇلارنىڭ سەبى قەلبىنى يورۇتىسەن. زالىم بولساڭ باللارنىڭ قەلبىنى يارا قىلىسەن، ۋاقتىنىمۇ ئالىسەن، شۇڭا، سەن ھەربىر سائەتلىك دەرستە باللارنى يېڭى بىر ھايات يولىنى تاپقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈشۈڭ كېرەك. ئۇلار سەندىن قېچىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقتا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىل. باللارنىڭ بىر سائەتلىك دەرسكە سەل قارىساڭ 40 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ 40 سائەتلىك ۋاقتىغا خىيانەت قىلغان بولىسەن. ئۇلارغا ۋاقىتنى قەدىرلەشنى تەۋسىيە قىلىپ، ئۆزۈڭ ئەمەل قىلمىساڭ باللار ساڭا قانداقمۇ ئىشەنسۇن؟ سەن ئوقۇغۇچىلاردىن قانداق ئادەم بولۇشنى ئۈمىد قىلساڭ ئۆزۈڭگە ھەم شۇنداق تەلەپنى قويۇشۇڭ ۋە شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك. سەن تەلەپچان بول، ھەرگىز زالىم بولما. ئوقۇغۇچىغا ئەركىنلىك بەرمىگەن، ئۆز پىكرىنى يورغىلىتىپ ئوقۇغۇچىلارغا پىكىر قىلىش، ئۆز چۈشەنچىسىنى قويۇپ بېقىشقا پۇرسەت بەرمىگەن ئوقۇتقۇچى زالىم ئوقۇتقۇچى. سەن ئوقۇغۇچىلارنى ھەرگىز ئەسكى سۆزلەر بىلەن تىللىما، ئۇرما، «دۆت، گالۋاڭ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى ھاقارەتلىمە، بۇ ئىشلار دەل ئۆزۈڭنىڭ دۆتلۈكىنى، نابابلىقىڭنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىڭدۇر. باللار ھەرگىز دۆت ئەمەس، شۇڭا، بىلدۈرەلمەسلىكنى ئۆزۈڭنىڭ تەجرىبىسىزلىكىدىن ۋە ھەقىقىي پېداگوگقا ئايلىنالمىغانلىقىڭدىن كۆرسەڭ بولىدۇ، سەن ئۇلارغا دەرس سۆزلەۋاتقان چاغدا ھەرقانداق ئۇستا سەنئەتكاردىنمۇ ئارتۇق ئەركىن، ھەرىكەتچان ۋە جانلىق بول. ھېچ بولمىغاندا ئۆزۈڭ ئوقۇتۇۋاتقان دەرسنىڭ روھىي ماھىيىتىنى تولۇق، ئەتراپلىق چۈشىنىپ سۆزلە. ھەرگىز ئۆلۈكلا كونسىپىكتقا باغلىنىپ قالما، كىتابىي ئىبارىلەرگىلا باغلىنىپ قالما. سېنىڭ بىلىدىغانلىرىڭ قانچىلىك ئاز بولسا ئوقۇغۇچىلارغا بېرىدىغان نەپمۇ، ئۇلار ئالدىدىكى ھۆرمىتىڭمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ. ئۆزۈڭ قانچىلىك كۆپ نەرسىلەرنى بىلگەن بولساڭ شۇنچىلىك ئەركىن ۋە تەلەپچان

بولالايسەن. بالام، پېداگوگىكىدا ئوقۇتۇشنىڭ ئاساسىي مەسىلە نېمىنى ئوقۇتۇۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرە، ئۇنى قانداق ئوقۇتۇۋاتقانلىقتا. بالام، مۇستەقىل پىكىرنى ئويغىتالمىغان، پىكىر ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىنمىغان جايدا مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ پىشاڭى بولۇش رولىنى يوقىتىدۇ. سېنىڭ بىر سائەتلىك دەرسىڭنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچى سەن چىقىرىپ بەرگەن ئىككى سوئالنى كىتابتىن تېپىپ جاۋاب بەرسە، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ھايات بىلىملىرىنى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىمكانىيىتى بېرىلمىسە، ئۇ ئوقۇغۇچى قاپقا قاچىلاپ قويۇلغان ئاياغلاردىن قانداق پەرقلىنىسۇن؟ بالام، مەن ساڭا ھەممىلا نەرسىنى بىلىشىڭ كېرەك ئىدى، دېگەن تەلەپنى قويالمايمەن، ئەڭ مۇھىمى ئۆزۈڭ ئۆتۈۋاتقان دەرسىڭ ھەربىر مەزمۇنىنى ناھايىتى روشەن بىلىشىڭ شەرت.

بالام، ھازىر ساپا مائارىپى تەكىتلىنىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىكى تۈپ مەقسەت، ئەۋلادلارنى ئۆز ئەقلىي ئىقتىدارىدىن ئەڭ ئۈنۈملۈك دەرىجىدە پايدىلىنىش، ئۆزىدە تەبىئىي مەۋجۇت بولغان ئىنسانىي ئىقتىدارنى ئىمكانقەدەر تولۇق جارى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش. بۇنىڭدىكى ئالدىنقى شەرت ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. بىلىشىڭ كېرەككى، ئوقۇتۇشنىڭ مەقسەت پەقەت دەرسلىك مەزمۇنىغا ئاساسەن ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزۈشلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلەيدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش. شۇڭا، سەن نېمىدېگەن بولساڭ توتى قۇشتەك شۇنىلا يادلاپ بەرگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئەمەس، بەلكى سېنىڭ دەرسىڭدىن ئېۋەن تاپالىغان، ھەتتا نامۇۋاپىق تەرەپلەرگە دادىل قارشى تۇرالايدىغان، خاتا بولسىمۇ ئۆزىنىڭ پىكرىنى قويۇشقا جۈرئەت قىلالىغان ئوقۇغۇچىلارغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگىن. ئوقۇتقۇچى دېگەن شەكىللىۋازلىق قىلسا، نومۇرغىلا قارىغۇلارچە چوقۇنسا بولمايدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئەقلىنى ھۆرمەتلەشنى بىلگىن.

بالام، مائارىپىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى ئادەمنى تاكامۇللاشتۇرۇشتۇر. ئىنسانىي تاكامۇللۇقنىڭ ئاچقۇچى ئەقىل بولغىنى ئېچىش. ئادەم بارلىق مەۋجۇداتلاردىن ئەقىل مۇقەددەسلىكى بىلەنلا ئۈستۈن

تۇرىدۇ. ئەقىل ئورگىنى «دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق گۈل» (ماركس). بۇ خاسىيەتلىك گۈلنى ئېچىلدۇرماي نابۇت قىلىۋېتىشتىنمۇ ئارتۇق مەھرۇملۇق بولمايدۇ. «ئەقىل قەيەردە بولسا ئۇلۇغلۇق شۇ يەردە بولىدۇ»، ئەقىل - ئىدراك ۋە بىلىم قەيەردە كامال تاپسا شۇ يەردە ئۇلۇغ مۆۋەپپەقىيەت نۇر چاچىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئەقىللىق، باتۇر، جاسارەتلىك خەلق. ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ تارىخىي ئاساسى ئىنتايىن كۈچلۈك، بالام. ئۇيغۇر مائارىپى دۇنياغا داڭلىق نۇرغۇن ئۇلۇغ ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت مۇنبىرىدە مۆتىۋەر ئورۇن ئالغان چاغلىرى بولغانتى. ھازىر ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن دۇنيا مەدەنىيەت سەھنىسىدە بىرەر كىشىلىك ئورۇن تۇتۇش سالاھىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالدى؟ خەلقىمىز نېمە ئۈچۈن نادانلىق قاباھىتىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمىدى؟ بۇنىڭ تۈرلۈك تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى بولسىمۇ ئەڭ مۇھىمى تەربىيىلىنىشىمىز يېتەرسىز بولۇپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن ئەۋلادلار ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئادىمىيلىك قابىلىيىتىنى جارى قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم ھالەتتە ياشىماقتا، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرى ئۆمۈچۈكنىڭ ھەرىكىتىدەك ئاددىي ۋە تەكرارلىقتىن خالىي بولالمايۋاتىدۇ، پۈتۈن ھاياتى ئەپلەپ قورساق تويغۇزۇش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مەھرۇملۇق بولامدۇ؟

بالام، XXI ئەسىردە ئىنسانلار ئارىسىدىكى رىقابەت تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىدۇ، ئەقلىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى زور دەرىجىدە كېڭىيىدۇ، مائارىپ ئىنسانلارنىڭ بۈيۈكلۈكىنى تېخىمۇ نامايان قىلىدۇ، مىللەتنىڭ كېلەچىكى، تەقدىرى، گۈللىنىشى ياكى زاۋاللىققا يۈزلىنىشى يەنىلا مائارىپىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىغا باغلىق بولىدۇ. XX ئەسىردىكى رىقابەت يەنىلا ئەقىلنىڭ رىقابىتى، ئىنسانلار ساپاسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى يەنىلا ئەقىل ساپاسىغا تىرىلىدۇ. شۇڭا، XXI ئەسىرنى قولدىن بەرمەسلىك، مىللەتنىڭ كېلەچىكىنى قولدىن بەرمەسلىك، مىللەتنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز بۇرچۇڭنى ھەقىقىي ئادا

قىلىغىن، شۇندىلا سەن ھەقىقىي مەنىدىكى ۋەتەنپەرۋەر بولالايسەن، مىللەتپەرۋەر بولالايسەن، ئەۋلادلارغا يۈز كېلەلەيسەن، ۋىجدانىڭغا يۈز كېلەلەيسەن، كەسپىڭگە يۈز كېلەلەيسەن !

## 5 . پەرزەنتىڭىز دېھقان بولغان بولسا، مۇنداق مەزمۇندا تەربىيە قىلىڭ

بالام، بىز دېھقان خەق زېمىنغا جان ۋە روھ بېغىشلىغۇچىلار، بىز مېھنەت ئەجرىمىزنىڭ خاسىيىتى، قارنى - كۆكسىمىزنىڭ كەڭلىكى، خاتىرجەم، بەھۇزۇرلىقىمىز بىلەن ئۆزىمىزدىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز. سەن ھەرگىز ئۆزۈڭدىن مەيۈسلەنمە، ئۆزۈڭنى تۆۋەن كۆرمە. پەقەت ئۆزۈڭنىڭ مەدەنىيەتسىزلىكىڭدىن ئاغرىنساڭ بولىدۇ. بىلسەڭ پۈتۈن يەر-زېمىن دېھقاندىن كۈلىدۇ، دېھقان ئەجرى بولمىسا پۈتۈن جانلىقلار ئۆلىدۇ. يەر يۈزىدىكى ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىسىنىڭ داستىخىنىدىكى ئېسىل غىزالار، نازۇ نېمەتلەر مانا شۇ دېھقان مېھنىتى، زېمىنىنىڭ نېمىتى. دېھقان تارىختىن بۇيان يەرگە باغلىنىپ، يەردە تاۋلىنىپ زېمىننى ياشارتتى. يەرگە جان ۋە روھ بېغىشلىدى. بىراق ئۆزى ئانچە راھەت كۆرەلمىدى، ئەجرى تەرىگە يارىشا بەخت ھۇزۇرىنى سۈرەلمىدى. بىراق ئۇلار يەنىلا ئۈمىدىنى ئۈزمىدى، جەمئىيەتنىڭ نورغۇن ئېغىر يۈكلىرى كېلىپ دېھقانلىرىلا باستى، ئۇلارغا بېلىنى رۇسلىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى بەرمىدى، شۇڭىمۇ ئۇلارنىڭ دولىسى ئاپتاپ كۆرمىدى، ئەڭ مۇھىمى دېھقانلار ئەتراپلىق تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن نادانلىقتا، مەدەنىيەتسىزلىكتە ئەيىبلەندى.

ياق بالام! دېھقان ئۇلۇغ، بىراق ھەقىقىي دېھقان بولماق تولىمۇ تەس. چۈنكى يارامىلىق دېھقان بولۇش ئۈچۈنمۇ دانالىق كېرەك، مەدەنىيەت ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىلىم - پەن بىلىملىرى كېرەك. نادانلىق بىلەن دېھقان يۈزى مەڭگۈ كۈلمەيدۇ، زامان تەرەققىي قىلدى، تارىخ ئۆزگەردى. ئەمدى يەنىلا نادانلىقتا ئىگراۋېرىشنى ئاللامۇ راۋا كۆرمەيدۇ. «ئۈزمە پىشتى،

ئۆرۈك پىشتى، سەن نېمىشقا پىشمايسەن» دەپ يېتىشۈرىشكە بولمايدۇ. ساڭا مەن بۇ خۇسۇستا مۇنداق بىرقانچە تەۋسىيەمنى ۋە تەجرىبەمنى ئەسكەرتىپ قوياي، بالام.

بىرىنچى، ھەقىقىي دېھقان بولۇپ، دېھقانچىلىق ئارقىلىق باي بولىمەن دەيدىكەنسەن، يەردىن توغرا، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلگىن. يەردىن ھەقىقىي پايدىلىنالىساڭ ئۇ ئالتۇن قوزۇق. يەرنى ئالدىساڭ يەرمۇ سېنى ئالدايدۇ، بىزدە مۇنداق بىر تەمسىل بار: «ساپان ۋاقتىدا پۇختىلىق بولسا، خامان ۋاقتىدا جاڭجال بولماس.» يەر دېگەن قىلغان ئەمگەككە قاراپ كۆلىدۇ. بىراق قارا ئەمگەككە تايىنىپلا مەقسەت دىدارىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. يەر دېگەنگە ئادەمدىن باشقىنى تېرىپ ئۈندۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ؟ شۇڭا يالغۇزلا بۇغداي، قوناق، پاختا بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بازار نېمىنى تەلەپ قىلسا، تۇرمۇش ئېھتىياجىڭ نېمىنى تەقەززا قىلسا شۇنى تېرىپ پايدىلانغىن، بىر يىل ئىشلەپ «مۇزنىڭ سۇغا كەتتى، قالدى قېتىقىنىڭ تۆت پۇلى» دېگەندەك قەرزگە ئىشلەيدىغان ئەخمەقلىقنى قىلساڭ بولمايدۇ. سەن ھېچ بولمىغاندا ھەربىر ئەمگەك كۈنۈڭگە 20 كويدىن ئايلاندۇرغان چېغىڭدىمۇ بىر يىلدا ئاران 7000 يۈەن كىرىم قىلالايسەن. ھازىرقى ئىستېمال سەۋىيىسىدە شۇنىڭدىمۇ يەنىلا نامرات ئۆتۈشۈڭگە توغرا كېلىدۇ. تاپاۋىتىڭ چىقىمىڭنى قاپلىيالمايدۇ، بالام، شۇڭا سەن ئالدى بىلەن بىلىمىڭنى ئاشۇرۇپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سورتىنى ياخشىلاشقا تىرىشقىن. بىر كىلوگرام مەھسۇلات ئالىدىغاننىڭ ئورنىغا ئىككى كىلوگرام مەھسۇلات ئالالايدىغان سورتلارنى يېتىلدۈرسەڭ ئەمگەككە تۇشلۇق ئىش بولىدۇ. يەنە بىرى، يالغۇز ئېتىزغىلا باغلىنىپ قالما، يالغۇز ئېتىزغىلا يۆلىنىۋالغان دېھقان روناق تاپالمايدۇ، بالام. قولۇڭدا قوشۇمچە بىرەر ھۈنەر بولسۇن، باقمىچىلىق، باغۋەنچىلىك، كۆكتاتچىلىق قاتارلىق ئىشلارنىمۇ قوشۇمچە قىلغىن. بىر چارەك بۇغداي سېتىپ بىر كىلوگرام ئۈزۈم، يېرىم كىلو گۆش ياكى بىر تەخسە لەڭمەن سېتىۋېلىپ يېسەڭ قانداق روناق تاپىسەن؟

ئىككىنچى، ئۆزۈڭنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇغىن. تەرەققىي

# ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيىسى

قىلغان ئەللەردە دېھقانلارنىڭ ھال كۈنى، تۇرمۇشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى شەھەردىكى كىشىلەردىن ھەرگىز تۆۋەن تۇرمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردا مەدەنىيەت يۇقىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى. ئۇلار ئالىي ماشىنىلاردا ئولتۇرىدۇ. كاستۇم - بۇرۇلكىلارنى قىرلاپ كىيىپ يۈرۈيدۇ. يۈرۈش - تۇرۇشلىرى، ئېڭى شەھەرلىكلەردىن پەرقلەنمەيدۇ. بىز بۇ يەردە شەھەرلىكلەر تەربىيىدىن سەھرالىق دەپ كەمسىتىلمىز. بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبى يەنىلا ئۆزىمىزدە. مەدەنىيەت سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبلىك بار ئىمكانىيەتلىرىمىزدىن تولۇق پايدىلىنالمايمىز. قولىمىزدا بولسىمۇ پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ يۈرەلمەيمىز. ئىشتىمۇ، بازاردىمۇ بىرلا كىيىمنى كىيىۋېلىپ قاسماق قىلىۋېتىمىز. ھەممە نەرسە ئۆزىمىزدىن چىقىدىغان تۇرۇپ ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ يېيەلمەيدىغانلار خېلى كۆپ، شۇڭىمۇ باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئىلىنمايمىز. ئەسلىدىن ئالغاندا بالام، دېھقان بىر كۈن ئەمگەكتىن توختىسا، پۈتۈن زېمىن ئاپەتكە يۈزلىنىدۇ. بىلسەڭ ئېلىپۋېرىپ، ماشىنا ۋە باشقا زامانىۋى ئەسلىھەلەر بولمىسىمۇ يەنىلا ياشىغىلى بولىدۇ، ئاشلىق بولمىسا ياشاش مۇمكىن ئەمەس، مەدەنىيەتنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بىزنى ھېچقانداق ئادەمنىڭ كەمسىتىشىگە ھەققى يوق. بىراق بىزنىڭ دەۋر تەرەققىياتىغا ۋە تەلىپىگە ماس ھالدا مەدەنىيەت ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈش ھەققىمىز بار. پاكىز، چىرايلىق كىيىنىپ شەھەر كوچىلىرىدا ئەركىن، بەھۇزۇر يۈرۈش ھەققىمىز بار. زېمىن ئاتا قىلغان مەنىشەتلەردىن پايدىلىنىپ بەخت ھۇزۇرىنى سۈرۈش ھوقۇقىمىز بار.

ئۈچىنچى، بالام، سەن بۇ دۇنياغا پەقەت ئىشلەش ئۈچۈنلا كەلمىدىڭ. ئىشلەشنىلا بىلىپ، ئۆزۈڭ ئىشلەپ چىقىرىۋاتقان مەھسۇلاتلىرىڭنىڭ قىممىتىنى بىلمىسەڭ بولمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۇنىڭغا سىڭگەن ئەمگەك ۋە ھاياتىنىكى قىممىتىگە مۇناسىپ باھاسى بولىدۇ. بىر چارەك ئاشلىق ئېلىش ئۈچۈن قانچە ئەمگەك كۈنى كېتىدۇ؟ بۇنى ھېسابلاپ باققانمۇ؟ ئەگەر بىر ئەمگەك كۈنى كەتسە بىر چارەك ئاشلىقنىڭ قىممىتى ئاز دېگەندە 20 - 30 يۈەنگە يارىشى مۇمكىن. ئىككى ئەمگەك كۈنى كەتسە

40 - 50 يۈەنگە يارىشى لازىم. شۇندىلا تەڭپۇڭلۇق، باراۋەرلىك، تەڭ تەرەققىي قىلىش بولىدۇ. ئەگەر سەن بىر چارەك بۇغدايىنى 10 كويغا ساتساڭ، 150 چارەك (15 تاغار) بۇغدايغا بىر تىلىۋىزور سېتىۋالالايسەن. دېمەك، بىر ئائىلە بىر يىل (ئەر - خوتۇن ئىككىسى 2×360 ئەمگەك كۈنى) ئىشلەپ ئالغان مەھسۇلاتنىڭ قىممىتى بىر تىلىۋىزور سېتىۋېلىشقىمۇ يارىمىسا، سەن يېمەمسەن، ئىچمەمسەن، كىيمەمسەن، بالىلارنى مەكتەپنە ئوقۇتمامسەن؟ بىلگىنىكى، دېھقان ئەمگىكىنىڭ قىممىتى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولمايدىكەن ھەرگىز باي بولالمايسەن.

بالام، شۇڭا ئاڭلىق ياشىغىن، ئوتتۇرا ئەسىر ئېڭىدا تۇرۇۋەرمىگىن. ماشىنا ئادەمدەك قارىسىغا ئىشلەۋەرمە. ئاڭسىزلىق، مەدەنىيەتسىزلىك قەيەردە ھۆكۈم سۈرسە، شۇ يەردە خۇراپاتلىق ۋە جاھالەت ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتىدۇ. بىلىم پەقەت شەھەرلىكلەرگىلا لازىم دەپ قارىما، بىز دېھقانلار ئۈچۈن ئەڭ يارامىلىق دوكتورلار، ئالىملار تېخىمۇ زۆرۈر. سەن تىرىشىپ بىلىم سەۋىيەڭنى ئاشۇرغىن، نادانلىق، مەدەنىيەتسىزلىك، نامراتلىق ھاقارىتىنى يۇغىن.

## 6. پەرزەنتىڭىز تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولسا، مۇنداق مەزمۇندا تەربىيە قىلىڭ

بالام، بازار دېگەن بىر جەڭگاھ. سەن بۇ سودا بازىرىغا كىرگەن ئىكەنسەن سودا قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلغايسەن. ئالدى بىلەن شۇنى سەمىڭگە سىلىپ قويايكى، ھالال تىجارەت قىل. بۇنداق دېگىنىم نىيەت دۇرۇس بولۇشى، تارازاڭ توغرا بولۇشى كېرەك. يەنە بىرى، كىشىلەرگە پايدىلىق ماللارنى تۇتقىن. ھەرگىز كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان چېكىملىك، ئىچىملىك ۋە باشقا بۇيۇملارغا يېقىن يولىمىغىن. يەنە بىرى، ساختا، ناچار نەرسىلەرنى تۇتمىغىن. ئۇ نەرسىلەر گەرچە ساڭا بىر مەزگىل پايدا كەلتۈرگەندەك قىلغان بىلەن ئاقىۋەتتە ئۆزۈڭنىڭ ھالاكىتىگە سۆرەپ بارىدۇ. ھازىر كىشىلەرنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كەتتى، ئىستېمال سەۋىيىسى

ئۆستى. ئۇلار «ناچار مالنىڭ ئەرزىنى يوق، ياخشى مالنىڭ قىممىتى يوق» دېگەن قائىدىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. تىجارەت دېگەن خېرىدار بىلەن كۆكلەيدۇ. خېرىدارلارغا يامان نىيەتتە بولۇپ قاچۇرۇۋەتسەڭ سېنى تىجارەتچى دېگىلى بولمايدۇ.

بالام، تىجارەتنىڭ ئەڭ مۇھىم قانۇنىيىتىدىن بىرى، بازار ئۇچۇرىغا ئەھمىيەت بەرگىن. بۇرۇنقىغا ئوخشاش بىرلا خام تىجارىتى بىلەن ئۆمۈر بويى شۇغۇللىنىدىغان ئىش كەلمەسكە كەتتى، مەھسۇلاتلار كۈندە بىر يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ يېڭى - يېڭى نەرسىلەرگە بولغان قىزىقىشى ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ، شۇڭا بازارنى ئوبدان مۆلچەرلىگىن، كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىشلىرىنى، قىزىقىشىنى، يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ئوبدان كۆزەتكىن. قارىسىغا ئىش قىلما. يەنە بىرى، باشقىلارنى دوراپ ئۆزۈڭگە نان بېرىۋاتقان تىجارىتىڭدىن ۋاز كەچمە. بەزى كىشىلەر «پوكۇنى مۇنداق تىجارەت قىلىپ، شۇنداق باي بولۇپ كېتىپتۇ» دېگەن ئۇچۇرما گەپلەرنى ئاڭلاپلا بىر ئوبدان يۈرۈشۈۋاتقان تىجارىتىگە قانائەت قىلماي، ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان تىجارەتنى قىلىمەن دەپ بار ۋەسىلىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. سەن ھەرگىز ئۇنداق ئىنساپسىزلىق يولىنى تاللىما. بالام، ئۇچۇرنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بەرگىن. «ئۆزۈڭ تاپقان يولنى ئاتاڭغىمۇ بەرمە» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن ئېيتىلغان. بىر ئىشقا كىرىشىپ يول تاپماق تولىمۇ تەس، ئۇچۇرغا ئىگە بولماق تېخىمۇ مۇشكۈل، شۇڭا ئېغىزىڭغا مەھكەم بول.

بالام، سودا دېگەندە مۇئامىلە - مۇناسىۋەتكە ئەڭ دىققەت قىلغىن. ماھىر تىجارەتچى خېرىدارنىڭ كۆڭلىنى، ھېسسىياتىنى ئوتتۇۋېلىشقا تىرىشىدۇ. خېرىدارلارغا سىلىق، ئىللىق مۇئامىلە قىلغىن. ئۇلار مېلىڭنى ھەرقانچە كەم سورىسىمۇ تېرىكمە، مالنى سېتىش - ساتماسلىق ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارىدا، خېرىدار سېنىڭ مېلىڭنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالالمايدۇ، شۇڭا «كەم بولا» دېسەڭلا كۇپايە. سودىدا بەك قاتتىقلىقمۇ قىلما، بەك كۆپ يولمۇ قويۇۋەتمە. ئىمكان بار ئۆزۈڭمۇ كۆڭۈلدىكىدەك پايدا ئالغىن، خېرىدارنىمۇ «ئەرزان ئالدىم» دېگەن ئويغا كەلتۈرگىن. سودىغا پىشقان

تىجارەتچى 20 يۈەنگە مال ساتسا مالنى 10 كويغا، مۇئامىلىنى 10 كويغا ساتىدۇ. مانا بۇ ماھارەت، بالام. قىلىۋاتقان سوداڭدا مەبلەغ يېتىشمەسلىك بولسا دۇرۇس نىيەتلىك كىشىلەرنى تېپىپ ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىل. كونىلار «تىجارەتتە ھەرگىز شېرىكلەشمە» دەپ تەۋسىيە قىلىشقان بولسىمۇ، ئۇلار ئادەملەرگە قاراشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان، نىيىتى دۇرۇس بولمىغان ئادەملەر بىلەن شېرىكچىلىك قىلساڭ ئۆكۈنمەس پۇشايمانغا قالىدىغانلىقىڭ راست. شۇڭا، سىنالغان ئادەملەرنى تېپىپ شېرىكچىلىك قىل. ئارىدا ھېساب ناھايىتى ئېنىق بولسۇن. «دوست راست، ھېساب راست» دېگەن ئەقىدىنى ئۇنتۇپ قالمىغىن. ھېساب دېگەندە يادىڭغا ئىشەنمە، بىر مو كىرىم - چىقىمىنىمۇ خاتىرىلەپ ھېساب كىتاب قىلىپ تۇرغىن.

بالام، ئەنئەنىۋى تىجارەت ئۇسۇلى ئەمدى ئاقمايدۇ. ئېلىپ - ساتتى تىجارىتىنى تىجارەت ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. ئۇ بېشى بار، ئايىغى چىقمايدىغان يول. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ تىجارەتكە ماھىر بولسىمۇ، ھازىرقى دەۋر تەلىپىگە يانداشماق تولىمۇ مۇشكۈل. سەن ئېسىڭنى يىغىپ بولغۇچە پۇرسەت كېتىپ قالسا، ئەجرىڭنىڭ ھەممىسى بىكارغا كېتىدىغان ئىش. ساۋاتسىزلىق، قارا قورساق بىلەن قارىسىغا تىجارەت قىلىدىغان ئىشنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باسىدۇ. سەن سودا - تىجارەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى بىرەر چەت ئەل تىلى ئۆگەنمىسەڭ، كومپيۇتېر بىلمىسەڭ بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى بىر گەۋدە قىلغان تىجارەتنى يولغا قويالىساڭ، ئەل - يۇرتقىمۇ پايدا يەتكۈزەلەيسەن، تىجارىتىڭنىڭمۇ ئىستىقبالى بولىدۇ. شىنجاڭدا خام ماتېرىياللارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، ئەرزان. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەمگەك كۈچى تېخىمۇ ئەرزان. شۇنداق ياخشى پۇرسەت ۋە شارائىتتىن پايدىلانماي، قول ياغلىق چاغلىق نەرسىنىمۇ باشقىلاردىن ئېلىپ تىجارەت قىلغاندا ئاخىرى بۇ بازار سېنى شاللىۋېتىدۇ.

بالام، تىجارەت ماھارىتىنى بازار ئۆگىتىدۇ. سودا دېگەن شەيتانغا ئوخشاش نەرسە، پايدا بىلەن زىيان قوشكېزەك دېگەن گەپ بار. بەزىدە

كۆتمىگەندە كۆپ پايدىغا ئىگە بولۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن، بەزىدە كۆپ زىيان تارتىپ قېلىشىڭ مۇمكىن، پايدا ئالغان چېغىڭدا كۆرەڭلەپ كەتمىگىن؛ ھەرقانچە چوڭ زىيان تارتىپ كەتكەندىمۇ ئىچىڭگە سالمىغىن. ئۇنداق بولمىسا بىر زىياننى نەچچە قىلىۋالىسەن، تەدبىر قىلىپ زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا تىرىشقىن. پۇل دېگەن تېپىلىدۇ، ھاياتىڭنى، سالامەتچىلىكىڭنى ئويلا. ئادەم دېگەن ئۆلۈپمۇ كېتىدىغۇ؟ قايغۇ دېگەن ئەقلىڭنى تورمۇزلايدۇ، ھاياتىڭغا ئېكەك سالىدۇ. بازار دېگەن كەسكىن جەڭگاھقا ئوخشايدۇ، بالام. پاراسەت بىلەن ئېلىشىشتىن باشقىسى پايدا بەرمەيدۇ!

# خاتىمە

مۇھىم ئوقۇرمەن، پەرزەنت تەربىيىسى — مەڭگۈ مۇكەممەللەنمەيدىغان چوڭ ۋە مۇھىم تېما.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە مەخسۇس ۋە سىستېمىلىقراق يېزىلغان قوللانما يوق دېيەرلىك بولغاچقا، مۇشۇنداق جاپالىق ۋە مەسئۇلىيەتلىك ئىشنى مەلۇم دەرىجىدە رۇياپقا چىقىرىشقا نىيەت قىلىپ قالدىم. شۇ تاپتا مەن بۇ خالىس ئەمگىكىمدە يېتەرسىزلىكلەردىن ساقلىنىش مۇمكىنلىكىنىڭ ئازلىقىنى، كىتابنىڭ مۇكەممەللىك تەلىپىدىن خېلى يىراق ئىكەنلىكىنى تونۇيۇپ تۇرۇۋېتىمەن. ئېنىقكى، ئەقىللىق ۋە ئوقۇمۇشلۇق ئوقۇرمەنلەر مېنىڭ بۇ ياخشى نىيىتىمنى قۇۋۋەتلەيدۇ. پاك قەلب ۋە سەمىمىيلىك بىلەن قىلىنغان ھالال ئەمگىكىمنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ھەم تەنقىد، تەكلىپ پىكىرلىرىنى بېرىپ، ئىجادىي يوسۇندا پايدىلىنىدۇ.

مەن بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى جەھەتتىكى ئىلغار بىلىش نەتىجىلىرى ۋە مول تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى تۈپ چىقىش نۇقتىسى قىلدىم؛ ماھىيەتلىك نۇقتىلاردا خەلقىمىزنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىگە قويىدىغان نازۇك ئارزۇ - ئىستەكلىرىدىن چەتنەپ كەتمىدىم؛ قانداقلا بولمىسۇن، نۆۋەتتە خەلقىمىز موھتاج بولۇۋاتقان ھەم دەۋر تەقەززا قىلىۋاتقان بۇ مۇھىم تېما ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىشنى ئۆزۈمنىڭ بۇرچى دەپ نىيەت باغلىغان ئىكەنمەن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، قۇربىتىمنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم.

ئەسلىدە، پەرزەنت تەربىيىسى مەسىلىسىدە دۇچ كېلىدىغان يەنە بىر قىسىم مۇھىم ۋە كونكرېت مەسىلىلەر بار ئىدى. ماتېرىيال مەنبەسى ۋە ئەمەلىي تەجرىبە جەھەتتىن يېتەرلىك ئاساسقا ئېرىشەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ۋاقىتىنچە قالدۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. بولۇپمۇ ئاتا - ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىلىنىشى، ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ

كەتكەن (يېتىم) بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى مەسلىسى، ئۆگەي بالىلار بىلەن ئۆگەي ئاتا - ئانىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش مەسلىسى، مەلۇم ئالاھىدە سەۋەبلەر بىلەن (ئاتا - ئانىلار تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن، چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەن) ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىلىنىش مەسلىسى قاتارلىق پەۋقۇلئاددە ۋە ئالاھىدە مۇھىتتىكى تەلىم - تەربىيە تەلەپلىرىنى مۇكەممەل، جانلىق ماتېرىيال ئاساسىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئايرىم تولۇقلىماقچى بولدۇم.

بىزدە «كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر» دېگەن گەپ بار. ئۆتكەن تارىخ بىزگە ئاجايىپ ئېغىر قىسمەت يۈكلىرىنى ئارتتى، ھازىرقى دەۋر چاقى ھەرقانداق دەۋردىكىدىنمۇ تېز ئايلىنىپ بىزگە تېخىمۇ كەسكىن، تېخىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن رىقابەت ئېلان قىلماقتا. ئەپسۇسكى، باشقىلار ئاتتا، بىز بولساق ئېشەكتە؛ باشقىلار پەلەكتە بولسا، بىز تېخى يەردە. بۇ ھال بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىزنىڭ قانچىلىك مۇشكۈل، پەرزەنتلىرىمىز ئۈستىگە چۈشكەن بېسىمنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە خاتىرجەملىكى ئۈچۈن تارىخ بىزنى ئەقىل - پاراسەت بىلەن ياشاشقا مۇراجىئەت قىلماقتا؛ تۇرمۇش رىتىمى بىزنى ئالدىراتماقتا. ئەجدادلار بىزگە كۆز تىكمەكتە، دەۋر بىزنى چاقىرماقتا! پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بۇ رەھىمسىز رىقابەت بەيگىسىدە تاللىنىشى ياكى شاللىنىپ كېتىشى ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ناھايىتى جىددىي سىناق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرماقتا.

ھايات ۋە ياشاش مانا شۇنداق ئۆزلۈكسىز رىقابەت داۋامىدا ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولالايدۇ. چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن بۇ دۇنيا ئاجايىپ گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك. بىلگۈچىلەر ئۈچۈن ھاياتلىق تېپىلماس پۇرسەت. لېكىن پۇرسەت بىلەن قىسمەت ھېچقاچان ئۇنى قۇرۇق سېغىنىش، كۆز يېشى قىلىپ يالۋۇرۇش بىلەنلا ئۆزىنىڭ مەئىشەت داستىخىنىنى ئاچمايدۇ. تەقدىر قىسمەتلىرىنى پەقەت ھەقىقىي ئىقتىدار بىلەن مەردلىكلا كومپيۇكۇم قىلالايدۇ؛ شۇڭا پەرزەنتلىرىمىز ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان بۈيۈك ئادىمىيلىك ئىقتىدارىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدىغان بولسۇن؛ ئۇلار بۇ دۇنيا ئاتا قىلغان مەئىشەت داستىخىنىدىكى تېگىشلىك رىسقىدىن بەھرىمەن بولالايدىغان بولسۇن. بۇ بۈيۈك مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار ۋە

ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلار ھەتتا، پۈتكۈل جەمئىيەت قانچىلىك بەدەل تۆلىسە، قۇربان بەرسە ئەرزىيدۇ.

مەزكۇر كىتابتا بەزى ماھىيەتلىك مەزمۇنلارغا ئېتىبارسىز قارالغان تەرەپلەر بولسا، بۇ ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ، ئوقۇمۇشلۇق، مەسئۇلىيەتچان ئاتا - ئانىلارنىڭ سەممىيلىك بىلەن مەسلىھەت بېرىشىگە؛ توغرا كۆرسەتمە ۋە جانلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىشىگە موھتاجمەن. ناۋادا شۇنداق ياردەمگە نائىل بولالىسام، كىتابنىڭ كېيىنكى نەشرىدە تولۇقلايمەن.

ئىزگۈ نىيەت ۋە ياخشى تىلەك بىلەن مەسلىھەتلىشىش - سىردىشىشنى ئارزۇ قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئادرېسىم: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 81 - قورۇ، تېلېفون: 2853581 (0991)

# ئاساسلىق پايدىلانغان ماتېرىياللار

△ «قۇتادغۇبىلىك»، نەزمىي ۋە رومانلاشتۇرۇلغان نۇسخىسى.

△ «كەلىلە ۋە دىمىنە».

△ كاشفى: «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن».

△ ئەلىشىر نەۋائىي: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، «سەددى ئىسكەندەر»، «ھەيرەتۇل ئەبرار».

△ مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «گۈزەل ئەخلاق».

△ شەمسۇلمەئالى قابۇس: «قابۇسنامە».

△ ھەمىد زىيايىف: «بەختلىك بولاي دېسىڭىز».

△ شەيخ سەئىدى: «گۇلىستان».

△ يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق: «ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا»، «ھايات ۋە مۇۋەپپەقىيەت»، «بوۋام شۇنداق ئۆگەتكەن».

كىتابتا ئىستات ئالغان بىر قىسىم چەت ئەل ئاپتورلىرىنىڭ ئۈزۈندىلىرى «تەپەككۇر گۇلشەنى» دىن ۋە باشقا گېزىت - ژۇرناللاردىن ئېلىندى.

图书在版编目(C I P)数据

维吾尔族的子女教育/亚尔买买提·塔伊尔编著.—乌鲁木齐:新疆大学出版社，2001.4
ISBN 7—5631—1353—3
Ⅰ.维 … Ⅱ.亚 … Ⅲ.家庭教育—维吾尔语((中国少数民族语言)
Ⅳ.G78
中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 24222 号

责任编辑:阿不里米提·卡德尔
责任校对:艾尔肯·艾拜都拉
封面设计:米拉迪力·阿比提

# 维吾尔族的子女教育

亚尔买买提·塔伊尔　著

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路 14 号 邮政编码:830046)
新华书店发行
新疆《工人时报》印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 印张:12.875
2001 年 4 月第 1 版　　2001 年 4 月第 1 次印刷
印数:0001—5000 册

ISBN7—5631—1353—3/G.781　　定价:17.80 元